ئەركىن سىدىق يازمىلىرى (6 ـ قىسىم)

# نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار



# ئەركىن سىدىق يازمىلىرى

(6 ـ قىسىم)

## نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار

ئاپتور: ئەركىن سدىق (ئامېرىكا)
ئېلخەت: erkinsidiq@gmail.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق
مەسئۇل تەھرىرى: پىداكار



ئاپتور: **دوكتور ئەركىن سىدىق**

# بېغىشلىما

مەن بۇ كىتابنى مىللىتىمنىڭ غېمىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، مىللىتىمنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا پاك يۈرەك بىلەن توختاۋسىز، ئۈن-تىنسىز ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

-ئاپتوردىن

**2016-يىلى 1-دېكابىر**

# بىر ئۈلگە بىر تال شامدەك ئەتراپىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ

## ـ ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ـ



ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى ئۇلار ئۈچۈن پسىخولوگىيە جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم. ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئۈلگىسى ئۇلارغا يول باشلاپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم قارارلارنى ئېلىشىدا، ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز بەختىنى تېپىۋېلىشىدا ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. ياشلار ئۈلگىلەردىن مەدەت ئالىدۇ، ھەمدە يېشى چوڭايغانسېرى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قانداق ياشىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۈلگىلەرنىڭ ئىزىدىن ئۆزلىرىگە يول تاپىدۇ. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن بىر ناھايىتى ياخشى ئۈلگە بولۇشقا شەرتى توشىدىغان قېرىنداشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مېنىڭ مۆلچەرىمچە ئۇلارنىڭ سانى بىرەر مىڭ كىشىدىن ئاشىدۇ.

يۇرت ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھەر خىل يوللىرى بار. باشقىلارغا ياردەم قىلىشنىڭمۇ ھەر خىل ئۇسۇللىرى بار. بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ بىر مەركىزي پرىنسىپى باشقىلارغا ياردەم قىلىش. بۇ ھەقتە قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە ناھايىتى ئېنىق بايانلار بار. يەنى، دىنىمىزدا باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئاللاھقا سەجدە قىلىش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. دىنىمىزدا باشقىلارغا ياردەم قىلغان كىشىلەر بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيانىڭ ھەر ئىككىسىدە ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغانلىقى ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھاجىتى چۈشكەن باشقا كىشىلەرگە ياردەم قىلىش بىر خىل تاللاش بولماستىن، ئۇ بىر خىل دىني مەجبۇرىيەتتۇر.

مەن 2014 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا چەت ئەلدە ئالاھىدە نەتىجە قازانغان قېرىنداشلارنى ۋەتەندىكى خەلقىمىزگە، بولۇپمۇ ۋەتەندىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى قارار قىلىپ، چەت ئەلدىكى ۋەتەنداشلارنى بۇ ئىشنى قوللاپ بېرىشكە بىر قانچە قېتىم چاقىردىم. ھەمدە تونۇشتۇرۇلىدىغان

كىشىلىرىمىزنىڭ شەرتى سۈپىتىدە مۇنداق 3 ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم: (1) چەت ئەلدە ئوقۇپ، بىر يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن بولۇش. (2) چەت ئەلدە ئىشلەپ، بىر مۇھىم كەسپىي خىزمەت ئورنىغا ئېرىشكەن بولۇش. (3) چەت ئەلدە ياكى ئۇيغۇر دىيارىدا كەسپىي جەھەتتە ئالاھىدە نەتىجە قازانغان بولۇش. مېنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشىمدىكى ئاساسىي مەقسىتىم تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولدى:

(1) ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ۋەتەندىكىلەرگە، بولۇپمۇ ۋەتەندىكى ياش ئەۋلادلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى، باشقىلار قىلالىغان ئىشلارنى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىنى، ۋە ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى مىللەتلەردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش.

(2) ھازىرغىچە كۆڭلىدە بىر چوڭ نىشانىنى تۇرغۇزۇپ، ئاشۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغان قېرىنداشلارنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىدىن ۋەتەندىكى ياش ئەۋلادلارنى خەۋەردار قىلىش. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نەتىجىلىك بولۇش يولىنى ئاسانلاشتۇرۇش.

(3) ۋەتەندىكى ياش ئەۋلادلارنى كۆڭلىگە چوڭ-چوڭ ئىشلارنى پۈكۈپ، قاتتىق تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

(4) چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئىختىساسلىقلارنىڭ يۇرتىمىزغا ۋە خەلقىمىزگە بىۋاستە خىزمەت قىلىش جەھەتتە مۇمكىنچىلىكى بار ئىشلارنى قىلىش.

چەت ئەلدىكى بىر قىسىم قېرىنداشلار مېنىڭ چاقىرىقىمغا يېقىندىن ئاۋاز قوشۇپ، مېنى يېقىندىن قوللاپ بەردى. يەنى، مەن بىلىدىغان ۋە ماڭا باشقىلار تونۇشتۇرۇپ قويغان بىر قىسىم قېرىنداشلار مېنىڭ تونۇشتۇرۇپ قويۇش تەكلىپىمنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. شەرتى توشىدىغان بىر قىسىم قېرىنداشلار مەن بىلەن بىۋاستە ئالاقىلەشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن 2014-يىلىنىڭ ئاخىرىدا «چەت ئەلدە ئوقۇغان نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن تېما ئاستىدا چەت ئەلدە تۇرۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان قېرىنداشلارنى تونۇشتۇرۇشنى باشلىدىم. كېيىن بىر يېقىنىمنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنىڭ تېمىسىنى «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەنگە ئۆزگەرتتىم. ھەمدە 2016-يىلى 3-ئايغىچە 31 پارچە ماقالە تەييارلاپ، ئۇنىڭدا 51 نەپەر قېرىندىشىمىزنى تونۇشتۇردۇم. (ئەڭ دەسلەپكى 9 نەپەر قېرىندىشىمىزنى ئايرىم ماقالە ئىچىدە ئەمەس، باشقا تېمىلاردا يېزىلغان ماقالىنىڭ ئىچىدە تونۇشتۇرغان ئىدىم). مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگىنى ئەنە شۇ 51 نەپەر قېرىندىشىمىزنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى، ۋە ئۇيغۇرچە تورلارغا چۈشكەن ئىنكاسلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى.

بىر ئادەم بۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدە قانچە ئۇزۇن ياشايدىغانلىقىنى مۇنداق 3 نەرسىدىن كەم دېگەندە بىرى بەلگىلەيدۇ:

**(1) ئۇنىڭ باشقىلارغا بەرگەن ۋە قالدۇرغان بىلىملىرى.** بۇنىڭ مىسالى ئۈچۈن بىز ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ۋە شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلىرىدىكى مۇئەللىملىرىنى ئويلاپ باقساق بولىدۇ. بىز ئۇلارنى ئۇنتۇلۇپ قالدۇقمۇ؟

**(2) باللىرىنى قانداق تەربىيىلىگىنى.** ياخشى تەربىيىلەنگەن باللار ئاتا-ئانىسى باشلىغان ئۇلۇغۋار ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نام-شۆھرىتىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ: ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن بىر داڭلىق زاتنىڭ بالىسى ياخشى ئادەم بولسا، سىز داۋاملىق ئۇنى «پوكۇنىنىڭ بالىسى» دەپ تۇرۇپ ئاتايسىز. ئەگەر ئۇ بىر ناچار ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ھەرگىزمۇ بىللە ئىشلەتمەيسىز.

**(3) قىلغان ساخاۋەتلىك ئىشلىرى.** مەن ئۇيغۇر دىيارىدا يېقىنقى 5-10 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ساخاۋەت ئىشلىرىدىن ناھايىتىمۇ تەسىرلەندىم. ھەمدە ئۇنىڭدىن بىر خىل ئۈمىد نۇرىنى كۆردۈم. تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىدە ساخاۋەتچىلەر ئالىي مەكتەپ بىنالىرىنى سېلىپ بېرىپ، ئۇ بىنانىڭ ئىسمى

ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئىشلىتىدىغان، ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ ناھايىتى چوڭ ۋە قىممەت نەرسىلەر بىلەن تولغان ئۆي ـ زېمىنلىرىنى جامائەت باغچىسى قىلىپ قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپ. ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىنالىرىنىڭ ئىسمى ئاساسەن ئادەملەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ بىنالارنى سېلىشقا ئەڭ كۆپ پۇل ئىئانە قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىدۇر.

مەن بۇ يەردە قېرىنداشلاردىن مۇنداق بىر نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنىمەن: سىزنىڭ ھايات ۋاقتىڭىزدا قانداق كىيىملەرنى كىيگەنلىكىڭىز، قانداق تاماقلارنى يېگەنلىكىڭىز، قانداق ئۆيلەردە ئولتۇرغانلىقىڭىز، ۋە قانداق ماشىنىلارنى ھەيدىگەنلىكىڭىز يۇقىرىدىكى 3 سەۋەبنىڭ بىرسىگە تەۋە ئەمەس. يەنى، بىر ئادەمنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى قانداق ياشىغانلىقى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندىن كېيىن كىشىلەر قەلبىدە قانچە ئۇزۇن ياشايدىغانلىقى بىلەن ئاساسەن مۇناسىۋەتسىز. بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە سىز ۋاپات بولغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇستازىمىزنى ئەسلەپ بېقىڭ. سىز ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا، كۆز ئالدىڭىزغا ئۇ ئۇستاز ھەققىدىكى قانداق ئىشلار كېلىدۇ؟

ھونلارنىڭ داھىيسى ئاتتىلا ۋە ئاتا تۈرككە ئوخشاش تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ داھىيلار، قەھرىمانلار ۋە داڭلىق سەنئەتكارلار قاتارلىق بىر قىسىم ئادەملەرمۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۇ ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلار باشقا بىر كاتېگورىيەگە تەۋە كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە تالانت ـ ئىقتىدارلىرى، ۋە شۇنىڭغا تايىنىپ ئۆز خەلقى، ئۆز ۋەتىنى ياكى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياراتقان زور تۆھپىلىرى سەۋەبىدىن كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۇ ياشايدۇ. بۇ كاتېگورىيەگە تەۋە كىشىلەرنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، يۇقىرىدىكى 3 شەرت بولسا بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن يەكۈنلەپ چىقىلغان.

ھازىر نۇرغۇن قېرىنداشلار مىللەت ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىش يولىدا تىرىشىۋاتىدۇ. ئۆزۈممۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. مەندىن بىر قىسىم ئۇكىلار داۋاملىق «سىز نېمە ئۈچۈن ھازىرقىدەك ياشاش يولىنى تاللىدىڭىز؟» دەپ سوراپ تۇرىدۇ. بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ بىر قىسمى مەن ھازىرغىچە تورلاردا ئېلان قىلغان ماقالىلەردە بار بولۇپ، ئۇنىڭ جاۋابىنىڭ يەنە بىرى ھازىر ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئۇيغۇر دىيارى ئەنە شۇنداق ياشايدىغان كىشىلەرگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدۇر. ئەمەلىيەتتە ھازىر ئاشۇنداق ياشاش يولىنى تاللىغان ئۇيغۇرلار ئىنتايىن كۆپ. يېقىنقى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە مېنى قوللاپ، مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىپ، ماڭا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، مېنىڭ «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن تېما ئاستىدىكى يازمىلارنى تەييارلىشىمنى قوللاپ بەرگەن بارلىق كىشىلەر ئەنە شۇنداق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىزغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ھازىر يۇقىرىقىدەك ياشاش يولىنى تاللىغان بارلىق قېرىنداشلار ئورتاق ھالدا ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ قاتتىق تىرىشساقمۇ، خەلقىمىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىپ بېرەلمەيمىز. ئەمما، بىز بىر قىسىم ياخشى ئۆزگىرىشلەرگە تۈرتكە بولالايمىز. شۇنداقلا ھاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىر دۇنياغا سەپەر قىلغاندا ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىمىزدىن پۇشايمان يېمەيمىز. بۇ ئىشقا قاتنىشىش ئارقىلىق سىز بۇ دۇنيادا خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشەلەيسىز. يەنە بىر دۇنيادا بولسا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيسىز. ئاللاھ بىزنى ئۆزىمىز كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ باھالىمايدۇ. بەلكى، **ئاللاھ بىزنى ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش يولىدا نامايان قىلغان سەممىيىتىمىزگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ باھالايدۇ.**

«بۇددا» (Buddha) مۇنداق دېگەن: **«بىر شام مىڭلىغان شاملارنى ياندۇرالايدۇ، ھەمدە بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقىراپ كەتمەيدۇ. بەخت ھەرگىزمۇ باشقىلار بىلەن ھەمبەھىرلەنگەنگە ئازلاپ كەتمەيدۇ.»**
ھازىرغىچە مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىپ، تورلاردا ۋە مەزكۇر كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان 51 نەپەر قېرىندىشىمىزنىڭ ھەر بىرى ئەنە شۇنداق مىڭلىغان شاملارنى ياندۇرىدىغان بىر شام بولۇش رولىنى

ئويناۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى كەينىگە مىڭلىغان ياش ئەۋلادلىرىمىزنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاشۇ ياش ئەۋلادلىرىمىزنى روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ.

دىنىمىزدىكى چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، جەننەتنى ئاللاھ ئۆزى تاللىغان بەندىلىرىگە سوۋغا سۈپىتىدە ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ ئاشۇ كىشىلەرنى تاللىغاندا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئىككى ئۆلچەم بار. **ئۇنىڭ بىرى تەقۋادارلىق (ئىبادەت). يەنە بىرى بولسا گۈزەل ئەخلاق.** كۆپىنچە ۋاقىتلاردا گۈزەل ئەخلاق كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە نامايان بولىدىغان بولۇپ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى. شۇڭلاشقا «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلەرنى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى ياش ئەۋلادلىرىمىزغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە بىر ياخشى تەقدىرگە ئېرىشىشىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق ئۆزىدىكى بىر خىل گۈزەل ئەخلاقنى نامايان قىلدى.

مەن چەت ئەلدىكى «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» نىڭ بىرى بولۇشقا شەرتى توشىدىغان قېرىنداشلاردىن يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىزگە خىزمەت قىلىش، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ياردەم قىلىش، ۋە ئاللاھ يولىدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلىش يۈزىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ۋەتەندىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزنى ئۇيغۇرچە تورلاردا ئۆزىڭىزنىڭ بىر يېقىنى تونۇشتۇرسىمۇ بولىدۇ. سىزنىڭ ماتېرىيالىڭىزنى ئۆزىڭىز ماڭا ماڭدۇرۇپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ. ياكى سىزنىڭ ماتېرىيالىڭىزنى سىزنىڭ بىر يېقىنىڭىز ماڭا ئەۋەتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشنى مۇۋاپىق كۆرسىڭىز، مەن بىلەن «bilim.humar@yahoo.com» ئارقىلىق ئالاقىلەشسىڭىز بولىدۇ.

ئالدىنقى 5 كىتاب بىلەن ئوخشاش، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى قەدىرلىك ئىنىم «پىداكار» تورغا چىقىرىشتىن بۇرۇن تەھرىرلەپ بەردى. بۇ قېتىم ئۇلارنى قايتا بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، كىتاب ئۈچۈن تەييار قىلدى، ۋە كىتابنىڭ كومپيۇتېر ھۆججىتىنى بىر قوللۇق تەييارلاپ چىقتى. يەنە بىر قەدىرلىك ئىنىم ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق بولسا مەزكۇر كىتابلارنى باستۇرۇش، ۋە ئۇلارنى تارقىتىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى داۋاملىق ھالدا بىر قوللۇق قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىككى ئۇكىمىزغا قانچىلىك رەھمەت ئېيتساممۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئابدۇرەھىم غېنى ئۇكىمىز مېنىڭ ئالدىنقى 3 كىتابىمنى ياۋروپادىكى قېرىنداشلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. يېقىندا يېڭى زېلاندىيەدىن ئىلياس قاسىم ئىنىمىز، گېرمانىيەدىن ئوسمان مەمەت ۋە ئابدۇسالام ھەبىبۇللا ئىنىمىز، سەئۇدى ئەرەبىستاندىن ئىمرانجان ئىنىمىز، ۋە ياپونىيەدىن پەرھات قېيۇم ئىنىمىزمۇ ئابدۇرەھىم غېنى ئۇكىمىزغا قوشۇلۇپ، مېنىڭ كىتابلىرىمنى ئوخشىمىغان دۆلەتلەرگە تارقىتىش ئىشىنى خالىسانە خىزمەت تەرىقىسىدە قىلىشنى باشلىدى. مەن بۇ يەردە ئاشۇ ئىنىلەرگىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ كىتابتىن 1000 دانە باستۇرۇش ئۈچۈن 4000 دوللارغا يېقىن پۇل چىقىم بولغان بولۇپ، ئۇ چىقىم ئاساسەن مەزكۇر كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان قېرىنداشلار ئىئانە قىلغان پۇل بىلەن تۆلەندى. يەنى، مەزكۇر كىتابنى نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئابدۇكېرىمجان توختى 500 دوللار، مۇختەر ئوسمان 300 دوللار، دىليار بارات 220 دوللار، بەرنا ئىبراھىم، نەفىزە ئابدۇراخمان، نۇرنىسا قۇربان، شاكىر شەمشى ۋە غەيرەت غېنى 200 دوللار، ھەمدە يەنە 25 نەپەر ئەتراپىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ھەر بىرى 120 دوللاردىن پۇل ئىئانە قىلدى. بۇ يەردە مەن بۇ قېتىم پۇل ئىئانە قىلغان ئاشۇ قېرىنداشلارغىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاخىرىدا مەن بۇ كىتابىمنىمۇ مىللەتنىڭ غېمىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا پاك يۈرەك بىلەن توختاۋسىز، ئۈن ـ تىنىسىز ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

**ئەركىن سدىق**

ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى
2016 ـ يىلى 1 ـ دېكابىر

# مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى.......................... 6
ئابدۇكېرىمجان توختى .......................... 12
ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق.......................... 18
ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرىشىت.......................... 25
ئابلەھەت ئىبراھىم .......................... 35
ئابلىز ئابدۇقادىر .......................... 38
بەرنا ئىبراھىم .......................... 44
بۇخەلچەم مەمتىمىن.......................... 47
بۇرھان سىيتى.......................... 55
دىلمۇرات تىلىۋالدى.......................... 59
دىلرەبا ئىبراھىم .......................... 69
دىلشات ئابلا .......................... 73
دىليار بارات.......................... 80
دولقۇن تۇرسۇن.......................... 82
ئەبەيدۇللا ئابدۇۋەلى .......................... 87
ئەكبەر شېرىپ .......................... 89
ئەنۋەرجان يۇسۇپ.......................... 92
ئەركىن ئابدۇۋايىت .......................... 97
ئەيساجان ئابدىن .......................... 101
ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن.......................... 107
گۈلناز ئابدۇقادىر .......................... 125
خەيرىنىسا ياسىن .......................... 129
ئىلياس قاسىم .......................... 133
لالە داۋۇت.......................... 137
مارۋايىت ھاپىز .......................... 145

مەمەتجان ياسىن ........................ 151
مەخمۇت ئابلا ........................ 157
مەخمۇت ياسىن ........................ 158
مەتنۇرسۇن بەيدۇللا ........................ 163
مىرشاد ئابدۇرېھىم ........................ 170
مۇختەرجان ئابدۇراخمان ........................ 172
مۇختەر ئوسمان ........................ 180
مۇتەللىپ هامۇت ........................ 187
مۇھەممەت ئابدۇللا، ئاينۇر ئابدۇرازاق ........................ 193
ناسىرهاجى مەمتىلى ........................ 195
نەفىزە ئابدۇراخمان ........................ 199
نۇرانىيە راخمان ........................ 208
نۇرنىسا قۇربان ........................ 217
نۇرشىدە پولات ........................ 219
نۇرسىمانگۈل يۈسۈپ ........................ 225
پاتىگۈل ئابىخان ........................ 234
پاتىگۈل ئىمىن ........................ 242
رەيھانگۈل ئەمەت ........................ 245
شاكىر شەمشى ........................ 252
تۆمۈر پالتاش ........................ 255
تۇغلۇق ئابدۇرازاق ........................ 257
زەينۇرە سابىر ........................ 260
غاپپار پەتتار، مۇقەددەس قۇربان ........................ 265
غەيرەت غېنى ........................ 270
گۇلەناي خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئۆتتى ........................ 275
ئۇيغۇر، مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ۋە ئەركىن سىدىق ........................ 278
ئەركىن سىدىققا ئوچۇق خەت ........................ 288
چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تالالانمىلار ........................ 291
ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى ........................ 318

# ئېغىز بوشلۇقى دوختۇرى ئابدۇكېرىمجان توختى (تۈركىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 8-ئاينىڭ 21-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

مايكۇل جوسېفسون مۇنداق دەيدۇ (تۆۋەندىكى 1-رەسىم): «ئەگەر مۇشۇ بىر تال كىچىككىنە گۈل قۇياش نۇرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بىر يول تاپالىغان بولسا، سىزمۇ شۇنداق قىلالايسىز. قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش روھىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىمەڭ.»




**1-رەسىم:** مايكۇل جوسېفسوننىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىنىڭ ئىنگلىزچىسى.

ئادەتتىكى كىشىلەردەك كۆرۈنىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالىشىغا سەۋەب بولىدىغان نەرسە نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ قايناق ھېسسىيات ياكى قاتتىق ئىنتىلىش (passion) دىن ئىبارەت. بىر باشلامچى ياكى لىدېرنىڭ ھاياتىدا ھېچ قانداق نەرسە قاتتىق ئىنتىلىشنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ.

تۆۋەندىكى قاتتىق ئىنتىلىش ھەققىدىكى 4 ھەقىقەتكە قاراپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ سىزگە قانداق پايدىلارنى يەتكۈزەلەيدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭ:

**(1) قاتتىق ئىنتىلىش نەتىجە يارىتىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى:** سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز سىزنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىڭىز ياكى تەقدىرىڭىز (destiny) نى بەلگىلەيدۇ. ئادەتتىن تاشقىرى ھاياتنى ياشىغان ھەر بىر ئادەم ئۇلۇغۋار ئارزۇغا ئىگە ئادەمدۇر. ھەممە ساھەلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان مۇنداق بىر ھەقىقەت بار: ئاجىز تىلەك كىشىنى ئاجىز نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ خۇددى بىر تال كىچىك ئوت پەقەت كىچىك ئىسسىقلىقنىلا پەيدا قىلالىغانغا ئوخشاش. سىزدىكى ئوت قانچىكى كۈچلۈك بولىدىكەن، سىزدىكى تىلەكمۇ شۇنچە چوڭ بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن سىز ئېرىشەلەيدىغان نەتىجىلەرمۇ شۇنچە زور بولىدۇ.

**(2) قاتتىق ئىنتىلىش سىزنىڭ ئىرادىڭىز (willpower) نىمۇ ئۆستۈرىدۇ:** قاتتىق ئىنتىلىشنىڭ ئورنىنى ئالالايدىغان باشقا بىرەر نەرسە يوق. ئۇ سىزنىڭ ئىرادىڭىزنىڭ يېقىلغۇسىدۇر. ئەگەر سىز مەلۇم بىر نەرسىنى يېتەرلىك دەرىجىدە قاتتىق ئىستەيدىكەنسىز، سىز ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىرادىنى تاپالايسىز. ئاشۇنداق ئارزۇغا ئىگە بولۇشنىڭ بىردىن - بىر ئۇسۇلى ئۆزىڭىزدە بىر خىل قاتتىق ئىنتىلىشنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

**(3) قاتتىق ئىنتىلىش سىزنى ئۆزگەرتىدۇ:** ئەگەر سىز باشقىلارنىڭ سىز توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى بويىچە ئىش تۇتماي، ئۆزىڭىزنىڭ قاتتىق ئىنتىلىشى بويىچە ئىش تۇتىدىكەنسىز، سىز چوقۇم كۆڭلىڭىزگە پۈككەن ئارزۇلارغا ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى تىخىمۇ تولۇق ئاتا قىلغان، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى ياراتقان بىر ئادەم بولۇپ چىقالايسىز. شۇنىڭ بىلەن سىز باشقىلارغا تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسىتەلەيسىز. ئەڭ ئاخىرىدا سىزدىكى قاتتىق ئىنتىلىشنىڭ باشقىلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى سىزنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىڭىزنىڭ تەسىرىدىنمۇ زور بولىدۇ.

**(4) قاتتىق ئىنتىلىش ئەسلىدە مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان ئىشلارنى مۇمكىنلىككە ئىگە قىلىدۇ:** ئىنسانلار مۇنداق يارىتىلغان: بىر نەرسە سىزنىڭ روھىڭىزغا ئوت تۇتاشتۇرغاندا، ئەسلىدىكى مۇمكىنسىزلىك غايىپ بولىدۇ. يۈرىكىڭىزدىكى بىر تال ئوت هاياتىڭىزدىكى ھەممە ئىشلارنى يۈكسەلدۈرىدۇ. قاتتىق ئىنتىلىش ياكى قايناق ھېسسىياتقا ئىگە لىدېرلەرنىڭ ناھايىتى ئۈنۈمدار كېلىشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ. ئىنتايىن كۈچلۈك ئىنتىلىشكە ئىگە، ئەمما ماھارەتكە ئۈنچىۋالا باي ئەمەس بىر لىدېر ناھايىتى ماھارەتلىك ئەمما قاتتىق ئىنتىلىشقا ئىگە ئەمەس يەنە بىر لىدېرگە قارىغاندا بەكراق نەتىجىلىك كېلىدۇ.

يۇقىرىدىكى 2 - مەزمۇن مەن «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (9)» دېگەن ماقالەمدە تونۇشتۇرغان جون ماكسۋېل (John C. Maxwell) نىڭ «ماكسۋېل كۈنلۈك ئوقۇشلۇقى» دېگەن كىتابىنىڭ 39 - بېتى (3 - فېۋرال كۈنى) نىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «ئۆزىڭىزنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى ئۆستۈرۈڭ» دىن ئىبارەت.

ئەگەر مەن ھازىرغىچە «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن تېما ئاستىدا تونۇشتۇرغان 43 نەپەر قېرىنداشىمىزنىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ ھازىرقىدەك بىر ھالەتكە كېلىش ئۈچۈن قانداق قىلغانلىقىنى يۇقىرىدىكى ئىككى مەزمۇن بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئاساسەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدىكى بىر تال كىچىك گۈلدەك بوشاشماي تىرىشىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن يول ئاچقانلىقىنى، ھەمدە باشتىن - ئاخىر ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئىشقا قاتتىق ئىنتىلىش روھى بىلەن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ قېتىم مەن ئاشۇنداق قېرىنداشلارنىڭ يەنە بىر يېڭى مىسالىنى تونۇشتۇرىمەن. بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان ئۇكىمىز مەن ھازىرغىچە تونۇشتۇرغان 44 - قېرىنداشىمىز بولۇپ، تۆۋەندىكى مەزمۇننى ھازىر تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان ئىنىمىز ھەسەنجان تەييارلاپ بەردى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەسەنجان ئۇكىمىزغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. دېمەك، «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن تېمىدا يوللىنىلىدىغان مەزمۇننى مەن ئەمەس، تونۇشتۇرىلىدىغان قېرىنداشىمىز ئۆزى ئەمەس، يەنە بىر، ياكى 3 - قېرىنداشىمىز تەييارلىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مەن قولىدىن مۇشۇنداق ئىش كېلىدىغان باشقا قېرىنداشلارنىڭمۇ ماڭا ياردەم قىلىشىنى، ئۆزلىرى تونۇيدىغان «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» نىڭ ئەھۋالىنى يېزىپ چىقىپ، ماڭا يوللاپ بېرىشىنى سورايمەن.

رەسمىي مەزمۇننى ئەمدى باشلايمەن.




2 ـ رەسىم: ئابدۇكېرىمجان توختى تۈركىيەنىڭ كىر شەھىردە ئاچقان «ئۆنچە ئېغىز بوشلۇقى ئامبۇلاتورىيىسى» ئېچىلىش مۇراسىمىدا.

ئابدۇكېرىمجان توختى 1977 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قاراماي شەھىرىدە تۇغۇلغان. كېيىن ئائىلىسىنىڭ خىزمەت مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن پوسكام نېفىتلىكىگە كۆچۈپ كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پوسكام نېفىتلىكىدە تاماملىغان. 1993 ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تۈنجى قېتىم ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تەسىس قىلىپ، نېفىتلىك رايونلىرىدىنلا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، ئابدۇكېرىمجان شۇ يىلى تۈنجى قارار ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ، نەنجىڭ پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە خەنزۇ تىلىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغان. ھەمدە 1996 ـ يىللىق ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىش ئىمتىھانىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 5 ـ ئوقۇغۇچى، جەنۇبىي ئۇيغۇر دىيارى رايونى بويىچە 1 ـ ئوقۇغۇچى بولۇپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىنغان. مېدىتسىنا كەسپىدە ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغان ئابدۇكېرىمجان تەييارلىقنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئىچكىرىدە ياخشى بىر مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، نومۇرى ئىچكىرىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىشكە يەتكەن بولسىمۇ، تېبابەت كەسپىدە ئوقۇش ئارزۇسى بويىچە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى داۋالاش كەسپىنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇشىغا كىرگەن.

شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇش جەريانىدا دىيارىمىزدىكى ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس ئادالەت قاسىمى خانىم (ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قىزى) بەرگەن ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى دەرسى ئابدۇكېرىمجاننى ئۆزىگە قاتتىق جەلىپ قىلىۋالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بويىچە تولۇق كۇرسنىڭ 2 ـ يىلى ئادالەت قاسىمىنىڭ باشچىلىقىدا شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئېچىلغان تۈنجى قارار ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى كەسپىگە ئالمىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتكەن. ئۇ ئوقۇش داۋامىدا ئۆزىنىڭ كەسپى دەرسلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەندىن باشقا، ئىنگلىز تىلى بىلمەي تۇرۇپ لاياقەتلىك دوختۇر بولالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئىنگلىز تىلىنىمۇ تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ھەمدە 2001 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى دەرىجە ئىمتىھانىدا 4 ـ دەرىجىدىن ۋە 6 ـ دەرىجىدىن ئۆتكەن. شۇنداقلا 2003 ـ يىلى TOEFL ئىمتىھانىدا 577 نومۇر ئالغان.

ئۇ تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەنگلىيەنىڭ مىددلەسېخ ئۇنىۋېرسىتېتى (Middlesex University) دا ئاممىۋىي سەھىيە كەسپىدە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. ئەمما ئېغىز

بوشلۇقى كېسەللىكلىرى كەسپىدە ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئەنگلىيەگە بېرىشتىن ۋاز كەچكەن. ئابدۇكېرىمجان 2005 ـ يىلى ئوقۇش ئىستىكىدە تۈركىيەگە كەلگەن. تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن قاتتىق تەييارلىق قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز كەسپىدە ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتىنى ئىزدىگەن. ئەينى ۋاقىتتا تۈركىيەگە كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن دوختۇرلۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلەر يوق بولۇپ، دوختۇرلۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باققانلار ئۇنىڭغا تۈركىيەدە دوختۇرلۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان ئابدۇكېرىمجان توختى بىر مەھەل قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن.

ئەمما كىچىكىدىنلا ئىرچىل ياخشى ئوقۇغان ئابدۇكېرىمجان ئۆزىنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ ياخشىلىقىنى، ۋە بۈگۈنگىچە ئوقۇش داۋامىدا قاتمۇ ـ قات قىيىنچىلىقلار ۋە ئىمتىھانلاردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەنلىكىنى ئويلاپ، قەلبىدە ئىشەنچ پەيدا بولغان. شۇنداقلا كەسپكە بولغان ئىشتىياقى ئۇنى داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىشقا ئۈندىگەن. شۇنداق قىلىپ 2006 ـ يىلى تۈركىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىمتىھانلاردىن TCS ئىمتىھانىدا ئۆزى ئوقۇغان سىنىپىدا نەتىجىسى 1 ـ بولۇپ، غازى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېببىي پەنلەر فاكۇلتېتى چىش كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ چىشلاردىكى بۇزۇقلۇقلارنى داۋالاش ۋە تۈزلەش كەسپى (口腔正畸，orthodontics) گە دوكتورلۇق ئوقۇشقا كىرگەن. شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىشىمىز زۆرۈركى، تۈركىيەدىكى مائارىپ سىستېمىسىنىڭ پەرقلىق بولىشى تۈپەيلىدىن، تۈركىيەدە تېببىي كەسپلەردە باكلاۋۇرلۇققا ئوقۇشقا كىرگەن ئوقۇغۇچىلار بىۋاستە ماگىستىر ئاسپىرانت ئۇنۋانى بىلەن پۈتتۈرۈپ چىقىدىغان بولغاچقا (دىيارىمىزدىكى 本硕连读)، ۋەتەندە تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تولۇق كۇرس پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار تۈركىيەدە بىۋاستە دوكتورلۇق ئوقۇشقا كىرىدۇ.

ئوقۇش داۋامىدا گەرچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار تۈرك تىلىنى ياخشى بىلگەندەك قىلسىمۇ ئاكادېمىك سەۋىيىدە دەرس ئېلىش ئاسانغا توختىمايدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن تىل جەھەتتىكى سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن كەسپىي دەرسلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ئەنقەرە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ناھىيىلەردىكى دوختۇرخانىلاردا كېچىلىك دېجۇرنىلىق تۇرۇش ئارقىلىق قامدايدۇ.

ئۇ ئەينى ۋاقىتلاردىكى قىيىنچىلىقلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەكتىپىمدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دوختۇرخانىلارغا بېرىپ، كېچىلىك دېجۇرنىدە تۇرۇپ بېرەتتىم. كېچىلىك دېجۇرنىدە بىمارلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە بىر قىسىم داۋالاشلارنى قىلغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ دەرسلىرىنى تەييارلىمىسام بولمايتى. شۇڭا كېچىدە ئاران 2 ـ 3 سائەت ئۇخلاشقا مەجبۇرى ئىدىم. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئاپتۇبۇس بىلەن ئۆرە تۇرۇپ دېگىدەك مەكتىپىمگە قايتاتتىم. ھەتتا ئاپتۇبۇسنىڭ تۇتقۇچىغا ئېسىلىپ ئۇخلاپ قالاتتىم. قىش كۈنلىرى ئەنقەرەدە ئاجايىپ سوغۇق بولۇپ كېتەتتى. تاپقان پۇلۇم يېمەك ـ ئىچمەككىلا يېتىدىغان بولغاچقا، ھەتتا ئۆينى ئىسسىتىشقا گازمۇ سېتىۋالالمايتتىم. ئولتۇرىدىغان ئۆيىمىز كونا بولغاچقا بەك سوغۇق ئىدى. بەزىدە بۇنداق جاپا تارتقاندىن ئوقۇماي تەرجىمانلىق قىلايمۇ ـ يە، دەپ ئىككىلىنىپ قالغان ۋاقىتلىرىممۇ بولدى. چۈنكى تەرجىمانلىق قىلغاندا پۇلنى ئاسان تاپقىلى بولاتتى. شۇنداق ۋاقىتلاردا ئۆزۈمگە ‹سەن تۈركىيەگە تەرجىمانلىق قىلغىلى كەلگەنمىدىڭ، ياكى دوختۇر بولغىلىمۇ؟› دەپ سوئال قوياتتىم. ئىنشائاللاھ ئۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى».

شۇنداق داۋام قىلىش بىلەن بىرگە تۈركىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، تۈركىيەدە تېبابەت كەسپلىرىدە ئوقۇماقچى بولغان چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار تولۇق كۇرستا ئوقۇغان ئوقۇش تارىخى ۋە نەتىجىسىنى تۈركىيەدە ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئىمتىھانىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ تۈركىيەدە دوختۇر بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايتتى. بۇ دېگەنلىك باكلاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان كەسپىي دەرسلىكلەردە بىرمۇ ـ بىر تۈركچىدە ئىمتىھان بېرىش دېگەنلىكتۇر. تۈركىيەنىڭ مائارىپ سىستېمىسىنىڭ چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەلىپى تۈپەيلىدىن، تېبابەت كەسپلىرىدە تولۇق كۇرس ۋە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى تۈركىيەدە ئوقۇمىغان ئوقۇغۇچىلار تۈركىيەدە تېبابەت كەسپلىرىدە ماگىستىر

ئاسپىرانتلىق ۋە دوكتور ئاسپىرانتلىق ئوقۇش ئۈچۈن كەسپى دەرسلەر ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتە تەشكىل تاپقان «دەنكلىك» (Denklik) ئىمتىھانغا قاتنىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەزكۇر ئىمتىھان دىيارىمىزدىكى «同等学力» گە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ باققان تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىردەك مەزكۇر ئىمتىھاننى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈركىيەدە دوختۇر بولۇشىنىڭ ئەڭ قىيىن تەرپى، دەپ قارايدۇ. چۈنكى بۇ ئىمتىھان پۈتۈن كەسپي دەرسلەردىن ئېلىنىدىغان بولۇپ، كەسپي دەرسلەرنىڭ ئەڭ قىيىن نۇقتىلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. نۆۋەتتە تۈركىيەدە بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 10غا بارمايدۇ. ھازىرغىچە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن 10 غا يەتمەيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولغان قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بۇ ئىمتىھاندىن ئابدۇكېرىمجان تۇنجى بولۇپ ئۆتۈپ، دوختۇر بولماقچى بولغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن يول ئاچىدۇ.

تۈگىمەس ئىمتىھانلار ئابدۇكېرىمجاننى مەغلۇپ قىلالمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ قەيسەر، تىرىشچان قىلىپ تاۋلاپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ تۈركىيەدىكى ھاياتى ئاساسەن ئۆگىنىش ۋە ئىمتىھان بېرىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئائىلە، پەرزەنت ۋە تۇرمۇش بېسىملىرى ئۇنى چارچىتىپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى بولغاچقا تۈركىيەنىڭ TÜBİTAK (دىيارىمىزدىكى پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئوخشاش ئورگان) دىن ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ تىرىشچانلىق روھىدىن يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى قاتتىق تەسىرلىنىپ، مۇساپىر ھاياتىدىكى سىردىشىغا ئايلىنىدۇ، ۋە دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچى بولۇشتىن باشقا، تۇرمۇش ۋە باشقا ئىشلىرىغىمۇ قولىدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولىدۇ. دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى غەلىبىلىك تاماملانغاندا، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى مەتىن ئەپەندى «ئوغلۇم، سەن شۇنچە ئۇزاقتىن كېلىپ، باشقا بىر تىلدا مۇشۇنداق ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلدىڭ. ساڭا ئاپىرىن. ئۇيغۇر تۇپرىقىدىن ساڭا ئوخشاش ياخشى ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار كەلسە، بىز قولىمىزدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ياردەم بېرىمىز»، دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ 2013-يىلى ئاز كەم 7 يىلدا دوكتورلۇقنى تاماملاپ تۈركىيەدە دۆلەت ئېتىراپ قىلغان تۇنجى دوكتورلۇق ئۇنۋانىدىكى ئۇيغۇر دوختۇر بولۇپ قالىدۇ.

ئۇ ھازىر ئۈچ ئامبۇلاتورىيىدە مۇتەخەسسىسلىك سالاھىيىتى بىلەن كېسەل كۆرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى ئۇ ئۆز سەرمايىسى بىلەن شېرىكلىشىپ ئاچقان بولۇپ، 2015-يىلى 5-ئايدا تۈركىيەنىڭ كىر شەھىرىدە ئىش باشلىدى. كىر شەھىرىدە ئېچىلغان ئامبۇلاتورىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا مەزكۇر شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقى ۋە پارلامېنت ئەزاسى ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلدى، ۋە لېنتا كېسىپ تەبرىكلىدى.

بىز ئۇنىڭدىن «بىزنىڭ نۇرغۇن سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئارىسالدى بولۇۋاتقان، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان، نۆۋەتتىكى ئالاھىدە پەرقلىق شارائىتلىرىمىزدا چىقىش يولى تاپالماي، روھىي جەھەتتىن مەدەت ۋە ئىلھام بېرىشلەرگە تەشنا بولۇۋاتقان ياشلىرىمىزغا دەيدىغان سۆزلىرىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىغىنىمىزدا، ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز ئۇيغۇرلار ئەقىللىق. بىز ئەقلىي قابىلىيەتتە باشقا مىللەتلەردىن تۆۋەن ئەمەس. ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەقىلنى ئورتاق ياراتقان. مۇھىم بولغىنى ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق. ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈرمۇ يەتمەيدۇ. ئىنسان ئۆزىنى بىر نەرسىگە بېغىشلىغاندىلا ئاندىن مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ.»

نۆۋەتتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن تۈركىيە چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ بولغان دۆلەت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈركىيەدە ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى يۇقىرى بولسىمۇ، بىر مەزگىللىك قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن، قىسقا مۇددەتلىك تەرجىمانلىق يولىنى تاللىۋالغان، شۇنداقلا ئوقۇشقا كىرىپ بولۇپ، ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئوقۇشنى تاشلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىزمۇ كۆپ. تۈركىيەدىكى سانىمىز كۆپ بولسىمۇ، ئىلمىي ساھەلەردە ئۇتۇق قازانغان ئاكادېمىك دەرىجىسىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەكمۇ ئاز. شۇڭلاشقا بىز بۇ قېرىندىشىمىزدىن ئالاھىدە پەخىرلىنىمىز.



3 ـ رەسىم: ئابدۇكېرىمجان 2013 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى ياقلاۋاتقاندىكى بىر كۆرۈنۈش.

ئىنىمىز ئابدۇكېرىمجان ھازىر بەختلىك ئائىلىسى ۋە ئىككى ئوماق پەرزەنتلىرى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئەنقەرە شەھىرىدە ياشاۋاتىدۇ.

# دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق (تۈركىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 3-ئاينىڭ 13-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇقنى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى دوكتور ئىلياس قاسىمنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)

ئىنىمىز ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق 1972-يىلى ئاپرېلدا قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم سايباغدا ئابدۇجەلىل تۇردى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ بەشكېرەم سايباغدىكى ئەڭ چوڭ جەمەتلەرنىڭ بىرى بولغان بايىيۇسۇپ جەمەتىنىڭ ئەۋلادى بولىدۇ.



1-رەسىم: دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق

جەمەتى ۋە ئائىلىسى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۈزلۈكسىز «تەنقىد، تەقىب ۋە ئۆزگەرتىش» ئوبيېكتى بولۇپ قالغانلىقى تۈپەيلى، كېيىنچە «دېھقان» كىملىكىدە مەۋجۇدىيىتىنى داۋام قىلدۇرغان. ئابدۇرەشىدنىڭ ئائىلىسىدىكى دۇنياغا كۆز ئاچقان 12 قېرىنداشتىن ئالتىسى ھايات قېلىپ، ئۇنىڭ قالغان 5 قېرىنداشلىرى ئاساسەن ئۈزلۈكسىز ئوقۇش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولالمىغان. پەقەت ئابدۇرەشىدلا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا پەندە ئۈزلۈكسىز ئوقۇپ، «زىيالىي» بولۇشقا تىرىشالىغان.

1979-يىلى ئابدۇرەشىدنىڭ 22 يىللىق ئوقۇش ھاياتى بەشكېرەم سايباغ باشلانغۇچتىن باشلىنىپ، 2003-يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇغۇچە داۋام قىلغان. ئۇ ئارىلىقتا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا قاراشلىق مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىدە ئىككى يىللىق كەسپىي تەرجىمان تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان. دوكتورلۇق ئوقۇشى تاماملانغاندىن كېيىن، ئۇ 2003-يىلى سېنتەبىرگىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق

فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى ۋە تەتقىقاتچى بولغان. ئابدۇرەشىد 2004 ـ يىلى ياردەمچى دوتسېنت (لېكتور)، 2006 ـ يىلى دوتسېنت، ۋە 2012 ـ يىلى پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان.

ئابدۇرەشىد 2008 ـ يىلى نويابىردىن 2009 ـ يىلى نويابىرغىچە ئاۋستىرالىيە جەنۇبىي كۇۋىنسلەند ئۇنىۋېرسىتېتىدا (University of Southern Quensland, USQ) مېھمان تەتقىقاتچى، ۋە 2010 ـ يىلى ئىيۇلدىن 2010 ـ يىلى سېنتەبىرگىچە ئامېرىكا ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى مەركىزىي ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقاتلىرى فاكۇلتېتىدا تەكلىپلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 2011 ـ يىلى يانۋاردىن بۈگۈنگىچە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى نىغدە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۇشبۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا تەكلىپلىك چەتئەللىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

2013 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئالىي مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقى ۋە ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ ئەنگە ئېلىشى بىلەن، نىغدە ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇر ـ خەن تەتقىقات مەركىزى (维吾尔学—汉学研究中心) نى قۇردى. ئۇشبۇ مەركەزدە يەنە تۈركىيە ئالىي مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن كەسىپلەر ـ ئارا (interdiscipline) «ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقاتلىرى» ماگىستىر ۋە دوكتورلۇق پىروگراممىسىنى ئېچىپ، 2014 ـ يىلى تۈركىيە ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 22 ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى باشلىدى. «ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقاتلىرى» بويىچە دوكتورلۇق پىروگراممىسى تۈركىيەدە تۇنجى بولۇپ مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇر ـ خەن تەتقىقات مەركىزىدە ئېچىلغان بولدى. ئوقۇش ۋە خىزمەت تەجرىبىسى جەريانىدا ئابدۇرەشىد يات ۋە قېرىنداش خەلق تىللىرىدا كەڭ دائىرىلىك ئاساسلارغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ خەنزۇچىسى مۇكەممەل، ئىنگلىزچىسى راۋان، پارسچىسى باشلانغۇچ سەۋىيەدە؛ تۈركىيە تۈركچىسى مۇكەممەل، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز ۋە ئەزەربەيجان تۈركچىلىرى ياخشى سەۋىيەدە، چاغاتايچە ۋە قەدىمكى تۈرك/ئۇيغۇرچىدىن خەۋەرداردۇر.

ئابدۇرەشىدنىڭ تەتقىقات دائىرىسى: سوتسىيال ـ كۇلتۇرەل ئۆزگىرىش، كۆپكۇلتۇرچىلىك، ياۋرو ـ ئاسىيا تۈرك سوتسىئو ـ كۇلتۇرەل قۇرۇلمىسى، ئۇيغۇر تەتقىقاتى، ئۇيغۇر زامانىۋىلىشىش جەريانى، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر قۇرۇلمىسى، خەنزۇ كۇلتۇرى تەتقىقاتى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن كۆپ سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق بىر بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قانچە ئاساسلىق دائىرىنى قاپلىماقتىدۇر.

ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇقنىڭ ئەمگەك نەتىجىلىرىدىن «سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ سوتسىئو ـ كۇلتۇرەل قۇرۇلمىسى» (تۈركچە، 2006)، «كۆپ قوللىنىلىدىغان تۈركچە ئىسىم ـ فامىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى» (2007) دېگەن ئىككى كىتابى نەشر قىلىندى. ھەمدە «ئۇيغۇر جەمئىيەتشۇناسلىقىغا كىرىش» (ماقالىلەر توپلىمى) نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ئەسىرلىرىدىن «مەسنەۋى ھېكايەتلەر»، «مۇنازىرە»، «ھىندى سەيياھىنىڭ قىسسەسى» (2007)، «دىۋانى ھېكمەت» (2012) قاتارلىقلار ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق تەرىپىدىن چاغاتايچە ۋە تۈركىيە تۈركچىسىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچىسىغا ئۆرۈپ ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئابدۇرەشىدنىڭ ئوخشىمىغان تىللاردا يازغان 45 پارچە (12 پارچە تۈركچە، 17 پارچە ئۇيغۇرچە، 14 پارچە خەنزۇچە، 2 پارچە ئىنگلىزچە) ئىلمىي ماقالىلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش جەريانىدا، دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا 20 دىن كۆپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان، ۋە ماقالە ئوقۇغان. ئوخشىمىغان دۆلەتلەر ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ھەر خىل تىللاردا 20 دىن كۆپ مۇھىم لېكسىيەلەرنى بەرگەن.

ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق ئوخشىمىغان ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇتقۇچى بولۇپ دەرس بېرىش جەريانىدا تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن جەمئىيەتشۇناسلىققا كىرىش، مىللەت جەمئىيەتشۇناسلىقى، دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق ئاساسلىق دەرسلەرنى، ماگىستىر ئاسپىرانت ۋە دوكتور ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تەرەققىيات جەمئىيەتشۇناسلىقى ۋە جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى، سوتسىئو ـ كۇلتۇرەل ئۆزگىرىش تەتقىقاتى قاتارلىق نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان دەرسلەرنى بەرگەن. ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىق

خىزمىتىدىن باشقا تەتقىقاتلىرىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارغان دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق جۇڭگو ئىچى ۋە سىرتىدا 11 مۇستەقىل تەتقىقات تۈرىنى ئىشلىگەن، ۋە ئاساسلىق تەتقىقاتچى سۈپىتىدە بەش چوڭ تەتقىقات تۈرىگە قاتناشقان.

ئۇ 2005-يىلى سېنتەبىردە ماگىستىر ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، ۋە 2010-يىلى فېۋرالدا دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى دەرىجىسىگە ئېرىشكەندىن باشلاپ، جۇڭگو ئىچى ۋە سىرتىدا ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 12 پارچە ماگىستىر ئاسپىرانت ئۇنۋان ماقالىسى ۋە 2 پارچە دوكتور ئاسپىرانت ئۇنۋان ماقالىسىگە يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، تۈركىيە نىغدە ئۇنىۋېرسىتېتىدا 9 پارچە ماگىستىر ئاسپىرانت ۋە 3 پارچە دوكتور ئاسپىرانت ئۇنۋان ماقالىسىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ.

## دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق ئېلان قىلغان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكى

1. «سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ سوتسىئو-كۇلتۇرەل قۇرۇلمىسى»، ئەنقەرە ئاتىلىم نەشرىياتى 2006-يىل ئەنقەرە، تۈركىيە

2. «كۆپ قوللىنىلىدىغان تۈركچە ئىسىم-فامىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى»، مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىل بېيجىڭ.

3. «ئۇيغۇر جەمىيەتشۇناسلىقىغا كىرىش» (ماقالىلەر توپلىمى)، شىنجاڭ پەن تېخنىكا نەشرىياتى تەرپىدىن نەشىر قىلىنىش ئالدىدا (2013).

4. «جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەت قارىشى ۋە كۈنىمىز جۇڭگونىڭ مىللەتلەر قۇرۇلمىسى»، (تۈركچە، تۈركىيەدە نەشىر قىلىنىش ئالدىدا).

## چاغاتايچە ۋە تۈركىيە تۈركچىسىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچىسىغا ئۆرۈلگەن ئەسەرلەر

5. «مەسنەۋى ھىكايەتلەر»، جالالىدىن رۇمى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2004-يىل 3-سان، 2004-يىل 4-سان، 2004-يىل 6-سان، 2005-يىل 1-سان. ئۈرۈمچى.

6. «مۇنازىرە»، «ھىندى سەيياھنىڭ قىسسەسى»، ئابدۇرەئوف فىترات، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2005-يىللىق 6-سان، 2006-يىللىق-1-سان، 2006-يىللىق 2-سان. ئۈرۈمچى .

7. «دىۋانى ھىكمەت»، ئەھمەت يەسەۋى، مەركىزى مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012-يىل، بېيجىڭ.

## ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردىن تاللانما

8. «تاتارلارنىڭ ئۇيغۇر جەدىدچىلىكىگە قوشقان تۆھپىسى ۋە تەسىرى توغرىسىدا»، «قىرىم» 36-40 بەتلەر، 2002، ئەنقەرە. (تۈركچە)

9. «جۇڭگودا ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر»، «كۆك تەتقىقاتى»، كۆك سوتسىئال ۋە ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى ،2001-يىلى، 1.جىلىت 3-سان، ئەنقەرە. (تۈركچە)

10. «بۇددىزىم مۇھىتىدىكى سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزىم ئېتىقادى»، «ياۋرو-ئاسيا تەتقىقاتلىرى» 2003-يىللىق 24-سان، ئەنقەرە. (تۈركچە)

11. «كۈنىمىزدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك نامى»، «مىراس»، 2003-يىللىق 5-سان، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

12. «تۈركلەردە نومۇس قارىشى»، «مىراس»، 2003-يىللىق6-سان، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

13. «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇسىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات»، «تۇرپان»، 2003-يىللىق 4-سان، تۇرپان. (ئۇيغۇرچە)

14. «كۇلتۇرنىڭ مەدەنىيەتتىن پەرقى ۋە مىللىي كۇلتۇرلەر»، «تۇرپان» 2004-يىلى 2-سان. (ئۇيغۇرچە). كېيىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن. (مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىل بېيجىڭ. (خەنزۇچە)

15. «كۇنىمىز ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى دىن ۋە مىللىي كىملىكنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە»، «كۆك تەتقىقاتى»، كۆك سوتسىئال ۋە ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى II-سان، 2004-يىل، ئەنقەرە. (تۇركچە)

16. «ئۇيغۇرلاردا ئائىلە»، «جەمىيەتشۇناسلىق لىكسىيەلىرى»، ئوتتۇز ئىككىنجى كىتاب، ئىستانبۇل، 2005-يىل، (پروفېسسور دوكتور، دەمەت ئۇلۇسوي بىلەن بىرلىكتە يازغان). (تۇركچە)

17. «ئۇيغۇر ئائىلە قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر»، «بىلىگ» (ئەھمەت يەسەۋى ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى) 2005-يىل 34، ئەنقەرە. (تۇركچە)

18. «كۇنىمىزدىكى سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تۇركىيە تۇركلىرىگە بولغان پوزىتسىيىسى»، «چاغداش تۇركلۇك تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئەنقەرە. 2006-يىلى، 2-سان (تۇركچە)

19. «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئىشلىتىشى توغرىسىدا سوتسىئولوگىيىلىك تەھلىل»، «ھاجەتتەپە تۇركىيات تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2006-يىللىق 1-سان، ئەنقەرە. (تۇركچە)

20. «تىل بىلەن تەپەككۇر مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى» 2006-يىل2-سان ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

21. «تىل بىلەن كۇلتۇرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»، 2006-يىللىق 2-سان، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە). كېيىن خەنزۇچىدە 22. «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008-يىل، بېيجىڭ. (خەنزۇچە)

22. «تۇرك كىشى ئىسىم فامىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»، 2006-يىللىق2-سان. ئۈرۈمچى.

23. «كۇنىمىزدىكى سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا بولغان پوزىتسىيىسى توغرىسىدا»، «سىرىق ئۇيغۇر كۇلتۇرى» (尧熬尔文化)، 2006-يىللىق 1-سان، گەنسۇ سۇنەن(خەنزۇچە)، تەكرار «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىل، بېيجىڭ. (خەنزۇچە)

24. «غەربنى ئىچىش ۋە مىللى كۇلتۇرلەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»، 2007-يىللىق 2-سان، ئۈرۈمچى.

25. «ئىناق جەمىيەت ۋە مىللى كۇلتۇرلەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2007-يىللىق4-سان، 5-10، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

26. «جەدىدچىلىك ھەركىتى ھەققىدە--تۇرك ئىسلام كۇلتۇرىنىڭ زامانىۋىلىشىش ھەربكىتى»،«مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىل، 275-288 بەت، بېيجىڭ. (خەنزۇچە)

27. «مۇسابايوپ ئائىلىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، 2007-يىل بېيجىڭ، 260-275 بەت، (خەنزۇچە).

28. «دىۋانى ھىكمەت ۋە ئەھمەد يەسەۋى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2008-يىللىق5-سان،44-55 بەت، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

29. «كۇلتۇر، مەدەنىيەت ۋە مىللىي كۇلتۇر مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008-يىل،71-84 بەت، بېيجىڭ. (خەنزۇچە)

30. «مەھمۇد كاشغەرى ۋە كۇنىمىز ئۇيغۇر مەنىۋىياتى مۇناسىۋىتىگە سوتسىئولوگىيىلىك نەزەر»، تەۋەللۇتىنىڭ 1000-يىلىدا خەلقئارالىق كاشغەرلىك مەھمۇد ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى، رىزە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، رىزە-تۇركىيە، 501-507 بەت، 2010. (تۇركچە).

31. «يېڭى جوڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بېيجىڭدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يىتەكچى جەمىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»، 2009-يىل 1-سان، 59-47 بەت، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

32. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللەتلەر قۇرۇلمىسى ۋە مىللەت-نوپۇس ئالاھىدىلىكى»، «ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيات تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، 2009-يىلى كۈز 2-سان، 63-91 بەت، ئەنقەرە. (تۈركچە)

33. «ئۇيغۇر زامانىۋىيلىشىشى جەريانىدىكى ئىستانبۇلچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى توغرىسىدا»، «تۈرك كۈلتۈرى»، تۈرك كۈلتۈر تەتقىقات ئىنستىتوتى ژۇرنىلى، 2009-يىل 2-سان، 290-328 بەت، ئەنقەرە. (تۈركچە)

34. «سوتسىئولوگىيە ۋە ئانتروپولوگىيەدە كۆپ قوللىنىلدىغان بىر قىسىم ئاتالغۇلارغا ئىزاھات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2009-يىللىق 5-سان،48-58. ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە).

35. «يەرشارىلىشىش ھادىسىس ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»، 2010-يىل 1-سان،28-38، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

36. «تەرەققىيات، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە بەدەل----تەرەققىيات ئەسناسىدا قەشقەر شەھرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە سوتسىئولوگىيىلىك نەزەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2010-يىللىق5-سان،12-29، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

37. «ئۇيغۇر زامانىۋىيلىشىشى جەريانىدا ئىستانبۇلچىلارنىڭ تەسىرى»، «تۈرك كۈلتۈرى»، تۈرك كۈلتۈر تەتقىقات ئىنستىتوتى ژۇرنىلى، 2010-يىل 2-سان،72-112 بەت، ئەنقەرە. (تۈركچە).

38. «شىمالىي جوڭگودا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش مۇھىتى، تۇرمۇش ۋە ماسلىشىش مەسىلىلىرى ھەققىدە»، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «مىللەتلەر تەتقىقاتىدىكى دىنامىكلەر»، 2010، بېيجىڭ. (خەنزۇچە)

39. «بېيجىڭ، تىيەنجىن شەھەرلىرىدە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش مۇھىتى ۋە تۇرمۇشقا ماسلىشىشتىكى مەسىلىلىرى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئۆزگىرىشلەر»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2010-يىل،306-323 بەت، بېيجىڭ. (خەنزۇچە).

40. «تۈركىيەنىڭ ئېتنىك قۇرۇلمىسى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىتى»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2010-يىل،380-398 بەت، بېيجىڭ. (خەنزۇچە).

41. «ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا كۆرۈلگەن خەنزۇ كۈلتۈر تەھلىللىرىدىن تۈركلۈك تەتقىقاتىدا خەنشۇناسلىقنىڭ (سىنولوگىيە) نىڭ موھىملىقى»، 3. نۆۋەتلىك تۈركىيات تەتقىقاتلىرى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر يوپلىمى، ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيات تەتقىقاتلىرى ئىنىستىتوتى نەشرىياتى،689-695، 2010-يىلى، ئەنقەرە، تۈركىيە (تۈركچە)

42. «ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى كۈلتۈرەل ئۆزۈكلۈك ھادىسىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2011-يىللىق1-سان،29-39، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

43. «جەمىيەتشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر جەمىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»، 2010-يىل 4-سان،35-46، ئۈرۈمچى. (ئۇيغۇرچە)

44. «ئىناق جەمىيەتكە قاراپ: ئازاتلىقتىن كېيىن بېيجىڭغا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن يېتەكچى جەمىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەتقىقات»، ئاسىيا مىللەتلەرى،2011-يىلى، 1-سان، 1-31-بەت. لوندون، ئەنگلىيە (دون ماكمىللەن بىلەن بىرلىكتە)، (ئىنگلىزچە).

45. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا رايون خاراكتېرلىق بىخەتەرلىك ۋە HIV/AIDS »، ئاۋستىرالىيە تاشقى ئىشلار ژۇرنىلى، 2011 ـ يىلى، 1 ـ سان، 203 ـ 219 ـ بەت. ( دوكتور ئاننا خايەس بىلەن بىرلىكتە)، (ئىنگىلىزچە).

46. «بېيجىڭ ۋە تىيەنجىن شەھەرلىرىدە ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەرنىڭ تۇرمۇشتا ماسلىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش»، «شىمالىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»، 2011 ـ يىلى، 2 ـ سان، 63 ـ 69، يىنچۈەن، نىڭشيا (خەنزۇچە)

47. «ئىجتىمائىيلىشىش مۇھىتى ۋە بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇرلاردا كۆرۈلگەن كۇلتۇرەل ئۆزگىرىشلەر»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2011 ـ يىلى، 2 ـ سان، 109 ـ 123 بەت. ئۇرۇمچى (ئۇيغۇرچە).

48. «بېيجىڭدا ياشاۋاتقان تېبەتلىك زىيالىيلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ۋە بۇنىڭغا تەسىر قىلىۋاتقان ئامىللار»، «شىمالىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»، 2011 ـ يىلى، 5 ـ سان، 42 ـ 49، يىنچۈەن، نىڭشيا (خەنزۇچە).

49. ئاز سانلىق مىللەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ھەققىدە تەتقىقات ـ بېيجىڭدا ئوقۇغان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈرنىكىدە. «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، مەركەزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2013، (خەنزۇچە)، (مىجىت قادىر بىلەن بىرلىكتە).

50. كۆنىمىز ئۇيغۇرلىرىدا تەسىرلىشىش ۋە ئىجتىمائىي مۇلكىنىڭ قوغدىلىشى ـ قاتار چاي ئۈرنىكىدە، «مىللەتلەر تەتقىقاتى توپلىمى»، مەركەزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2013، (خەنزۇچە)، (مىجىت قادىر بىلەن بىرلىكتە).

51. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ پىروگىراممىلىرىغا ئىلتىماس قىلىشتىكى ئارزۇلىرى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆزلىنىشىنى تەكشۈرۈش ـ بېيجىڭدا ئوقۇغان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈرنىكىدە، «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ تەتقىقاتى ژورنىلى»، 2013 ـ يىل، بېيجىڭ، (خەنزۇچە).

52. يىپەك يولىنىڭ باشلانغۇچ لىنىيەسىدە خەتەر ئاستىدىكى تۈرك جەمئىيەت ۋە كۇلتۇرلەرى، خەلقئارالىق يىپەك يولىدا تۈرك دۇنياسى ئورتاق كۇلتۇر مىراس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر كىتابى، تۈرك يۇردۇ نەشرىياتى 2014، 76 ـ 56 .S (تۈركچە)

## دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا قاتناشقان بەزى چوڭ يىغىنلار

53. 1998 ـ يىلى 21 ـ مارت، سۇلايمان دەمىرەل ئۇنىۋېرسىتېتىدا «تۈرك دۇنياسىدا نەۋرۇز» پائالىيتى، ئوقۇغان ماقالە تېمىسى: «ئۇيغۇرلاردا نەۋرۇز»، ئىسپارتا. (تۈركچە)

54. 2001 ـ يىل 21 ـ مارت، ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيات تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «تۈرك دۇنياسىدا نورۇز» پائالىيتى، ئوقۇغان ماقالە تېمىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تەبرىكلىنىۋاتقان نەۋرۇز پائالىيىتى»، ئەنقەرە. (تۈركچە)

55. 2005 ـ يىلى 5 ـ سېنتەبىردىن 9 ـ سېنتەبىرگىچە ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن 4 ـ نۆۋەتلىك ياۋرو ـ ئاسىيا ئىسلام بىرلىكى تەشكىلاتى تەرتىپلىگەن «دىن، كۇلتۇر، كىملىك» ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى، ئوقۇغان ماقالە تېمىسى: « ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى دىن بىلەن مىللىي كىملىكنىڭ مۇناسىۋىتى»، ئىستانبۇل. (تۈركچە)

56. 2005 ـ يىلى 2 ـ ئۆكتەبىردىن 6 ـ ئۆكتەبىرگىچە مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى»، ئوقۇغان ماقالە تېمىسى: «تىل بىلەن كۇلتۇرنىڭ مۇناسىۋىتى»، بېيجىڭ. (خەنزۇچە)

57. 2006 ـ يىلى 12 ـ مايدىن 15 ـ مايغىچە جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ كۇلتۇر تەتقىقات جەمىيىتى ئۆتكۈزگەن «غەربى شىمالنى ئېچىشتىكى ئىجادچانلىق ۋە مىللى كۇلتۇر ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى»، ئوقۇغان ماقالە تېمىسى: «غەربنى ئېچىش دەۋرىدىكى مىللى كۇلتۇرلەر ـــ غەربنى ئېچىش جەريانىدا ئۇيغۇر مىللى كۇلتۇرى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا»، چاڭشا، خۇنەن. (خەنزۇچە)

58. 2006-يىل4-ئاينىڭ 11-17 غىچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۆتكۈزگەن «ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكى ئەيدىز ئەھۋالى» يىغىنى. ئوقۇغان ماقالە تېمىسى: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئەيدىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئالدىنى ئېلىشقا كېرەكلىك تەدبىرلەر» مېڭزى، يۈننەن. (خەنزۇچە)

59. 2006-يىل 12-ئاينىڭ7-10 غىچە «ئەيدىز، تېببىركىلىيوز، بەزگەك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە غەيرى ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى (NGO) يىغىنى. ئوقۇغان ماقالە: ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىدا NGO تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەيدىزنى تىزگىنلەشتىكى رولى. ۋۇخەن، خۇبېي. (خەنزۇچە)

60. 2007-يىلى6-ئاينىڭ 25-كۈنى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىنىستىتۇتى 9. نۆۋەتلىك جۇڭگو زەھەرنى چەكلەش ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە زەھەرنى چەكلەش، ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنى، ئوقۇغان تېما: «شىنجاڭدىكى زەھەر چېكىش ۋە ئەيدىز ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى كېرەكلىك تەدبىرلەر —— كۇلتۇرەل كونترول مېخانىزمىسىنىڭ زەھەر چەكلەش ۋە ئەيدىزنى ئازايتىشتىكى رولى»، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خېنەن زالى، بېيجىڭ. (خەنزۇچە)

61. 2008-يىل 10-ئاينىڭ17-19غىچە رىزە ئۇنىۋېرسىتېتى «كاشغەرلىك مەھمۇد خەلقئارالىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى» ، ماقالە تېمىسى: «كۈنىمىز ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇيغۇر مەنىۋىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، رىزە، تۈركىيە. (تۈركچە)

62. 2008-يىل 10-ئاينىڭ 20-26 غىچە تۈرك تىل جەمىيىتى 4.نۆۋەتلىك خەلقئارالىق تۈرك تىل قۇرۇلتىيى، ئوقۇغان ماقالە تېمىسى، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەرگە سوتسىئولوگىيىلىك تەھلىل» ئەنقەرە، تۈركىيە. (تۈركچە)

63. 2010-يىلى 3-ئاينىڭ 26-29 غىچە «جوڭگو-ياپونىيە جەمىيەتشۇناسلىقى ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنى»، ئوقۇغان ماقالە تېمىسى، «ئىناق جەمىيەت ياكى چەتكە قېقىلىش؟ بېيجىڭدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېتەكچى جەمىيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇش مەسىلىسى»، بېيجىڭ، (خەنزۇچە).

64. 2010-يىل 5-ئاينىڭ 26-30 گىچە، ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيات تەتقىقاتلىرى ئىنىستىتوتى «21-ئەسىردە تۈركلۈك تەتقىقاتى—ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئوقۇلۇشىنىڭ 120-يىللىقى خەلقئارالىق ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنى»،ئوقۇغان ماقالە تېمىسى: «ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا كۆرۈلگەن خەنزۇ كۇلتۇر تەھلىلىدىن تۈركلۈك تەتقىقاتىدا خەنزۇشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئەھمىيىتى»،ئەنقەرە، تۈركىيە. (تۈركچە)

65. 2010-يىلى، 10-ئاينىڭ 3-6 كۈنىگىچە خەلقئارالىق ئانتروپولوگىيە ئېتنولوگىيە بىرلىكىنىڭ يىللىق مۇھاكىمە يىغىنى، ئوقۇلغان ماقالە: «يوق بولىۋاتقان تىل سارىق ئۇيغۇرچە»، ئانتاليا. (ئىنگلىزچە)

66. 2012-يىلى، 5-ئاينىڭ 5-8 كۈنىگىچە نىغدە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن 1-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق نىغدە تىل، تارىخ ۋە كۇلتۇر مۇھاكىمە يىغىنى، ئوقۇلغان ماقالە: «سىياسەت ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش»، نىغدە، تۈركىيە. (تۈركچە)

67. 2013-يىلى 10-ئاينىڭ 03-06 غىچە «خەلقئارالىق يىپەك يولىدا تۈرك دۇنياسى ئورتاق كۇلتۇر مىراسى ئىلىم زىياپىتى»، ئوقۇلغان ماقالە تېمىسى، «يىپەك يولىنىڭ باشلانغۇچ يولى بويىدا خەتەردە قالغان تۈرك توپلىمى ۋە كۇلتۇرلىرى»، ئەنقەرە، تۈركىيە. (تۈركچە)

68. 2013-يىلى 11-ئاينىڭ 19-22 غىچە «ھازىرقى زامان تۈركلۈك تەتقىقاتى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى»، ئوقۇلغان ماقالە تېمىسى، «كۈنىمىز ئۇيغۇر توپلىمىدا كۇلتۇرەل ئۆزۈكلۈك-خەنتىللىق ئۇيغۇرلار ئۆرنىكىدە»، ئەنقەرە، تۈركىيە. (تۈركچە)

69. 2014-يىلى 3-ئاينىڭ 18-21 غىچە «خەلقئارالىق تۈرك دۇنياسى تەتقىقاتلىرى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى»، ئوقۇلغان ماقالە تېمىسى، «كۈنىمىز ئۇيغۇر ياشلىرىدا ئىجتىمائىي مەسىلىلەر-ئەيدىس ۋە زەھەرلىك چېكىملىك»، نىغدە، تۈركىيە. (تۈركچە)

# دوكتور ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرېشىت (شۋېتسارىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 4-ئاينىڭ 17-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

-- تەپەككۇرىڭىزغا ئەھمىيەت بېرىڭ (ياكى دىققەت قىلىڭ)، ئۇ سىزنىڭ پوزىتسىيەلىرىڭىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
-- پوزىتسىيەلىرىڭىزگە ئەھمىيەت بېرىڭ، ئۇ سىزنىڭ گەپ-سۆزلىرىڭىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
-- گەپ-سۆزلىرىڭىزگە ئەھمىيەت بېرىڭ، ئۇ سىزنىڭ ئىش-ھەرىكىتىڭىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
-- ئىش-ھەرىكىتىڭىزگە ئەھمىيەت بېرىڭ، ئۇ سىزنىڭ ئادەتلىرىڭىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
-- ئادەتلىرىڭىزگە ئەھمىيەت بېرىڭ، ئۇ سىزنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىڭىزنى شەكىللەندۈرىدۇ.
-- كىشىلىك خاراكتېرىڭىزگە ئەھمىيەت بېرىڭ، ئۇ سىزنىڭ مەنزىلىڭىزنى بەلگىلەيدۇ.

يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنبەسى ئېنىق ئەمەس بولۇپ، ئۇلار بىزگە مۇنداق بىر ئىشنى بىلدۈرىدۇ: بىز جەمجىيەت ۋە ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ئاساسىدا قىلغان تاللاشلار بىزنىڭ كېلەچىكىمىزنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىش ئىقتىدارىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇرى، پوزىتسىيەلىرى، گەپ-سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە ئادەتلىرى ھەققىدە مەقسەتلىك تاللاشلارنى ئېلىپ بارىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا، مەيلى ئۆيدە بولسۇن ياكى خىزمەت ئورنىدا بولسۇن، بىز ئۆز ھاياتىمىزنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى بۇرۇنقىدىن ياخشىراق قىلالايمىز.
يۇقىرىقىدەك قىلىشنىڭ ئورنىغا، نۇرغۇنلىرىمىز ئۆزلىرىمىزنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھېسابلايمىز. بىز ئۆز شارائىتىمىز ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزگە قىلغانلىرى ئۈستىدە دەرد تۆكىمىز. ئىشلار ياخشى يۈرۈشمىگەن ۋاقىتتا ئۆزىنى ئامالسىز ۋە گۇناھسىز دەپ ئويلاش ئادەمگە مەلۇم پىسخولوگىيەلىك راھەتنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، ئەمما سىز ئۆزىڭىزنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھېسابلاپ ئۆتكۈزگەن ھاياتىڭىزغا ئەڭ ئاخىرىدا سىز ئۆزىڭىز يەنىلا رازى بولمايسىز.
بىز ئەندىشە قىلىش، خەۋپلىك ھېس قىلىش، غەزەپلىنىش، ئاچچىق يۇتۇش، ھەسرەت چېكىش ۋە چۈشكۈنلىشىشكە ئوخشاش ناھايىتى كۈچلۈك ھېسسىياتلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتىمىزدا ئۆزىمىزنى ئاسانلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھېسابلاپ قالىمىز. بۇنداق ھېسسىياتلارنىڭ تەسىرى بەزىدە ئادەم غالىب كەلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇپ، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان روھىي ھالىتىگە نىسبەتەن «ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەھۋال»، دەپ ئويلاپ قالىمىز. ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا بىزدە پەقەت «يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئۆزلۈكىدىن ئوڭشىلىپ كېتىدۇ»، دەيدىغان بىرلا ئۈمىد بار بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ھېسسىياتلىرىمىز ئاشۇنداق قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا ئۆزىمىزنىڭ تاللاش قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئوي-پىكىرلىرى ۋە پوزىتسىيەلىرىنى مۇۋاپىق تاللاش ھەممىدىن مۇھىم. بىز ئاغرىقنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتەلمەيمىز، ئەمما بىز ئازابلىنىشنى رەت قىلالايمىز.
بىز ئۆزىمىز قارار قىلىپ بولغان تاللاشلارنىڭ ھېچ قايسىسىنى ياخشى كۆرمىگەن ۋاقىتتىمۇ، ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ تاللاشلىرىنى ئۆزىمىز كونترول قىلالايدىغانلىقىمىزنى تونۇپ يەتكەن ھامان، بىز يەنە ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان تاللاشلارنى تاللىيالايمىز.
ئۆزىمىزنى بەختلىك بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىش بەزىدە ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئىشتەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدا ناھايىتىمۇ زور

بولىدۇ. گەرچە بىز ئۆز تۇرمۇشىمىزنى يۈزدە-يۈز كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمىساقمۇ، بىز ئۇنى بۇرۇنقىدىن ياخشىراق قىلالايمىز، ھەمدە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى قىلالايمىز.

مەن يېقىندا ئۆزۈمنىڭ «يالغانچىلىققا ئائىت 12 ھەقىقەت» دېگەن يازمىسىدا ئامېرىكىدىكى «مايكول جوسېفسون» (Michael Josephson) ئىسىملىك بىر تونۇلغان ئەخلاق مۇتەخەسسىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ئىدىم [1]. ئاشۇ مايكول ئۆزىنىڭ تور بېتىدە 2015-يىلى 31-مارت كۈنى «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇۋېلىش روھىي ھالىتىنى داۋالاش» دېگەن تېمىدا بىر پارچە قىسقا يازما ئېلان قىلغان بولۇپ، يۇقىرىدىكىسى ئاشۇ يازمىنىڭ مەزمۇنىدىن ئىبارەت [2].

يۇقىرىدىكى قىسقا يازمىدىن كۆرۈۋالغىنىمىزدەك، بىر ئادەمنىڭ ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئاشۇ ئادەم ھەر كۈنى قارار قىلىپ ئالىدىغان تاللاشلار بەلگىلەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ تاللىشىنىڭ قانداق بولۇشى ئاشۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇر، پوزىتسىيە، گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت، ئادەت ۋە كىشىلىك خاراكتېر جەھەتلەردە قانداق بولۇشىنى بەلگىلەپ، بۇ ئامىللار بولسا ئاشۇ ئادەمنىڭ ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. بىز بىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇۋېلىپ، ئۆز ئۆمرىمىزنى قېيداش ئىچىدە ئۆتكۈزسەك، ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزىمىزگە بولىدۇ. بىز ئاغرىقتىن ساقلىنالماسلىقىمىز مۇمكىن، ئەمما ئاغرىقنىڭ ئازابىنى تارتىش-تارتماسلىق ئۆزىمىزگە باغلىق.

مەن بۇ قېتىم يەنە 3 نەپەر قېرىندىشىمىزنى تونۇشتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 26-، 27- ۋە 28-قېرىندىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەن ئالدىنقى قېتىملىق ماقالىنىڭ تور ئادرېسىنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ قويدۇم. تۆۋەندىكى مەزمۇندىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان 3 نەپەر قېرىندىشىمىز كىچىك ۋاقتىدىلا كەلگۈسىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئۆزى ئۈچۈن بىر ئارزۇ، بىر نىشان، ياكى بىر غايە قىلىپ تاللىۋالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئاشۇ غايىنى كۆزلەپ، قاتتىق تىرىشقان، جاپا-مۇشەققەتلەرگە تىز پۈكمىگەن، ئوڭۇشسىزلىقلارغا باش ئەگمىگەن. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، تاللىغان نىشانغا يېتىش ئۈچۈن باشتىن-ئاخىر قاتتىق ئىشلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇيرۇلغان ياردەملەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ۋە ياخشى خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئېرىشىپ، ئۆز ئارزۇلىرىغا يەتكەن. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان بىر ئۇكىمىزنىڭ بىر تەتقىقات نەتىجىسى دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بىرى بولغان «ئىلىم-پەن» (Science) ژۇرنىلىغا بېسىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇكىمىز ھازىر دۇنيادىكى ئىقتىساد ساھەسىگە تەسىرى ئەڭ چوڭ ئورۇنلارنىڭ بىرى بولغان شۋېتسارىيە بانكىلىرىنى ئۇچۇر-تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر ئورۇندا ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا خادىمى ۋە تېخنىكىلىق يېتەكچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان يەنە بىر ئۇكىمىز ھازىرغىچە كۆپلىگەن ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇ ھازىر كانادادىكى دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى 25 نىڭ ئىچىگە كىرگەن بىردىنبىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچى ھەم تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان يەنە بىر ئۇكىمىزنىڭ بىر تەتقىقات نەتىجىسى دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بىرى بولغان «تەبىئەت» (Nature) ژۇرنىلىغا بېسىلغان بولۇپ، ئۇ ھازىر ياپونىيەدىكى مۇھىم ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ بىرىدە ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. مەن بۇ 3 نەپەر ئىنىمىزدىن ناھايىتىمۇ پەخىرلىنىمەن، ھەمدە مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سىزنىڭمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

بىر نامەلۇم قېرىندىشىمىز «http://www.doktor.cn» دېگەن تور بەتنى ياساپ، ئۇنىڭغا ھازىرغىچە تورلاردا تونۇشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ ماتېرىيالىنى يىغىپتۇ. گەرچە كىشىلەرنى كاتېگورىيەگە ئايرىش جەھەتتە بىر ئاز مەسىلە بار بولسىمۇ، ئۇ بارا-بارا ياخشىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. مەن ئوقۇرمەنلەرگە بۇ تور بەتنى كۆرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇنداقلا ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلاردىن مەزكۇر تور بەتنىڭ بىر يۇقىرى سۈپەتلىك تور بېتى بولۇپ قېلىشىغا ياردەمدە بولۇشىنى

ئۈمىد قىلىمەن. سىز قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ بىرى، ئەگەر سىز تورلاردا تونۇشتۇرۇلغان، ئەمما يۇقىرىدىكى تور بېتىگە تېخىچە كىرمىگەن قېرىنداشلىرىمىزنى بىلسىڭىز، ئاشۇنداق قېرىندىشىمىز تونۇشتۇرۇلغان يازمىلارنىڭ تور ئادرېسىنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاستىغا ئىنكاس شەكلىدە يېزىپ قويۇڭ. يۇقىرىدىكى http://www.doktor.cn تورنىڭ باشقۇرغۇچىسى سىز يوللىغان ئۇچۇردىن پايدىلانسۇن.



1 ـ رەسىم: دوكتور ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرىشىت

ئىنىمىز ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرىشىت 1970 ـ يىلى كۇچا ناھىيەسىدە بىر ھاللىق زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1988 ـ يىلىغىچە كۇچادا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇ ھەر يىلى «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ تاللىنىپ، ئۇنىڭ ئىسمى نۇرغۇن قېتىم شەرەپ تاختىلىرىغا چىقىرىلدى. 1988 ـ يىللىق مەكتەپ بويىچە ئالىي مەكتەپكە تاللاش ئىمتىھانىدا ئابدۇشۈكۈر مەكتەپ بويىچە 1 ـ بولغانلىقى ئۈچۈن، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن ئىمتىھانسىز ئوقۇغۇچى تاللاشقا ئادەم كېلىپ، تەبىئىي ـ پەن سىنىپلىرىدىن ئابدۇشۈكۈرنى 1 ـ بولۇپ تاللىدى. ئەمما ئابدۇشۈكۈرنىڭ تېخىمۇ چوڭ بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش ئارزۇسى بار بولغاچقا، ھەمدە ئىمتىھان بېرىپ ئۆزىنى سىناپ باقماقچى بولغاچقا، ئۇ بۇ تەكلىپنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ، ئىمتىھان بېرىشكە قارارىغا كەلدى. ئۇ شۇ يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا 578 نومۇر بىلەن پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ بولۇپ، شاڭخەي مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىندى. لېكىن، 2 يىل بۇرۇن دادىسى قاتناش ھادىسىسىدە تۇگەپ كەتكەن، ئائىلە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغاچقا، گەرچە ئابدۇشۈكۈرنىڭ مېدىتسىنا كەسپىدە ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇ ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوقۇيدىغان مەكتەپ بىلەن كەسپىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا ئالماشتۇردى.

بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ياتاق، سىنىپ ۋە كۇتۇپخانىدىن ئىبارەت مۇشۇ 3 ئورۇن ئابدۇشۈكۈرنىڭ ئاساسىي ياشاش ئورۇنلىرى بولۇپ قالدى. ئۇ ئانىسى ۋە ئائىلىسىگە ئېغىرچىلىق سالماسلىق ئۈچۈن، ئۇ كىنو ـ تىياتىرلار، ۋە ئارىلاپ ياتاقلاردا بولۇپ تۇرىدىغان «يۇرتلۇقلار» ۋە «ياتاقداشلار» ئولتۇرۇشلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتى. ئۇ 5 يىللىق ئوقۇش ھاياتىنى ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ھەر يىلى ھەر مەۋسۇمدا 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇش مۇكاپاتى ۋە ياپونىيەلىك ساخاۋەتچى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان كوجىما ياسۇتاكا (小島康誉) مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنداقلا مەكتەپ بويىچە بىر قانچە قېتىم «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار ئۈلگىسى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

ئۇ 1992 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار ئۈلگىسى» بولۇپ باھالىنىپ، خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق مۇراسىمدا مۇكاپاتلاندى.

ئابدۇشۇكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئەنە شۇنداق قاتتىق تىرىشىپ ئوقۇپلا قالماستىن، يەنە تەتىلدە يۇرتقا قايتقاندىمۇ ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي، ئىنگلىز تىلى ئۆگەندى، ھەمدە كېيىنكى مەۋسۇملۇق ئوقۇش ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ ئىقتىساد توپلاش ئۈچۈن قۇرۇلۇشلاردا قۇرۇلۇش ئىشچىسى بولۇپ ئىشلىدى.

ئابدۇشۇكۇرنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى نەتىجىسى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ فاكۇلتېتتىكىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنى 1993 ـ يىلى باكلاۋۇرلۇقنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا ئىمتىھانسىز ماگىستىرلىقتا ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلدى. ئابدۇشۇكۇرنىڭ غايىسى بولسا ئالىي مەكتەپنى تېزرەك پۈتتۈرۈپ، ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىش ئىدى. ئەمما ئانىسى ئابدۇشۇكۇرنىڭ بۇنداق قىلىشىغا قوشۇلمىدى، ھەمدە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ئويلاپ باق، بۇنداق پۇرسەت ساڭا كۈندە كېلىپ تۇرامدۇ؟ قانچىلىك ئادەم سەن ئېرىشىۋاتقان بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشتى؟ مېنى رازى قىلماقچى بولساڭ، ماگىستىرلىقنى ئوقۇپ، مىللەتكە يارىملىق ئادەم بول. ئائىلىدىن غەم قىلما. ئۇكاڭ ھازىر ئائىلىنى قامداپ كېتىۋاتىدىغۇ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر.» ئانىسىنىڭ بۇ سۆزى ئۇنى ئىلھاملاندۇردى. ئۇ ئانىسىغا «ئانا، مەندىن خاتىرجەم بول. سەن كۈتكەندىنمۇ بەكرەك ياخشى ئوقۇپ، ۋەتەن ۋە مىللەتكە يارىملىق ئادەم بولىمەن»، دېدى. ئابدۇشۇكۇر يازلىق تەتىلنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ، ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى باشلاپ كەتتى. ئۇ چاغدا ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرنىڭ سالمىقى ئۇ ئويلىغاندىنمۇ ئېغىر، دائىرىسى ئۇ ئويلىغاندىنمۇ كەڭ ئىدى. ئەمما ئۇ بەل قويۇۋەتمىدى. بىلمىگەنلىرىنى خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە ماتېرىياللاردىن ئىزدىدى، ياكى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن سورىدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئۇنىڭغا دەرس بېرىۋاتقان پىروفېسسورلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى «قارا، سەن ئۆزۈڭنىڭ تىلىدا ئوقۇپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭچىلىك بىر نەرسىنى بىلمەيسەن»، دەپ تەنقىدلەشلىرى ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى.

ئىككىنچى مەۋسۇم ئاخىرىدا 1 ـ مەۋسۇمدىن كېيىن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن 2 خەنزۇ ساۋاقدىشى يەنە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، مەكتەپتىن چىقىرىلىدۇ. بۇ ئىش فىزىكا فاكۇلتېتىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى 1994 ـ يىلىدىكى فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن پىروفېسسورلار ئابدۇشۇكۇرگە باشقىچە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنى ئالاھىدە ماختاپ تۇرىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزى ئوقۇۋاتقان دەرسلەردىن باشقا يەنە يۇقىرى ئېنېرگىيە ۋە قاتتىق جىسىم فىزىكىسىغا ئائىت دەرسلەرنىمۇ ئۆتىدۇ، ھەمدە ئابدۇشۇكۇرنى 1995 ـ يىلى يازدا جۇڭگو يادرو ئېنېرگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى (中国原子能科学研究院) گە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ ئاكادېمىيە بېيجىڭ بىلەن شىجياجۇاڭ ئارىلىقىدا، بېيجىڭ شەھىرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى فاڭشەن ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە دۆلەتلىك يادرو ئېنېرگىيىسى تېخنىكىسىغا ئائىت چوڭ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ ئورۇننىڭ شەھەر بىلەن ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، ئۇ 3 ۋاق تامىقىنى ئۆزى ئېتىپ يېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتىپ قويمايدۇ. ئابدۇشۇكۇر بۇ ئىنستىتۇتقا كېلىپ، بۇ يەر بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرىسىدىكى ئاسمان ـ زېمىن پەرقنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. يەنى بۇ يەردە ھەممىلا ئىشخانىدا دېگۈدەك 486PC لار بار، ھەمدە چەتئەللەر بىلەن ئېلخەت ئالاقىسىمۇ ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولغان بولۇپ، بۇ يەردە فىزىكا ساھەسىدىكى داڭلىق ژۇرناللاردىن «Physical Review Letters»، «Physical Review» دېگەندەك ژۇرناللار ساماندەك ئىدى. ئابدۇشۇكۇر بۇنداق شارائىتنىڭ كەم تېپىلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر ياقتىن تېزىس تېمىسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ ژۇرناللاردىن ئۆز تېمىسىغا ۋە قاتتىق جىسىم فىزىكىسىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلايدۇ. ئۇ يەنە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆگەنگەن فورتران 77 كومپيۇتېر پروگراممىسى تىلىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئۆگىنىپ، ئۆز تەتقىقات تېمىسىدا ھېسابلىماقچى بولغان تەتقىقات تۈرىنى پروگراممىلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىغا

قايىل بولغان ئىنستىتۇت باشلىقى ئۇنىڭغا 486 تىپلىق كومپيۇتېردىن مەخسۇس بىر دانىسىنى ئاجرىتىپ بېرىدۇ.

1995 ـ يىل ئاخىرى مەكتەپتىن ئابدۇشۇكۇرگە ئالاقە كېلىپ، ئابدۇشۇكۇرگە ئىتالىيەدىكى خەلقئارا نەزەرىيە فىزىكا مەركىزى (ICTP) ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا ئىلتىماس قىلىشنى تاپلايدۇ. بۇ ئىنستىتۇت ئىسلام دۇنياسىدىن چىققان تۇنجى فىزىكا نوبېل مۇكاپات لائۇرانتى پاكىستانلىق ئابدۇسالامنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىتالىيەدە قۇرۇلغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى (UNESCO) نىڭ تارمىقىدىكى بىر خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات ئورگىنى بولۇپ، بۇ ئىنستىتۇت قۇرۇلغاندىن تارتىپ غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا ئىلمىي ساھەدە ئىنتايىن مۇھىم بولغان كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئويناپتتى. بۇ ئورۇن يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ماگىستىرلىققا شىنجاڭدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇشۇكۇر دەرھال بۇ ئىنستىتۇتقا ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنىڭغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئابدۇشۇكۇر بىر يىل بۇ يەردە تۇرۇش جەريانىدا ئۇستازلىرىدىن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، «يادرونىڭ يىمىرىلىش كەسمە يۈزىنى ھېسابلاش» تېمىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شۇ تېمىدا بىر ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ پۈتتۈرىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ يازغان تېزىسى ئاساسىدا ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئۇنى جۇڭگودىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردىن بىرى بولغان «جۇڭگو يادرو فىزىكا ژۇرنىلى» ۋە 1996 ـ يىلى ئىتالىيەدە ئېچىلماقچى بولغان يادرو فىزىكا يىغىنى ماقالىلەر توپلىمىغا تاپشۇرىدۇ. 1996 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدىن بىر خوش ـ خەۋەر يېتىپ كېلىدۇ: ئابدۇشۇكۇر ICTP غا رەسمىي ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئابدۇشۇكۇر 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا بېيجىڭدىكى ئىشىنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. ھەمدە بىر تەرەپتىن چەت ئەلگە چىقىشقا تەييارلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېزىسنى ياقلاش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. 1996 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كۈتكەن كۈنلەرمۇ كېلىدۇ. ئابدۇشۇكۇر ماگىستىرلىق تېزىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياقلاپ، ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملايدۇ.

ئوقۇش ـ ئۆگىنىش، كەسىپ ۋە خىزمەت بىر ئىنسان ھاياتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلسا، مۇھەببەت، ئائىلە ۋە تۇرمۇش ئۇنىڭ قالغان يېرىم ھاياتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئابدۇشۇكۇرنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەنىلا شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان يۈرتتىكى ساۋاقدىشى ھەم ئۇزۇن يىللىق يۈرگىنى گۈلنارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى قوللىشىدىن ئايرىلالمايتتى. بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ئورتاق غايىسى ياخشى ئوقۇش، مىزانى بولسا ئېسىل ئۆرۈپ ـ ئادەت ۋە گۈزەل ـ ئەخلاق ئىدى. قىيىنچىلىقتىن قورقماي ھاياتقا ئۈمىد بىلەن قارايتتى. ھاياتنىڭ بىر قىسمىنى دەپ يەنە بىر قىسمىنى چۆرۈۋەتمەي، ھەممىسىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇراتتى. ئابدۇشۇكۇر چەت ئەلگە چىقىشنىڭ ئالدىدا ئىككى تەرەپ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە قوللىشى، ھەمدە ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇبارەك توينى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. «ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ ئارقىسىدا بىر ئىشچان ئايال بار» دەيدىكەن بەزىلەر. ئەمما ئابدۇشۇكۇرگە ئىككى ئاپىسى ۋە ئايالى تەڭ ھەمدەمدە بولۇۋاتاتتى.

ئابدۇشۇكۇر مەيلى كەسىپكە بولسۇن، ياكى تۇرمۇشقا بولسۇن جىددىي ھەم سەممىي مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ چەتكە چىققاندىن كېيىنكى يازغان خېتىدە ئەقىدە ئىنساندا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئادەم ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ياشايدىغانلىقىنى، ئۆزىدە ئايالىغا ۋاپادار بولۇشتەك ئەقىدىنىڭ بارلىقىنى يېزىپ، ئايالىنى خاتىرجەملەندۈرىدۇ. ئۇلار كېيىنكى تۆت يېرىم يىلنى ئەنە شۇنداق «كاككۇك بىلەن زەينەپ» تەك ئۆتكۈزىدۇ.

«ترىئېستې» (Trieste) دېگەن شەھەر ئادرىئاتىك (Adriatic) دېڭىز بويىغا جايلاشقان بىر گۈزەل شەھەر بولۇپ، ICTP بولسا شۇ شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مىرامارې قەلئەسى بويىغا جايلاشقان ئىدى. ئورنى ناھايىتى ئازادە ۋە تىنچ بولۇپ، ھەقىقەتەن بىر تەتقىقات خىزمىتىگە لايىق ئورۇن ئىدى. بۇ يەردە ھەر يىلى نەچچە يۈز خەلقئارالىق يىغىنلار ئېچىلىپ تۇراتتى. ھەمدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى

جايلىرىدىن نەچچە مىڭلىغان ئالىم، تەتقىقاتچىلار كېلىپ كېتىپ تۇراتتى. نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى لائۇرانتلىرىنىمۇ كۆرۈش پات-پات نېسىپ بولۇپ تۇراتتى.

ئابدۇشۇكۇر ئەنە ئاشۇنداق بىر قايناق مۇھىتقا چۆكۈپلا كەتتى. ئۇ ئوقۇۋاتقان بۇ مەركەزدىكى دەرسلەر يۇقىرى ئېنېرگىيە، قېتىشما ماتېرىياللار ۋە ماتېماتىكا بولۇپ 3 سىنىپ ئىدى. بۇ 3 سىنىپتىكى 30 نەپەر ئوقۇغۇچى دۇنيانىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدىن، يەنى ئالجىرىيەدىن تارتىپ جەنۇبىي ئافرىقىغىچە، موڭغۇلىيەدىن تارتىپ فىلىپپىنغىچە، تۈركىيەدىن تارتىپ رومانىيەگىچە، مېكسىكىدىن تارتىپ بىرازىلىيەگىچە دېگەندەك ھەر قايسى قىتئە ۋە ھەر قايسى دۆلەتتىن ئىلتىماس قىلغان 900 گە يېقىن ئوقۇغۇچىدىن تاللانغان بىر ئارىلاشما ئىرق، ئارىلاشما مىللەت سىنىپلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز دۆلەتلىرىدە ئۇزۇپ چىققان، ئاۋانگارت ئوقۇغۇچىلار ئىدى.

دەرسلەرنىڭ سالمىقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، دەرس ئەتىگەندە سائەت 9 دىن (ئىتالىيەدە ئادەتتە ھەممە ئىش سائەت 9 دە باشلىنىدۇ، بۇ ئىتالىيەنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى) چۈشتىن كېيىن بىرگىچە، ۋە 2 دىن 6 گىچە ھەر كۈن 8 سائەتتىن ئۆتۈلەتتى. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب بۇ ماگىستىرلىق كۇرسى ئەنگلىيەنىڭ 2 يىللىق ماگىستىرلىق كۇرسى بولۇپ، 2 يىللىق دەرس بىر يىلدا ئۆتۈلۈپ بولۇنغاندىن سىرت، شۇ بىر يىل ئىچىدە ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىسى يېزىش تەلەپ قىلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەتىل ۋە باشقا دەم ئېلىشلاردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مۇشۇ دەرسلەرنىڭ سالمىقىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن 8 سائەت دەرس ۋە تاماقتىن سىرتقى ۋاقىتلار كۇتۇپخانىدا ئۆتەتتى. ئىنستىتۇت ئالدىدا شەھەر تەرەپكە ماڭىدىغان ئاخىرقى كوچا ئاپتوبۇسى كېچە سائەت 12 دە ماڭاتتى، ھەمدە ئىنستىتۇتمۇ سائەت 12 دە تاقىلاتتى. شۇڭا بۇ مەركەزدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سائەت 12 گىچە ئىنستىتۇتتا ئۆگىنىش قىلىپ، ئاندىن قايتاتتى.

ئۆتۈلگەن دەرسنىڭ تاپشۇرۇقى بولىدۇ ئەلۋەتتە. ھەر ھەپتىدە تاپشۇرۇق جۈمە كۈنى يىغىلاتتى. دەرسلەرنىڭ سالمىقىنىڭ ئېغىر بولۇشى ۋە تاپشۇرۇقلارنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن، تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ تۈگىتەلمەي چارشەنبە ۋە ياكى پەيشەنبە كۈنى كېچىچە ئۇخلىماي تاپشۇرۇق ئىشلەش پات-پات تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئادەتتىكى ئىش ئىدى. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئابدۇشۇكۇر مىرامارې باغچىسىنى ۋە دېڭىز بويىنى ئايلىنىپ سەيلە قىلغاندىن سىرت، قالغان ۋاقتىنى يەنىلا كۇتۇپخانىدا ئۆتكۈزەتتى.

ئابدۇشۇكۇر چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئىقتىسادچىل بولىدۇ، ئۇ ھەر ئايدا تېجىگەن ھەر بىر سېنت پۇلنى ئائىلىسىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئانىسىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئۇ شۇ ئارقىلىق بولسىمۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ.

ئابدۇشۇكۇر ICTP دىكى ئوقۇشىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىدۇ، ھەمدە ئۇ مارس ئاتموسفېراسى تەركىبىدىكى ھىدروگېننىڭ يۇقىرى بېسىم ئاستىدىكى مولېكۇلا قۇرۇلمىسىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىشى ھەققىدە تېزىس يېزىپ، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياقلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شۋېتسارىيە باسېل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

باسېل رېيىن دەرياسى بويىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي شەھەر بولۇپ، باسېل ئۇنىۋېرسىتېتى 1460-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ شۋېتسارىيەدىكى ئەڭ قەدىمكى ئۇنىۋېرسىتېت ئىدى. فىزىكا فاكۇلتېتى بولسا ماتېرىيال فىزىكىسى ساھەسىدە ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نانومېتىر ساھەسىدىكى مۇھىم تېما «تونېل سكانىرلىغۇچى مىكروسكوپ» (Scanning tunneling microscope, STM) غا ئاساس سالغان گۇرۇپپا ئابدۇشۇكۇر بارماقچى بولغان گۇرۇپپا شۇ ئىدى. ئابدۇشۇكۇر ئەنە شۇ تېخنىكىنىڭ داۋامى بولغان «ئاتوملار-ئارا كۈچ مىكروسكوپى» (Atomic Force Microscope, AFM) نىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى چۈشەندۈرۈش، ۋە ئۇنىڭغا ئاساس تىكلەش خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. يۇقىرىدىكى 2 خىل تېخنىكىنىڭ ئىشلىتىلىشى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇلار ماتېرىياللارنىڭ ساپلىقىنى، ۋە

بىئولوگىيىدىكى DNA مولېكۇلىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈشتەك بىر قىسىم مۇھىم ساھەلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئابدۇشۈكۈرنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولسا 1960 ـ يىللىرى يىرىم ئۆتكۈزگۈچ ساھەسىدە فىزىكىنى زىل ـ زىلىگە سالغان «Ambegaokar ـ Baratoff» نەزەرىيىسىنى ياراتقان Baratoff ئىسىملىك ئامېرىكىلىق كىشى ئىدى. ئابدۇشۈكۈر بۇ يەردىمۇ كىچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، باشلىدىكى ئىككى يېرىم يىللىق ئوقۇش ھاياتىنى ئىنتايىن جىددىي ئۆتكۈزۈپ، تىرىشىپ ئوقۇيدۇ، ھەمدە كەينى ـ كەينىدىن يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىدۇ. ئۇلار ئويلاپ چىققان نەزەرىيىۋى پەرەزلەر ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، نەچچە 10 مىڭ قۇرلۇق كومپيۇتېر پروگراممىلىرى بىلەن ھېسابلاپ چىققان سانلىق قىممەتلەر تەجرىبىدىكى سانلىق قىممەتلەرگە ماس كېلىپ، AFM تېخنىكىسىنىڭ بىر قىسىم نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تىكلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا بىر قىسىم تېخىچە يېشىپ بېرىلمىگەن تەجرىبە نەتىجىلىرىگە چۈشەنچە بېرىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىلىرى خەلقئارادىكى داڭلىق فىزىكا ژۇرناللىرىدا كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەجرىبە گۇرۇپپىسىدىكى باشقا تەتقىقاتچىلار بىلەن بىللە يېزىپ چىققان بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بىرى بولغان «ئىلىم ـ پەن» (Science) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىدى. مەزكۇر ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيسىز:
http://www.sciencemag.org/content/291/5513/2509.full


Science
AAAS.ORG | FEEDBACK | HELP | LIBRARIANS
All Science Journals | Enter Search Term | SEARCH | ADVANCED
JET PROPULSION LAB | ALERTS | ACCESS RIGHTS | MY ACCOUNT | SIGN IN
AAAS
NEWS | SCIENCE JOURNALS | CAREERS | MULTIMEDIA | COLLECTIONS | JOIN / SUBSCRIBE
Science The World's Leading Journal of Original Scientific Research, Global News, and Commentary.
Science Home | Current Issue | Previous Issues | Science Express | Science Products | My Science | About the Journal
Home > Science Magazine > 30 March 2001 > Hug et al., 291 (5513): 2509

Article Views
Full Text
Full Text (PDF)
Article Tools
Save to My Folders
Download Citation
Alert Me When Article is Cited
Post to CiteULike
Article Usage Statistics
E-mail This Page
Rights & Permissions

Science 30 March 2001:
Vol. 291 no. 5513 p. 2509
DOI: 10.1126/science.291.5513.2509a

< Prev | Table of Contents | Next >

TECHNICAL COMMENTS

**Subatomic Features in Atomic Force Microscopy Images**

H. J. Hug, M. A. Lantz, A. Abdurixit, P. J. A. van Schendel, R. Hoffmann, P. Kappenberger, A. Baratoff

Recently, Giessibl et al. (1) reported a distinct substructure in atomic force microscopy (AFM) images of individual adatoms on the Si(111)-(7×7) surface. A cross section along the fast scanning direction showed two peaks per adatom, which were interpreted as images of two unsaturated dangling bonds at the apex of the silicon tip interacting with the dangling bond of the adatom.

To support this interpretation, Giessibl et al. presented calculated frequency shift (Δf) images at a constant tip-to-sample distance, z < 300 pm. Their simulations were based on the Stillinger-Weber (SW) potential and assumed a tip apex atom that had two dangling bonds directed toward the sample. Our calculations using the same simple model and experimental parameters have shown similar substructures, but atz = 240 pm instead of z = 285 pm.

ADVERTISEMENT
STAY PLUGGED IN
Breast Cancer— 20 Years After BRCA1 and More
with Science PODCAST
ADVERTISEMENT
Solutions for Bruker

2 ـ رەسىم: «ئىلىم ـ پەن» (Science) ژۇرنىلىغا بېسىلغان، ئىنىمىز ئابدۇشۈكۈر ئاپتورلارنىڭ بىرى بولغان ئىلمىي ماقالىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.

ئابدۇشۈكۈر ئاشۇ ئىككى يېرىم يىل جەريانىدا نۇرغۇن دۆلەتلىك ۋە خەلقئارالىق يىغىنلاردا ئىلمىي دوكلات بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ، ۋە ئۇنىڭ ئەمگىكى نۇرغۇن خەلقئارالىق ماقالىلەردە «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ماقالىلىرى خەلقئارالىق كاتالوگلارغا كىرگۈزۈلىدۇ.

ئابدۇشۈكۈرنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى بىلەن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن نەدىن كەلگەنلىكى ۋە نېمە مىللەت ئىكەنلىكىنى قىزىقىپ سورايدۇ. ئابدۇشۈكۈر پۇرسەتلا بولسا باشقىلارغا ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، ۋە ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەنلىكىنى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر 2000 ـ يىلىنىڭ بېشىدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، ھەمدە ئۇنى باھالاشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملاپ، فاكۇلتېت تارىخىدا

ئوقۇشنى ئەڭ تېز پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇغان فاكۇلتېتنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ شەرىپىگە مەخسۇس بىر چوڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش زىياپىتى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى كىتابچە قىلىنىپ كۇتۇپخانىغا قويۇلىدۇ، ۋە ئۇنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى ئىنتېرنېت تورىغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭغا قىزىقىدىغانلار ئۇنىڭ دىسسېرتاتسىيىسىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيدۇ:

http://edoc.unibas.ch/18/

دوكتور ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرىشىت ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۋېتسارىيەدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۇچۇر تېخنىكا شىركىتىنىڭ تەكلىپى بويىچە ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېر بولۇپ خىزمەتكە كىرىدۇ. ئۇ خىزمەت ئورنىدىمۇ توختىماي تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. ئۇ خېلى چوڭ مۇرەككەپ ئۇچۇر سىستېما قۇرۇلمىسىنى لايىھەلەش، ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئۆز ۋاقتىدا تېپىپ چىقىش، ۋە تېخنىكىلىق مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆز قابىلىيىتىنى نامايان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. شۋېتسارىيە دۇنياغا ئۆزىنىڭ بانكا سىستېمىسى بىلەن تونۇلغان. بۇ بانكىلار بولسا خەلقئارالىق بانكىلار بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇلازىمەتلىرىنى ھەر كۈنى 24 سائەت ئىچىدە بىر مىنۇتمۇ ئۈزۈپ قويماسلىقى كېرەك. ئابدۇشۇكۇرنىڭ خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق قىسمى بانكا سىستېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنى لايىھەلەش، ئۇنى تەلەپ بويىچە سەپلەشتۈرۈش، يېڭى تەلەپلەرنى ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىش، سىستېمىنىڭ تۇراقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ۋە سىستېمىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قاتارلىق مۇرەككەپ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىر ئابدۇشۇكۇر يەنە بىر گۇرۇپپىغا مەسلىھەت بېرىش، ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلارغىمۇ مەسئۇل بولۇۋاتىدۇ.

دوكتور ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرىشىت يۇقىرىدىكى شىركەتتە ئىشلەش جەريانىدا ھەر يىلى دېگۈدەك ئامېرىكىنىڭ سان فرانسىسكو، ئورلاندو ۋە ئائۇستىن (Austin) شەھەرلىرى، شۇنداقلا ئامستېردام ۋە برىيۇسسېل، ئۇلم، ۋىسبادېن، سيۈرىخ قاتارلىق شەھەرلەردە ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ تۇردى.

دوكتور ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرىشىت ھازىر شۋېتسارىيە دۆلەتلىك تېلېكومنىڭ ئۇچۇر تېخنىكا تارمىقىدا 3 گۇرۇپپا ئىنژېنېرلارغا تېخنىكىلىق يېتەكچى (Technical Lead of High Engineering Team) ۋە «تېخنىكىلىق لايىھىلىگۈچى» (Solution Architect) بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق خىزمەت دائىرىسى شۋېتسارىيە بانكىلىرىنىڭ سىستېمىلىرىنى لايىھەلەشتىن ئىبارەت.

دوكتور ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرىشىت مەيلى قايسى ئورۇندا بولمىسۇن، ھازىرغا قەدەر ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى تەلەپتىنمۇ ئارتۇق ئورۇنلاپ كەلدى. بىلمىگەن نەرسىلىرىنى بىلگەنلەردىن سورىدى، ياكى كىتاب ماتېرىياللاردىن ئىزدەپ تېپىپ ئۆگەندى. ئۇ بىلمەسلىكنى ئەمەس، سورىماسلىقنى ئەيىب كۆردى. جاپادىن قورقمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەيلى نېمە ئىش قىلسۇن ئۇنىڭدا نەتىجە قازىنىپ، خىزمەتداشلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى.



3 ـ رەسىم: ئىنىمىز ئابدۇشۈكۈر ھازىر شۋېتسارىيەنىڭ مەركىزى بېرن شەھرىدە ئايالى گۈلنار مەمتىمىن ۋە 3 ئوغلى بىلەن بىللە ياشاۋاتىدۇ.

دېمەك، ئىنىمىز ئابدۇشۈكۈر ھازىرغىچە دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق خەلقئارالىق ئىلىم ژۇرنىلىنىڭ بىرى بولغان «ئىلىم ـ پەن» ژۇرنىلىدا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، ھازىر يەنە دۇنيادىكى ئىقتىساد ساھەسىگە تەسىرى ئەڭ چوڭ ئورۇنلارنىڭ بىرى بولغان شۋېتسارىيە بانكىلىرىغا ئۇچۇر تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورۇندا ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا خادىمى ۋە تېخنىكىلىق يېتەكچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىنىمىزدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.

## دوكتور ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرىشت ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):

[1] "Progress on studies of quantum multistep theory", Z.-D. Su, A. Abdurixit, T.-G. Cao, Chinese Journal of Nuclear Physics 18, 182(1996).

[2] “Transition between the p and Q chains in FKK theory”, A. Abdurixit, T. Osman, Z.D. Su, China Inst. of Atomic Energy, Beijing (China) Beijing national tandem accelerator laboratory progress report, 178 p. 38(2002).

[3] "Progress on studies of quantum multistep theory", Z.-D. Su, T.-G. Cao, A. Abdurixit, Chinese Journal of Nuclear Physics, 19(3), 173-176 (1997).

[4] “Transitions between P-chain and Q-chain in multistep reactions”, Z.-D. Su, T.-G. Cao, A. Abdurixit, China institute of atomic energy annual report 180, 39 (1997).

[5] "Transition between the P and Q chains in FKK theory", A. Abdurixit, Z.-D. Su and T. Osman, International Conference on Nuclear Data for Scienceand Technology, edited by G. Reffo, A. Ventura and C. Grandi (ItalianPhys. Soc, Bologna, Italy, 1997) p. 296.

[6]"Tight-Binding Linear Scaling Method Applications to Si Surfaces", A. Abdurixit, A. Baratoff and G. Galli, in Modern Research in High Technology and Science, M. Gheni, I. Sheyhidin editors (Tokyo, Japan, 1999), p. 291-302.
Also see http://arxiv.org/abs/cond-mat/0003005

[7] "Molecular Dynamics Simulations of Dynamic Force Microscopy: Applications to the Si(111)-7x7 Surface", A. Abdurixit, A. Baratoff and E. Meyer, Applied Surface Science 157, 355(2000). Also see http://arxiv.org/abs/cond-mat/0003004

[8] "Low Temperature Scanning Force Microscopy of the Si (111)-7x7 Surface" M. A. Lantz, H. J. Hug, P. J. A. van Schendel, R. Hoffman, S. Martin, A. Baratoff, Abdurixit, H.-J. G"untherodt and Ch. E. Gerber , Physical Review Letters 84, 2642 (2000).

[9]"Separation of Interactions by Non-contact Force Microscopy" M. Guggisberg, M. Bammerlin, Ch. Loppacher, O. Pfeiffer, A. Abdurixit, V. Barwich, R. Bennewitz, Baratoff, E. Meyer, and H.-J. G"untherodt, Physical Review B. 61, 11151 (2000).

[10] "True Atomic Resolution Force Imaging with Chemically Inert Tip" Abdurixit, M. A. Lantz, H. J. Hug, A. Baratoff, Ch. Loppacher, P. J. van Schendel, R. Hoffman, P. Kappenberger, S. Martin and H.-J. G"untherodt, unpublished.

[11] "Computing images of the Si(111)-7x7 surface in different atomic force miroscopy modes", A. Abdurixit and A. Baratoff, in preparation.

[12] “Subatomic Features in Atomic Force Microscopy Images”, H. J. Hug, M. A. Lantz, A. Abdurixit, P. J. A. van Schendel, R. Hoffmann, P. Kappenberger, A. Baratoff, Science Vol. 291. no. 5513, p. 2509a (2001).

[13] “A unified expression for multistep compound theory of pre-equilibrium reaction and compound nucleus reaction theory”, Z.D., Su; B.X. Li; A. Abdurixit; T.G, Cao; S.N, Wang; B.N, Zhang, China institute of atomic energy annual report 138, 40 (2002).

[14] “Research on the quantum multistep theory for pre-equilibrium nuclear reaction”, Z.D., Su, T.G, Cao, A. Abdurixit; Atomic Energy Science and Technology 36(6), 498 (2002).

[15] “A unified expression for multistep compound theory of pre-equilibrium reaction and compound nucleus reaction theory”, Z.D., Su; B.X. Li; A. Abdurixit; T.G, Cao; S.N, Wang; B.N, Zhang, et al, High Energy Physics and Nuclear Physics 27(6), 498 (2003).

[16] "Transition between P and Q spaces in Feshbach-Kerman-Koonin theory“, Z.D., Su; B.X. Li; A. Abdurixit; T.G, Cao et al, High Energy Physics and Nuclear Physics 29(9), 862 (2005).

# دوكتور ئابلەھەت ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

مەزكۇر يازمىدا مەن چەت ئەلدە ئوقۇپ، ئالاھىدە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن قېرىنداشلارنى تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىمەن. ھازىر چەت ئەلدە ئامېرىكا، غەرب ئەللىرى ۋە دۇنيادا ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە شىركەتلەردە ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى مەن بۇرۇن تونۇشتۇرۇپ بولغان بولۇپ، بۇ قېتىم ئاشۇنداق قېرىنداشلىرىمىزدىن يەنە بىر قانچىسىنى تونۇشتۇرىمەن. مېنىڭ بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغىنىم سابىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئابلەھەت ئىبراھىم، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىككى قىزى، سىڭلىمىز دىلرەبا بىلەن بەرنادىن ئىبارەت 3 قېرىنداشىمىز. بارلىق ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى يارامىلىق كىشىلەردىن قىلىپ قاتارغا قوشۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان قېرىنداشلار ئەنە شۇنداق ئائىلىلەرنىڭ بىر ۋەكىلى، شۇنداقلا بارلىق ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولالايدىغان بولۇپ، مەن بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن ناھايىتىمۇ پەخىرلىنىمەن.

مەن ئوقۇرمەنلەردىن مەزكۇر يازمىنى ئوقۇش ئارقىلىق تۆۋەندىكى 4 جەھەتتىكى چۈشەنچىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن:

(1) بالىلارنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ چوڭ بولۇشىدا ئاتا-ئانىلارنىڭ رولىنىڭ ھەممىدىن مۇھىملىقى ھەققىدە بۇرۇن نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قەلەم تەۋرەتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بالا تەربىيىسى ھەققىدىكى ماقالىلىرىدە بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلىدىم. مەزكۇر يازمىدا ئەنە شۇنداق بىر ئەمەلىيەتنىڭ بىر جانلىق پاكىتى بار.

(2) ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىچىدە، دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتتە، ھەمدە ئاساسەن ئەرلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن كەسپىي ساھە ۋە لىدېرلىق ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بارلىقىنى، بولغاندىمۇ ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇر قىزلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئۆكىلار ئاز بولماسلىقى مۇمكىن. مەزكۇر يازما ئارقىلىق ئۇيغۇر ياشلىرى ئەنە شۇنداق ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن تونۇشالايدۇ.

(3) پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەر سۆيىدىغان، دۇنيانىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن بىر قىسىم شىركەتلەر بار. ئاشۇنداق شىركەتلەردە ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئاشۇنداق شىركەتنىڭ بىرى فېيىسبۇك (Facebook) بولۇپ، يەنە بىرى گۇگۇل (Google) دىن ئىبارەت. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان 2 نەپەر سىڭلىمىز ئەنە شۇ شىركەتلەردە تېخنىكىلىق خادىم ۋە تېخنىكىلىق يېتەكچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

(4) دۇنيادا ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ بالىلار مائارىپىدىكى ئەڭ يېقىنقى يېڭىلىقلار. ئامېرىكىدا «ئامېرىكىنىڭ ئامېرىكىسى»، دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار.  ئۇ بولسىمۇ شىمالىي كالىفورنىيىدىكى كرېمنىي جىلغىسىدىن ئىبارەت.  ھازىر كرېمنىي جىلغىسىدا بالىلارغا 6 ياشقا كىرگەن ۋاقتىتىن باشلاپ كومپيۇتېر پروگراممىسى يېزىشنى ئۆگىتىۋاتىدۇ.

ئەمدى مەن يېڭى قېرىنداشلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇشنى باشلايمەن. مەن بۇ قېتىم يەنە 3 نەپەر قېرىنداشىمىزنى تونۇشتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 20-، 21- ۋە 22-قېرىنداشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.  ئوقۇرمەنلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەن بۇرۇنقى 19 نەپەر قېرىندىمىزنى تونۇشتۇرغان ماقالىلەرنىڭ تور ئادرېسىنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ قويدۇم.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئابلەھەت ئىبراھىم (ئىنگلىزچە «Ablahat Ibrahim» دەپ يېزىلىدۇ) ئامېرىكىغا ئەڭ بالدۇر كەلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ 1986-يىلى ئامېرىكىغا كېلىپ، ۋاشىنگتون شتاتىدىكى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى (University of Washington) دا تىلشۇناسلىق كەسپىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.



1-رەسىم: مەرھابا خانبابا خانىم ۋە ئۇنىڭ 3 قىزىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىدىكى بىر رەسىمى.

ئابلەھەت ئىبراھىم ئامېرىكىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇنىڭ خانىمى مەرھابا خانبابا بىر تەرەپتىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى بولۇش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن 3 قىزىنى بېقىپ چوڭ قىلدى. زىيالىيلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن پۈتۈن زېھنى ۋە ئېنېرگىيىسىنى ئاشۇ 3 قىزىنى ئوقۇش ۋە كىشىلىك پەزىلەتتىن ئىبارەت ھەر ئىككى جەھەتتىن ئوبدان تەربىيىلەشكە قاراتتى. قىزلىرىنىڭ نورمال ئوقۇشىنى چىڭ تۇتۇشتىن باشقا، ئۇلار قىزلىرىنى بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا پىئانىنو ۋە ئىسكىرىپكا دەرسلىرىنى ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداقلا ئۇلارنى ھەر خىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگىمۇ ئاكتىپ قاتناشتۇردى. دوكتور ئابلەھەت ئىبراھىم قىزلىرىغا دائىم مۇنداق دەيتتى: «ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى باشقا ئىنسانلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئەقىللىق. دۇنيادىكى باشقا كىشىلەر قىلالىغان ئىشلارنى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇيغۇر دىيارىدىكى مەكتەپلەردە سىنىپىڭ ئالدىدا ماڭسائىلار، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى داڭلىق مەكتەپلەردىمۇ سىنىپىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇيالايسىلەر.» ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلغاندا، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ياخشى قىلىش، ۋە ئۆزى قىلغان ھەر بىر ئىشقا نىسبەتەن چوقۇم ئىجابىي پوزىتسىيە تۇتۇش ئابلەھەتنىڭ ئائىلىسىدە ئىزچىل تۇردە تەكىتلىنىپ كەلگەن ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.



2 ـ رەسىم: دوكتور ئابلەھەت ئىبراھىم، مەرھابا خانبابا خانىم، ۋە دىلرەبانىڭ ئىككى ئوماق پەرزەنتى.

دوكتور ئابلەھەت ئىبراھىم بىلەن مەرھابانىڭ 3 قىزى يۇقىرىقىدەك تەربىيىلىنىش نەتىجىسىدە «نىيەت قىلغان ھەر قانداق ئىشنى چوقۇم قىلغىلى بولىدۇ» دەيدىغان ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن چوڭ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاساسەن ئەرلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن ئىنژېنېرلىق كەسپي ساھەسىدە ئىش باشلىدى. ئابلەھەتنىڭ چوڭ قىزى دىلرەبا كومپيۇتېر ئىلمى (Computer Science) نىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ھازىر ئوقۇرمەنلەرگە ناھايىتىمۇ تونۇشلۇق بولغان فېيىسبۇك شىركىتىدە بىر «يۇمشاق دېتال ئىنژېنېرى» بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئابلەھەتنىڭ ئىككىنچى قىزى بەرنا «ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىقى» كەسپىنىڭ ماگىستىرلىقى بىلەن «ئىگىلىك باشقۇرۇش» كەسپىنىڭ ماگىستىرلىقىغا ئېرىشىپ، ھازىر ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق بولغان گۇگۇل شىركىتىنىڭ ئىنگلىزچە «Android Partnerships» دەپ ئاتىلىدىغان بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئابلەھەتنىڭ ئەڭ كىچىك قىزى رەنا «سانائەت ئىنژېنېرلىقى» كەسپىنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ھازىر فېيىسبۇكنىڭ بوغالتىرلىق بۆلۈمىدە بىر ئانالىزچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

دوكتور ئابلەھەت ئىبراھىم ھازىر كالىفورنىيەدىكى بىر ئالىي مەكتەپنىڭ پىروفېسسورى بولۇپ، ئۇ يەردە ئۆزبېك تىلى دەرسلىرىنى ئۆتۈۋاتىدۇ.



3 ـ رەسىم: دوكتور ئابلەھەت ئىبراھىمنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى.

# دوكتور ئابلىز ئابدۇقادىر (ئامېرىكا)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 3-ئاينىڭ 20-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

مەن بىر قانچە ئاينىڭ ئالدىدا چەت ئەلدە ئوقۇغان نەتىجىلىك ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇشنى باشلىغاندىن بۇيان، مەن تەكلىپنامە ئەۋەتكەن قېرىنداشلار ئاساسەن مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىپ، مېنىڭ بۇ ئىشىمغا ناھايىتى يېقىندىن ھەمكارلىشىپ بەردى، ھەمدە ھازىرمۇ يېقىندىن ھەمكارلىشىۋاتىدۇ. شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم قېرىنداشلار چەت ئەلدىكى مەن ئانچە بىلمەيدىغان نەتىجىلىك ئۇيغۇرلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ، مېنىڭ ئىشىمغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى ۋە بولۇۋاتىدۇ. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىدىكى قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۇيغۇر دىياردا ھازىر ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈش، كەلگۈسىدە قايسى يۆنىلىشكە مېڭىش، ۋە ھازىردىن باشلاپ قايسى ئىشلارنى قىلىش ھەققىدە قاتتىق ئىزدىنىۋاتقان، ھەمدە پىلان ۋە نىشان تۈزۈۋاتقان ئۆكىلار ئىنتايىن كۆپ. ئۆزىنىڭ ئەھۋالى مەن تونۇشتۇرغان قېرىنداشلارنىڭ ئەچىدىكى بىرسىنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغانلاردىن بىر نەچچە يۈز، ھەتتا بىر نەچچە مىڭ ئۆكىلار بار بولۇشى مۇمكىن. ئاشۇ ئۆكىلار مەن تونۇشتۇرغان قېرىنداشلاردىن ئۈلگە ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنىڭ بىر يېڭى يولىنى تېپىۋېلىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا، چەت ئەلدىكى نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار ئايرىم ۋە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي تۇرۇپلا، پەقەت ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن يوللار ۋە ئۆزى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى ئۇيغۇر دىياردىكى ياش-ئۆسمۈرلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش بىلەنلا ناھايىتى ساۋابلىق ۋە ناھايىتى ئۇلۇغ ئىشتىن بىرنى قىلغان بولىدۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ «كىشىلىك خاراكتېرنىڭ 7 يادرولۇق سۈپىتى» دېگەن ماقالىسىدە تونۇشتۇرغان سۈپەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئۈچى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت [1]:

**(1) ۋىجدان ياكى ئىنساپ:** سىزنىڭ ۋىجدانىڭىز سىزنىڭ ئەخلاقىي كومپاسىڭىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئاسراڭ، ئۇنى ئىشلىتىڭ، ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىڭ.

**(2) باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ياكى ئىچ ئاغرىتىش:** باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈڭ، ئۆز ئىمكانىيىتىڭىزنىڭ يار بېرىشىچە باشقىلارغا ئىئانە ۋە ياردەم قىلىڭ، ئۆزىڭىز قىلالايدىغان ھەممە ئىشلاردا ۋە ھەممە ۋاقىتلاردا باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق ھېسداشلىقنى يېتىلدۈرۈڭ، نامايان قىلىڭ، ۋە ئىسپاتلاڭ.

**(3) باشقىلارنىڭ ھالىغا ياكى دەردىگە يېتىش، ياكى باشقىلارنى ئويلاش:** باشقىلارنى چۈشىنىدىغان بولۇڭ. سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىڭىزنىڭ باشقىلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى ئازايتىپ، باشقىلارغا ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنى كۆپەرەك قىلىڭ.

«كىشىلىك خاراكتېر» دېگىنىمىز بىر نېيترال سۆز بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى شەرھلەپ بېرىدۇ [2]. شۇڭلاشقا ھەر بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك خاراكتېرى بار بولىدۇ. مەسىلەن، گىتلېرنىڭ بىر خىل كىشىلىك خاراكتېرى بار، ماندېلا ۋە گەندىنىڭمۇ ھەم شۇنداق. ئەمما بىز بىر كىشىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا سۆز قىلغاندا، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئەخلاقىي سۈپەتلىرىنىڭ يىغىندىسىنى كۆزدە تۇتىمىز. مەسىلەن، ياخشى ئادەم، يامان ئادەم، ئىشەنگىلى بولىدىغان ئادەم، ۋە باشقىلار قول قويىدىغان ئادەم قاتارلىقلار. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 3 سۈپەت بىر ياخشى ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى شەرھلەپ بېرىدىغان سۈپەتلەردۇر.

ھېچ قانداق بىر ئادەم بىر خىل ياخشى خاراكتېر بىلەن تۇغۇلغان بولمايدۇ. يەنى، ياخشى خاراكتېر ئاتا ـ بوۋىلاردىن ئىرسىيەت قالغان بولمايدۇ. شۇنداقلا ئۇ بىرلا ئۇلۇغۋار ئىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. بىر ئادەمدە ياخشى خاراكتېرنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى ئۇنىڭدىكى ياخشى نىيەت ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئەخلاقىي قىممەت قارىشىدا ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇپ قىلغان ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەن ھازىرغىچە ئۆز ماقالەمدە «كىشىلىك خاراكتېرنىڭ 7 يادرولۇق سۈپىتى» نى، ھەمدە «ئادەم خاراكتېرىنىڭ 6 تۈۋرۈكى» [3] نى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. مەن چەت ئەلدىكى قېرىنداشلاردىن ئاشۇ «سۈپەت» لەر ۋە ئاشۇ «تۈۋرۈك» لەرگە بىر قېتىم ئوبدان قاراپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ بىر مەركىزىي پىرىنسىپى باشقىلارغا ياردەم قىلىش. بۇ ھەقتە قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە ناھايىتى ئېنىق باياناتلار بار [4]. يەنى، بىزنىڭ دىنىمىزدا باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئاللاھقا سەجدە قىلىش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بىزنىڭ دىنىمىزدا باشقىلارغا ياردەم قىلغان كىشىلەر بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيانىڭ ھەر ئىككىسىدە ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغانلىقى ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھاجىتى چۈشكەن باشقا كىشىلەرگە ياردەم قىلىش بىر خىل تاللاش بولماستىن، ئۇ بىر خىل دىنىي مەجبۇرىيەتتۇر.

مەن مەزكۇر كاتېگورىيەدىكى 1 ـ ماقالەمدە «چەت ئەلدە ئوقۇغان نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» مۇنداق 3 شەرتنىڭ بىرىنى قانائەتلەندۈرگەن كىشىلەر بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم: (1) چەت ئەلدە ئوقۇپ، بىر يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. (2) چەت ئەلدە ئىشلەپ، بىر مۇھىم كەسپىي خىزمەت ئورنىغا ئېرىشكەن. (3) چەت ئەلدە ياكى ئۇيغۇر دىيارىدا كەسپىي جەھەتتە ئالاھىدە نەتىجە قازانغان. ئەگەر سىز ئاشۇنداق ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرچە ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇش ئىشىدا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقان بىر قېرىندىشىمىز بولسىڭىز، مەن سىزگە يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار ئۈستىدە بىر قېتىم كەسكىن ئويلىنىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ بىر ساۋابلىق ئىش قىلىش پۇرسىتى. شۇنداقلا ئۇ باشقا بىر قىسىم ئۆكىلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ياخشى تەرەپكە ئۆزگەرتىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆز قىممىتىڭىزنى نامايان قىلىدىغان، شۇ ئارقىلىق سىز ئۆزىڭىزمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك رازىمەنلىك ۋە زور خۇشاللىققا ئىگە بولالايدىغان پۇرسەت. ئەگەر ۋاقتىڭىز يار بەرسە، مەن ھازىرغىچە تونۇشتۇرغان قېرىنداشلىرىمىزغا قارىتا ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۆكىلار نېمىلەرنى دېگەنلىكىگە بىر قېتىم قاراپ چىقىڭ. ئۇ ئىنكاسلار مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاستىدا بېرىلگەن ئۇلانمىلاردا بار.

ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى ئۇلار ئۈچۈن پىسخولوگىيە جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم [5]. ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئۈلگىسى ئۇلارغا يول باشلاپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم قارارلارنى ئېلىشىدا، ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز بەختىنى تېپىشىدا ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. ياشلار ئۈلگىلەردىن مەدەت ئالىدۇ، ھەمدە يېشى چوڭايغانسېرى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قانداق ياشىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۈلگىلەرنىڭ ئىزىدىن ئۆزلىرىگە يول تاپىدۇ. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن بىر ناھايىتى ياخشى ئۈلگە بولۇشقا شەرتى توشىدىغان قېرىنداشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ مەن بىلەن ئالاقىلىشىشىنى، ياكى بولمىسا باشقا قېرىنداشلارنىڭ ئۇلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. يۇرت ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھەر خىل يوللىرى بار. باشقىلارغا ياردەم قىلىشنىڭمۇ ھەر خىل ئۇسۇللىرى بار. مەن چەت ئەلدىكى قېرىنداشلاردىن يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىزگە خىزمەت قىلىش، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ياردەم قىلىش، ۋە ئاللاھ يولىدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلىش يۈزىسىدىن ماڭا داۋاملىق يېقىندىن ھەمكارلىشىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بۇ قېتىم يەنە ئىككى نەپەر يېڭى قېرىندىشىمىزنى تونۇشتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 18 ـ ۋە 19 ـ قېرىندىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئىنىمىز دوكتور ئابلىز ئابدۇقادىر بولۇپ، ئۇ ھازىر ئامېرىكىدىكى يالى ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور ـ ئاشتى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ

مەكتەپ كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى، خارۋارد ۋە MIT قاتارلىق دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق مەكتەپلەر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى بىر ئالىي مەكتەپ. مەن تونۇشتۇرىدىغان 2-كىشى سىڭلىمىز دوكتور ئەركىنئاي ئابلىز (ئۆز تەلپىگە ئاساسەن، سىڭلىمىز ئەركىنئاي ئابلىزنىڭ ماتېرىيالى بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلمىدى) بولۇپ، ئۇ ھازىر «ئامېرىكا يېمەكلىكلەر ۋە دورىلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى» دا «ئانالىزچى مۇتەخەسسىس» بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئامېرىكىدىكى بارلىق يېمەكلىكلەر ۋە دورىلار پەقەت مۇشۇ ئىدارىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن بازارغا سېلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئىدارە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ئىدارىلەر ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. مۇشۇ ئىدارىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن بىر دورىنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن دورىگەرلىك شىركەتلىرى بىر قانچە مىليارد دوللاردىن 20 مىليارد دوللارغىچە پۇل سەرپ قىلىدۇ. سىڭلىمىز ئەركىنئاينىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ ئامېرىكىدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى بىر يالغۇز ئانا بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بىر تەرەپتىن بالا بېقىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ تاماملىغان. مەن بۇ 2 نەپەر ئۆكىمىزدىن ناھايىتىمۇ پەخىرلىنىمەن.

ئەمدى مەن ئۇلارنى تونۇشتۇرۇشنى باشلايمەن.



1-رەسىم: دوكتور ئابلىز ئابدۇقادىر

ئىنىمىز ئابلىز ئابدۇقادىر (ئىنگلىزچە «Abulizi Abudukadier» دەپ يېزىلىدۇ) 1981-يىلى غۇلجا شەھىرىدە بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1998-يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى ياخشى نەتىجە بىلەن تاماملاپ، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىندى، ھەمدە ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى. ئابلىز ئۆكىمىز ئوقۇش جەريانىدا ئۇيغۇر دىيارىدىكى سېمىزلىك ۋە دىئابىت كېسىلى (قەنت سىيىش كېسىلى) نىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەك كۆپ ئىكەنلىكى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ ئاپىسىنىڭمۇ دىئابىت كېسىلى بار بولغانلىقتىن، ئۇ دىئابىت كېسىلىنى تەتقىق قىلىش ۋە داۋالاشقا ئالاھىدە قىزىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق تىرىشىپ، 2008-يىلى ياپونىيەدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى (Kyoto University) نىڭ ئىچكى كېسەللەر ۋە دىئابىت تەتقىقات-داۋالاش بۆلۈمىگە دوكتورلۇق ئىمتىھانىدىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ قوبۇل قىلىندى، ھەمدە شۇ يىلى ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەتقىقات قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. تەتقىقات جەريانىدا مۇھىم يېڭى بايقاشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، شۇلارنى مەزمۇن قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئامېرىكا دىئابىت جەمئىيىتىنىڭ «دىئابىت» (Diabetes) دەپ ئاتىلىدىغان ئايلىق ئىلمىي ماقالە ژۇرنىلىدا، ھەمدە ياۋروپا دىئابىت

جەمئىيىتىنىڭ ئىنگلىزچە «Diabetologia» دەپ ئاتىلىدىغان ئايلىق ئىلمىي ماقالە ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىدى. بۇ ژۇرناللار دىئابىت كېسىلى تەتقىقاتىدا دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئىنىمىز ئابلىز دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا يەنە ياپونىيە، كورېيە، جۇڭگو، گېرمانىيە، پورتۇگالىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردە ئېچىلغان دىئابىت تەتقىقاتى ساھەسىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، ئۆزى قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەققىدە كۆپ قېتىم ئىلمىي دوكلات بەردى. شۇنداقلا بىر قېتىم ياپونىيە دىئابىت جەمئىيىتىنىڭ «خەلقئارا ياش تەتقىقاتچىلار نەمۇنىلىرى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئىنىمىز ئابلىز ئابدۇقادىر ئەنە شۇنداق پەۋقۇلئاددە ياخشى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن 2013-يىلى كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

دوكتور ئابلىز ئابدۇقادىر ئىلمىي تەتقىقاتقا يۈكسەك دەرىجىدە قىزىقىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ناھايىتى ھوزۇرلىنىدۇ. ئۇ كەسپىي جەھەتتە ئۆزىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دىئابىت ساھەسىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئامېرىكىغا كېلىپ ئوقۇش ۋە خىزمەت قىلىشنى قارار قىلىدۇ. ئۇ قىزىققان تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى ئاددىي تىل بىلەن ئېيتقاندا «نېمە ئۈچۈن سېمىز ئادەملەر ۋە جىگىرىنى ماي قاپلىۋالغان ئادەملەردە ئىنسۇلىننىڭ رولى ئاجىزلاپ كېتىدۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئاشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلاردا دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرسى دۇنياغا داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان يالى ئۇنىۋېرسىتېتى (Yale University) ئىدى. شۇڭلاشقا دوكتور ئابلىز ئابدۇقادىر يالى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۆزى بىلەن ئوخشاش ساھەدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان بىر پىروفېسسور بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ بۆلۈمىدە دوكتور-ئاشتى بولۇش ئىلتىماسىنى ئاشۇ پىروفېسسورغا سۇندى. ئۇنىڭ ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ 2013-يىلى 10-ئايدا يالى ئۇنىۋېرسىتېتىغا «دوكتور-ئاشتى» بولۇپ كىردى. يالى ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن قىسقىغىنا بىر يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە دوكتور ئابلىز ئابدۇقادىر يېڭى ئىلمىي تەتقىقاتتىن ئىككىنى تاماملاپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى 2015-يىلى ئامېرىكا دىئابىت جەمئىيىتى ئامېرىكىدا ئۆتكۈزمەكچى بولغان خەلقئارالىق دىئابىت ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىدا دوكلات قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

دوكتور ئابلىز ئابدۇقادىرنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياشلارغا مۇنداق يۈرەك سۆزلىرى بار: «بىلىم ئېلىش بىر ناھايىتىمۇ جاپالىق جەريان. ئەمما ئۇ ھەقىقەتنى تونۇشتىكى ئەڭ ياخشى يول. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە تۇنجى بولۇپ ‹ئوقۇ› دېگەن ئايەت نازىل بولغان. شۇنداقلا قۇرئاندا ‹بىلىملىك بىلەن بىلىمسىزنىڭ پەرقى قاراڭغۇلۇق بىلەن كۈندۈزگە ئوخشايدۇ›، دېيىلگەن. مەن ۋەتەن ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئىنى-سىڭىللارنىڭ ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلەنمەي، ھەر ۋاقىت قاتتىق تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەنمۇ ئاشۇ ئىنى-سىڭىللار بىلەن ئۈزلۈكسىز ھالدا بىللە تىرىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن. مېنىڭچە ئادەم ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئېزىتقۇ ياكى شەيتان ئۈمىدسىزلىك. ئۇ بىزدەك بىر شانلىق تارىخقا ئىگە ۋە بىر ئۇلۇغ دىنغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر مىللىتىگە ھەرگىزمۇ ماس كەلمەيدۇ. مەن ۋەتەن ئىچىدىكى قېرىنداشلار ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ بەرسەم، دەپ ئويلايمەن. ئەگەر ۋەتەن ئىچىدىكى قېرىنداشلار ئارىسىدا دىئابىت كېسىلىنى داۋالاش ياكى ئوزۇقلىنىش جەھەتتە مەسلىھەت سوراشنى ئىستەيدىغانلار بار بولسا، ئۇلار مەن بىلەن ئالاقىلەشسە بولىدۇ. مەن ئۆزۈم ئىزدىنىش ۋە ئىشخانامدىكى باشقا دىئابىت كېسىلى دوختۇرلىرىدىن سوراش ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك قېرىنداشلارغا ياردەم قىلىشنى خالايمەن. ئاشۇنداق قېرىنداشلار ماڭا abduumar26@gmail.com ياكى abudukadier.abulizi@yale.edu ئارقىلىق ئېلخەت يازسا بولىدۇ.»

## دوكتور ئابلىز ئابدۇقادىر ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە)

**Journals:**

**1.** Tetrahydrobiopterin has a glucose-lowering effect by suppressing hepatic gluconeogenesis in an

endothelial nitric oxide synthase-dependent manner in diabetic mice. **Abulizi Abudukadier**, Yoshihito Fujita, Akio Obara, Akiko Ohashi, Toru Fukushima, Yuichi Sato, Masahito Ogura, Yasuhiko Nakamura, Shimpei Fujimoto, Masaya Hosokawa, Hiroyuki Hasegawa, and Nobuya Inagaki **(Diabetes. 2013 Sep;62(9):3033-43.).**

**2.** Hepatic Acetyl CoA Links Adipose Tissue Inflammation to Hepatic Insulin Resistance and Type 2 Diabetes. Perry RJ, Camporez JP, Kursawe R, Titchenell PM, Zhang D, Perry CJ, Jurczak MJ, **Abudukadier A,** Han MS, Zhang XM, Ruan HB, Yang X, Caprio S, Kaech SM, Sul HS, Birnbaum MJ, Davis RJ, Cline GW, Petersen KF, Shulman GI. **(Cell. 2015 Feb 12;160(4):745-58).**

**3.** Metformin suppresses hepatic gluconeogenesis and lowers fasting blood glucose levels through reactive nitrogen species in mice. Y. Fujita & M. Hosokawa & S. Fujimoto & E. Mukai &**A. Abudukadier** & A. Obara & M. Ogura & Y. Nakamura &K. Toyoda & K. Nagashima & Y. Seino & N. Inagaki (***Diabetologia* (2010) 53:1472–1481).**

4. A Mouse Model of Tetrahydrobiopterin Deficiency Induces Insulin Resistance and Progression of Diabetes. **Abudukadier, A**., Fujita, Y., Obara, A., Ohashi, A., Fukushima, T., Sato, Y., Nakamura, Y., Yamane, S., Ogura, M., Hosokawa, M., Hasegawa, H., Inagaki,N. (Under submission).

5. Inhibition of Serotonin Receptor 2A Improves Glucose Homeostasis in High Fat Diet-fed Mice. **Abulizi Abudukadier**, João-Paulo G. Camporez, Max C. Petersen, Michael J. Jurczak, Gerald I. Shulman (**manuscript under preparation**).

6. DEPTOR-related mTOR suppression is involved in metformin's anti-cancer action in human liver cancer cells. Akio Obara; Yoshihito Fujita; **Abulizi Abudukadier**; Toru Fukushima; Yasuo Oguri; Masahito Ogura; Shin-ichi Harashima; Masaya Hosokawa; Nobuya. Inagaki (under submission BBRC).

## Conferences:

7. Inhibition of Serotonin Receptor 2A Improves Glucose Homeostasis in High Fat Diet-fed Mice. **Abulizi Abudukadier**, João-Paulo G. Camporez, Max C. Petersen, Michael J. Jurczak, Gerald I. Shulman 75th ADA annual meeting

8. The endothelial nitric oxide synthase (eNOS) cofactor tetrahydrobiopterin (BH4) suppresses hepatic gluconeogenesis. **Abudukadier A** ,Fujita Y, Fujimoto S, Mukai E, Obara A, Ogura M, NakamuraY, ToyodaK, Nagashima K, and Inagaki N 54th Annual Meeting of the Japan Diabetes Society

9. Metformin suppresses hepatic gluconeogenesis and lowers fasting blood glucose levels through reactive nitrogen species in mice. **Abudukadier A**,Fujita Y, Hosokawa M, Fujimoto S, Mukai E, Obara A, Ogura M, Nakamura Y, Toyoda K, Nagashima K, Seino Y, and Inagaki N 3th Scientific Meeting of the Asian Association for the Study of Diabetes.

10. The endothelial nitric oxide synthase (eNOS) cofactor tetrahydrobiopterin (BH4) suppresses hepatic gluconeogenesis and lowers fasting blood glucose levels. **Abudukadier, A**, Fujita Y, Obara A, Hosokawa M, Shimpei Fujimoto, Toru Fukushima, Yuichi Sato, Masahito Ogura, Yasuhiko Nakamura, and Nobuya Inagaki 47th EASD Annual Meeting
Deficiency of tetrahydrobiopterin induces insulin resistance and progression of diabetes. Abudukadier A, Fujita Y, Obara A, Ohashi A, Fukushima T, Sato Y, Nakamura Y, Yamane S, Ogura M, Hosokawa M, Hasegawa H, Inagaki N. 48th EASD Annual Meeting.

11. Metformin attenuates protesome 26S activity and exerts tumor-suppressing effect in human heapatoma cells. A.Obara, Y.Fujita, **A. Abudukadier**, T.Fukushima, M.Hosokawa, N.Inagaki 48th EASD Annual Meeting.

12. Deficiency of tetrahydrobiopterin induces insulin resistance and progression of diabetes. **Abudukadier, A**. Fujita, Y. Obara, A. Ohashi, A. Fukushima, T. Sato, Y. Nakamura, Y. Yamane, S. Ogura, M. Hosokawa, M. Hasegawa, H. Inagaki,N. 9th International Diabetes Federation Western Pacific Region Congress / 4th Scientific Meeting of the Asian Association for the Study of Diabetes

13. Tetrahydrobiopterin (BH4) Activates AMPK and Suppresses Hepatic Gluconeogenesis through eNOS-Dependent Pathway. Yoshihito Fujita, **Abulizi Abudukadier**, Akio Obara, Masaya Hosokawa, Shimpei Fujimoto, Toru Fukushima, Yuichi Sato, Masahito Ogura, Yasuhiko Nakamura, Nubuya Inagaki. 71ADA annual meeting.

# بەرنا ئىبراھىم

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(بەرنا ئىبراھىمنى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى دوكتور ئابلەھەت ئىبراھىمنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)

سىڭلىمىز بەرنا دوكتور ئابلەھەت ئىبراھىم بىلەن مەرھابا خانىمنىڭ ئىككىنچى قىزى بولىدۇ. باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن باشلاپلا بەرنا جىسمانىي ۋە ئوقۇش جەھەتنىڭ ھەر ئىككىسىدە سىنىپىنىڭ ئالدىدا مېڭىشنى ئۆزى ئۈچۈن بىر ئادەت قىلدى. باشلانغۇچنى ئەلا نەتىجە پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 17-ئوتتۇرا مەكتەپ (تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ) تە ئوقۇدى. بەرنا كىتاب ئوقۇش ۋە بىر نەرسە يېزىشقا ناھايىتىمۇ ئامراق بولۇپ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە سىنىپىنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ بىر پارچە قىسقا ھېكايىسى بىلەن يەنە بىر پارچە شېئىرى «تارىم غۇنچىلىرى ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىنىدى. بەرنا تەبىئىي-پەن ئوقۇشىدىمۇ ناھايىتى ياخشى بولۇپ، مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ۋە خىمىيە ئولىمپىك ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ھەر پەننىي مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى. شۇنداقلا مەكتەپنىڭ يىللىق تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە ئىزچىل تۆردە 100 مېتىر، 400 مېتىر ۋە 800 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىنىڭ بىرىنچىلىك ئورنىنى ساقلىدى.




1-رەسىم: سىڭلىمىز بەرنا ئىبراھىم.

تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بەرنا ئاپىسى بىلەن بىللە ئامېرىكا ۋاشىنگتون شتاتى سىياتۇل (Seattle) شەھىرىگە كېلىپ، دادىسى بىلەن جەم بولدى. ئۇ چاغدا بەرنا تېخى ئىنگلىز تىلىنى ئانچە ياخشى بىلمەيدىغان بولۇپ، ئاشۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىنى تاللاپ ئوقۇشنى باشلىدى.

ئامېرىكىدا ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىن يۇقىرىراق، ۋە ئالىي مەكتەپلەردىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغان، «جامائەت ئىنستىتۇتى» (Community College) دەپ ئاتىلىدىغان مەكتەپلەر كۆپ بولۇپ، بۇ مەكتەپلەر 2 يىللىق ئوتتۇرا تېخنىكوم ئۇنۋانىمۇ بېرەلەيدۇ، شۇنداقلا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەسلەپكى 2 يىللىق دەرسلىرىنى ئۆتۈپمۇ بېرەلەيدۇ. يەنى سىز مۇشۇنداق مەكتەپتە ئىككى يىل ئوقۇپ، ئاندىن كېيىن بىر

رەسمىي ئالىي مەكتەپكە يۆتكىلىپ، يەنە 2 يىل ئوقۇپ، باكالاۋۇر ئۇنۋانى ئالالايسىز. بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ سانى كۆپ، ۋە ئوقۇش پۇلى رەسمىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭكىدىن كۆپ ئەرزان بولغاچقا، ئالىي مەكتەپنىڭ دەسلەپكى 2 يىللىق ئوقۇشىنى ئاشۇنداق مەكتەپلەردە تاماملايدىغان ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى كۆپ.

بەرنا ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە سىياتولدىكى بىر جامائەت ئىنستىتۇتى (Shoreline Community College) دا بىر تەرەپتىن «ماتېماتىكا دەرس چۈشەندۈرگۈچىسى» (math tutor) بولۇپ ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن تىل ئۆگەندى. يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ ماتېماتىكا بىلىمىنى ئىشقا سېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئەمەلىي ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەندى. 2001-يىلى بەرنا ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى (University of Washington) غا ئىلتىماس قىلىپ، ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىقى كەسپىنىڭ باكالاۋۇرلۇق پىروگراممىسىغا قوبۇل قىلىندى. بەرنا ئۇ مەكتەپتىمۇ ناھايىتى ئاكتىپ بولۇپ، شۇ يەردىكى «ئايال ئىنژېنېرلار جەمئىيىتى» گە ئەزا بولۇپ كىردى. بۇ جەمئىيەتنىڭ مەقسىتى قىزلارنى ئىنژېنېرلىق كەسپىدە ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئىنژېنېرلىق كەسپىي ساھەسىدە ئىشلەيدىغان ئاياللارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئىدى. 2003-يىلى بەرنا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ «شىركەتلەر بىلەن ئالاقىلەشكۈچىسى» (Corporate Liaison) ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ، ئۇ مۇشۇ جەمئىيەت بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقان 45 شىركەت بىلەن ئالاقىلىشىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. 2005-يىلى بەرنا ئايال ئىنژېنېرلار جەمئىيىتى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبىسىگە رەئىس بولۇپ سايلىنىپ، 2006-يىلى ئاشۇ ۋەزىپىگە يەنە قايتا سايلاندى. ئاشۇ مەزگىلدە بەرنا كۈچىنى يېڭىدىن ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ۋە مەزكۇر ئالىي مەكتەپكە باشقا يەرلەردىن ئالمىشىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا مەزكۇر جەمئىيەتنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتتى.

ئاشۇ مەزگىلدە بەرنا يەنە بىر تەرەپتىن ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىقى كەسپىنىڭ ئاسپىرانتلىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ «ئەمگەك كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش تەتقىقات مەركىزى» دە «ياردەمچى تەتقىقاتچى» بولۇپ ئىشلىدى. ئاشۇ مەزگىلدە، يەنى 2004-يىلى بەرنا شاڭخەيدە ئېچىلغان «دۇنيا ئىنژېنېرلىق يىغىنى» نىڭ «ئاياللار تارماق يىغىنى» غا تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇ يىغىندا ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئىلمىي دوكلات بەردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن بەرنا ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىقى كەسپى بويىچە بىر باكالاۋۇر ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. تولۇق كۇرستا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، بەرنا ھاۋا قاتناش قوراللىرىنىڭ ھەر خىل سىستېمىلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شىركەتلەرنىڭ بىرى بولغان «خونېيۋېل» (Honeywell International) شىركىتىدە «يازلىق ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» (summer intern) بولۇپ ئىشلىدى. بۇ خىزمەت ئۇنىڭ كېيىنچە تېخنولوگىيە ساھەسىدە خىزمەتنى تاللىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. شۇ قېتىم بەرنا رادار زاپچاسلىرىنى لايىھىلەيدىغان بىر قاتتىق دېتال گۇرۇپپىسىغا ئەزا بولۇپ ئىشلىگەن بولۇپ، ئاشۇ رادار زاپچاسلىرى ھازىر دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىگە قاتناۋاتقان بويىڭ 737 ۋە بويىڭ 747 ئايروپىلانلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

سىڭلىمىز بەرنا ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆرلەپ ئوقۇپ، ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە بىر ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ كالىفورنىيە شتاتىنىڭ كىرېمنىي جىلغىسىغا كۆچۈپ كەلدى. ھەمدە ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق رەسمىي خىزمىتى سۈپىتىدە دۇنياغا داڭلىق كومپيۇتېر شىركىتى ئىنتېل (Intel) گە كىرىپ، ئۇ شىركەتنىڭ رىقابەت ناھايىتىمۇ كۈچلۈك بولغان «لىدېرلىقنى راۋاجلاندۇرۇش پىروگراممىسى» دا ئىشلىدى. بۇ دەۋردىكى ئەڭ يۇقىرى پەللە بەرنانىڭ گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن بىر يىلى بولدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئىنتېل شىركىتىنىڭ ياۋروپا شۆبىسىدە بىر گۇرۇپپا خادىملارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىنتېل مەھسۇلاتلىرىنىڭ ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقا بازارلىرىدىكى سېتىلىش مىقدارىنى ئۆستۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

2008-يىلى بەرنا ئىنتېلنىڭ كالىفورنىيە كىرېمنىي جىلغىسىدىكى باش شتابىغا قايتىپ كېلىپ، سان فرانسىسكو رايونىدىكى خېرىدارلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تېخنىكىلىق سودا گۇرۇپپىسىدا ئىشلىدى. 2010-يىلىغا كەلگەندە بەرنا ئىنتېل مەھسۇلاتلىرىنى يېڭى بازارلارغا كېڭەيتىپ، شىركەتنىڭ

يىللىق كىرىمىنىڭ ئالدىنقى بىر يىلدىكىگە قارىغاندا 50 مىليون دوللاردىن ئۆسۈپ مېڭىشىغا بىۋاسىتە تۆھپە قوشتى. ئاشۇ مەزگىلدە بەرنا يەنە ئىنتېل ئۈچۈن يەنە بىر قىسىم ئالاھىدە تۆھپىلەرنى ياراتتى. مەسىلەن، ئىنتېل، «Netgear» ۋە «Dell» شىركەتلىرىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشى، «Logitech» شىركىتىنى ئىنتېلنىڭ «گۇگۇل تېلېۋىزورى» (GoogleTV) پروجېكتى (تەرەققىيات تۈرى) گە بىر ھالقىلىق شېرىك قىلىپ ئېلىپ كىرىش، ھەمدە ئىنتېلنىڭ سودىسىنىڭ 38 پىرسەنت ئۆسۈشىگە سەۋەبچى بولغان بىر بازارلاش پائالىيىتى (Private Cloud consumer marketing campaign) نى ئىجاد قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىقلار.

بەرنا داۋاملىق تۈردە ئۆزىنىڭ ماھارەتلىرىنى ياخشىلاش ۋە كېڭەيتىش پۇرسەتلىرىنى ئىزدەپ تۇردى. 2009-يىلى ئۇ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بېركېلېي شۆبىسىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىگە ئىلتىماس قىلىپ، ئاشۇ كەسىپنىڭ ماگىستىرلىق پىروگراممىسىغا قوبۇل قىلىندى. بۇ مەكتەپنىڭ «خاس ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى» (Haas School of Business) دېگەن فاكۇلتېتى دۇنيا بويىچە ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، مېنىڭ ئوغلۇم دىلشاتمۇ 4 يىلنىڭ ئالدىدا ئاشۇ فاكۇلتېتتا ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالدى. بەرنانىڭ بۇ ئوقۇشىنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىنى ئىنتېل شىركىتى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بەرنا شۇنىڭدىن كېيىنكى 3 يىل ۋاقىت ئىچىدە كۈندۈزى ئۆز شىركىتىدە بىر پۈتۈن كۈنلۈك خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەپ، ئاخشىمى ۋە شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى مەزكۇر ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى ئوقۇدى. 2012-يىلى بەرنا ئىنگلىزچە «MBA» دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇيغۇرچە مەنىسى «ئىگىلىك باشقۇرۇش ماگىستىرلىق ئۇنۋانى» بولغان يەنە بىر ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. بەرنانىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە بولغان ئىنتىلىشى ۋە بۇرۇن قولغا كەلتۈرگەن ئالاھىدە تۆھپىلىرىگە ئاساسەن، ئىنتېل شىركىتى بەرنانى بىر رەھبىرىي ئورۇنغا تەيىنلەپ، ئۇنى ئىنتېل يېڭىدىن سېتىۋالغان «McAfee» شىركىتىنىڭ خېرىدارلىرىغا ۋە مەھسۇلاتلارنى بازارلاشقا مەسئۇل قىلدى. بەرنانىڭ لىدېرلىقى ئاستىدا بۇ ئىككى شىركەتنىڭ «McAfee LiveSafe» دەپ ئاتىلىدىغان تۇنجى بىرلەشمە مەھسۇلاتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بازارغا سېلىندى.

2013-يىلى گۇگۇل شىركىتى 140 نەپەر كاندىداتنىڭ ئىچىدىن بەرنانى تاللاپ خىزمەتكە ئالدى، ھەمدە ئۇنى شىركەتنىڭ Android ئەترىتىنىڭ جۇڭگودىكى گۇگۇل شېرىكلىرىگە مەسئۇل خادىمى قىلىپ تەيىنلىدى (گۇگۇل شىركىتىدە ئىشلەش ئۈچۈن ھەر يىلى 1.2 مىليون ئادەم خىزمەتكە ئىلتىماس قىلىدۇ). بەرنا ھازىر كېيىنكى بىر مىليارد ئىنتېرنېت ئىشلەتكۈچىلىرىنى نىشانلاپ تۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان «Android One» مەھسۇلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىشلەپ چىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ پروجېكت بىر قاتار قاتتىق دېتال قائىدىلىرىنى بېكىتىپ چىقىدىغان بولۇپ، باشقا يانفون شىركەتلىرى ئاشۇ قائىدىلەرگە ئاساسەن Android نى ئىشلىتىدىغان تۆۋەن-چىقىملىق يانفونلارنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

سىڭلىمىز بەرنا داۋاملىق تۈردە ئىنژېنېرلىق كەسپىي ساھەسىدە ئىشلەيدىغان ئاياللارنىڭ جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇ يەنە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ قىز ئوقۇغۇچىلىرىنى تەبىئىي-پەن ۋە ئىنژېنېرلىق ساھەسىگە كىرىشكە دەۋەت قىلىدىغان خىزمەتلەرنىمۇ ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. سىڭلىمىز بەرنا ھازىر كېيىنكى بىر مىليارد ئادەمنى ئىنتېرنېت ئىشلىتىدىغان قىلىش يولىدا زور ئىشتىياق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇ قاتتىق تىرىشچانلىق ۋە ئېسىل پوزىتسىيىسىنىڭ چوقۇم ئۇنۇم بېرىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنىپ، ئادىمىيلىك بىلەن كەسپىتىن ئىبارەت ھەر ئىككى جەھەتتە ئۆزىنىڭ تالانت-ئىقتىدارلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش يولىدا داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ.

مەن سىڭلىمىز بەرنانى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئايال قەھرىمانلىرىنىڭ بىر تىپىك ۋەكىلى، دەپ تونۇيمەن، ھەمدە ئۇنىڭدىن ناھايىتىمۇ پەخىرلىنىمەن.

# ماكس پلانك تەتقىقاتچىسى دوكتور بۇخەلچەم مەمتىمىن

(بۇ يازما تورلاردا 2016-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىغان كىشىلەر قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىشنى خالايدۇ. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، يۇقىرىقىدەك 2 خىل كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ بىرى ئۇلاردىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنىڭ مەنبەسى بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ئۇلارنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىدىن كېلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىغان كىشىلەرنىڭكى بولسا ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىدىن كېلىدۇ. بۇ ئىككى نەرسە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر مۇنداق:

**خاراكتېرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىش قىلىدىغان كىشىلەر:**

- - ئىشنى توغرا قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا قارىتا ياخشى تۇيغۇغا ئېرىشىش
- - ئىرادىگە تايىنىپ ئىش قىلىش
- - پرىنسىپ ئاساسىدا قارار ئېلىش
- - پوزىتسىيىنى ئىش-ھەرىكەت ئارقىلىق كونترول قىلىش
- - ئالدى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىغا ئىشىنىپ، ئاندىن ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش
- - يۇقىرى كەيپىيات پەيدا قىلىش
- - «مېنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىم قايسى؟» دەپ سوراش
- - مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە قىلىۋاتقان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىش
- - كەيپىياتى تۇراقلىق بولۇش
- - باشلامچى بولۇش

**ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىش قىلىدىغان كىشىلەر:**

- - ئالدى بىلەن ياخشى تۇيغۇغا كېلىپ، ئاندىن ئىشنى توغرا قىلىش
- - قولايلىقلىققا تايىنىپ ئىش قىلىش
- - ئېقىمغا ئەگىشىپ قارار ئېلىش
- - ئىش-ھەرىكەتنى پوزىتسىيە بىلەن كونترول قىلىش
- - ئالدى بىلەن نەتىجىنى كۆرۈپ، ئاندىن قىلىۋاتقان ئىشىغا ئىشىنىش
- - كەيپىياتنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ساقلاپ تۇرۇش
- - «مېنىڭ ھوقۇقلىرىم قايسى؟» دەپ سوراش
- - مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، قىلىۋاتقان ئىشىدىن ۋاز كېچىش
- - كەيپىياتى تولا ئۆزگىرىپ تۇرۇش
- - ئەگەشكۈچى بولۇش

يېقىنغىچە ياشىغان لۇيىس لامور (Louis L’Amour) تارىختىكى ئەڭ داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئۇنىڭ جەمئىي 230 مىليون پارچە كىتابى سېتىلغان. ئۇ 100 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يازغان بولۇپ، ئاشۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى ھازىرغىچە قايتا نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن يېزىش ئۇسلۇبىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «قانداق ئەھۋال ئىچىدە بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، يېزىشنى باشلاڭ. سۇ تۇرۇبىسىنى ئاچمىغىچە، سۇ ئېقىشنى باشلىمايدۇ.»

يۇقىرىدىكى مەزمۇن مەن «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (9)» دېگەن ماقالىدە تونۇشتۇرغان جون ماكسۋېل (John C. Maxwell) نىڭ «ماكسۋېل كۇنلۇك ئوقۇشلۇقى» دېگەن كىتابىنىڭ 122 ـ بېتى (20 ـ ئاپرېل) نىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭغا «كىشىلىك خاراكتېرنىڭ تۇرتكىسىدە ئىش قىلىش بىلەن ھېسسىياتنىڭ تۇرتكىسىدە ئىش قىلىشنىڭ پەرقى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان .

مەن ھازىر ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقان ۋە ئىنگلىز تىلى كۇرسلىرىدا دەرس ئۆتۈۋاتقان ئۇكىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۇچۇن، يۇقىرىدىكى ئۇيغۇرچە مەزمۇنلار بىلەن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۇن ئىچىدە تۆۋەندىكى تورلارغا قويۇپ قويىمەن (مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ماتېرىياللارنىڭ بۇرۇنقىلىرىمۇ تۆۋەندىكى تورلاردا بار):

http://bbs.bagdax.cn/thread-29176-1-1.html
http://www.izdinix.com/thread-63137-1-1.html
http://bbs.misranim.com/thread-146615-1-1.html

مەن ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلاپ، يەنە بىر يېڭى قېرىنداشىمىزنى تونۇشتۇرىمەن. بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان سىڭلىمىز مەن ھازىرغىچە تونۇشتۇرغان 51 ـ قېرىنداشىمىز بولۇپ، ئۇ ئىلىم ـ پەننىڭ مەلۇم بىر ساھەسىدىكى خەلقئارالىق ئالدىنقى سەپتە ئۇزۇپ كېتىۋاتقان قەھرىمان ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ يەنە بىر مىسالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندىكى مەزمۇننى ھازىر چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان سىڭلىمىز رابىيە مەمەت تەييارلاپ بەردى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىڭلىمىز رابىيەگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئۆتكەن يىل تۇركىيەدە ئوقۇۋاتقان ئىنىمىز «ئۇيغۇرسۆيەر» مۇ تۇركىيەدىكى بىر قانچە قېرىنداشىمىزنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تەييارلاپ بەرگەن ئىدى. دېمەك، «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن تېمىدا يوللىنىلىدىغان مەزمۇننى مەن ئەمەس، تونۇشتۇرۇلىدىغان قېرىنداشىمىز ئۆزىمۇ ئەمەس، يەنە بىر، ياكى 3 ـ قېرىنداشىمىز تەييارلىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. مەن قولىدىن مۇشۇنداق ئىش كېلىدىغان باشقا قېرىنداشلارنىڭمۇ ماڭا ياردەم قىلىشىنى، ئۆزلىرى تونۇيدىغان «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» نىڭ ئەھۋالىنى يېزىپ چىقىپ، ماڭا يوللاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



1 ـ رەسىم: سىڭلىمىز بۇخەلچەم مەمتىمىن

سىڭلىمىز بۇخەلچەم مەتتىمىن ئۇيغۇر دىيارىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچتىن تولۇق ئوتتۇرىغىچە بولغان مائارىپ تەربىيىسىنى ئۆز يۇرتىدا تاماملىغان. ئالىي مەكتەپنى شاڭخەي خۇادوڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە كەسپىدە ئوقۇغان. شاڭخەيدىكى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن، ۋە بۇ جەريانلاردا ماگىستىرلىقنى پۈتتۈرگەن. 2000-يىلى گېرمانىيە KAAD تەتقىقات فوندىنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، گېرمانىيە ماينىز جوھانىس گۇتېنبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتى (Johannes Gutenberg University، قىسقارتىلىپ ماينىز ئۇنىۋېرسىتېتى، دەپ ئاتىلىدۇ) غا كېلىپ، «قۇرغاق رايونلار ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سىجىل يېزا-ئىگىلىكىنىڭ مۇمكىنچىلىكى» (Climate change of arid and semi-arid regions and the possibilities of sustainable agriculture utilization) ھەققىدىكى دوكتورلۇق تەتقىقات تېمىسىنى باشلىغان. ئۇ دوكتورلۇق ماقالىسىنى يېزىش جەريانىدا، ماينىز ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقاتچى بولۇپ قالغان. 2004-يىلى 8-ئايدىن 2005-يىلى 11-ئايغىچە ماينىز ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا پوست دوكتورلۇق تەتقىقاتىنى ئىشلىگەن. 2005-يىلىنىڭ ئاخىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن باشلاپ تاكى 2012-يىلغىچە ماكس پلانك (Max Planck, 马克斯·普朗克学会) تەتقىقات ئورگىنىنىڭ خىمىيە ئىنستىتۇتى بىئو-گېئو-خىمىيە فاكۇلتېتىدا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ھازىر ماكس پلانك تەتقىقات ئورگىنى خىمىيە ئىنستىتۇتىنىڭ «سۈنئىي ھەمراھ تەتقىقات گۇرۇپپىسى» (Satellite and Remote Sensing Research Group) دا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. شۇنداقلا ماگىستىر، دوكتور ۋە پوست دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەۋاتىدۇ.

بەلكىم نۇرغۇن كىشىلەر پەخىرلىك، ئىجتىھاتلىق تەتقىقاتچىمىز بۇخەلچەم مەتتىمىن ئىشلەۋاتقان ماكس پلانك تەتقىقات ئورگىنىنىڭ قانداق ئورگان ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. «Max Planck» بولسا گېرمانچە «Max-Planck-Gesellschaft zur Förderung der Wissenschaften» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلغان ئاتىلىشى بولۇپ، گېرمانىيەنىڭ بىر چوڭ تەتقىقات ئورگىنى بولۇپلا قالماي، خەلقئارادىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئەڭ نوپۇزلۇق، شۇنداقلا تەتقىقات ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولغان، ھۆكۈمەت مەبلەغ سالىدىغان مەخسۇس تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ بىرى. بۇ تەتقىقات ئورگىنى گېرمانىيەلىك داڭلىق فىزىكا ئالىمى، نوبېل ساھىبى ماكس پلانك (Max Planck) نىڭ نامى بىلەن قۇرۇلغان. 2014-يىلغىچە بۇ تەتقىقات ئورگىنىدىن 33 نەپەر تەتقىقاتچى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ تەتقىقات ئورگىنى توغرىسىدا تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتا تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلار بار: www.mpg.de.

بۇخەلچەم مەتتىمىن 2006-يىلدىن ھازىرغىچە ياۋروپا يەر شارى فىزىكاشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ (European Geosciences Union) يىللىق يىغىن تەشكىللىگۈچىسى، ياۋروپا يەرشارى فىزىكاشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئامېرىكا يەرشارى فىزىكاشۇناسلىق ئۇيۇشمىسى (American Geophysical Union) نىڭ ئەزاسى، گېرمانىيە سۈنئىي ھەمراھ رەسىم-سۈرەتلىرىنى ئۆلچەش، سۈنئىي ھەمراھنىڭ يۆتكىلىش سېزىمى ۋە جۇغراپىيىلىك ئۇچۇرلار جەمئىيىتى (German Society for Photogrammetry, Remote Sensing and Geoinformation) نىڭ ئاكتىپ ئەزاسى (active member) بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇخەلچەمنىڭ يۇقىرىقىدەك كۆپلىگەن نوپۇزلۇق ئىلمىي جەمئىيەتلەرگە ئاكتىپ ئەزا بولۇشى ۋە بۇ جەمئىيەتلەردىكى ھەر خىل پائالىيەتلەرنى تەشكىللەشكە ئاكتىپ قاتنىشىشى ئۇنىڭ ئۆز كەسپىي ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، ۋە ئۇلارنى نەقەدەر قەدىرلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇخەلچەم يەنە «ئىلىم-پەن دۇنياسى ژۇرنىلى: ئالاھىدە سانى - دېڭىز بويلىرى مۇھىتى، ئېكولوگىيىسى ۋە سىجىل تەرەققىيات» (The Scientific World Journal: Special Issue - Coastal Environment, Ecology, and Sustainable Development)، ۋە «خىمىيە ژۇرنىلى» (Journal of Chemistry: Special Issue - Wetland Biogeochemistry) قاتارلىق بىر قانچە خەلقئارالىق ژۇرناللارنىڭ تەھرىرى؛ شۇنداقلا «خەلقئارالىق كىلىمات ژۇرنىلى» (International Journal of Climatology) ، «مۇھىت باشقۇرۇش» (Environmental Management) ، ۋە «جۇغراپىيىلىك ئۇچۇرلار ۋە جۇغراپىيىلىك

ستاتىستىكىلار» (Geoinformatics and Geostatistics:An overview Aerosol and Air Quality Research) قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ «باھالىغۇچى مۇتەخەسسىسى» (reviewer) بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

دوكتور بۇخەلچەم مەمتىمىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دۇنيا قۇرغاق رايونلىرىدىكى يېزا-ئىگىلىك ۋە زاۋۇتلاردىن چىققان خىمىيىلىك گازلارنىڭ ئاتموسفېراغا بولغان تەسىرى، ياكى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يېزا-ئىگىلىك ۋە سانائەت تەرەققىياتىنىڭ دۇنيا قۇرغاق رايونلىرىنىڭ ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بولغان تەسىرى توغرىسىدا نەچچە ئون چوڭ تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىشلەشكە قاتناشقان، ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ ھازىرغىچە ئۇيغۇر رايونى، جەنۇبىي ئافرىقا، بوتسۋانا (Botswana)، ئىسرائىلىيە، ۋە مىسىر قاتارلىق رايونلاردا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتتا بولغان. ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن 2006-يىلدىن 2011-يىلغىچە ئۇيغۇر دىيارىغا بېرىپ، يېزا-ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان تۇپراقلارنىڭ ئاتموسفېراغا قانچىلىك ئازوت ئوكسىد قويۇپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقات تۈرىنى تاماملىغان. ئۇنىڭ بۇ تەتقىقات تۈرى گېرمانىيە تەتقىقات فوندى جەمئىيىتى (German Research Foundation, DFG) ۋە ماكس پلانك جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقات تۈرى فوندىغا ئېرىشكەن.

دوكتور بۇخەلچەم مەمتىمىننىڭ ھازىرقى تەتقىقات نىشانى بولسا باشقا قۇرغاق رايونلاردىكى يېزا-ئىگىلىك ۋە سانائەتنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان خىمىيىلىك گازلارنىڭ دۇنيا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بولغان تەسىرىنى ئانالىز قىلىش بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇ قۇرغاق رايونلاردىكى چوڭ شەھەرلەر (Megacities) نىڭ دۇنيا ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى.



2-رەسىم: بۇخەلچەم مەمتىمىن قۇملۇق رايوندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.



3 ـ رەسىم: بۇخەلچەم مەمتىمىن مېتېئورولوگىيىلىك پارامېتىرلارنى ئۆلچەۋاتقان ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈش.

بۇخەلچەمنىڭ كۆپلىگەن يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئاشۇنداق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىشنى هازىرمۇ ئوخشاشلا داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئەڭ مۇهىمى، بۇخەلچەم هازىر جۇغراپىيە، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە ۋە مۇهىت دېگەندەك كەسىپلەردە ماگىستىر، دوكتور ۋە دوكتور ـ ئاشتى ئوقۇغۇچىلىرىغا يېتەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئارىمىزدا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار چەتئەلدە ئوقۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشنى كۆڭلىگە پۈكسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ياشلار چەتئەلدىكى پروفېسسورلار بىلەن ئالاقىلىشەلمەسلىك تۈپەيلىدىن توختاپ قېلىۋاتىدۇ. زىيارەت داۋامىدا بۇخەلچەم مەمتىمىن چەتئەلدە ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك، ئوقۇغان كەسپى ماس كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە تەتقىقاتچىلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە تەتقىقاتچىلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت بولۇپ قالغۇسى. ئەگەر قىزىققۇچىلار بولسا بۇخەلچەم مەمتىمىن بىلەن «buhalqem.mamtimin@mpic.de» ئارقىلىق ئالاقىلەشسە بولىدۇ. ماكس پلانك ئىنستىتۇتىنىڭ تۆۋەندىكى ئورگان تور بېتىمۇ بار:

http://www.mpic.de/en/news/press-information/news/profile-buhalqem-mamtimin.html

دوكتور بۇخەلچەم مەمتىمىننى گېرمانىيەدىكى ئاخبارات ئورگانلىرى بىر نەچچە قېتىم زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالىلىبۇرۇن كەڭ خەلققە تونۇشتۇرغان، ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئەمما بىز بۇ پەخىرلىك تەتقىقاتچىمىز بىلەن سەل كېچىكىپرەك تونۇشۇپتىمىز. بىز ئۇنىڭدىن ۋەتەندىكى ياشلارغا قانداق يۈرەك سۆزلىرى بارلىقىنى سورىغىنىمىزدا، ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىنى، ئۆزىنى تېخىمۇ كۆپ ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز بۇ ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولغان پەخىرلىك، ئىجتىهاتلىق تەتقىقاتچىمىزنىڭ تەتقىقاتلىرىنىڭ تېخىمۇ مول ـ هوسۇللۇق بولۇشىنى،

تېنىمىنىڭ سالامەت ۋە ئائىلىسىنىڭ تېخىمۇ بەختلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ۋە قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاجرىتىپ، بىزنىڭ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغانلىقىغا چوڭقۇر رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز.

سىڭلىمىز بۇخەلچەم مەمتىمىن مەن ئالدىنقى قېتىم (يەنى «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (21)» دە) تونۇشتۇرغان دوكتور دىلمۇرات تىلىۋالدى ئۆكىمىز بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلاردىن بولۇپ، مەن بۇ 2 نەپەر ئۇيغۇر ياشلىرىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىمەن. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كەسپىي ھاياتىدا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت ۋە شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

## دوكتور بۇخەلچەم مەمتىمىن ھازىرغىچە ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى:

1. MAMTIMIN, B, BEHRENDT, T, BADAWY, M.M., WAGNER, T., QI, Y., WU, Z., and MEIXNER, F.X. Tropospheric vertical column densities of NO2 over managed dryland ecosystems (Xinjiang, China): MAX-DOAS measurements vs. 3-D dispersion model simulations based on laboratory-derived NO emission from soil samples. Atmos. Chem. Phys., 15, 867–882, doi: 10.5194/acp-15-867-2015, 2015a.

2. MAMTIMIN, B, BADAWY, M.M., BEHRENDT, MEIXNER, F.X., T, WAGNER, T. The contribution of soil biogenic NO emissions from a managed hyper-arid ecosystem to the regional NO2 emissions during growing season. Atmos. Chem. Phys. Discuss., 15, 34533–34604, doi:10.5194/acpd-15-34533-2015, 2015b.

3. BADAWY, M.M.,, ABDEL AZIZ, A.O., and MAMTIMIN, B. Flash floods in Sahara: A case study for the 28th January 2013 flood in Qena-Egypt. Geomatics, Natural Hazards and Risk, 1-21, doi.org/10.1080/19475705.2014.885467, 2014.

4. BEHRENDT, T., Veres, P.R., ASHURI, F., SONG, G., FLANZ, M., MAMTIMIN, B., BRUSE, M., WILLIAMS, J., and MEIXNER, F.X. Characterisation of NO production and consumption: new insights by an improved laboratory dynamic chamber technique. Biogeosciences, 11, 5463–5492, doi:10.5194/bg-11-5463-2014, 2014.

5. MAMTIMIN, B, BEHRENDT, T, BADAWY, M.M., QI, Y., and MEIXNER, F.X.. Landuse and drylands – spatio-temporal measurements of biogenic nitric oxide emissions from soils. Scientific research Report in Yearbook of the Max Planck Society 2012/2013,1-9, http://www.mpg.de/6945963/mpch_JB_2013?print=yes, 2013, (in German).

6. WU, Z., QI, Y., BEHRENDT, T., MAMTIMIN, B. and MEIXNER, F.X. Characterization of soil respiration rates along a temporal restoration gradient in a degenerated wetland of the arid region in NW-China. Geophysical Research Abstracts, 14, EGU2012-4131-2, 2012.

7. MAMTIMIN, B., and MEIXNER, F.X. Air pollution and meteorological processes in the growing dryland city of Urumqi (Xinjiang, China). Science of Total Environment, 409, 1277-1290, 2011.

8. MAMTIMIN, B., EL-TANTAWI, A., SCHAEFER, D., MEIXNER, F.X., and DOMROES, M. Recent trends of temperature under hot and cold desert climates: Comparing the Sahara (Libya) and central Asia (Xinjiang, China). Journal of Arid Environment, 75, 1105-1113, 2011.

9. MAMTIMIN, B., and the DEQNO* Team. The project “Desert encroachment in central Asia – Quantification of soil biogenic nitric oxide emissions by ground- and satellite-based methodologies (DEQNO)” – An overview. Geophysical Research Abstracts, 13, EGU2011-11289, 2011.

10. HEMPELMANN, N., BEHRENDT, T., MAMTIMIN, B., SONG, G. and MEIXNER, F.X. Modelling of atmospheric dispersion of trace gases emitted from oasis in the Taklimakan (NW-China) desert on regional scale. Geophysical Research Abstracts,13, EGU2011-11440, 2011.

11. BEHRENDT, T., BRUSE, M., MAMTIMIN, B., MEIXNER, F.X. HEMPELMANN, N., and ANDREAE, M.O. An improved method for analysis of biogenic NO emissions from hyper-arid and arid soils (Gobi desert, Mongolia and Taklimakan desert, Xinjiang/China). Geophysical Research Abstracts, 13, EGU2011-11875, 2011.

12. Qi, Y., MAMTIMIN, B., MEIXNER, F.X., SHAIGANFAR, R., BEIRLE, S. and WAGNER, T. MAX-DOAS observations of tropospheric NO2 and H2O column densities from hyper-arid areas in Central-Asia. Geophysical Research Abstracts, 13, EGU2011-3163, 2011.

13. Yu, J. B., Meixner, F.X., Sun, W. D., Sun, Z.G., Mamtimin, B., Xia, C.H., and Xie, W.J. Biogenic nitric oxide emissions from mountain soils sampled from different vertical landscape zones in the Changbai Mountains, Northeastern China. Environ. Sci. Technol., 44, 4122-4128, 2010.

14. YU, J. B., MEIXNER, F.X., SUN, W. D., MAMTIMIN, B., WANG, G.P., QI, X.N., XIA, C.H., and XIE, W.J. Nitric oxide emissions from black soil, northeastern China: A laboratory study revealing significantly lower rates than hitherto reported. Soil Biology & Biochemistry, 42, 1784-1792, 2010.

15. WU, Z., BAI. X., Jin, H., MAMTIMIN, B. and MEIXNER, F.X. Study on oasis soil heterogeneity in the watersheds of Bohe and Jinghe (Xinjiang, NW-China). Geophysical Research Abstracts, 12, EGU2010-11758, 2010.

16. Jin, H., WU, Z., BAI. X., MAMTIMIN, B. and MEIXNER, F.X. Analysis of vegetation coverage change of Bohe and Jinghe oases (Xinjiang, NW-China) - natural and human factors. Geophysical Research Abstracts, 12, EGU2010-11976, 2010.

17. MAMTIMIN, B., BEIRLE, S., WAGNER, T., ANDREAE, M.O. and MEIXNER, F.X. The Potential Role of Biogenic Soil Emissions of Nitric Oxide for the Tropospheric Nitrogen Dioxide Column Density over Oasis Ecosystems in the Extremely Arid Regions of Northwestern China. Geophysical Research Abstracts, 10, EGU2008-A-12146, 2008.

18. MAMTIMIN, B., MEIXNER, F.X. and ANDREAE, M.O. Up-scaling of biogenic soil emissions of nitric oxide for the Tohsun depression in Northwest China using GIS techniques. Geophysical Research Abstracts, 10, EGU2008-A-04001, 2008.

19. MOAWAD, B., GRUNERT, J. and MAMTIMIN, B. Digital simulation of small-scale drainage basins using SRTM satellite images: validity and competence analysis. Geophysical Research Abstracts, 10, EGU2008-A-04358, 2008.

20. FEIG,T.G., MAMTIMIN, B., STEINKAMP, J. and MEIXNER, F.X. Biogenic emission of nitric oxide from three ecosystems in the Namib Desert: a laboratory study. In preparation for submission to Journal of Arid Environments, 2008.

21. Feig, T.G., Mamtimin, B., and Meixner, F.X. Soil biogenic emissions of nitric oxide from a semi-arid savanna in South Africa, Biogeosciences, 5, 1723–1738, 2008.

22. Feig, T.G., Mamtimin, B., and Meixner, F.X. Use of laboratory and remote sensing techniques to estimate vegetation patch scale emissions of nitric oxide from an arid Kalahari savanna, Biogeosciences Discussions (BGD), 5, 4621–4680, 2008.

23. YU, J. B., MEIXNER, F.X., SUN, W. D., LIANG, Z. W., CHEN, Y., MAMTIMIN, B., WANG G. P. and SUN, Z. G. The biogenic nitric oxide emission from saline sodic soils in semiarid region, Northeastern China: A laboratory study. J. Geophys. Res., Vol 113, 1-11, 2008.

24. MAMTIMIN, B. Characteristics and difficulties of semi-nomadic livestock economy in Yili area, Xinjiang, China”. In: Geo-Öko, Vol. 28, 43-53, 2007, (in German).

25. MAMTIMIN, B. and MEIXNER, F. X. The characteristics of air pollution in the semi-arid City of Urumqi (NW China) and its relation to climatological processes. Geophysical Research Abstracts, 9, 06537, 2007.

26. MOAWAD, M. B. and MAMTIMIN, B. Flash floods: assessment and vulnerability analysis of small-scale drainage basins in the northern Eastern Desert of Egypt. Geophysical Research Abstracts, 9, 01050, 2007.

27. MAMTIMIN, B. and MEIXNER, F. X. Biogenic NO production and consumption in natural and cultivated soils from a cold desert in northwest China. Geophysical Research Abstracts, 9, 07324, 2007.

28. MAMTIMIN, B., DOMROES, M. and MEIXNER, F. X. The traditional technology

for optimum subterranean water use in the cold desert of Northwest China.
Geophysical Research Abstracts, 8, 04642, 2006.

29. MAMTIMIN, B. The climate conditions in arid and semiarid regions and possibilities of sustainable agricultural utilization, 206 p. Editor: M. Domroes, Academic Press Johannes Gutenberg University of Mainz, Germany, 2005, (Book, in German).

30. DOMROES, M. and MAMTIMIN, B. Sandstorms in the Tarim basins: causes and socio-economic consequences. In: Asien - German Association for Asia Studies 85: 5-18, Hamburg, 2002, (in German).

31. MAMTIMIN, B. (1999), Climatic conditions for the cultivation of cotton in the Turpan basin. In: Xinjiang Agricultural Sciences, 4, Urumqi, (in Chinese).

32. MAMTIMIN, B. (1999), Relation between meteorological condition and TSP (TotalSuspendetParticulate) concentration in Urumqi. In: Arid Environmental Monitoring, Vol. 13. No. 3 Urumqi, (in Chinese).

33. MAMTIMIN, B. (1998), Karez-irrigation and the climate condition of the Turpan basin. In: Arid Geography, 4, Urumqi, (in Chinese).

## دوكتور بۇخەلچەم مەمتىمىننىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى ھەققىدە يېزىلغان مېدىئا دوكلات ـ خەۋەرلىرىنىڭ تىزىملىكى:

1. On the trail of a trace gas: Press information of MPIC on 20.04.2015
http://www.mpic.de/aktuelles/pressemeldungen/news/auf-den-spuren-eines-spurengases.html

2. Auf den Spuren eines Spurengases : Free Network Press, on 21.04.2015.
http://freeweb4all.net/de/?s=Mamtimin

3. Auf den Spuren eines Spurengases : Extrem news on 21.04.2015.
http://www.extremnews.com/nachrichten/natur-und umwelt/9410154d95a0354?source=feed&utm_source=feedburner&utm_medium=feed&utm_campaign=Feed%3A+Extremnews+%28Extremnews%29

4. On the trail of a trace gas: Innovation report on 21. 04. 2015.
http://www.innovations-report.com/html/reports/agricultural-sciences/on-the-trail-of-a-trace-gas.html

5. Bestimmung der Stickoxid-Emissionen aus landwirtschaftlich genutzte Oasen: News Analytik on 27. 04. 2015, http://www.analytik-news.de/Presse/2015/245.html

# ئىسلام پۇل ـ مۇئامىلە پەنلىرى دوكتورى ـــ بۇرھان سىتى (مالايسىيا)

(بۇ يازما تورلاردا 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(بۇرھان سېتىنى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى رەيھانگۈل ئەمەتنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)

**ئىلاۋە:** مەن يېقىندا ئىنىمىز بۇرھان سېتىگە ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ۋەتەندىكىلەرگە تونۇشتۇرۇش ئارزۇيۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتتىم. بۇرھان ئۇكىمىز بۇ ئىلتىماسىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنداقلا ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ بۇرۇن www.alkuyi.com, bbs.misranim.com, www.uchur.com تورلىرىدا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر قېتىم تونۇشتۇرۇلغانلىقىنى، ئەمما بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ قېتىملىق تونۇشتۇرۇشتا ئۆزى ھەققىدىكى بىر قىسىم ئۇچۇرلار كىرمەي قالغانلىقىنى، شۇڭلاشقا مەن ئۇنى بۇ قېتىم باشقا قېرىنداشلارغا قوشۇپ تونۇشتۇرسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن تۆۋەندىكى مەزمۇننى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇندۇم.



1 ـ رەسىم: ئىنىمىز بۇرھان 2009 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئانىسى بىلەن مالايادا ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ماگىستىرلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بىر كۆرۈنۈش.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئاشۇ مېھرى ئىسسىق سەھرا! ھېلىمۇ ئېسىمدە ،كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئاشۇ زېمىن، ئاشۇ زېمىندا ئاپىرىدە بولدۇم، ئاشۇ زېمىندا كۈلدۈم، ئاشۇ زېمىندا يىغلىدىم ... ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەكتەپتىكى ھاياتىم، يېزامنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى ... قوي بېقىش، يانتاق چېپىش، تەك كۆمۈش ، قويلارغا ھەلەپ بېرىش دېگەندەك، مەن قىلىپ باقمىغان دېھقانچىلىق ئىشلىرى يوقمىكىن دەپ ئويلايمەن ...

سىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇغانمۇ؟ ئەگەر ئوقۇغان بولسىڭىز، سىزگە بۇ ئەسەر نۇرغۇن ئېستېتىك ھۇزۇر بېغىشلىغان ۋە نۇرغۇن ياشلارغا ئىلھام بولغان دەپ ئېيتالايمىز. مەۋھۇم تور دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ھايات كارتىنىلىرى بىلەن نۇرغۇنلىغان ياشلارنىڭ يۈرەك تارىنى چەككەن بىر شەخس بار. «دېھقان پەرزەنتىنىڭ چەتئەلدىكى سەرگۈزەشتىلىرى»، «خارۋاردقا سەپەر»، «برىتانىيەگە ساياھەت»،

«دېھقان پەرزەنتىنىڭ كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى بىلەن تونۇشقۇڭىز بارمۇ؟ ئۇنداقتا دىققىتىڭىز مەزكۇر ماقالىدە بولسۇن.

بۇ مەۋھۇم شەخس ھازىر مالايسىيا خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى ۋە بانكىچىلىقى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن پروفېسسورى، تەتقىقات ۋە نەشرىيات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئىسلام پۇل مۇئامىلە ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى. شۇنداقلا خەلقئارا ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (International Centre for Education in Islamic Finance, INCEIF) تەكلىپلىك ئوقۇتقۇچىسى. تەرەققىي تېپىۋاتقان بازارلارنى تەتقىقات قىلىش جەمئىيىتى، ئىسلام پۇل مۇئامىلە كەسپى خادىملىرى ئىنستىتۇتى ۋە بىرقانچە خەلقئارالىق ژۇرناللارنىڭ تەھرىرى ھەيئەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى. 2012 ـ يىلىدىن 2015 ـ يىلىغىچە كۇئالالۇمپۇر ئۇنىۋېرسىتېتى سودا ـ سانائەت ئىنستىتۇتى مالىيە ۋە ئىسلام مالىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئالىي لېكتورى، شۇنداقلا مەزكۇر فاكۇلتېتنىڭ فاكۇلتېت مۇدىرى. ئىسلام پۇل ـ مۇئامىلە پەنلىرى دوكتورى. ئۇ بولسىمۇ قومۇل شەھىرىنىڭ چىلان ماكانى قارا دۆۋىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر پەرزەنتى —— دوكتور بۇرھان سېتى.




2 ـ رەسىم: دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغاندىكى رەسىم، مالايسىيا مەركىزى بانكىسىنىڭ بانكا باشلىقى دوكتور زەتى ئەختار دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى بەرمەكتە.

بۇرھان سېتى 1980 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قومۇلنىڭ قارادۆۋە يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا تاماملاپ، 1999 ـ يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن دالىيەن سۇ

مەھسۇلاتلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 2 يىللىق تەييارلىق ئوقۇشىنى ئۇرۇمچىدە سۇ ـ ئېلېكتىر مەكتەپتە تاماملىغاندىن كېيىن، 2001 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە تولۇق كۇرسنى دالىيەندە تاماملىغان. بۇ جەرياندا سىنىپىدىكى ئاز سانلىق مىللەت بولغىنىغا قارىماي، تىرىشچان ئارقىلىق دۆلەت ئوقۇش مۇكاپاتى، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇش مۇكاپاتى، ئىلغار سىنىپ كادىرى، ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى، دالىيەن شەھەرلىك ئىلغار مەكتەپ پۈتتۈرگەن شەخس قاتارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرگەن. ئوقۇشقا بولغان يۇكسەك ئىشتىياقى بىلەن داۋاملىق ئوقۇشنى تاللاپ، 2006 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مالايسىياغا ئوقۇشقا چىققان. قىسقىغىچە 6 ئاي تىرىشىش ئارقىلىق ئىنگلىز تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ شۇ يىلى 12 ـ ئايدا مالايا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سودا ـ سانائەت باشقۇرۇش كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇشى تاماملانماي تۇرۇپلا، مالايسىيا بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك چوڭ شىركەت سايىم دارىبىغا خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغان. بىر تەرەپتىن ئوقۇپ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ 2008 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى تاماملىغان. 2009 ـ يىلى 9 ـ ئايدا 40 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدىن تاللىنىپ چىقىپ مالايسىيا مەركىزى بانكىسىنىڭ تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن مالايسىيا ئىسلام پۇل ـ مۇئامىلە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن. شۇنداقلا ئوقۇشقا بولغان مۇھەببىتى بىلەن قىسقىغىچە 3 يىل ئىچىدە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغان. شۇنداقلا مەكتىپىدىكى بىردىنبىر 3 يىل ئىچىدە ئوقۇش پۈتتۈرەلىگەن ئوقۇغۇچى بولۇپ قالغان.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، قىسقىغىچە 6 يىل جەرياندا، ئوقۇش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، ماگىستىر ۋە دوكتور ئوقۇشىنى تاماملىغان؛ خىزمەت جەھەتتە، سايىم دارىبىدىن ئىبارەت بىر چوڭ شىركەتتە 2 يىل ئىشلىگەن، شۇنداقلا دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدا 1 يىلدىن كۆپرەك تەتقىقات ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلىگەن؛ ئائىلە جەھەتتە، ئىناق ئائىلە قۇرۇپ ئۈچ پەرزەنتلىك بولغان؛ ئوقۇش جەريانىدا، خارۋارد، ئوكسفورد، دۇرھام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام پۇل ـ مۇئامىلە ئىلمى تەتقىقات يىغىنلىرىغا قاتناشقان. ئوقۇغۇچى بولۇشىغا قارىماي، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە، فىرانسىيە، چېخ جۇمھۇرىيىتى، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىلمى تەتقىقات يىغىنى، ئىسلام پۇل مۇئامىلە يىغىنلىرى ئۈچۈن زىيارەتتە بولغان. 2012 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مالايسىيا مالىيە جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن 14 ـ قېتىملىق يىغىنىدا دوكتورلۇق ئىلمي ماقالىسى ئىلغار ئىلمي ماقالە بولۇپ باھالىنىپ، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ، ئىسلام پۇل مۇئامىلە كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن ئېتىبارەن، بۇ پەخىرلىك ئوغلانىمىز كۇئالالۇمپۇر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سودا ـ سانائەت ئىنستىتۇتى مالىيە ۋە ئىسلام مالىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئالىي لېكتورى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، 2013 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ، بۇ فاكۇلتېتىنىڭ فاكۇلتېت مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 2015 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن باشلاپ مالايسىيا خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى ۋە بانكىچىلىقى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن پروفېسسورى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئالدىنقى 4 يىل جەريانىدا ئىككى كىتاب، 4 كىتاب بابى، 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمى ماقالىسى خەلقئارالىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات جەھەتتە بۇ ئىنستىتۇتنىڭ غوللۇق ئەزاسى. 2015 ـ يىلى مالايسىيا مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ باھالىشىدا، بۇ ئىنستىتۇت ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى تەتقىقاتى جەھەتتە، دۇنيادا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا بولغان. شۇنداقلا بۇ ئوغلانىمىز ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ئاۋسترالىيە، تۈركىيە ۋە مالايسىيادا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمي تەتقىقات يىغىنلىرىغا 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمي ماقالە قاتناشتۇردى. ئاۋسترالىيەدىكى سودا سانائەت مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇنىڭ ماقالىسى مالىيە تۈرى بويىچە يەنە بىر قېتىم ئىلغار ئىلمي ماقالە بولۇپ باھالاندى.

بۇرھان سېتى ئۆزىنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق روھى بىلەن توختىماي تىرىشماقتا. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ، ئۇدا 4 مەۋسۇم ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن 150 كە يېقىن ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى. 2012 ـ 2013 ـ يىللىق ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش، تەتقىقات، مەمۇرى خىزمەت

قاتارلىق مەكتەپ يىللىق خۇلاسىسىدە 93% نەتىجە بىلەن يەنە ئەڭ ياخشى نومۇرغا ئېرىشكەن. شۇنداقلا 2016-2015 ئوقۇش يىلىدا مەكتەپ يىللىق خۇلاسىسىدىمۇ 97% نەتىجىگە ئېرىشكەن. تەكلىپلىك ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن خەلقئارا ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ باھالىشىدا 99% نومۇر ئالغان. بۇ ئۇتۇقلىرىنى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ھازىر ئۇ ئىسلام بانكىچىلىقى، ئىسلام كاپىتال بازىرى، ئىسلامچە بايلىق باشقۇرۇش، ئىسلام پۇل-مۇئامىلىسى قاتارلىق پەنلەردىن دەرس بەرمەكتە. ئۇنىڭ تەتقىقات نىشانى ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى، كۆپ خىللاشتۇرۇپ مەبلەغ سېلىش، كاپىتال بازىرى ۋە ئىسلام پاي چېكى.

دوكتورنىڭ ئايالى بولسا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تىلشۇناس نەسرۇللا يولبولدىنىڭ قىزى. دوكتورنىڭ ئايالىمۇ 3 پەرزەنتىنىڭ ئانىسى بولغىنىغا قارىماي، 2012-يىلى 10-ئايدا مائارىپ باشقۇرۇش ساھەسىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالدى. ھەمدە ھازىر دوكتورلۇق ئوقۇشىنىڭ پەنلىرىنى تاماملاپ، ئىلمىي تەتقىقات ماقالە ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. پات ئارىدا يەنە بىر ئۇيغۇر دوكتورلار قاتارىغا قوشۇلغۇسى.



3-رەسىم: ئايالى پەرزانە نەسرۇللانىڭ 2012-يىلى 10-ئايدا ماگىستىرلىق ئوقۇشنى تاماملاش مۇراسىمىدا

ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ياش دوكتورىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى، كەسىپ جەھەتتە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇشىنى ياراتقۇچىدىن تىلەيمىز. ئائىلىسىگە خاتىرجەملىك، ئامەت ۋە بەخت تىلەيمىز.

# بىخەتەرلىك سىستېمىسى مۇتەخەسسىسى دوكتور دىلمۇرات تىلىۋالدى (ياپونىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېلان قىلىنغان)

خىزمىتى ياكى كەسپىدە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا چىقىشقا تېگىشلىك بەزى كىشىلەر ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئۇلاردا زۆرۈر بولغان تالانتلارنىڭ ھەممىسى بار تۇرۇپمۇ، يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمايدۇ. پەيلاسوپ رالف ۋالدو ئېمېرسون (Ralph Waldo Emerson) ئاشۇنداق كىشىلەرنى چۈشىنىپ، مۇنداق دېگەن: «تالانتنىڭ ئۆزى بىر كىچىك پەدەزلىگۈچى ۋە باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان ئويۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇنىۋېرسال ھەقىقەت ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن خىزمەت قىلدۇرۇلغان تالانت ئاشۇ تالانتنىڭ ئىگىسىنى بىر يېڭى ھوقۇق پەللىسىگە چىقىرىدۇ.»

تالانتنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلامدۇ؟ شۇنداق، ئەمما پەقەت ئىشنىڭ بېشىدىلا شۇنداق قىلىدۇ. رومان يازغۇچى چارلىس ۋىلسون (Charles Wilson) مۇنداق دەيدۇ: «بوتۇلكىنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قايماق ھەر دائىم ئەڭ ئۈستىگە چىقىدۇ.» تالانت ھەممىدىن بەك گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئەڭ بېشىدا تالانت سىزنى باشقىلاردىن پەرقلىق ئورۇنغا ئېرىشتۈرىدۇ. سىزنى باشقىلاردىن بەكرەك ئىلگىرىلىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئىي تالانت ھاياتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سوۋغىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ پايدىسى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ياشايدۇ. كومپوزىتور ئېرۋىڭ بېرلىن (Irving Berlin) بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ، مۇنداق دېگەن: «مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدىكى ئەڭ قىيىن ئىش شۇكى، سىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىشىڭىز كېرەك. بۇ جەھەتتە تالانت پەقەتلا بىر باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ بېرەلەيدۇ. سىز يەنە ئۆز تالانتىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ.»

كۆپلىگەن تالانتلىق كىشىلەر دەسلىپىدە ئىش باشلىغاندا باشقىلارغا قارىغاندا ئەۋزەلرەك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز تالانتىنى تەرەققىي قىلدۇرماي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز تالانتىغا مىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پايدىلىق ئورنىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئۇلار «پەقەت مېنىڭ تالانتىملا مېنىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىشىمنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ»، دەپ ئويلايدۇ. باشقىلار تالانتقا مىنىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆچۈپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى ئۇلار چۈشەنمەيدۇ. تالانت ئۇلار ئويلىغاندىن بەكرەك ئومۇملاشقان نەرسىدۇر. داڭلىق يازغۇچى ستىۋېن كىڭ (Stephen King) مۇنداق دەيدۇ: «تالانت تاماقتا سالىدىغان تۇزدىن ئەرزانراق تۇرىدۇ. تالانتلىق كىشىلەر بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك كىشىلەرنى پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسە تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت.» كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش تالانتتىن باشقا نەرسىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى مەزمۇن مەن «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (9)» دېگەن ماقالىدە تونۇشتۇرغان جون ماكسۋېل (John C. Maxwell) نىڭ «ماكسۋېل كۈنلۈك ئوقۇشلۇقى» دېگەن كىتابىنىڭ 115 - بېتى (13 - ئاپرېل) نىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىڭ» دىن ئىبارەت. مەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇننى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزۈم بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان «مۇۋەپپەقىيەت تالانت، تىرىشچانلىق ۋە پۇرسەتتىن ئىبارەت 3 نەرسىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ» دېگەن «مۇۋەپپەقىيەت تەڭلىمىسى» بىلەن بىردەك ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلدىم .

مەن ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلاپ، يەنە بىر يېڭى قېرىنداشىمىزنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇ مەن تونۇشتۇرغان 41 - كىشى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى تالانت بىلەن تىرىشچانلىقنى بىرلەشتۈرۈپ،

شۇ ئارقىلىق ئۆزى ئۈچۈن يېڭى پۇرسەتلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىر يېڭى مىسالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىز تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، يۈكسەك غايە ۋە تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن قاتتىق تىرىشىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە يەنە بىر قىسىم يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىسىز. بۇ ئىنىمىز ئۆزى، يۇرتى ۋە خەلقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئۈلۈگۋار نىشان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىغان، ھەمدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەن ئۇنىڭدىن ناھايىتىمۇ پەخىرلىنىمەن.


1 ـ رەسىم: ئىنىمىز دىلمۇرات تىلىۋالدى ياپونىيە توكيو دېنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا.

ئىنىمىز دىلمۇرات تىلىۋالدى 1969 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسىدا دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى تىلىۋالدى قاسىم ھاجىم ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسىدىن. ئانىسى رەيھانگۈل سىدىق ئىلى ۋىلايىتى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پەنجىم يېزىسىدىن. دىلمۇراتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇيغۇر دىيارى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ئېقىمى بويىچە، تارىم ۋادىسىغا، يەنى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئېيتىشىچە، دىلمۇراتنىڭ ئاكىسى 6 ياشقا كىرگەندە ئۇنى مەكتەپكە بەرگەن. دىلمۇرات «مەكتەپكە ئاكام بىلەن بىرگە بارىمەن»، دەپ غەلۋە قىلىپ تۇرۇۋالغان. ئۇ ۋاقىتلاردا يەسلى بولمىغاچقا، دىلمۇراتنىڭ ئاتىسى ئۇنى 5 يېشىدىلا ئاكىسىغا قوشۇپ قويغان. ئويلىمىغان يەردە دىلمۇرات ئىمتىھانلاردا 100 نومۇردىن چۈشمىگەن. شۇنىڭ بىلەن دىلمۇرات ئاكىسى بىلەن بىرگە ئوقۇش ھاياتىنى باشلىغان. ئۆز يۇرتى ئىلى ۋادىسىنى زادى ئۇنتالمىغان ئانىسى رەھبەرلىكتىن غۇلجىغا يۆتكىلىپ كېتىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان. ئاخىرى 1978 ـ يىلى دىلمۇرات 4 ـ سىنىپقا چىققاندا ئانىسىنىڭ يۇرتى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پەنجىم يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەن.

دىلمۇرات پەنجىم يېزىسىدا تولۇقسىز 3 ـ يىللىققا چىققان چېغىدا، گەرچە ئۆگىنىش نەتىجىسى سىنىپنىڭ ئالدىدا بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ تېخىمۇ ئوبدانراق مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنى غۇلجا شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە بەك تەستە يۆتكىگەن (7 ـ ئوتتۇرا ئىلگىرى ستالىن ئوتتۇرا مەكتىپى، دەپمۇ ئاتىلاتتى). شۇ يىللىرى ئىلى ۋىلايىتى بويىچىلا ئەمەس، ئۇيغۇر دىيارى بويىچىمۇ ئوقۇش سۈپىتى ئىنتايىن يۇقىرى، نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن 13 يېشىدىلا ئۆيدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشاشقا باشلىغان دىلمۇرات غۇلجا شەھىرى مەدرىسە كوچىسى ئەتراپى(بۇرۇنقى 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئەتراپى) دا ئولتۇرۇشلۇق مەرەمساخان ئىسىملىك بىر تەقۋادار، ئاق كۆڭۈل ياشىنىپ

قالغان ئايالنىڭ ئۆيىدە ئىككى يىل، ئانىسىنىڭ ئاكىسى ئوسمانجان سىدىق (رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن!) نىڭ ئۆيىدە بىر يىل يېتىپ ـ قوپۇپ، ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان. 7 ـ ئورتىغا يۆتكىلىپ كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي چارەكلىك ئىمتىھان ئېلىنغان بولۇپ، دىلمۇرات ماتېماتىكا، فىزىكا، ۋە خىمىيە دەرسلىرىدە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، پەنجىم ئورتا بىلەن غۇلجا شەھەر 7 ـ ئورتىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىدىكى پەرقىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى ھېس قىلغان. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن. ھەتتا پەنجىمگە قايتۇرۇپ ئەكەتمەكچى بولغان. دىلمۇرات ئۇلارغا يالۋۇرۇپ، ئازراق پۇرسەت بېرىشنى ئۆتۈنۈپ، بەك تەستە ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان. شۇ چاغلاردا سىنىپتىكى بىر قىسىم «بايۋەچچە، شاڭخوچى باللار» ئۇنى «پەنجىملىك سەھرالىق»، دەپ دائىم زاڭلىق قىلىشقان. دىلمۇرات قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئۆزىنى بۇ شەھەرلىكلەرگە بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولغان. ئۇ چاغلاردا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بەكلا تۆۋەن بولغاچقا، ھەممە ئادەم ئىنتايىن ئىقتىسادچانلىق بىلەن تىترەپ تۇرۇپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مەرەمساخان چوڭ ئانىسى گەرچە دىلمۇراتقا بەك ئامراق بولسىمۇ، توك پۇلىنى تېجەش ئۈچۈن كەچ سائەت 9 بولغاندا دەرھال توكنى ئۆچۈرۈپ، يېتىشنى تەلەپ قىلاتتى. دىلمۇرات سائەت 9 دا يالغاندىن ئۇخلاپ قالغان كىشى بولۇۋالاتتى ـ دە، ئازراق ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، مەرەمساخان چوڭ ئانىسى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئاستا قوپۇپ، توكنى ياندۇرۇپ، يەنە 2 ـ 3 سائەت ئوغرىلىقچە ئۆگىنىش قىلاتتى. بۇنى مەرەمساخان چوڭ ئانىسى بىلمەيتتى (كېيىنكى كۈنلەردە دىلمۇرات خىزمەتكە چىقىپ، مەرەمساخان چوڭ ئانىسىنى يوقلاپ بارغاندا بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا دەپ بەرگەندە، ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ، يىغلاپ كەتكەن، ۋە دىلمۇراتقا ئۇزۇن ـ ئۇزۇن دۇئالارنى قىلغان. رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن! ئۇ نۇرلار ئىچىدە ياتقاي، ئامىن!). دىلمۇرات كىرلىرىنى قول بىلەن ئۆزى يۇيغان. مەرەمساخان چوڭ ئانىسىغا ياردەملىشىپ، ھەر كۈنى چېلەك بىلەن ئۆيگە سۇ ئەكەلگەن، ھويلىلارنى سۈپۈرگەن، قىش كۈنلىرى ئۆگزىدىكى قارلارنى تازىلىغان. ئۆيدىن كىچىك ئايرىلىش ئۇنىڭدا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مۇستەقىل ياشاش، ھەمدە قىيىنچىلىققا باش ئەگمەسلىك روھىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى ياراتقان. دىلمۇرات دەرستە ئىنتايىن تېز ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، 2 ـ يىلدىكى نەتىجىسى بىراقلا سىنىپتىكى ئالدىنقىلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

دىلمۇرات 1985 ـ يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ، شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان (شۇ يىلى ئۇيغۇر دىيارى بويىچە جەمئىي 20 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان). ئۇ چاغدا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بېرىپ، ئىككى يىل خەنزۇچە تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇش شەرت ئىدى. تەييارلىقنى پۈتتۈرگەن يىلى ئۇيغۇر دىيارى مائارىپ كومىتېتى بىلەن شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرىسىدىكى توختام بۇزۇلۇپ، دىلمۇراتنىڭ شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارىدىغان ئىشى يوق بولغان. شۇ يىلى تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان 30 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىن، دەرس نەتىجىسى ۋە ئۆز تەلىپىگە ئاساسەن، 7 نەپەر ئوقۇغۇچى تاللىنىلىنىپ، شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەقسىم قىلىنغان. دىلمۇرات بولسا شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ فاكۇلتېتىغا تەقسىملەنگەن. ئۇ شۇ خۇشاللىقى بىلەن تەتىلدە يۇرتقا قايتقان. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا بۇ خۇشاللىقنى بالدۇرراق يەتكۈزۈشنى ئويلايتتى. غۇلجىغا بېرىپ كۈتمىگەن بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدى: دىلمۇراتنىڭ ئانىسى ئۇ كېلىشتىن 11 ئاي بۇرۇن، يەنى 1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 42 يېشىدا راك كېسەللىكى سەۋەبلىك 5 بالىنى تاشلاپ ئۇ دۇنياغا كەتكەن ئىدى. دادىسى ۋە تۇغقانلار ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە دەخلى يېتىپ قالمىسۇن، دەپ، بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزمىگەن. ھەتتا بېيجىڭدا بىرگە ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلىرى ۋە ئۇستازلىرىمۇ دىلمۇراتنى ئاياپ، ساق 11 ئاي بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن سىر تۇتۇپ كەلگەن. نېمە دېگەن مېھرىبان ساۋاقداشلار ـ ھە! ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن. ئانىسىنىڭ ياش ئۆلۈمى ئۇنى ئېغىر ئازاب ۋە قايغۇغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ تېخىمۇ ئىرادىلىك بولۇشىغا يەنە بىر سەۋەب بولدى. دىلمۇرات 5 بالا بىلەن قالغان بىچارە دادىسىنىڭ يۈكىنى بالدۇرراق يەڭگىللىتىشنى ئويلايتتى. 6 ياش ۋە 8 يېشىدىلا يېتىم قالغان ئىككى كىچىك سىڭلىسىغا بەكلا ئىچى ئاغرىيتتى. ئۇ يىغا ـ زار ئىچىدە تەتىلنى توشقۇزۇپ، 1987 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېتىپ كەلدى.

دىلمۇراتنىڭ ياپونىيەگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسى مۇشۇ يەردىن باشلاندى. شۇ چاغدا شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياپون تىلى تەييارلىق مەكتىپىدە، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلىرىدىن تاللانغان ياش ئوقۇتقۇچىلار ياپونغا ئوقۇشقا چىقىش ئۈچۈن ياپون تىلى ئۆگىنىۋاتاتتى. باشقا ئوقۇغۇچىلار ئۇلاردىن بەك پەخىرلىنەتتى. مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپ، ئېغىزلىرىنى چاكىلدىتاتتى. دىلمۇرات ئالىي مەكتەپتىكى 4 يىللىق ھاياتىدا ھەر يىلى ئۇيغۇر دىيارىدىن كېلىدىغان بۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىر ئاشخانىدا تاماق يېيىش، ۋە بىر قىسىم پائالىيەتلەردە بىرگە بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دوكتور ئۆمەرجان ساۋۇت (ھازىر ياپونىيەدە)، دوكتور ئابدۇغوپۇر ئابدۇكېرىم (ھازىر ياپونىيەدە)، ۋە دوكتور دىلشات ئابلا (ھازىر ياپونىيەدە) لەرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تەسىرى زور بولدى (ئۇ قېرىنداشلار ياپونىيەدە ھازىرمۇ دىلمۇراتنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولماقتا). دىلمۇراتنىڭ قەلبىگە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چوقۇم ياپونغا چىقىپ ئوقۇشتىن ئىبارەت بىر كۈچلۈك ئوت كىرگەن ئىدى. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا دىلمۇرات ئۆز خىراجىتى بىلەن ياپونغا ئوقۇشقا چىقىشنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى بىر ئادەمنىڭ مائاشى بىلەن 5 بالىنى ئاران ئوقۇتۇۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا چىقىشتىن ئىبارەت بىرلا يول بار ئىدى. دىلمۇرات 1991-يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۇيغۇر دىيارى مائارىپ ئىنستىتۇتىغا خىزمەتكە چىقتى. پۈتۈن خىيالى بالدۇرراق ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىقىش ئىدى. خىزمەتتىن باشقا ۋاقىتلىرى ياپون تىلىنى ئاساسلىق، ئىنگلىز تىلىنى قوشۇمچە ئۆگىنىش بىلەن ئۆتەتتى. سومكىسىدىن ياپون تىلى ۋە ئىنگلىز تىلى كىتابىنى ئايرىمايتتى. ئاپتوبۇسلاردا، مەكتەپتىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان يىغىنلاردا، ۋە ئۆچرەت ساقلىغان چاغلاردا بۇ كىتابلارنى ۋاراقلايتتى. ھەتتا ئۆيىنىڭ ھاجەتخانىسىغىمۇ ياپون تىلى ۋە ئىنگلىز تىلى سۆزلۈكلىرى قويۇقلۇق ئىدى. ئۇنىڭ ياپونغا چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە قانچىلىك بەدەل تۆلىگىنىنى ئاللاھتىن قالسا، ئۇنىڭ قەيسەر دادىسى تىلىۋالدى قاسىم ھاجىم، سۆيۈملۈك ئايالى گۈلنار مجىت ۋە ئۆزىلا بىلەتتى. دادىسى ئۇنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئارقا تىرىكى، ئايالى ئۇنىڭ ئەڭ سادىق ياردەمچىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى.

دىلمۇرات 1996-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياپون تىلى مەكتىپىگە بېرىپ، بىر يىل ياپون تىلى ئۆگىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ بىر يىل ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ئوبدان پۇرسەت بولدى. ئۇ ياپون تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. بولۇپمۇ ياپونچە سۆزلىشىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپ، دەرھال مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئابدۇراخمان (ھازىر ئامېرىكىدا) بىلەن بىرلىشىپ، «ياپون تىلى كۇرسى» ۋە «ئىنگلىز تىلى كۇرسى» ئاچتى (دوكتور ئابدۇراخمان ئىنتايىن تىرىشچان، زېھنى ئۆتكۈر، كەلگۈسىگە زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى). ئۇلارنىڭ مەقسىتى شۇ دەۋردىكى ياشلارنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ۋە ئۇلارغا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش پۇرسىتى ھازىرلاپ بېرىش ئىدى. ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە ياپون تىلى ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. كۇرسنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ چەت ئەل تىلى سەۋىيىسىمۇ خېلى تەرەققىي قىلدى. بۇ كۇرسنى دىلمۇرات تاكى 2001-يىلى ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىققۇچە قەدەر داۋاملاشتۇردى.

2001-يىلى 5-ئايدا دىلمۇرات ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ياپونىيەنىڭ توكيو دېنكى ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىر يىللىق ئوقۇشقا چىقىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى. ياپونغا كەلگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 2002-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى، دىلمۇرات ئۆزى تۇرۇشلۇق ھىگاشى ماتسۇياما شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 3-قېتىملىق چەت ئەللىكلەرنىڭ ياپون تىلى لېكسىيە سۆزلەش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئىچىدە ياپونغا كەلگىنىگە 7-8 يىل بولغانلارمۇ بار بولۇپ، بۇ نەتىجىدىن دىلمۇراتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ ئاچتى .ئۇ ياپوندا ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدا ياپوندىكى ئىككى چوڭ ئوقۇش پۇلى

مۇكاپاتى تارقىتىش تەشكىلاتى، يەنى «يونېياما روتاري ئوقۇش پۇلى مۇكاپاتى تارقىتىش تەشكىلاتى» (米山奨学金) ۋە «توكيۇ چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۇلى مۇكاپاتى تارقىتىش تەشكىلاتى» (とうきゅう外来留学生奨学金) نىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ نەتىجىلەرنى ئۇ يالغۇز «تەلىيىم كەلدى»، دەپ ھېسابلىمىدى. بۇنىڭغا ياپونلارنىڭ «ئىنسان تەقدىرىنى 50 پىرسەنت تىرىشچانلىق، 50 پىرسەنت تەلەي بەلگىلەيدۇ»، دېگەن سۆزى جاۋاب بولالايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ياپونىيەگە كېلىپ تەۋرەنمەس ئىرادىلىك، ئىنتايىن كەسكىن، ۋە ئىنتايىن «رەھىمسىز»، بۇرۇندىنلا يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قىزىقىدىغان كوئىزۇمى ھىسائو ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىغا يولۇقۇشىنى، دىلمۇرات ئۆز ھاياتىدىكى ئۇنىڭغا كەلگەن ئەڭ چوڭ تەلەيىنىڭ بىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى.

دىلمۇرات بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىشىدە 2002 ـ يىلىدىن 2007 ـ يىلىغىچە «يىراق مۇساپىلىك ئىنتېرنېت ئوقۇتۇش مائارىپى» كەسپىدە ماگىستىرلىقتا ئىككى يىل، دوكتورلۇقتا 3 يىل ئوقۇدى. ئۇنىڭ تەتقىقات تېمىسى «ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كەلگەن يىراق مۇساپىلىك ئىنتېرنېت ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى لايىھىلەش ۋە ئەمەلىي قوللىنىش» ئىدى. ئۇيغۇر دىيارى 2 چوڭ ئويمانلىق ۋە 3 چوڭ تاغ تىزمىسى بىلەن ئورالغان ئۆزگىچە يەر شەكلى ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر زېمىن بولغاچقا، ئۇنىڭ تېمىسىغا ماس كېلىدىغان تەتقىقات ۋە ئىلمىي ماقالىلەر ئاساسى جەھەتتىن يوق ئىدى. ھەممە ئىشنى نۆلدىن باشلىشىغا توغرا كېلەتتى. تەتقىقات بۆلۈمىدىن ھەممە كىشىلەردىن كېيىن (كەچ سائەت 12 دىن ئاشقاندا) قايتىش، ۋە ھەر كۈنى 4 سائەت ئەتراپىدىلا ئۇخلاش ئۇنىڭ ئۇچۇن ئادەتتىكى كۈن تەرتىپكە ئايلانغان ئىدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان ئوغلى بۇغرا ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالاتتى. ئەتىسى ئوغلى قوپۇشتىن بۇرۇن ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ تاتلىق ئوغلى بىلەن نەچچە كۈنلەپ پاراڭلىشالمايدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى. گەرچە دىلمۇرات قاتتىق چارچىسىمۇ، ئىرادىسىنى بوشاشتۇرمىدى. چۈنكى بۇ ئۆزى تاللىغان، ئۆزى ياخشى كۆرگەن يول ئىدى. يالغۇز ياپونىيەدىلا ئەمەس دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بۇ يولغا ئۆزىنى ئاتىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئوخشاشلا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ ئىلگىرىكىلەر بېسىپ ئۆتكەن يول ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوقۇتقۇچىسى كوئىزۇمى ھىسائونىڭ دائىم تەكىتلەيدىغان «ئادەم پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشسا قىلالمايدىغان ئىش بولمايدۇ، مەسىلە سېنىڭ قىلغۇڭ بار ـ يوقلۇقىدا» دېگەن سۆزى دىلمۇراتنىڭ روھىنى ئۇرغۇتاتتى. دىلمۇرات دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدا ياپونىيەدىكى داڭلىق ئىلمىي ماقالە ژۇرنىلى «دېنكى گاككاي» (電機学会) دا 3 پارچە ئىلمىي ماقالە، خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا 2 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ياپونىيە دۆلەت ئىچىدىكى ئىلمىي ماقالە يىغىنلىرىدا 14 قېتىم ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى. 2007 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئوڭۇشلۇق ھالدا توكيو دېنكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئۇچۇر ئىلمى» كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.




2 ـ رەسىم: ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سەھنىگە چىقىپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋاتقان كۆرۈنۈش. مۇنبەر ئالدىدىكى دوپپا كىيىۋالغان يىگىت دىلمۇرات بولىدۇ.



3 ـ رەسىم: ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ئالاھىدە كېلىپ قاتناشقان دىلمۇراتنىڭ ياپونىيەدىكى ئۇستاز ۋە يېقىن دوستلىرى. سولدىن 1 ـ كىشى دىلمۇراتنىڭ يېقىن دوستى ماھمۇت ياسىن (توكيو چىش ئىلمى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن). سولدىن 2 ـ كىشى: سۇزۇكى ئەپەندى بولۇپ، بۇ كىشى ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ياپونىيەگە چىقىپ ئوقۇشىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى. ئىلگىرى ياپونىيە شەخسىي ئالىي مەكتەپلەر بىرلەشمىسى (日本私立大学協会) نىڭ رەئىسى، شىنجاڭ مائارىپ كومىتېتىنىڭ پەخرى مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىن دوستى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ كەلگەن. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ۋاپات بولدى. ئۇ دىلمۇراتنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ئالاھىدە كېلىپ قاتناشقان، ۋە دىلمۇراتقا گۈل سوۋغا قىلغان ئىدى. ئوڭدىن 1 ـ كىشى دىلمۇراتنىڭ يېقىن دوستى ئەكرەم ئىسلام (توكيو گاكۇگېي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن).

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇستازى كوئىزۇمى ھىسائو ئۇنىڭ توكيو دېڭىكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا قېلىپ ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. دىلمۇرات ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى چىرايلىق رەت قىلدى. سەۋەبى، ئوقۇتقۇچىلىقتىن ۋاقىتلىق قول ئۈزۈپ، رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولغان ياپونىيە شىركەتلىرىگە كىرىپ، ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم سىناش ۋە تاۋلاش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدى. يەنى ياپونىيەنىڭ داڭلىق شىركەتلىرىنىڭ بىرەرسىگە كىرىپ ئىشلەپ، ئاۋۋال يېڭى تېخنىكىلارنى ئىگىلەش، ئاندىن كېيىن ئۆزىدىكى بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ نەتىجە يارىتىش، ئاخىرقى ئۆمرىدە بولسا يەنە ئوقۇتقۇچىلىق سېپىگە قايتىپ كېلىپ ئوقۇغۇچى تەربىيىلەشنى ئۆزىگە نىشان قىلغان ئىدى .

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى ،2007-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ياپونىيەدىكى 10 چوڭ ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى تەتقىق قىلىپ ياساش شىركەتلىرىنىڭ بىرى بولغان مىتسۇبىشى گۇرۇھىنىڭ «MITSUBISHI ELECTRIC INFORMATION NETWORK» شىركىتىگە ئىشقا چۈشتى. خىزمەتكە چۈشكەندىن بېرى شىركەتنىڭ بىر قانچە خىل يېڭى تىپتىكى بىخەتەرلىك سىستېمىسىنىڭ تەتقىقات ۋە ئىنژېنېرلىق خىزمىتىگە قاتناشتى. ھازىر شىركەتنىڭ خەلقئارالىق «Cloud SAP Service Department» بۆلۈمىدە ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئىنىمىز دىلمۇرات يالغۇز كەسپىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ، ۋە ئۆز ئائىلىسىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇرۇپ ياشاپلا قالماي، ئۇ يەنە ئايالى گۈلنار بىلەن بىرلىكتە توكيو رايونىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇش، مەدەنىيەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياپونلارغا ئۇيغۇرلارنى توغرا تونۇشتۇرۇش ئىشلىرىدا ئىزچىل تۈردە تايانچلىق ۋە باشلامچىلىق رولىنى ئويناپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاقتىنىڭ قىسلىقىغا قارىماي، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆز قولىدىن كېلىدىغان خىزمەتلەرنى قىلىپ تۇرۇپ ياشاش روھى بىلەن، 2015-يىلى ئۆكتەبىردە ئىستانبۇلدا ئېچىلغان ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىنىڭ يىللىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۇنىڭدا بىر مەيدان ئىلمىي دوكلات بەردى. تۆۋەندىكى بىر قانچە پارچە رەسىمدىكىسى دىلمۇرات ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىۋاتقان ۋاقتىدىكى كۆرۈنۈشلەر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 6- ۋە 7-رەسىملەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق: 2011-يىلى 3-ئاينىڭ 11-كۈنى ياپونىيەنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ تىپتىكى يەر تەۋرەش ۋە دېڭىز تاشقىنى ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئۆلگەن ۋە ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلەرنىڭ سانى 19 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قوللىرىنى سۇنۇپ كەلگەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى ۋە ياپونىيە خەلقىگە ئازراق بولسىمۇ كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن دىلمۇرات ياپونىيەنىڭ سايتاما رايونى ساكادو شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ۋە خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ، 2011-يىلى 11-ئاينىڭ13-كۈنى توكيو دېڭىكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1000 كىشىلىك چوڭ زالىدا بىر قېتىم «شەرقىي شىمالدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئىئانە توپلاش يىپەك يولى ئۇيغۇر سەنئەت كېچىلىكى» ئورۇنلاشتۇرۇپ، يىغىلغان پۇل ئارقىلىق ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ياردەم قىلدى. بۇ ئىككى پارچە رەسىم شۇ پائالىيەت جەريانىدا تارتىلغان.

دىلمۇراتنىڭ بۈگۈنكى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىگە ئۇنىڭ دادىسى ۋە ئايالىنىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور بولدى. دادىسى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن دىلمۇراتقا قەيسەر بولۇشنى، ئۆز كۈچىگە تايىنىشنى ئۆگەتتى. دادىسى 5 بالىنىڭ ھەممىسىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتتى. دىلمۇرات دادىسىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنەتتى. ئۇ دادىسىنى «بىر ھەقىقىي قەھرىمان دادا»، دەيدۇ. دىلمۇراتنىڭ ئايالى ئۇنى باشتىن-ئاخىرى قوللاپ، ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى. ئۇ بارلىقىنى دىلمۇراتنىڭ تەتقىقاتى بىلەن ئائىلىگە بېغىشلىدى. دىلمۇرات ئايالىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا: «سەن بىلەن توي قىلغىنىم ھاياتىمدا قىلغان ئەڭ توغرا ئىشلىرىمنىڭ بىرى»، دەيدۇ.

دىلمۇرات ناپالېئوننىڭ بىر سۆزىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. يەنى، بىر ئادەم ناپالېئوندىن سوراپتۇ:

-- «ئەگەر پۇرسەت بولسا سىز يەنە قانداق ئىشلارنى قىلماقچى؟ »

ناپالېئون مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:
-- «پۇرسەت دېگەن نېمە ئۇ؟ پۇرسەتنى ئادەم ئۆزى يارىتىدۇ.»

ياپونىيەدىكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە ئۇنىڭغا ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىۋاتقان روتارىي تەشكىلاتى ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى، مەدەنىيىتى توغرىلىق لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئوبدانراق تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، ياپونىيەگە چىقىشتىن ئىلگىرى يازغۇچى ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» دېگەن كىتابىنى بىر قېتىم ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتى. ھەمدە پۇختا تەييارلىق قىلىپ، روتارىي تەشكىلاتىدىكى ياپونلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى تونۇشتۇرۇپ بەردى. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ كىتابىنىڭ بىرىنچى بېتىگە مۇنداق ئىبارىلەر يېزىلغان ئىكەن: «ھۆرمەتلىك دىلمۇرات ئەپەندى، سىزمۇ بىر پارچە ھەرىكەتچان ۋەتەن. مەيلى قەيەرگە بارماڭ، كىشىلەر سىز ئارقىلىق بىزنى چۈشىنىشى كېرەك.» بۇ ئىبارىلەر دىلمۇراتقا خۇددى ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. دىلمۇراتنىڭ ياپونىيەگە كەلگىنىگە ھازىر 14 يىل بولدى. ئۇ دائىم «مەن ئۇيغۇرۇم ئۈچۈن زادى نېمە ئىش قىلىپ بېرەلىدىم؟»، دەپ ئويلايدۇ.

دىلمۇرات مۇنداق دەپ ئويلايدۇ: «بىر ھەقىقىي ئۇيغۇر زىيالىيسى ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. دەرۋەقە ئابدۇقادىر جالالىدىن دېگەندەك، چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر ۋەتەننىڭ بىر پارچىسى. دۇنيا بىز ئارقىلىق ئۇيغۇرنى تونۇشى، ۋەتەننى چۈشىنىشى كېرەك». بۇ جەھەتتە ئىنىمىز دىلمۇرات تىلىۋالدى ھازىرغىچە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ناھايىتى ياخشى ئادا قىلىپ، ياپونلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجابىي ئوبرازىنى توغرا نامايان قىلىش جەھەتتە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشتى. مەن ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئىلمىي ئىشلىرىدا ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.

## دوكتور دىلمۇرات تىلىۋالدى ھازىرغىچە ئىلمىي ژۇرناللار ۋە ئىلمىي دوكلات يىغىنلاردا ئېلان قىلغان ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ تىزىملىكى:

### ئىلمىي ژۇرنال ماقالىلىرى (学術論文誌)


1. ディリムラット　ティリワルディ，高橋稔哉，小泉寿男：「教材のリアルタイム編集機能を持つ同期・非同期融合型遠隔教育支援システムとその実験評価」電気学会論文誌 C，IEEJ Trans.EIS，Vol.126，No.4，pp474-484，2006.

2. ディリムラット　ティリワルディ，高橋稔哉，高田昭伸，小泉寿男：「低速回線インターネットをベースとした遠隔協調学習法とその実験評価」電気学会論文誌 C, IEEJ　Trans.EIS, Vol.127，No.2，pp253-263，2007.

3. ディリムラット　ティリワルディ，兼子重人，細村　宰，大細　孝，三井　浩康，小泉寿男：「協調学習における議論場と作業場間の連携支援方法とその実験評価」電気学会論文誌 C，IEEJ　Trans.EIS，Vol.129，No.4，pp744-754，2009.


### خەلقئارالىق ئىلمىي-دوكلات يىغىن ماقالىلىرى (国際会議論文)


4. Dilmurat TILWALDI, Toshiya Takahashi,Hisao Koizumi,etc :"A Smart Method of Cooperative Learning Including Distant Lectures and Its Experimental Evaluations",EUC2005Workshops, pp.268-277,2005/12/6.

5. Sawamoto, J., Hidekazu Tsuji, Dilmurat Tilwaldi, Hisao Koizumi:“A Proposal of Multi-Agent System Development Framework for Cooperative Problem Solving and its Experimental Evaluation”,The 19th International Conferlance on Advanced Information Networking and Applications(AINA2005)Tamkang University,Taiwan,pp.47-52,2005.

## ياپونىيەدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى (シンポジウム・研究会)

6.　高田昭伸，高橋稔哉，ディリムラット　ティリワルディ，小泉寿男：「共同作業を中心にした遠隔協調学習における支援とその実践評価」電子情報通信学会　IEICE Technical Report　ET2006-61，pp61-66，2006/11.

7.　ディリムラット　ティリワルディ，高橋稔哉，高田昭伸，三島雄一郎，細村宰，小泉寿男：「遠隔講義を含めた協調学習法とその評価実験」情報処理学会　マルチメディア・分散・協調とモバイル（DICOMO2005）pp309-312 ，2005/7/7.

8.　ディリムラット　ティリワルディ，高橋稔哉，高田昭伸，小泉寿男：「短時間追加講義を含めた遠隔協調学習の方法」　教育システム情報学会研究報告 JSiSE vol.19，pp57-62，2005/1/22.

9.　高橋稔哉，ディリムラットティリワルディ，高柳俊多，三島雄一郎，高田昭伸，小泉寿男：「WebCT を基盤とした教材コンテンツ編集型教育支援システムの提案」DPS ワークショップ，pp143～148，平成 16 年 12 月.

10. ディリムラット　ティリワルディ，高柳俊多，三島雄一郎，高橋稔哉，小泉寿男:「同期・非同期融合型遠隔教育におけるリアルタイム教材編集方式」情報処理学会　DPS 第 113 回研究会会講演論文集，pp385-386，2003/6/20.

11. 高柳俊多，ディリムラット・ディリワルディ，三島雄一郎，高橋稔哉，小泉寿男：「教材のリアルタイム編集機能を持つ同期・非同期融合型遠隔教育支援システムの提案」情報処理学会　DPS 第 115 回研究会，pp 25-30，2003/11/13.

## ياپونىيەدىكى مەملىكەتلىك ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرى (全国大会)

12. ディリムラット　ティリワルディ，高田昭伸，小泉寿男他：「同期・非同期融合型遠隔講義をベースとした協調学習法とその評価実験」平成 17 年度電気関係学会関西支部連合大会講演論文集，pp-G266，2005/11/13.

13. ディリムラット　ティリワルディ，高橋稔哉，高田昭伸，小泉寿男：「短時間追加講義を含めた遠隔協調学習法とその評価実験」平成 17 年度電気関係学会東海支部連合大会講演論文集，pp.O-208，2005/9/15.

14. ディリムラット　ティリワルディ，高柳俊多，三島雄一郎，小泉寿男：「遠隔学習中の学習者理解度確認と講義への反映方式」平成 16 年電気関係学会関西支部連合大会，2004/11/28.

15. ディリムラット　ティリワルディ，高柳俊多，三島雄一郎 ，高橋稔哉，小泉寿男：「低速回線インターネットでも可能な遠隔協調学習方式の提案とその実験評価」平成 16

年電気学会電子・情報・システム部門大会，2004/9/2.

16. ディリムラット　ティリワルディ，高柳俊多，高橋稔哉，小泉寿男：「同期・非同期融合型遠隔教育におけるリアルタイム教材編集方式の実験」平成 15 年電気関係学会関西支部連合大会講演論文集，pp267，2003/11/9.

17. ディリムラット　ティリワルディ他，高柳俊多，三島雄一郎，細村宰，小泉寿男：「遠隔教育におけるリアルタイム教材編集方式の提案」情報処理学会第 65 回全国大会講演論文集，pp385-386，2003/3/26.（学生奨励賞受賞）

18. ディリムラト　ティリワルディ，細村宰 :「３Ｄ地図における都市情報の可視化に関する研究」日本リモートセンシング学会　第 31 回学術講演会論文，2001/12/22.

19. ディリムラット　ティリワルディ，細村宰，太田哲雄:「ビデオカメラを用いたモデリグに関する研究」日本写真測量学会　平成 13 年度秋季学術講演会，2001/11/29.

# دىلرەبا ئىبراھىم

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(دىلرەبا ئىبراھىمنى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى دوكتور ئابلەھەت ئىبراھىمنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)

سىڭلىمىز دىلرەبا باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگودا ئوقۇدى. ئاشۇ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە ئۇ ئوقۇش نەتىجىسى جەھەتتە ئىزچىل تۈردە سىنىپ ۋە مەكتەپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى. دىلرەبا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ۋېنگرىيە مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ بىر ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ، كومپيۇتېر ئىلمى بويىچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى باشلىدى. ئۇنىڭ غايىسى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مىكروسوفت شىركىتىگە كىرىپ ئىشلەش ئىدى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، دىلرەبا ئىنژېنېرلىق كەسپىي ساھەلىرىنى ئاساسەن ئەرلەر ئىگىلىگەنلىكىنى، ئۇلار كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا كومپيۇتېر بىلەن ھەپىلىشىپ، چوڭ بولغۇچە ناھايىتى كۆپ تەجرىبىلىك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدى. دىلرەبا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن، بۇرۇن كومپيۇتېر بىلەن ھېچ قانداق ھەپىلىشىپ باقمىغان بولغاچقا، ئاشۇنداق بىر ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن ئالىي مەكتەپنى كومپيۇتېر ئىلمى كەسپىدە ئوقۇشنىڭ ئۆزى ئۇچۇن بىر خىل جەڭ ئېلان قىلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويۇپ قاتتىق تىرىشتى. نەتىجىدە ۋېنگرىيەدىكى داڭلىق مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان ئېتۋوس لوراند ئۇنىۋېرسىتېتى (Eotvos Lorand University) نى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، كومپيۇتېر ئىلمى كەسپىنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.




1-رەسىم: سىڭلىمىز دىلرەبا ئىبراھىم

دىلرەبا ۋېنگرىيەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ ئامېرىكىغا كېلىپ، دادىسى بىلەن جەم بولدى. دىلرەبا باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىنى ۋېنگرىيەدە تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇمۇ ئامېرىكىغا كېلىپ، ئاتا-ئانىسى بىلەن جەم بولدى. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن، دىلرەبا كەسپىي جەھەتتە ئۆزىنى يەنىمۇ

تەرەققىي قىلدۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ بىرىدە بىر ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە بىر ئاسپىرانتلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇماقچى بولغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار «توفىل» (TOEFL) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانى بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ كەسپىي دەرسلىرىدىن ئېلىنىدىغان «GMAT» دېگەن يەنە بىر ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولمىسا بولمايتتى. شۇڭلاشقا دىلەربا ئامېرىكىغا كېلىپلا ئاشۇ ئىككى ئىمتىھانغا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تەييارلىق قىلىشقا جىددىي ھالدا كىرىشىپ كەتتى، ھەمدە ئۇ ئىمتىھانلاردا لاياقەتلىك بولۇپ، كالىفورنىيە شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىندى. دىلەربا بۇ مەكتەپتىمۇ سىنىپنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇدى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىللە ئامېرىكىدا چىقىدىغان بىر ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالىمۇ ئېلان قىلدى. ماگىستىرلىق ئوقۇشى جەريانىدا ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەۋسىيە قىلىپ بېرىشى بىلەن ئاشۇ پىروفېسسور قوشۇمچە خىزمەت قىلىدىغان بىر شىركەتتە «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» (internship employee) بولۇپ ئىشلىدى.

سىڭلىمىز دىلەربا ماگىستىرلىق پروگراممىسىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك ئىشنى قىلىپ بەردى: ئۇ كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق بولغان، دۇنياغا داڭلىق مىكروسوفت شىركىتىگە خىزمەتكە كىرىپ، ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسى (operating system) فونتىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرىنى لاھىيىلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇ مىكروسوفت تېخنىكىلىق گۇرۇپپىسى، خەتتاتلىق گۇرۇپپىسى ۋە تىلشۇناسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئېلىپ، ئۇيغۇر تىلى فونتىنى دۆلەت ئۆلچىمى (GB18030) گە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولىشىغا، ھەمدە شۇ ئاساستا ئۇيغۇر تىلىنىڭ Windows مەشغۇلات سىستېمىسىغا كىرگۈزىلىش ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، دىلەربا بىر قاتار مۇرەككەپ سۆھبەتلىشىپ باھالاش (interview) جەريانىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، كالىفورنىيەدىكى كىرىمنىي جىلغىسى (Silicon Valley) دىكى ئىنگلىزچە «ArcSight» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركىتىدە ئۆزىنىڭ تۇنجى خىزمەت ئورنىغا ئېرىشتى. بۇ شىركەتنىڭ پاي چېكى 2008-يىلى بازارغا سېلىنىپ، 2010-يىلغا كەلگەندە ئۇنى ئامېرىكىدىكى داڭلىق كومپيۇتېر ۋە ئېلېكتىرونىكا ئەسۋابلىرى شىركىتىنىڭ بىرى بولغان «خەۋلەت-پاكارد» (Hewlett-Packard, HP) شىركىتى سېتىۋالدى. دىلەربا قاتتىق تىرىشىش، مەسىلىلەر ئۈستىدە تەنقىدىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈش، ۋە يېڭى ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ شىركەت ئۈچۈن قىممەت يارىتىشتا ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان خادىملارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ شىركەتنىڭ ئەقلىي مەھسۇلاتلىرىنى قوغدايدىغان يېڭى پاتېنتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» دېگەن سالاھىيەتتىن رەسمىي ئىنژېنېرلىق ئورنىغا كۆتۈرۈلدى، ھەمدە ئۇ يەردىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە بىر گۇرۇپپا تېخنىكىلىق خادىملارنى باشقۇرىدىغان رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆسۈپ، نەچچە مىليون دوللارلىق كىرىم يارىتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتىغا مەسئۇل بولدى. ئۇ تەدرىجىي ھالدا يەنە شىركەتنىڭ تېخنىكىلىق لايىھىلىگۈچىسى (technical architect) ئورنىغا ئۆسۈپ، شىركەتنىڭ تېخنولوگىيىگە مەسئۇل لىدېرى (Chief Technology Officer, CTO) نىڭ ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىسى بولدى. دىلەربا شىركەتنىڭ 1-دەرىجىلىك لىدېرى (Chief Executive Office, CEO) بىلەن بىرلىكتە يېڭى كەشپىيات ئاساسىدا بىر يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپ چىققان بولۇپ، دىلەربا بۇ مەھسۇلاتنى شىركەتنىڭ بىر قېتىملىق 3000 كىشىلىك يىغىنىدا بارلىق شىركەت خادىملىرىغا تونۇشتۇردى.

خەۋلەت-پاكارد شىركىتى Arcsight نى سېتىۋالغاندىن كېيىن، يېڭىلىق يارىتىش ئىشلىرى سۇسلىشىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن دىلەربا يېڭى ماھارەت ۋە يېڭى تېخنولوگىيىلەرنى ئۆگىنىش ئىستىكى بىلەن ئالما شىركىتىنىڭ يانفون ئەپلىرى (iPhone Apps) نى ياساشنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى.

شۇ جەرياندا ئۇ بىر قانچە يېڭى ئەپلەرنى ياساپ چىقىپ، ئۇلارنى ئالما شىركىتىنىڭ «iTunes» دۇكىنىغا قويدى. شۇ جەرياندا ئۇ ئالما شىركىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ يۇمشاق دېتاللىرى (iOS) ۋە ئەپ بازىرى ھەققىدە نۇرغۇن ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. ئاخىرىدا ئۆزى مەسئۇل ساھەنىڭ مەھسۇلات باشلىقى، گرافىك لايىھىلىگۈچى ۋە يۇمشاق دېتال ئىنژېنېرى بولدى.

دىلرەبا يالغۇز ئۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، كۈندۈزى ئۆزىنىڭ نورمال خىزمىتىنى قىلىپ، ئاخشىمى بالىلىرىنى ئۇخلىتىپ بولغاندىن كېيىنكى بارلىق ۋاقىتلىرىنى يېڭى ئەپ يېزىشقا قاراتتى. ئاشۇنداق قاتتىق تىرىشىش نەتىجىسىدە، دىلرەبا بىر قانچە يۇقىرى سۈپەتلىك ۋە بىر قىسىم ئالاھىدە بوش ئورۇنلارنى تولدۇرىدىغان ئەپلەرنى ئىشلەپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئەپلەر ئەڭ كۆپ سېتىلغان ئەپلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ئالما شىركىتى «iPad» نى يېڭىدىن ئېلان قىلىپ، تەتقىقاتچىلارنى ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى ئەپلەرنى يېزىشقا چاقىرغاندا، دىلرەبا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، iPad نىڭ فېيىسبۇك پىروگراممىسىغا يېڭى ئەپ يېزىشقا ئاتلاندى. iPad بازارغا سېلىنغان بىرىنچى كۈنى دىلرەبا يازغان فېيىسبۇك ئەپى ئالما شىركىتى دۇكىنىدا ئەڭ كۆپ سېتىلغان 10 ئەپنىڭ بىرى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتى. ئۇ چاغدا فېيىسبۇك شىركىتىنىڭ ئۆزىمۇ زۆرۈر بولغان ئەپلەرگە مەبلەغ سېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن دىلرەبا خەۋلەت ـ پاكارددىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك يېڭى تېخنولوگىيىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يېڭى قۇرۇلغان شىركەتتىن بىرسىگە بېرىشنى قارار قىلدى. ھەمدە مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان بىر يېڭى شىركەتكە كىرىپ، ئۇنىڭ ئىنژېنېرلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. شۇنداقلا پۈتۈن مەھسۇلات بازىسىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقتى. بۇ شىركەت مەبلەغ سالغۇچىلاردىن يەنە بىر قېتىم پۇل ھەل قىلىشنى قارار قىلغاندا، دىلرەبا يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ۋە يېڭى ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدە، ھازىرقى زامان يېڭىلىقلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالما شىركىتى، گۇگۇل شىركىتى ياكى فېيىسبۇك شىركىتىگە كىرىپ ئىشلەشنى قارار قىلدى. ناھايىتى مۇرەككەپ سۆھبەتلىشىپ باھالاش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، دىلرەبا نەتفلىكس (Netflix) شىركىتى، ئالما شىركىتى ۋە فېيىسبۇك شىركىتىدىن تەڭلا خىزمەتكە ئېلىش تەكلىپى تاپشۇرۇپ ئالدى. دىلرەبا بىر قانچە كۈن ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىن، فېيىسبۇك شىركىتىدىكى خىزمەتنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كېلىپ، ئۆز ھاياتىنىڭ يەنە بىر يېڭى دەۋرىنى باشلىدى. فېيىسبۇككا كىرگەندىن بۇيان دىلرەبا ئۆز زېھنىنى مەھسۇلات مىقدارىنى كۆپەيتىش (scalability) ۋە چوڭ كۆلەملىك سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش (big data domains) ساھەسىدىكى بىلىمى ئاشۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ كەلدى. ئۇ ھازىر فېيىسبۇكتا «ئاساسلىق ئىنژېنېر» (Principal Engineer) بولۇپ، شىركەتنىڭ ئۆلچەش ئىلمى ساھەسىدىكى مەشغۇلاتلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلىش جەريانىدا، دىلرەبا يەنە ئىككى چىرايلىق پەرزەنتنىڭ ئانىسى بولدى. ئۇ قارىشىچە، يېقىن كەلگۈسىدە كومپيۇتېر پىروگراممىسى يېزىشنى بىلىش خۇددى ئىنگلىز تىلىنى بىلىش بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە مۇھىم بولۇپ قالىدۇ. ئۇ يېڭى تېخنولوگىيىلەرنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، بالىلىرىغا 6 ياشتىن باشلاپلا پىروگرامما يېزىشنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىلرەبا «Coder Dojo» دەپ ئاتىلىدىغان تەشكىلاتلارغا ئوخشاش ئورۇنلاردا پىدائىي بولۇپ ئىشلەپ، بالىلارغا پىروگرامما يېزىشنى ئۆگىتىۋاتىدۇ. دىلرەبانىڭ غايىسى ئۇيغۇر بالىلىرىغىمۇ پىروگرامما يېزىشنى ئۆگىتىپ، ئامېرىكىنىڭ كىرىمنىي جىلغىسىدا بار بولغان يېڭى تېخنولوگىيە بايلىقلىرى بىلەن ئۇيغۇر بالىلىرىنىمۇ تەمىنلەشتۇر.

سىڭلىمىز دىلرەبا توغرىسىدا تۆۋەندىكى تور بەتلىرىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلار بار:

https://www.linkedin.com/in/dilraba
http://www.google.com/patents/US20140075564
http://www.mcs.csueastbay.edu/~lertaul/MANETSecCamReadyV6.pdf

http://www.businessinsider.com/10-things-we-love-and-hate-about-the-ipad-2010-4?op=1
http://techcrunch.com/2010/04/05/facebooks-ipad-impostor-facebook-ultimate-removed-from-the-app-store/

## سىڭلىمىز دىلرەبا ئىبراھىم ھازىرغىچە ئېلان قىلغان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):

[1] Network asset information management. Patent No. US 20140075564 A1.

[2] Evaluation of Secure Routing Protocols in Mobile Ad Hoc Networks (MANETs). Presented at Security and Management Conference 2009: Las Vegas, Nevada, USA.

[3] Business Insider article about Dilraba's Facebook App: http://read.bi/19mAcXc

[4] Techcrunch article about Dilraba's Facebook App: http://tcrn.ch/1M1LZMN

# دوكتور دىلشات ئابلا (ياپونىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 3-ئاينىڭ 13-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(دوكتور دىلشات ئابلانى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى دوكتور ئىلياس قاسىمنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)

ئىنىمىز دىلشات 1962-يىلى ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى ئاتلاپ ئوقۇش تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى قېتىم يۇقىرى يىللىققا ئاتلاپ ئوقۇپ، 16 يېشىدا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن، ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، 1978-يىلى 3-ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن.



1-رەسىم: دوكتور دىلشات ئابلا

ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن دىلشات ئابلا ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ داۋالاش فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان 120 ئوقۇغۇچىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، دەسلەپتە سىنىپ مەسئۇللىرى ۋە باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكى ۋە دەرس ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈپ ماڭالىشىدىن ئەنسىرەشكەن. لېكىن دىلشات خەنزۇچە تىل ئۆگىنىشتىن باشلاپ، قىيىن كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلەشكىچە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئوقۇش نەتىجىسىدە سىنىپىنىڭ ئالدىدا ماڭغان. ئۇ بىر يىللىق خەنزۇچە ئۆگىنىش بىلەنلا كەسپىي دەرسلەرنى پۈتۈنلەي خەنزۇچە ئاڭلاپ چۈشىنىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارغاندىن باشقا، قوشۇمچە ھالدا ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىز تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ماڭغان. 1983-يىلى 12-ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى تاماملاپ، باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ شۇ يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆزىگە خىزمەتكە ئېلىپ قېلىنغان.

دىلشات ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقىرىش ئۈچۈن بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان ئىمتىھانلاردىن ئۆتۈپ، 1990-يىلى ياپونىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن. 1992-يىلى ياپونىيەدىكى ئىككى يىللىق ئوقۇشىنى تاماملاپ، شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىغا قايتىپ، 1996-يىلغىچە شۇ مەكتەپنىڭ

فىزىئولوگىيە كافېدراسىدا لېكتور ۋە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1996 - يىلى قايتىدىن ياپونىيەگە ئوقۇشقا كېلىپ، 2001 - يىلى ياپونىيەنىڭ چىبا ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ نېرۋا پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئىنىمىز دىلشات 2001 - يىلدىن 2004 - يىلى 3 - ئايغىچە ياپونىيە پەن - تېخنىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئورگىنى (Japan Science and Technology Agency, JST) دا دوكتور ئاشتى، 2004 - يىلدىن 2012 - يىلى 3 - ئايغىچە ياپونىيەنىڭ رىكېن (RIKEN) مېڭە تەتقىقات مەركىزى (Brain Science Institute, BSI) دە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن. RIKEN دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئورۇن ياپونىيە بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دۆلەتلىك تەتقىقات ئىدارىسى بولۇپ، بۇ يەردە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تاللىنىپ قوبۇل قىلىنغان تەتقىقاتچىلار ئىلغار شارائىت ۋە ياخشى ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن ھالدا يۇقىرى سەۋىيەلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. ئورتاق تىل سۈپىتىدە ئىنگلىز تىلىنى قوللىنىدۇ.

دىلشات بۇ ئىدارىدىكى تەتقىقاتى جەريانىدا ئادەملەر دەسلەپكى تىل قوبۇل قىلىش، ئەستە قالدۇرۇش، ۋە بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا ئۇلارنىڭ مېڭىسىنىڭ ئىچىدە قانداق تەرەققىيات باسقۇچلىرى ۋە نېيرونلۇق ھەرىكەت ئۆزگىرىشلىرى يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئائىت بىر يۈرۈش تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. دىلشات ئاشۇ تەتقىقاتلار ئۈچۈن مېڭە ئېلېكتىر دولقۇنى (EEG)، قىزىلغا يېقىن ئىنفىرا نۇرى (NIRS)، ۋە فۇنكسىيەلىك ماگنىتلىق رېزونانس سۈرەتلەشتۈرۈش (fMRI) قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

ئۇ كىشىلەرنىڭ يات تىلغا ئوخشاش يېڭى بىر يۈرۈش چاتما ئۇچۇرنى ئۆگىنىش جەريانىدىكى ئۆگىنىش نەتىجىلىرى بىلەن نېرۋىلىق ھەرىكەت ئۇچۇرلىرىنىڭ تاناسىپلىق ئۆزگىرىشى، يەنى ئۆگىنىپ بولغانلار بىلەن تېخى ئۆگىنەلمىگەنلەرنىڭ مېڭىدىكى پەرقى ۋە نېرۋىلىق ھەرىكەت ئورۇنلىرى ھەققىدە يېڭى بايقاشلارنى ھاسىل قىلغان، ھەمدە «ئۆگىنىش كۆرسەتكۈچى» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بۇ يېڭى نەتىجىلىرى 2008- ۋە 2009 - يىللىرى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ داڭلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان، ھەمدە ياپونىيەدىكى ئىلىم - ئۇچۇر تور بەتلىرىدە، ۋە ياپونىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيەسى NHK نىڭ ئالاھىدە پىروگراممىسى «ئىنسانلار تىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى» دا تونۇشتۇرۇلغان.

دوكتور دىلشات ئابلا ھەر خىل تەپەككۇر، تونۇش، ئىجرا قىلىش قاتارلىق ئادەم مېڭىسىنىڭ ئالىي ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئائىت مېڭە ئېلېكتىر دولقۇنلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن توغرا ۋە تېز ئايرىشقا ئائىت يېڭى ئۇسۇللارنى ئىجاد قىلىپ چىققان، ۋە بۇ ئۇسۇللارنى مېڭە سىگنالى بىلەن ماشىنا باشقۇرۇش (Brain - machine Interface, BMI) ساھەسىگە تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇ تويوتا ئاپتوموبىل شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياشانغانلار ئۈچۈن مېڭە سىگنالى ئارقىلىق ئاپتوموبىل تورمۇزىنى باشقۇرۇش، پۇت - قولى پالەچ بولۇپ قالغان بىمارلار ئۈچۈن مېڭىنىڭ ئوي - تەپەككۇرى بىلەنلا ماشىنا ئادەم ۋە چاقلىق ھارۋىلارنى باشقۇرۇپ، ئۆز ھاجەتلىرىدىن چىقىرىشتەك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۈنۈملۈك كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

مېڭە ئۇچۇرى بىلەن سىرتقى ماشىنا ئاپپاراتلارنى باشقۇرۇش (BMI) تېخنىكىسى دېگىنىمىز، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ قوزغىلىشىدىن كېلىپ چىققان مېڭە ئېلېكتىر دولقۇنلىرى (EEG) ئارقىلىق ماشىنا ئادەم، چاقلىق ھارۋا، ۋە لامپۇچكا قاتارلىق سىرتقى ماشىنا ئاپپاراتلارنى باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى كۆرسىتىدۇ. پۇت - قولى پالەچ، ئەمما مېڭىنىڭ كۆپلىگەن ئالىي ئىقتىدارلىرى نورمال بىمارلار ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مېڭە تەپەككۇرى يەنى مېڭە بۇيرۇقىنى بىۋاستە ماشىنا ئادەم ۋە چاقلىق ھارۋا قاتارلىق سىرتقى ئاپپاراتلارغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، بىمارلارنىڭ تەلەپلىرى بويىچە مۇلازىمەت قىلدۇرۇش، BMI تەتقىقاتىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىدۇر.



2 ـ رەسىم: دوكتور دىلشات ئابلا تەجرىبىگە ئىشلەتكەن ماشىنا ئادەم بىلەن بىللە.



3 ـ رەسىم: دىلشات ئۆزىنىڭ كىچىك ئوغلى دانىيارغا چاقلىق هارۋا **BMI** تەجرىبىسى ئىشلىگەن ۋاقتتىكى بىر كۆرۈنۈش.

دوكتور دىلشات ئابلا ئىنگلىز تىلىدا چىقىدىغان داڭلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللاردا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تەتقىقات مېۋىلىرىنى مەزمۇن قىلغان، ۋە بىرىنچى ياكى قوشۇمچە ئاپتور بولغان ئىلمىي ماقالىلەردىن 20 پارچىدىن كۆپرەكىنى ئېلان قىلغاندىن باشقا، ئۇ يەنە ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق چوڭ يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى هەققىدە ئىلمىي دوكلات بەردى.

دوكتور دىلشات ئابلا مېڭە سىگنالى بىلەن ماشىنا ـ ئاپپاراتلارنى باشقۇرۇش ئىلمىگە ئىنتايىن چوڭقۇر قىزىقىدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى بىلىملىرىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، يېقىندا ئۇ ياپونىيەدىكى ئاپتوموبىل ئىشلەپ چىقىرىش ۋە ئاپتوماتىك ماشىنا باشقۇرۇشتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان NIKKI شىركىتىگە خىزمەت ئالماشتۇرۇپ كىردى. ئۇ هازىر ئاشۇ شىركەتتە ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېر، شۇنداقلا كونتروللۇق باشقۇرۇش ۋە لايىھەلەش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ تەتقىقات خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئاپتوموبىلغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۈزلىگەن سەزگۈچى ئاپپاراتلاردىن قوبۇل قىلىنغان ئۇچۇرلارنى ئانالىز قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ماشىنىنىڭ مەركىزىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ بۇيرۇق كوماندىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش، نېرۋىلىق تورلىشىش تېخنىكىسى، گېنلىق ئالگورىزىم تېخنىكىسى ئارقىلىق سىگناللارنى دەلىللەش، كونترول قىلىش قاتارلىقلار، دەل ئۇنىڭ مېڭە

سىگناللىرى بىلەن سىرتقى ئاپپارات-ماشىنىلارنى باشقۇرۇشتا ئىگىلىگەن تېخنىكىسىغا ماس كەلگەن بولغاچقا، دىلشات بۇ ئەمەلىي خىزمەتكە تېخىمۇ زور ئىشتىياق باغلاۋاتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ مېڭە سىگناللىرى بىلەن شوپۇرنىڭ سەگەكلىك ھالىتىنى بايقاش، ئاپتوموبىلنىڭ تورمۇز ۋە باشقا كونترول سىستېمىسىنى باشقۇرۇشقا ئائىت يېڭى تەتقىقاتلارنىمۇ ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

دوكتور دىلشات ئابلا ھازىر ياپونىيەنىڭ كاناگاۋا رايونىدا ئايالى ۋە ئىككى پەرزەنتى بىلەن بىرگە ياشايدۇ.

## دوكتور دىلشات ئابلا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):


**(1) Journal Papers:**

1. Kamiyama, KS., **Abla, D.**, Iwanaga, K. & Okanoya, K. (2013). Interaction between musical emotion and facial expression as measured by event-related potentials. *Neuopsychologia*, 51, 500-505.
2. Sun, F., Hoshi-Shiba, R., **Abla, D**. & Okanoya, K.(2012). Neural correlates of abstract rule learning: an event-related potential study. *Neuopsychologia*, 50, 2617-2624.
3. Kamiyama, K., Katahira, K., **Abla, D**. & Okanoya, K. (2010). Music playing and memory trace: Evidence from event-related potentials. *Neuroscience Research*. 67 (4): 334-340.
4. **Abla, D.** & Okanoya, K. (2009). Visual statistical learning of shape sequences: An ERP study. *Neuroscience Research*, 64 (2), 185-190.
5. **Abla, D**. & Okanoya, K. (2008). Statistical segmentation of tone sequences activates the left inferior frontal cortex: a near-infrared spectroscopy study. *Neuopsychologia, 46*, 2787-2795.
6. Katahira, K., **Abla, D**. & Okanoya, K. (2008). Neural processing of intended sound and auditory feedback during musical performance. *Neuroscience Research, 61*, 120-128.
7. **Abla, D**., Katahira, K. & Okanoya, K. (2008). Online assessment of statistical learning by event-related potentials. *Journal of Cognitive Neuroscience, 20 (6)*, 952-964.
8. Fujii, N., **Abla D**., Kudo, K., Hihara, S., Okanoya, K. & Iriki, A. (2007). Prefrontal activity during Koh-do incense discrimination. *Neuroscience Research* 59: 257-264.
9. **Abla D**., Nakajima, Y. & Shimoyama, I. (2001). Cerebral functional localization of word recognition process during silent reading of native and non-native languages: an ERP study. *Chiba Medical Journal* 77: 347-357.
10. Shibata T, Shimoyama I, Ito T, **Abla D**, Iwasa H, Koseki K, Yamanouchi N, Sato T, Nakajima Y. (1999). Attention changes the peak latency of the visual gamma-band oscillation of the EEG. *NeuroReport* 10: 1167-1170.
11. Shibata T, Shimoyama I, Ito T, **Abla D**, Iwasa H, Koseki K, Yamanouchi N, Sato T, Nakajima Y. (1999). Event-related dynamics of the gamma-band oscillation in the human brain: information processing during a GO/NOGO hand movement task. *Neuroscience Research*, 33: 215-222.
12. **Abla D.,** Nakajima Y, Shimoyama I, Shibata T and Ito T. (1999). Event-related potentials (ERPs) for numerals and words recognition in native and second language. "*Modern Research in High-technology & Science*". pp16-24.
13. Shimoyama I, Nakajima Y, Shibata T, Ito T, **Abla D**, Kansaku K, Mizota J. (1999). Binocular interactions in visual evoked cortical potentials with two light-emitting-diodes. *Doc Ophthalmol*. 97(1): 1-7.
14. Shibata T, Shimoyama I, Ito T, **Abla, D.**, Iwasa H, Koseki K, Yamanouchi N, Sato T, Nakajima Y (1998). The synchronization between brain areas under motor inhibition process in humans estimated by event-related EEG coherence. *Neuroscience Research,* 31: 265-271.
15. Shimoyama I, Ito T, Shibata T, **Abla, D.**and Nakajima Y. (1998). Hemisphere laterality in

contextual recognition. *Jpn. J. Physiol.*, 48 (6): 493-397.
16. Shimoyama I, Nakajima Y, Shibata T, Ito T, **Abla, D.** and Okamoto Y. (1998). Normalized wave energy for background activity in visual evoked potentials. *Journal of Brain Science,* 24 (1,2): 13-17.
17. Shibata T, Shimoyama I, Ito T, **Abla, D.**, Iwasa H, Koseki K, Yamanouchi N, Sato T, Nakajima Y. (1997). The time course of interhemispheric EEG coherence during a GO/NO-GO task in humans. *Neuroscience Letters,* 233 (2-3): 117-120.
18. Shimoyama I, Nakajima Y, Shibata T, Ito T, **Abla, D.**, Kansaku K. (1997). Human scalp evoked potentials using simultaneous stimuli with flashes and tones. *Journal of Brain Science*, 23 (2,3): 121-126.
19. Shimoyama, I., Nakajima, Y., Shibata, T., Ito, T., **Abla, D.**, Kansaku K. (1997). Comparison between visual evoked potentials with a light-emitting-diode and stroboscope, analyzed with singular value decomposition. *Journal of Brain Science*, 23 (2,3): 115-120.
20. Shimoyama, I., Nakajima, Y., Ito, T., Shibata, T., **Abla, D.** (1997). Flash- Visual Evoked Potential with Principal Component Analysis. *Journal of Brain Science,* 23 (2,3):101-106.
21. Hirai, N. & **Abla, D.** (1992). Physiology of Spinocerebellar Tracts (2). *Spine & Spinal Cord 5(5),* 369-373. (Japanese)
22. Hirai, N. & **Abla, D.** (1992). Physiology of Spinocerebellar Tracts (1). *Spine & Spinal Cord 5(4),* 265-269. (Japanese).
23. Tanaka, Y., **Abla, D**., and Hirai, N. (1990). Activity of crossed spinocerebellar tract neurons in the thoracic spinal cord in relation to the central respiratory rhythm. *Brain Research*, 532: 339-341.

**(2) Conferences:**

24. Nagasaka, Y., **Abla, D.**, Okanoya, K. & Fujii, N. (2011). Probabilistic learning for sounds segregation in Japanese monkeys. 41th Annual Meeting Society for Neuroscience (Neuroscience 2011). Washington, DC, USA. Nov. 12-16, 2011.
25. **Abla, D.**, Katahira, K. & Okanoya, K. Visual segmentation of musical chunks embedded in finite-state grammar strings: A neuro-behavioral approach. 14th European Congress on Clinical Neurophysiology 4th International Conference on Transcranial Magnetic and Direct Current stimulation. Rome, Italy; 21-25 June 2011.
26. **Abla, D.,** Asamizuya, T., Ueno, K., Suzuki, C., Sun, P., Cheng, K. & Okanoya, K. (2010). Online statistical learning in the cortico-basal ganglia network: an fMRI study. *The 15th Annual Meeting of the Organization for Human Brain Mapping.* Barcelona, Spain. June 6-10, 2010.
27. **Abla, D.,** Katahira, K., Okanoya, K. (2010). Segmentation of chunks and hierarchies in artificial grammar learning task: a neuro-behavioral approach. (Review selected). *CUNY2010: Conference on Human Sentence Processing*. New York, USA, March 18-20, 2010.
28. **Abla, D.** & Okanoya, K. (2009). Visual statistical learning of shape sequences: An ERP study. *The 15th Annual Meeting of the Organization for Human Brain Mapping.* San Francisco, USA. June 18-23, 2009.
29. **Abla, D.** & Okanoya, K. (2009). Neural process of statistical sequence learning: ERP and NIRS studies. *ESF-JSPS Frontier Science Conference Series for Young Researchers: Social Cognitive Neuroscience.* Napoli, Italy. Feb. 27 - Mar. 4, 2009.
30. **Abla, D.**, Katahira, K., & Okanoya, K. (2008). Segmentation of Musical Sequence with Statistical Regularities: An Event-Related Potentials Study. *The 10th International Conference on Music Perception and Cognition (ICMPC10),* Sapporo, Japan. Aug25-29, 2008.

31. **Abla, D**., Okanoya, K. Neural changes in anterior cingulate cortex during sequence learning. *31th Annual Meeting of the Japan Neuroscience Society (Neuro2008)*. Tokyo, Japan. July 9-11, 2008.

32. **Abla, D.**, Katahira, K. & Okanoya, K. (2007). Chunks and hierarchies in serial reaction-time task: a neuro-behavioral approach. *37th Annual Meeting Society for Neuroscience* (Neuroscience 2007). San Diego, USA. Nov. 3-7, 2007.

33. **Abla, D**., Fujii, N., Kudo, N., Hihara, S., Okanoya, K. and Iriki, A. Prefrontal cortex manipulates reasoning process during Koh-Do performances. *30th annual meeting of the Japan Neuroscience Society, Yokohama, Japan. Sep. 10-12, 2007.* (Symposium: "**Neuroimaging of** Beauty and Pleasure").

34. Okanoya, K. & **Abla, D**. (2007). Statistical Segmentation of Visual and Auditory Streams as Indicated by Event-related Potentials. *The 2nd RIKEN BSI and Oxford-Kobe International Symposium: Reading and Dyslexia in Diffrent Languages*. Kobe, Japan. April 15-17, 2007.

35. Fujii, N., **Abla, D**., Kudo, N., Hihara, S., Okanoya, K., Iriki, A. (2006). Prefrontal cortex manipulates abstract odour knowledge. *36th Annual Meeting Society for Neuroscience* (Neuroscience 2006). Atlanta, GA, USA. Oct. 14-18, 2006.

36. **Abla, D**. & Okanoya, K. (2006). Neural correlates of statistical learning: ERP and NIRS studies. *RIKEN BSI International Workshop*: "Statistical Learning in Humans and Animals". Saitama, Japan. Jun. 24, 2006.

37. **Abla, D**. & Okanoya, K. (2006). Neuro-behavioral correlates of on-going sequence learning: a study of event-related potentials and dipole source analysis. *12th Annual Meeting of Human Brain Mapping* (HBM2006), Florence, Italy Jun. 11-15, 2006. *NeuroImage*, 31 (Suppl.1): S39.

38. **Abla, D**. & Okanoya, K. (2005). Segmentation of Tone Sequence with Rule: Evidence from Near-infrared Spectroscopy Study. *35th Annual Meeting Society for Neuroscience* (Neuroscience 2005). Washington, DC, USA. Nov. 12-16, 2005.

39. **Abla, D**., & Okanoya, K. Speech segmentation: a near-infrared spectroscopy study. *7th Annual Meeting of the Japanese Human Brain Mapping Society,* Tokyo, Japan. Mar. 19-20, 2005.

40. **Abla, D**. & Okanoya, K. (2004). Neuro-behavioral correlates of on-going sequence learning. *34th Annual Meeting Society for Neuroscience* (Neuroscience 2004). San Diego, USA. Oct. 23-27, 2004.

41. **Abla, D**. Kudo, N. and Okanoya, K. (2004). Brain potentials correlate with the degree of on-going sequence learning. *The 2nd International Workshop on Man-Machine Symbiotic Systems*. Kyoto, Japan. Nov. 23-24, 2004.

42. **Abla, D**., & Okanoya, K. On-going sequence learning: evidence from event-related potentials study. *Abstracts of the 26th annual meeting of the Japan Neuroscience Society*, P3-268. Osaka, Japan. Sep. 21-23, 2004.

43. **Abla, D**., Katahira, K., Masuda, S., Okanoya, K. (2004). Auditory Feedback and Mental Representation of Musical Notes in Fluent Piano Players. *7th International Congress of Neuroethology*, Hotel Nyborg strand, Denmark. Aug. 8-12, 2004.

44. **Abla, D**. & Okanoya, K. (2003). Segmentation of statistical sequences correlates with the strength of an event-related potentials. *33rd Annual Meeting of the Society for Neuroscience* (Neuroscience 2003). New Orleans, USA. Nov. 8-12, 2003.

45. **Abla, D**., & Okanoya, K. Auditory and Visual Event-related Potentials for online word segmentation. *20th annual meeting of Japanese Cognitive Science Society*, Tokyo, Japan. Jun. 6-8, 2003.

46. **Abla, D**., & Okanoya, K. Segmentation of visual shape sequence: an event-related potentials study. *Abstracts of the 32nd annual meeting of the Japanese Society of Clinical Neurophysiology,* 31 (2) 164. Fukushima, Japan. Nov. 13-15, 2002.
47. **Abla, D**., Katahira K, Okanoya K: Segmentation of tone sequences: an event-related potentials study. *Abstracts of the 25th annual meeting of the Japan Neuroscience Society,* 3-F-251. Tokyo, Japan. Jul. 7-9, 2002.
48. Nishimura Y, **Abla, D**., Nakajima Y, Toma S, Nakazawa K, Simoyama I (2000). Effect of joint angle on recruitment property of single motor unit in human gastrocnermius muscle. *XIII congress of international society of electrophysiology and kinesiology.* Sapporo, Japan. June 25-28, 2000.
49. **Abla, D**., Nakajima Y, Shimoyama I, Shibata T, Nishimura Y and Nakazawa K: Gamma-band activity for word recognition of mother and foreign Languages. *Jpn. J. Physiol Suppl.* 2000, 2P099. *77th annual meeting of the Japan Physiological Society*, Tokyo, Japan. Mar. 25-27, 2000.
50. **Abla, D**., Nakajima Y, Shimoyama I and Nakazawa K: Auditory event-related potential for word recognition as both native and second Language. *Japn. J. Clin. Neurophysiol, Suppl.* 28(2) p138, 1999. 29th Annual meeting of the Japanese Society of Clinical Neurophysiology. Tokyo, Japan. Nov. 10-12, 1999.
51. Shibata T, Shimoyama I, Ito T, **Abla, D**., Iwasa H, Koseki K, Yamanouchi N, Sato T, Nakajima Y (1998). The time course of inter- and intra- hemispheric EEG coherence during a GO/NO-GO task in man. *The 6th international Evoked Potentials Symposium*, Okazaki, Japan, Mar. 1998.
52. **Abla, D**., Nakajima Y, Shimoyama I, Shibata T and Ito T: Event-Related Potentials (ERPs) for Numeral Recognition of Either Mother or Foreign Language. *Jpn. J. Physiol Suppl*. 1998, 48: S167 (562). 75th annual meeting of the Japan Physiological Society, Kanazawa. Japan. Mar. 27-29, 1998.
53. **Abla, D**., Hirai N and Ichikawa T: Activity of dorsal sipino-cerebellar tract (DSCT) neurons in relation to the central respiratory rhythm. *Chinese Association for Physiological Science,* 4th northwest meeting, p27-29, 1993.
54. **Abla, D**., Hirai N and Ichikawa T: Activity of cerebellar neurons in relation to the central respiratory rhythm. 1992' General Meeting of Kyorin Medicine, *Kyorin Med.* 23 (1). 1992. Mitaka, Japan.
55. **Abla, D**., Hirai N, Ichikawa T, Tanaka, Y.: Cerebellar 'Respiratory' area as determined by afferent inputs. *Neuroscience Res. Suppl*.16: S110 (1991). Abstracts of the Fifteenth annual meeting of the Japan Neuroscience Society, Tokyo. Japan Dec. 17-19, 1991.
56. **Abla, D**., Hirai N, Ichikawa T, Ohki Y, Suzuki T, Tanaka Y. (1991). Different roles of crossed and uncrossed spinocerebellar tract (SCT) neurons of the thoracic segments in respiratory movement. *Third IBRO world congress of neuroscience,* P65.4, August 6-9, 1991. Canada.
57. **Abla, D.**: Neural processes in segmentation of sound and musical sequences. *Nara Institute of Science and Technology (NAIST) Academic Repository,* Dec. 15, 2008. (Invited)
58. **Abla, D**.: Prefrontal cortex manipulates reasoning process during Koh-Do performances. *30th annual meeting of the Japan Neuroscience Society, Yokohama, Japan. Sep. 10-12, 2007.* (Symposium: "**Neuroimaging of** Beauty and Pleasure") (Invited)

# ئاۋستراليەدىكى تالانتلىق دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىسى دىليار بارات

(بۇ يازما تورلاردا 2016-يىلى 4-ئاينىڭ 14-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان مەن فېيىسبۇك (Facebook) تا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلاردىن باكلاۋۇرلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئۇنۋانلارنى ئېلىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنىڭ خەۋىرىنى پات-پات كۆرۈپ تۇردۇم. شۇنداقلا ئوخشىمىغان داڭلىق مەكتەپلەرنىڭ باكلاۋۇرلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئۇنۋانىنىڭ ئوقۇشىغا كىرگەنلەرنىڭ خەۋەرلىرىنىمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭى ئوقۇشقا ئەلا نەتىجە ۋە تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن كىرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى گۈلەنئاي تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن بالدۇر قوبۇل قىلىش پروگراممىسى ئارقىلىق دۇنياغا داڭلىق خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىردى. توكيودىكى بۇغرا تىلىۋالدى (دوكتور دىلمۇرات تىلىۋالدى ۋە گۈلنارنىڭ ئوغلى) ياپوندىكى خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق مەكتەپ ۋاسېدا ئۇنىۋېرسىتېتى (早稻田大学) غا تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن قوبۇل قىلىندى. ئاۋستراليەدىكى دىليار بارات تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن ئاۋستراليە مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى (Australian National University) نىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىنى باشلىدى. مەن مەزكۇر يازمىدا ئاشۇ دىليار باراتنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.



1-رەسىم: دىليار بارات

دىليار بارات 1992-يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ بارات ئوسمان بىلەن مەكفۇزە رەيىمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. ئۇنىڭ بەختىيار بارات ئىسىملىك بىر ئاكىسى بار. دىليارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر 2007-يىلىنىڭ بېشىدا ئاۋستراليەنىڭ سىدنېي شەھىرىگە كۆچمەن بولۇپ كەلگەن. ئۇ چاغدا دىليار ئۈرۈمچى 1-تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەمدى ئوقۇشقا كىرگەن ئىدى. سىدنېيغا كەلگەندىن كېيىن دىليار سىدنېينىڭ غەربىي جەنۇبىي رايونىغا جايلاشقان تۈركلەر شەخسىي مەكتىپى Sule College غا كىرىپ ئوقۇدى. 2008-يىلىدىن 2011-يىلىغىچە ئىككى يېرىم يىل قاتتىق تىرىشىپ ئوقۇپ، دىليار 100 نومۇرلۇق سىستېمىدىكى مەكتەپنى 95 نومۇر بىلەن پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئومۇمىي ئوقۇش نەتىجىسى بويىچە 2-ئورۇنغا، ماتېماتىكىدا بولسا 1-ئورۇنغا ئېرىشتى.

ئاشۇنداق ئەلا نەتىجىلەر بىلەن دىلىيار 2012 ـ يىلى سىدنېي ئۇنىۋېرسىتېتى (University of Sydney) نىڭ ماتېماتىكا ۋە لاتىن ئامېرىكا تەتقىقاتى كەسىپلىرىگە تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىغا كىردى. مەزكۇر ئوقۇش جەريانىدا دىلىيار فىزىكا، ئاسترونومىيە، ئىسپان تىلى ۋە فىرانسۇز تىلى قاتارلىق كۆپلىگەن كەسىپي دەرسلەرنى ئۆگەندى. 2012 ـ يىلى دىلىيار سىدنېي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسترونومىيە جەمئىيىتىدىكى باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە، ۋېنېرانىڭ قۇياشنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشى تۈپەيلىدىن قۇياشنىڭ تۇتۇلۇشىدەك بىر ھادىسىنى كۆزەتتى. ئاشۇ ھادىسىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن دىلىيار كەسپىنى ئىجتىمائىي پەندىن ئاسترونومىيە كەسپىگە ئۆزگەرتتى. ئوقۇشىنىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ يىللىرىنىڭ يازلىق تەتىللىرىدە دىلىيار مەكتەپنىڭ ئىلمىي تەتقىقات مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى. ئاشۇ مۇكاپات پۇلى بىلەن دىلىيار سىدنېي ئاسترونومىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ئاسترونومىيىگە ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئوپتىكىلىق ئەسۋاب ئۈستىدە 10 ھەپتە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ باردى.

باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، دىلىيار 2015 ـ يىلى ئاۋستىرالىيە مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسترونومىيە ـ فىزىكا كەسپىنىڭ «شەرەپلىك باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشى» (Bachelor of Science, Honours) غا كىردى. ئاسترونومىيە ۋە ئاستروفىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ دىرېكتورىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا دىلىيار ئىنگلىزچە «Australian Research Council Centre of Excellence for All ـ Sky Astrophysics (CAASTRO)» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جەمئىيەتنىڭ بىر ئوقۇغۇچى ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن گالاكسى (يۇلتۇزلار توپى) غا ئائىت بەزى تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى.

دىلىيار 2015 ـ يىلى 2 ـ باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىنىمۇ 1 ـ دەرىجىلىك شەرەپ بىلەن تاماملاپ، تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن ئاۋستىرالىيە مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاستروفىزىكا كەسپىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ ئاشۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، گالاكسى كىنېماتىكىسى (ھەرىكىتى) غا ئائىت ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. دىلىيار ھازىر كۆپلىگەن ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان بىر ئىلمىي تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە خابۇل (Hubble) ئالەم تېلېسكوپى ئارقىلىق ئېرىشكەن كائىناتنىڭ كېڭىيىشى ۋە كائىناتتىكى ماددىلارنىڭ ئورۇنلىشىشىغا ئائىت ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

دىلىيار بارات ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى دۇنيا سەھنىسىدە ئەڭ ئاكتىپ رول ئېلىپ، ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا كېتىۋاتقان ئۇيغۇر يېڭى ئەۋلادلىرىنىڭ بىر ۋەكىلى بولۇپ، مەن ئۇنىڭدىن تولىمۇ پەخىرلىنىمەن. ھەمدە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تىلەيمەن.



2 ـ رەسىم: دىلىيارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدىكى بىر كۆرۈنۈش (ئوڭدىن سولغا).

# كومپيۇتېر يۇمتال مۇتەخەسسىسى دولقۇن تۇرسۇن تارىم (ئامېرىكا)

(بۇ يازما تورلاردا 2016-يىلى 1-ئاينىڭ 29-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۆزگىرىشكە قارشى ئىش ئېلىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزگىرىش ئۆز مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەھۋالدا، ئۆزگىرىشكە قارشى تۇرۇشمۇ كۆپرەك يۈز بېرىدۇ. بۇ ھەقتە رومان يازغۇچى لېۋ تولستوي (Leo Tolstoy) مۇنداق دېگەن: «ھەممە ئادەم دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى ئويلايدۇ، ئەمما ھېچ كىم ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىمايدۇ.» كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۆزگىرىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئۆزگىرىش ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزگىرىش بىر خىل تاللاش ئىبارەت. سىز ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ يۇقىرىغا ئۆرلىيەلەيسىز، ياكى ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلالايسىز. ئەمما شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، يۇقىرىغا ئۆرلەشنى خالىمايدىغان كىشىلەر ھەرگىزمۇ ئۆزى قازىنالايدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

ئۆزىنىڭ بىر كىتابىدا مېنىڭ دوستۇم خوۋارد خەندرىكس (Howard Hendricks) ئوقۇرمەنلەردىن مۇنداق سوئاللارنى سورىغان: «يېقىندىن بۇيان سىز قانداق ئۆزگەردىڭىز؟ مەسىلەن، ئالدىنقى ھەپتىدە، ئالدىنقى ئايدا، ياكى ئالدىنقى يىلدا سىز قانداق ئۆزگەردىڭىز؟ ئۆزىڭىزدىكى ئۆزگىرىشنى ناھايىتى كونكرېت قىلىپ سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟» ئۇ كىشىلىك تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشكە كەلگەندە كىشىلەر قانداق قىلىپ ئاسانلا كونا سەنەمگە ئۇسۇل ئوينايدىغانلىقىنى بىلگەن. كىشىلىك تەرەققىيات ياكى يۇقىرىغا ئۆرلەش بىر خىل تاللاش بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىغا ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدىغان قارارىدۇر.

مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالىغان ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمىغان كىشىلەرنىڭ قابىلىيەت جەھەتتە ناھايىتى چوڭ پەرقى يوقلۇقىنى كۆپىنچە كىشىلەر تونۇپ يېتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقى ئۆزلىرىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تولۇق ئىشقا سېلىش ئارزۇسىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۆزلىرىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تولۇق ئىشقا سېلىشتا بولسا كىشىلىك تەرەققىيات ئۈچۈن باغلىنىغان ئىرادە ھەممىدىن چوڭ رول ئوينايدۇ.

يۇقىرىدىكى مەزمۇن مەن «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (9)» دېگەن ماقالىدە تونۇشتۇرغان جون ماكسۋېل (John C. Maxwell) نىڭ «ماكسۋېل كۈنلۈك ئوقۇشلۇقى» دېگەن كىتابىنىڭ 123-بېتى (21-ئاپرېل) نىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭغا «كىشىلىك تەرەققىيات بىر خىل تاللاشتۇر» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان.

مەن ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلاپ، يەنە ئىككى نەپەر ئىنىمىزنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 49- ۋە 50-كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىشىش مۇساپىسىدە نەچچە قېتىم چوڭ ئۆزگىرىش ياساشقا رازى بولۇپ، ياكى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرى تاللىغان يولدا چوڭ ئۆزگىرىش ياساپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئادەتتىن تاشقىرى مۇۋەپپەقىيەت بالدىقىغا كۆتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىساللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىز تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆز غايىسى ئۈچۈن تەۋرەنمەس ئىرادە باغلاش، ۋە تىرىشىش مۇساپىسىنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىدا ئوخشىمىغان ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلىش، ۋە ئاداققىچە بوشاشماي تىرىشىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە يەنە بىر قىسىم يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىسىز. بۇ ئىككى ئىنىمىزمۇ ھازىرغىچە بولغان ئۆمرىدە بوشاشماي قاتتىق تىرىشىپ، ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، مەن ئۇلاردىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.



1 ـ رەسىم: ئىنىمىز دولقۇن ئائىلىسى بىلەن بىللە.

ئىنىمىز دولقۇن تۇرسۇن تارىم 1977 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. دادىسى تۇرسۇن ئىلىنىڭ ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا يېتەكلىش مۇناسىۋىتى بىلەن 1988 ـ يىلى ئاقسۇ شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ، باشلانغۇچ ھەم ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاقسۇ شەھىرىدە تاماملىغان. 1994 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدا يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشىپ، 1994 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ بۇ سىنىپنى ئەلىغار نەتىجە بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن، 1996 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى (上海交通大学) نىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچان فىزىكا كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان.

دولقۇن ئالىي مەكتەپكە كىرگەن كۈندىن باشلاپلا چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىنى كۆڭلىگە پۈككەن بولۇپ، شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا بىر تەرەپتىن كەسپى دەرسلەرنى ياخشى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتقان. مەكتەپنىڭ فىزىكىلىق تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ئېلېكترلەشتۈرۈش تەتقىقات تۈرىگە قاتنىشىپ، كومپيۇتېر ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، فىزىكا تەجرىبە دەرسىنىڭ ئەلىغار ئۇسۇلدا ئۆتۈلۈشىگە تۆھپە قوشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا شاڭخەي شەھەرلىك نوپۇس ستاتىستىكا ئىدارىسىدە نوپۇس سانلىق ئامبار مەلۇمات سىستېمىسىنى لايىھىلەش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، تۇرمۇش پۇلىنى ئۆزى ھەل قىلغان. 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئالىي مەكتەپنى تاماملاپ، 2001 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە چۈشكەن.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنگلىز تىلى، كومپيۇتېر ئىلمى ھەم ماتېماتىكا ئىلمىدە ھەر خىل دەرسلەرنى بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. مەكتەپتە كومپيۇتېر تور تېخنىكا لايىھىلەش ھەم قۇراشتۇرۇش دەرسىدە ئوقۇغۇچىلارغا كومپيۇتېر يېتىشمەسلىك ھەم ھەر خىل مەشغۇلات سىستېمىسىنى قاچىلىيالماسلىقتەك قىيىنچىلىقلارنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئىزدىنىش ئارقىلىق دەرسلەرنى مەۋھۇم مەشغۇلات سىستېمىسى (计算机虚拟机) مۇھىتىدا ئۆتۈش تېخنىكىسىنى مەكتەپتە تونۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەم مەكتەپنىڭ تور تېخنىكا دەرسىنى ئۆتۈشتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان، ھەمدە بۇ توغرىسىدا 2003 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە مەۋھۇم مەشغۇلات سىستېمىسى ھەم كومپيۇتېر تور تېخنىكىسى، ۋە كومپيۇتېردا كۆپ قوللىنىدىغان يۇمشاق دېتاللار، دېگەن ئىككى پارچە دەرسلىك كىتابىنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ كىتابلارنى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك قىلىپ ئۆتكەن. بۇ ئىككى پارچە كىتاب ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن، ھەمدە ئوقۇتۇش ئۈنۈمىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

دولقۇن مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويمىغان. ئۇ ئىنگلىز تىلىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسىنى ئىزچىل ئاشۇرۇپ ماڭغان. 2005-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر ئىنژېنېرى ماگىستىرلىق كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 2006-يىلى ئامېرىكا فورد فوندىنىڭ تەسىس قىلغان ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئىلتىماس قىلىپ، ئامېرىكىدا ماگىستىرلىق ئوقۇش ئۈچۈن تولۇق ئوقۇش پۇلىغا ئېرىشكەن. ئامېرىكىدا ماگىستىرلىق ئوقۇش ئۈچۈن تەلەپ قىلىدىغان TOEFL ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، 2007-يىلى 5-ئايدا ئامېرىكا كانساس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (University of Kansas) ئالىي مائارىپ باشقۇرۇش كەسپىگە ماگىستىرلىق ئوقۇشقا كىرگەن. دولقۇن بۇرۇن تەبىئىي پەن بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، كانساس ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىجتىمائىي پەندە ماگىستىرلىق ئوقۇشتا قىلچە بوشىشىپ قالماستىن، ئومۇمىي نومۇر 4 تىن 3.95 نومۇر بىلەن ماگىستىرلىق ئوقۇشنى تاماملىغان. ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، ھەمدە كانساس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارالىق ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىدا بىر يىل ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ۋەتەنىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئامېرىكىدا ئوقۇش ئارزۇسى بار ئوقۇغۇچىلارغا مەسلىھەت بېرىپ، ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە كېلىشىگە ياردەم بەرگەن.

دولقۇن ماگىستىرلىق ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇنى كانساس شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بۆلۈمى خىزمەتكە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، بۇ خىزمەتنى رەت قىلىپ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن كومپيۇتېر ساھەسىدىن ئىش ئىزدىگەن. دەرۋەقە، ئامېرىكىدىكى تۇنجى خىزمىتىنى مىشىگان شتاتىغا جايلاشقان دېلتا كوللېج (Delta College) دا ئۇچۇر مەركىزىنى باشقۇرغۇچى (IT Manager) بولۇش بىلەن باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەخسى شىركەتلەردىمۇ كومپيۇتېرغا ئائىت خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئامېرىكىدا يۇمشاق دېتال لايىھىلەشكە ئائىت خىزمەت پۇرسىتىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلگەندىن كېيىن، يۇمشاق دېتال لايىھىلەش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن، قىسقا مۇددەتلىك يۇمشاق دېتالنىڭ سۈپىتىنى ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش تېخنىكا كەسپى مەكتەپتە ئوقۇپ، ھۆكۈمەت ئىگىدارلىقىدىكى مەكتەپ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، 2012-يىلى مارىلەن شتاتىدىكى بىر خۇسۇسى ئىگىدارچىلىقتىكى شىركەتكە خىزمەتكە چۈشكەن، ھەمدە ھازىرغا قەدەر ئاشۇ شىركەتتە ئىشلەپ كەلمەكتە.

دولقۇننىڭ ھازىرقى ئىشلەۋاتقان شىركىتىنىڭ ئىسمى «Videology Group» بولۇپ، ئامېرىكىدىكى گۇگۇل شىركىتىگە ئوخشاش تور ھەم تېلېۋىزوردىكى ئېلانلارنى نىشانلىق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان سىستېمىنى لايىھىلەيدىغان شىركەت. بۇ شىركەتنىڭ تېخنىكىسىنى ياپونىيەدىكى ياخۇ (YAHOO) شىركىتىمۇ ئىشلىتىدۇ. ھازىر بۇ شىركەتنىڭ خەلقئارادا 8 دۆلەتتە تارماق شىركەتلىرى بار. دولقۇن مۇشۇ شىركەت لايىھىلەپ چىقارغان يۇمشاق دېتالنىڭ ماتورىنىڭ مەركىزى سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ، سىستېمىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا مەسئۇل. سىستېمىنىڭ بازارغا چىقىشتىن بۇرۇنقى سۈپەت ئۆلچىمىگە قارار چىقىرىدۇ.

دولقۇن شىركەتتە ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ بىلىمىنى تاۋارلاشتۇرۇشنى ئويلاپ، 2012-يىلى «Selenium Master» دېگەن شىركەتنى قۇرغان بولۇپ، توردا كەسپىي دەرس ئۆتۈش، شىركەتلەرگە تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەش، ھەمدە تېخنىكىلىق تۈرلەرنى ئىشلەش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇ شىركەتنىڭ تور بېتى مەزمۇنلارنىڭ سەرخىللىقى ۋە توغرىلىقى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى يۇمشاق دېتالنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش تېخنىكىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىنژېنېرلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئايلىق زىيارەت سانى 100,000 ئادەمدىن ئارتۇق بولغان.

| Country | Sessions |
|---|---|
| www.seleniummaster.com | 111,169<br>% of Total: 100.00% (111,169) |
| 1. India | 54,033 (48.60%) |
| 2. United States | 17,969 (16.16%) |
| 3. United Kingdom | 4,207 (3.78%) |
| 4. Canada | 2,082 (1.87%) |
| 5. Germany | 1,984 (1.78%) |
| 6. Ukraine | 1,788 (1.61%) |
| 7. Vietnam | 1,768 (1.59%) |
| 8. Poland | 1,604 (1.44%) |
| 9. Australia | 1,466 (1.32%) |
| 10. France | 1,454 (1.31%) |

2 ـ رەسىم: «**Selenium Master**» دېگەن شىركەت تور بېتىنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئايلىق زىيارەت قېتىم سانى.

دولقۇن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا، ئامېرىكىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يۇمشاق دېتال شىركەتلىرىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ، نۇرغۇن تۈرلەرنى تاماملىغان. دولقۇننىڭ كەسپى بىلىمىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە شىركىتىنىڭ تور بېتىنىڭ زىيارەت قېتىم سانىنىڭ جىقلىقىدىن، ئامېرىكىدىكى كەسپى كىتابلارنى نەشر قىلىدىغان نەشرىيات «Apress Publishing Company» دولقۇننى 2015 ـ يىلى «Selenium WebDriver Recipes in C#» دېگەن كەسپى كىتابىنىڭ باش تېخنىكىلىق باھالاپ تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسلىكىگە تەكلىپ قىلغان. بۇ كىتاب 2015 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشردىن چىققان. دولقۇن بۇ كىتابتىكى بارلىق تېخنىكىلىق پروگراممىلارنى ھەم مەزمۇنلارنى كۆرۈپ چىقىپ، مۇشۇ كىتابنىڭ تېخنىكا ئاپتورلۇق ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، كىتابنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى بارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

# About the Technical Reviewer



**Dolkun Tursun Tarim** is a senior quality assurance test automation engineer, and the founder of Selenium Master. Mr. Tarim has more than 10 years of progressive experiences in managing quality assurance test automation teams and projects, and developing QTP, LoadRunner, JMeter, and Selenium automation frameworks with VBScript, .Net, Java, Python, and Python Robot Framework languages. He has worked on various automated functional and performance testing projects utilizing commercial and open source test automation applications and framework APIs. In his free time, he posts instructional articles about selenium API on his company website, http://www.seleniummaster.com and assist team members on projects.

3 ـ رەسىم: تېخنىكىلىق ئاپتور بولۇپ نەشر قىلغان كىتاب.

دولقۇن خىزمەت ھەم كەسپى جەھەتتە ئۇتۇق قازىنىپلا قالماستىن، ئائىلىدە ياخشى ئەر ۋە بىر كۆيۈمچان دادىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ كەلمەكتە. ئىنىمىز دولقۇننىڭ ئايالى تۇرسۇنئاي ئەخمەت ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن بوغالتىرلىق كەسپىدە ئوقۇغان. ھازىر داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ مارىلەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىردى. ئۇلارنىڭ ئوماق قىزى نازىلە بۇ يىل 10 ياشقا كىرگەن بولۇپ، بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى مارىلەن شتاتىنىڭ كولومبىيە شەھىرىدە ياشاپ كەلمەكتە.

ئىنىمىز دولقۇن مىسرانىم مۇنبىرىگە كۆپ تۆھپە قوشقان مەرھۇم باتۇر تۇرسۇن ھۆكۈمرانىنىڭ ئىنىسى بولىدۇ. مەرھۇم باتۇر تۇرسۇن 2015ـ يىلى نويابىردا ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەن ئۇنىڭ بىلەن توردا كۆپ قېتىم پىكىرلەشكەن ئىدىم. باتۇر تۇرسۇننىڭ ۋاپاتى ھەققىدە تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتا بىر قىسىم ئۇچۇرلار بار:

http://bbs.misranim.com/thread-144997-1-1.html

ئىنىمىز دولقۇننىڭ يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ھەم تىرىشىۋاتقان ياشلارغا مۇنداق يۈرەك سۆزى بار: «ھەر قانداق ئىش قىلىشتىن بۇرۇن، شۇ ئىشقا نىيەت قىلىپ بىر نىشان تىكلەش كېرەك ھەمدە شۇ نىشان ئۈچۈن توختىماي تىرىشىش كېرەك. ئۆگىنىش ھەم خىزمەت قىلىش جەريانىدا، خىلمۇ خىل پۇرسەتلەر كېلىدۇ. كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. نىشان، تىرىشچانلىق ھەم پۇرسەت بىرلەشكەندە، سىز چوقۇم غەلىبە قازىنالايسىز. خىزمەت تاللىغاندا ھەم خىزمەت قىلغاندا، سىز چوقۇم ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى تاللاڭ، شۇنداق بولغاندىلا سىز چوقۇم خىزمەتتە ئۇتۇق قازىنىسىز. ئىگىلىگەن بىلىمىڭىز ۋە تېخنىكىڭىزنىڭ تاۋارلىشىشىغا ئەھمىيەت بېرىڭ، چۈنكى سىزنىڭ بىلىمىڭىز ھەم ئىقتىدارىڭىز چوقۇم ئىقتىسادى قىممەت يارىتىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، سىز كەسىپتە غەلىبە قازانغان بولىسىز.»

# ئەبەيدۇللا ئابدۇۋەلى

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 2-ئاينىڭ 27-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

ئىنىمىز ئەبەيدۇللا ئابدۇۋەلى 1969-يىلى 9-ئايدا ئۈرۈمچىدە بىر ئاددىي زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1987-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇچە تەييارلىق سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى. ئىككى يىللىق تەييارلىق كۇرسىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پۈتتۈرۈپ، جۇڭگو نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يەر شارى فىزىكىسى كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا، ئۇ كەسپىي دەرسلەرنى ياخشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنگلىز تىلىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگەندى. شۇنداقلا مەكتەپتىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.



1-رەسىم: ئىنىمىز ئەبەيدۇللا ئابدۇۋەلى

ئەبەيدۇللا 1993-يىلى نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتىنى ياخشى نەتىجىلەر بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىچكىرىدىكى نېفىتلىكتە قېلىپ قېلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئانا يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. شۇ يىلى 7-ئايدا شىنجاڭ نېفىت شىركىتى قىدىرىپ تەكشۈرۈش باشقارمىسى تەرىپىدىن خىزمەتكە قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلدىن باشلاپ تاكى 1997-يىلىغىچە تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقلىرىدا نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەترەتتە گېئو-فىزىك (geophysicist)، گېئوفىزىكا بۆلۈم باشلىقى، ۋە ئەترەتنىڭ تېخنىكا باشلىقى قاتارلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىدى.

1997-يىلى باھار ئايلىرىدا، ئەبەيدۇللا نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق تەتقىقات مەركىزىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، گېئوفىزىكا تەتقىقاتچىسى بولۇپ، نېفىت قاتلىمىنى تېپىش، نېفىت مىقدارىنى مۆلچەرلەش، قۇدۇق ئورنىنى بېكىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. مۇھىم نېفىتلىكلەرنىڭ بايقىلىشىغا كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. 2000-يىللىرى، جۇڭگو نېفىت شىركىتىنىڭ دۇنياغا قاراپ كېڭىيىۋاتقان مەزگىللىرى ئىدى.

2001-يىلى ئەبەيدۇللا كەسپىي ۋە ئىنگلىزچە ئىمتىھانلاردا ئەلا نەتىجىلەر بىلەن لاياقەتلىك بولۇپ، جۇڭگو نېفىت شىركىتىنىڭ بېيجىڭدىكى گېئوفىزىكا تەتقىقات باشقارمىسىغا قوبۇل قىلىندى. ئەبەيدۇللا بۇ تەتقىقات مەركىزىدە سۇدان، ئەزەربەيجان، ۋېنېزۇئېلا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى نېفىتلىكلەرنىڭ گېئوفىزىكا تەتقىقات خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. 2002-يىلى ئەزەربەيجاندىكى گۆلبوستان نېفىتلىكىنىڭ باش گېئو-فىزىك خىزمىتىگە تەيىنلىنىپ، باكۇ شەھىرىگە ئەۋەتىلدى. ئەبەيدۇللا ئەزەربەيجاندىكى گۆلبوستان نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى ياراتتى.



2-رەسىم: ئىنىمىز ئەبەيدۇللا دالادا جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش

ئەبەيدۇللا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا بولسۇن، خىزمەت قىلىش جەريانىدا بولسۇن، ئىنگلىز تىلىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگەندى. 2002-يىلى ئامېرىكىدا ئوقۇيدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغان TOEFL ۋە GRE ئىمتىھانلىرىدا ياخشى نەتىجىلەر بىلەن لاياقەتلىك بولۇپ، ئامېرىكا تېكساس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يەر شارى فىزىكىسى فاكۇلتېتى تەرىپىدىن تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن قوبۇل قىلىندى. 2005-يىلى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، گېئوفىزىكا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. شۇ يىلىنىڭ 9-ئايلىرىدا تېكساس شتاتىنىڭ هيۇستون شەھىرىدىكى باكېرخيۇس (BakerHughes) نېفىت مۇلازىمەت شىركىتى تەرىپىدىن خىزمەتكە قوبۇل قىلىندى. ئۇ باكېرخيۇستا قۇدۇق گېئوفىزىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. 2006-يىلى ئاناداركو نېفىت شىركىتىنىڭ هيۇستوندىكى تەتقىقات مەركىزىگە قوبۇل قىلىندى. ئەبەيدۇللا بۇ مەركەزدە گېئوفىزىكا تېخنىكىسى ئارقىلىق، شىركەتنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى نېفىت چارلاش خىزمىتىنى ئىشلىدى. گانا (Ghana) ۋە موزامبىك (Mozambique) تىكى چوڭ نېفىتلىكلەرنىڭ بايقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئەبەيدۇللا 2010-يىلىدىن ھازىرغىچە ئۆز شىركىتىنىڭ مېكسىكا بوغۇزى باشقارمىسىدا چوڭقۇر دېڭىزدا نېفىت چارلاش، نېفىت قاتلىمىنى تېپىش، قۇدۇق ئورنىنى بېكىتىش، ۋە نېفىت مىقدارىنى مۆلچەرلەش قاتارلىق ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ۋە تېخنىكىلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ.

# ئەكبەر شېرىپ

(بۇ يازما تورلاردا 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)



1 ـ رەسىم: ئەكبەر شېرىپ 2013 ـ يىلىدىن باشلاپ لوما لىندا ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى **(Associate Professor)** بولۇپ ئىشلىگەن بولۇپ، بۇ رەسىم ئاشۇ ئالىي مەكتەپنىڭ 2014 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا تارتىلغان بىر كۆرۈنۈش.

ئەكبەر شېرىپ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان يازغۇچى ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى ئاكىمىزنىڭ ئوغلى. ئۇ بالىلىق ھاياتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن. ئۇ قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى 1988 ـ يىلى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىئەن تېبىبىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ لەنجۇ شەھىرىدىكى غەربىي شىمال پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ۋە تەييارلىق بۆلۈمىدە ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1990 ـ يىلى شىئەن تېبىبىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋالاش بۆلۈمىگە ئوقۇشقا كىرگەن، ۋە 1995 ـ يىلى كلىنىكىلىق مېدىتسىنا كەسپىدىن باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. شۇ يىلى يۇرتىغا قايتىپ، ئۈرۈمچىدە تاشقى ۋە ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ جەرياندا ئامېرىكىغا چىقىپ ئوقۇش تەييارلىقىنى قىلغان. 1999 ـ يىلى ئامېرىكىغا كەلگەن، ۋە ئوقۇشقا تەييارلىق قىلغان. ئۇ 2001 ـ يىلى لوس ئانژېلىستىكى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (UCLA) يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كەسپىگە ماگىستىر ئاسپىرانت بولۇپ قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇش جەريانىدا ئۇ يېتەكچى پروفېسسورنىڭ تەتقىقات ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. نەتىجىسى ياخشى بولغانلىقتىن مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ۋە ئوقۇش خىراجىتىنى كۆتۈرۈۋېتىش پۇرسىتىگە نائىل بولغان. 2003 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، «ئامېرىكىدىكى نېيسسېرىيە مېنىنگىت كېسىلى ئەھۋالىدىن دوكلات» ناملىق دىسسېرتاتسىيىسى بىلەن ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغان. ئۇنىڭ مەزكۇر ئىلمىي ماقالىسى تېببىي داۋالاش ساھەسىدە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالغان «بالىلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ 2003 ـ يىل ئەتىيازدا لوس ئانژېلىس ناھىيىلىك تېببىي ئىدارىسىنىڭ تارمىقىدىكى ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى كونترول قىلىش بۆلۈمىگە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى بولۇپ قوبۇل قىلىنغان (ئامېرىكىدا مەمۇرىي رايونلار شتات، ناھىيە ۋە شەھەر دەپ ئايرىلىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر

دىيارىدىكىدەك «ۋىلايەت» مەۋجۇت ئەمەس. يەنى بىر شىتاتتا كۆپلىگەن ناھىيىلەر بار بولۇپ، ھەر بىر ناھىيىدە نەچچە ئون شەھەرلەر بار. لوس ئانژېلىس ناھىيىسى نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكىدە پەقەت نيۇ يوركتىنلا كېيىن تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ 15 مىليون نوپۇسى بار. بۇ كالىفورنىيەنىڭ 35 مىليون نوپۇسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ). شۇ يىلى، ئۇ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (UCLA) يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كەسپىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىنغان، ۋە بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن دەرس ئېلىشقا باشلىغان. 2004-يىلى قىشتا ئۇ بوستونغا يىغىنغا بېرىش جەريانىدا دوستى قەيسەر مىجىتنىڭ خانىمى رىزۋانگۈلنىڭ دوختۇرلۇقتا مۇقىم دوختۇرلۇققا (medical residency) گە ئۆتكەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن، ۋە بۇرۇنقى قارارىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى كەسپى دوختۇرلۇققا قايتىشقا ئىرادە باغلىغان. ئۇ لوس ئانژېلىسنىڭ تېببىي ئىدارىسىدە ئىشلەش جەريانىدا شەھەردە يۈز بەرگەن سارس، يۇقۇملۇق قۇش زۇكىمى قاتارلىق كېسەللەرنى توسۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان. ئەكبەر بۇ جەرياندا بىر يۈرۈش ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان، ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنلىرىدا بىر قانچە قېتىم ئىلمىي دوكلات بەرگەن. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكىنىڭ دوختۇرلۇق ئىمتىھانلىرىغا جىددىي تەييارلىق قىلغان. بوش ۋاقىتلىرىدا جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (USC) دوختۇرخانىسىدا پراكتىكا قىلغان. ئۇ ئامېرىكىنىڭ مەملىكەتلىك تۆت چوڭ دوختۇرلۇق ئىمتاھانىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەندىن كېيىن، 2009-يىلى ئامېرىكىنىڭ نۇقتىلىق مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن بىرى بولغان لوما لىندا ئۇنىۋېرسىتېتىغا مۇقىم دوختۇر (resident physician) بولۇپ قوبۇل قىلىنىپ، دوكتور-ئاشتى تەربىيىسى (Postdoctoral-training) نى باشلىغان. 2012-يىلى ئۈچ يىللىق دوكتور-ئاشتى تەربىيىسىنى تۈگىتىپ، تولۇق ھوقۇقلۇق دوختۇرلۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن. شۇ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ كەسپى كېسەللىكلەر مېدىتسىنا گۇرۇھى «US Health Works» نىڭ تارماق دوختۇرخانىسىدا مۇدىر ۋىراچ ياكى تېببىي دىرېكتور (medical director) بولۇپ ئىشلىگەن، ۋە شۇ تارماق دوختۇرخانىسىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئەكبەر 2013-يىلدىن باشلاپ لوما لىندا ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى (Loma Linda University School of Medicine) نىڭ پروفېسسورى (Associate Professor) ۋە كەسپىي كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ ئىشلىمەكتە (ئامېرىكىدا پروفېسسورلار 3 دەرىجىگە ئايرىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئىنگلىزچە «Assistant Professor»، «Associate Professor» ۋە «Full Professor» ياكى «Professor» دەپ ئاتىلىدۇ. «Associate Professor» 2-دەرىجىلىك پروفېسسور بولۇپ، ئۇ پەقەت «پروفېسسور» دىنلا كېيىن تۇرىدۇ. ھەمدە «Associate Professor» بولۇش ئۈچۈن 5 يىلدەك ۋاقىت داۋاملىشىدىغان «سىناق باسقۇچى» نى باشتىن ئۆتكۈزۈش شەرت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ، «Associate Professor» بولغانلار «ئۆمۈرلۈك پروفېسسور» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقلارنى مەكتەپلەر ئىشتىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ). ئۇ ھەم شۇ مەكتەپنىڭ كەسپىي كېسەللىكلەردە مۇقىم دوختۇر يېتىشتۈرۈش پروگراممىسىنىڭ دىرېكتورى (residency director) ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەۋاتىدۇ. ئەكبەر كەسپىي كېسەللىكلەر ۋە ساقلىق مېدىتسىناسىدىن ئىبارەت ئىككى مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ دىپلوملۇق مۇتەخەسسىسى. ئۇنىڭ كەسپىي ھاياتىدىكى كۆپ ۋاقىتلار كېسەل كۆرۈش، ياش دوختۇرلارنى تەربىيىلەش، دەرس سۆزلەش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن ئۆتىدۇ.



2 ـ رەسىم: ئەكبەر شېرىپ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر. 2012 ـ يىلى كۈزدە تارتىلغان.

پروفېسسور، دوكتور ئەكبەر شېرىپ ئامېرىكىدا ئوقۇش ۋە ئىشلەش جەريانىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق، «بالىلار يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى» ، «كېسەللىكلەرنى كۆزىتىشتە تەرەققىياتلار» قاتارلىق ژۇرناللاردا «ئامېرىكىدا نېيسسېرىيە مېنىنگىت كېسىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆلۈم ھەققىدە ئومۇمى خۇلاسە»، «لوس ئانژېلىستىكى ئاپتوماتلاشقان كېسەللىك ئالامەتلىرىنى كۆزىتىش سىستېمىسى»، «2007 ـ يىلى ئۆكتەبىردە يۈز بەرگەن لوس ئانژېلىستىكى چوڭ ئوت ئاپىتىنىڭ شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە كۆرسەتكەن تەسىرلىرى» قاتارلىق 15 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى.

ئەكبەر يەنە «بالىلار يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى» ۋە «ئامېرىكا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىلمى ژۇرنىلى» قاتارلىق غوللۇق ژۇرناللارنىڭ «باھالىغۇچى مۇتەخەسسىسى» (reviewer) بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر ئامېرىكا دوختۇرلار بىرلەشمىسى (AMA) ۋە كالىفورنىيە دوختۇرلار بىرلەشمىسى (CMS) قاتارلىق تېببىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەزاسى.

ئىنىمىز ئەكبەر ئامېرىكىدىكى لاياقەتلىك بولۇش ئىنتايىن قىيىن بولغان دوختۇرلۇق سالاھىيەت ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتۈپ، رەسمىي كىنىشكىلىق دوختۇر بولالىغان بىر قانچە ئۇيغۇر ئۇكىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقىدەك بىر ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى يازسا، ئۇ بىر كىتاب بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈۋاتقىنىمغا 15 يىلدەك ۋاقىت بولغان بولۇپ، ئۇ ياشاپ باققان بىر قىسىم جاپالىق تۇرمۇشلارنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. مەن ئۇنىڭ پولاتتەك ئىرادە باغلاپ، بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش روھىغا بارىكاللا ئوقۇيمەن، ھەمدە ئۇنىڭ ھازىرقىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىنىدىن ناھايىتىمۇ پەخىرلىنىمەن. ئامېرىكىدا رەسمىي دوختۇر بولغان ئۇكىلارنىڭ ھەممىسىنى يېقىندا ئىنىمىز قەيسەر مىجىت «ئامېرىكىدىكى دوختۇر ئۇيغۇرلار» دېگەن يازمىسىدا ئازراق تونۇشتۇردى [6].

گەرچە ھازىر چەت ئەلدە ياشىسىمۇ، ئەكبەر ئۆز خەلقىگە تېببىي ساھەدە ياردەم قىلىشنى ناھايىتىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ.

ئەكبەر كالىفورنىيەنىڭ رېدلەند (Redland) شەھىرىدە ئايالى مېھراي ۋە تۆت بالىسى بىلەن بىللە ياشايدۇ. تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن ئۇنىڭ كەسپىي ھاياتىدىكى بىر قىسىم مۇھىم نەتىجىلىرىنى بىلەلەيسىز.

http://lluoccmed.com
http://www.llu.edu/pages/faculty/directory/faculty.html?uid=asharip
http://lomalindahealth.org/doctors/profile/Sharip-Akbar.html
http://www.healthgrades.com/physician/dr-akbar-sharip-ghmx8

# سۆڭەك كېسەللىكلەر دوكتورى — ئەنۋەرجان يۈسۈپ

(بۇ يازما تورلاردا 2015 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(دوكتور ئەنۋەرجان يۈسۈپنى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى دوكتور نۇرسىمانگۈل يۈسۈپنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)




1 ـ رەسىم. ئىنىمىز ئەنۋەرجان يۈسۈپ

ئەنۋەرجان يۈسۈپ 1983 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى غەربىي جەنۇبى تارىم نېفىتلىكىدە بىر زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى شۇ يەردە تاماملىغان. دادىسى يۈسۈپجان ئاكىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي كۈندىلىك ئۆگىنىش ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشىغىچە ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە پەرزەنتلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى ئۇنىڭدا ھەر قانداق ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن قىلىدىغان، ھەمدە ئاخىرىغا چىقارمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن. ھەدىسىنىڭ تەسىرى، ھەمدە ئۆزىنىڭ شۇ ئەستايىدىل، كىچىككىدىن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا ئامراق، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان خاراكتېرى ئۇنى بارا ـ بارا يۈكسەك ئەستايىدىللىق تەلەپ قىلىدىغان دوختۇرلۇق كەسپىگە قىزىقتۇرغان. ئەنە شۇ قىزىقىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، ھەدىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ 2002 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى كىلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپتىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئەستايىدىللىقى بىلەن سىنىپىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلىرىغا ئايلىنىدۇ. كەلگۈسىدە بىر يارامىلىق تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇش ئارزۇسىنى

قەلبىگە پۈكۈپ، ئۆز نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆزىگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويۇپ تىرىشىپ ئوقۇيدۇ. 2006 ـ يىلى ئۇنىڭ ئوقۇش نىشانىدا چوڭ بىر بۆرۈلۈش يۈز بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تا ھازىرغا قەدەر بىر نۇرلۇق ماياك بولۇپ كېلىۋاتقان، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تاكى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكۈچە ئوخشاش مەكتەپتە بىللە ئوقۇپ كەلگەن ھەدىسى نۇرسىمانگۈل يۈسۈپ شۇ يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىدە باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشنى تاماملايدۇ، ئەمما ئەۋزەل بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى تاشلاپ، ياپونىيەگە كېلىپ داۋاملىق ئوقۇش قارارىنى چىقىرىدۇ. كىچىكىدىن «ئوقۇيمەنلا دېسەڭلار، چوقۇم ۋايىغا يەتكۈچە ئوقۇتىمەن»، دەپ ئىلھاملاندۇرۇپ كېلىۋاتقان مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى بىر مۇشەققەتتە ئاران جەم بولغاندا چىقىرىلغان بۇ قاراردىن دەسلەپتە نارازى بولغان بولسىمۇ، ئۆز يۈرەك پارىسىنىڭ كۆكتە تېخىمۇ ئېگىز پەرۋاز قىلىشى ئۈچۈن، زور كۈچ بىلەن قوللايدۇ، ۋە زور ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن يولغا سېلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر تەرەپتىن ھەدىسىنىڭ غەيرىتىگە بولغان قايىللىق شەكىللەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن بىر قىز بالىنىڭ تىكەندەك يالغۇز، شۇنچىلىك ئىرادە بىلەن يات بىر ئەلگە مېڭىشى تومۇرىدا ئوخشاش بىر دادىنىڭ قېنى ئېقىۋاتقان ئەنۋەردە «مەنمۇ چوقۇم ئوقۇيالايمەن، ھەم ئاچامنى يېنىدا تۇرۇپ قوغدايمەن» دېگەن دەسلەپكى نىشان پەيدا بولىدۇ. شۇ نىشانىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇشىنىڭ ئاخىرىنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئوقۇيدۇ .

2008 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى سۆڭەك بۆلۈمىدە پراكتىكا قىلىش جەريانىدا، فىرانسىيەدىن كەلگەن بىر پروفېسسور بىلەن بىللە تىز بوغۇم ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسىگە بىللە قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان بۇ ئوپېراتسىيە، شۇنداقلا پروفېسسورنىڭ شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىشى كىچىكىدىن يېڭىلىقىقا ئىنتىلىدىغان ئۇنى ئۆزىگە شۇنداق قىزىقتۇرىدۇ، ۋە ياپونىيەگە چىققاندىن كېيىن سۆڭەك كېسەللىكلىرى ئىلمىدە ئوقۇش نىشانى شەكىللىنىدۇ، ھەمدە بۇ ئارزۇسىنى ھەدىسىگە ئېيتىدۇ. 2008 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئەۋزەل خىزمەت پۇرسىتىنى تاشلاپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتىدۇ (دوختۇرلۇق كەسپىدە ئىنگلىز تىلى كۆپرەك ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن). 2009 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ھەدىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ياپونىيە جۇنتېندو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىدۇ. تىلىسەڭ تاپارسەن دېگەندەك، ئۇنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەتقىقاتىنىڭ دەل ئۇ ئارزۇ قىلغان تىز بوغۇم كېسەللىكلىرى ئۈستىدە بولۇپ چىقىشى ئۇنى شۇنچىلىك خوش قىلغان ئىدى. قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ھەدىسى ۋە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمىدە ئوقۇشقا تېزلا كىرىشىپ كېتىدۇ. رەسمىي ھالدا دوكتورلۇق ئىمتىھانى بېرىش ئۈچۈن بىر يىل تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى بولۇپ تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، يېڭى مۇھىت، تۇرمۇش ۋە خىزمەت بېسىمى ھەر تەرەپتىن قىيناپ تۇرسىمۇ، شۇنچە يىراق جايدا تۇرۇپ ئۆزى جاپا تارتسىمۇ، بۇ بىر جۈپ پەرزەنتى ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىپ تۇرۇپ قوللاپ كېلىۋاتقان مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى، شۇنداقلا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچى (ئۇنى كۆتۈۋېلىش زىياپىتىدە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئەنۋەر كېلىشتىن بۇرۇن ھەدىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە ھەدىسىنىڭ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلىدىغانلىقى، ئەنۋەرنىڭمۇ شۇنداق ئوقۇيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقى، چۈنكى ئۇلاردا ئوخشاش DNA بارلىقى توغرىسىدا ئېيتقانىدى) ئۇنى ئۈزلۈكسىز تىرىشىشقا ئۈندەيتتى. بىر يىللىق تەييارلىقتىن كېيىن 2010 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىنگلىز تىلىدا رەسمىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانى بېرىدۇ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىپ ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمىدۇ. لېكىن قوبۇل قىلىش شەرتىدە چوقۇم ياپون تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىدا 3 ـ دەرىجە (N3) دىن ئۆتۈش شەرت قىلىنغان ئىدى. ئۇ ئىمتىھان 12 ـ ئايدا ئېلىنىدىغان بولۇپ، پەقەت ئىككى ئايلا تەييارلىق ۋاقتى بار ئىدى. مەكتەپتە چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت ياپون تىلى دەرسى ئۆتۈپ بېرىلەتتى. بۇرۇن ياپون تىلى ئۆگىنىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ياپون تىلىنى شۇ دەرسخانىدا ئۆگىنەتتى. شۇ سىنىپنىڭ ياپون تىلى ئوقۇتقۇچىسىدىن مەسلىھەت سورىسا، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سەۋىيىسىدە N3 ئىمتىھاندىن ئۆتۈشىنىڭ مۇمكىن

ئەمەسلىكىنى ئېيتىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ كەينىگە يېنىشقا قەتئىي بولمايتتى. بولمىسا يەنە بىر يىل ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئاي كېچە-كۈندۈز تىرىشىپ ئىمتىھاننى بېرىدۇ. شۇنداق جاپالىق تىرىشىشتىن نەتىجە چىققان ئىدى. ئاشۇنداق جاپالىق تىرىشىش نەتىجىسىدە، ئۇ ياپون تىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنى ھەيران قالدۇرۇپ N3 سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىدىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتۈپ، مەكتەپكە رەسمىي دوكتورلۇق پروگراممىسى بويىچە 4 يىللىق تەربىيىلىنىشكە قوبۇل قىلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، 2011-يىلى 4-ئايدىن باشلاپ، «ياشانغانلاردىكى تىز بوغۇم شىللىق پەردە ياللۇغىنىڭ تىز بوغۇم فۇنكسىيىلىك ئۆزگىرىشىدە ئوينىغان رولى ۋە تىز بوغۇم ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلىشنىڭ ئالتۇن پەيتى» توغرىسىدىكى تەتقىقاتى باشلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس تۈزۈلگەن تەتقىقات تېمىسى ئۈچۈن ئامبۇلاتورىيىدە، ئوپېراتسىيەخانىدا كېسەللەرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى ۋە توقۇلما ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىشقا توغرا كېلەتتى. ئىككى يېرىم يىل ئەۋرىشكە ۋە سانلىق مەلۇماتلىرىنى يىغىش نەتىجىسىدە ئاخىرى ستاتىستىكا قىلىشقا يەتكۈدەك سانلىق مەلۇماتلار تەييار بولىدۇ. بۇ جەرياندا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىرلىكتە ئامبۇلاتورىيىدە بىرگە كېسەل كۆرۈپ، ئوپېراتسىيىگە بىرلىكتە قاتنىشىپ، مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئەنۋەر ۋەتەندىكى ۋاقتىدا چەتئەلدە دوختۇرلۇق ئوقۇسا كەچكىچە تەجرىبىخانىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كېسەللەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرستى بولمايدۇ، دەپ ئاڭلىغان ۋە مەنمۇ شۇنداق بولارمەنمۇ دەپ ئەندىشە قىلغان. لېكىن، بۇ پۇرسەتلەرگە ئېرىشىپ ئۆزىنىڭ خاتا ئۇچۇرغا ئىگە بولۇۋالغانلىقىنى، ۋە ئارتۇقچە ئەندىشە قىلغانلىقىنى، چەتئەلدىمۇ ھەقىقىي قول سېلىپ ئىشلەش پۇرستىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ھەرخىل ستاتىستىكىلىق ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىن ئاخىرى نەتىجە چىقىدۇ، ۋە بۇ نەتىجىنى 2013-يىلى 4-ئايدا پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق بوغۇم ياللۇغى ۋە كۆمۈرچەك كېسەللىكلىرى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئېلان قىلىش پۇرستىگە ئېرىشىدۇ. يىغىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنى دوكتورلۇق ئوقۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى تەتقىقاتىنىڭ ياپونىيە ياشانغانلار كېسەللىكلىرى ئالدىنى ئېلىش تەتقىقات فوندىنىڭ تەتقىقات ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلىنىدىغانلىقى ۋە تەتقىقات ياردەمچىسى مائاشى بېرىدىغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ ئېتىراپقا ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز ئېيتىخارلىنىدۇ.



2-رەسىم. پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن 2015-يىللىق خەلقئارالىق بوغۇم ياللۇغى ۋە كۆمۈرچەك كېسەللىكلىرى مۇھاكىمە يىغىنىدا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور **Ishijima** ئەپەندى بىلەن بىللە

ئاخىرقى يىلىمۇ توختىماي تىرىشىش نەتىجىسىدە تەتقىقاتىنىڭ داۋامى يەنە يېڭى نەتىجىگە ئېرىشتۇرىدۇ. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئامېرىكا بوستون ئۇنىۋېرسىتېتى رادىئاتسىيە بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى، ھازىرقى ماگنىتلىق رېزونانس سىفىرلەش (MRI) تېخنىكىسى ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇش ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى ئەلى.گۇئېرمازى (Ali. Guermazi) ئەپەندىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا بۇ يىل 4-ئايدا ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق بوغۇم ياللۇغى ۋە كۆمۈرچەك كېسەللىكلىرى مۇھاكىمە يىغىنىغا يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ 2015-يىلى 4-ئايدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ھازىر جۇنتېندو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە دوكتور ئاشتى بولۇپ ئۆز تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.




3-رەسىم. ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا ھەدىسى نۇرسىمانگۈل بىلەن بىللە

ئىنىمىز ئەنۋەرجان يۈسۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ جەرياندا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار ھەم ئوڭۇشسىزلىقلار شۇنچىلىك كۆپ بولسىمۇ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ. شۇڭا چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان ياشلارغا دەيدىغىنىم، چەتئەلدە ئوقۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىڭىزگە تايىنىش. چۈنكى، چەتئەلدىكى ئالىي مەكتەپلەر سىزگە بارماقچى بولغان مەنزىلنى ئېيتىپ بەرگەن بىلەن قانداق بېرىشنى ئۆزىڭىز بەلگىلەيسىز.»

## دوكتور ئەنۋەرجان يۈسۈپ ئېلان قىلغان ماقالىلەر ۋە قاتناشقان ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرى

1. Yusup. A, Kaneko. H, Liu. L, Sadatsuki. R, Hada. S, Kinoshita. M, Futami. I, Kurosawa. H, Shimura. Y, Saita. Y, Takazawa. Y, Ikeda. H, Kaneko. K, Ishijima. M
Synovitis Is Associated With Bone Marrow Abnormality In Patient With End-Stage Knee Osteoarthritis

2014OARSI World Congress on Osteoarthritis, April 24-27, Paris, France

2 . Yusup. A, Kaneko. H, Liu. L, Sadatsuki. R, Hada. S, K.Kamagata Kinoshita. M, Futami. I, Kurosawa. H, Shimura.Y, Saita. Y, Takazawa. Y, Ikeda. Shigeki Aoki. Kaneko. K, Ishijima. M
Bone marrow lesions, subchondral bone attrition and subchondralbone cysts are associated with histological synovitis in patients with end-stage knee osteoarthritis: A cross-sectional study
2015OARSI World Congress on Osteoarthritis, April 30-May 3, Seattle, U.S.A

3. Bone marrow lesions, subchondral bone attrition and subchondral bone cysts are associated with histological synovitis in patients with end-stage knee osteoarthritis: A cross-sectional study.
Anwarjan Yusup, Haruka Kaneko, Lizu Liu, Liang Ning, Ryo Sadatsuki, Shinnosuke Hada, Koji Kamagata, Mayuko Kinoshita, Ippei Futami, Yukio Shimura, Masaru Tsuchiya, Yoshitomo Saita, Yuji Takazawa, Hiroshi Ikeda, Shigeki Aoki, Kazuo Kaneko, Muneaki Ishijima, Osteoarthritis and Cartilage (2015), doi: 10.1016/j.joca.2015.05.017.

4. 末期変形性膝関節症の滑膜炎と関連する関節内構造変化因子(会議録 (Author：アニワルジャン・ユスプ (順天堂大学 大学院医学研究科整形外科・運動器医学), 石島 旨章, 金子

# ئەركىن ئابدۇۋايىت

(بۇ يازما تورلاردا 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(دوكتور ئەركىن ئابدۇۋايىتنى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى شاكىر شەمشىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)



1 ـ رەسىم: ئوتتۇرىدىكى كىشى ئەركىن ئابدۇۋايىت ئۇكىمىز بولىدۇ.

ئىنىمىز ئەركىن ئابدۇۋايىت 1972 ـ يىلى ئاقسۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1990 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ، ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق بۆلۈمىدە 2 يىل خەنزۇ تىلى ئۆگەندى. 1992 ـ يىلى ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېخنىكىلىق فىزىكا كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، يادرو فىزىكا كەسپىدە تولۇق كۇرسنى ئوقۇدى. 1989 ـ يىلى تيەنئەنمېن ۋەقەسى تۈپەيلىدىن ئۇ بىر يىل ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇشى بىر يىل ئۇزىراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تولۇق كۇرسنى 1997 ـ يىلى يازدا پۈتتۈردى.

ئەركىن باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشى ئۇچۇن جەمئىي 7 يىل سەرپ قىلغانلىقى ئۇچۇن، ئۇ تېخىمۇ يۇقىرىلاپ ئوقۇشتىن ۋاقتىنچە ۋاز كېچىپ، 1997 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ فىزىكا ـ خىمىيە تېخنىكىسى تەتقىقات ئورنى (中国科学院新疆理化技术研究所) غا خىزمەتكە كىردى. ئۇ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، 1999 ـ يىلى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى (新疆物理研究所) نىڭ ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىنىدى، ھەمدە بۇ ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى مىكرو ـ ئېلېكترونىكا كەسپى بويىچە 2002 ـ يىلى تاماملاپ، ئاشۇ ئورۇندا بىر تەتقىقاتچى بولۇپ، 2005 ـ يىلغىچە ئىشلىدى. مۇشۇ جەرياندا ئەركىن جۇڭگودىكى داڭلىق ئىلمىي ـ تەتقىقات ژۇرناللىرىدا جەمئىي 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى.



2 ـ رەسىم: ئەركىن ئابدۇۋايىت ئىشلىگەن تەجرىبىخانىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى. ئىنىمىز ئەركىن ئۆزى ئىشلىگەن تەجرىبىخانىدا يېرىم ئۆتكەزگۈچنى ئىنگلىزچە «**Metal ـ organic chemical vapor deposition**» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپ چىقىرىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇسۇلدا ئىشلىتىلىدىغان بەزى ماتېرىياللار زەھەرلىك. شۇڭا ئۇلار يېرىم ئۆتكۈزگۈچنى ئۆستۈرگەن چوڭ ساندۇق شەكلىرىدىكى قۇرۇلمىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىنى تازىلايدىغاندا، ئۆزلىرىگە مۇشۇ رەسىمدىكىدەك ماسكا تاقىۋالمىسا بولمايدۇ. بۇ رەسىمدىكى ئوڭدىن 1 ـ كىشى ئىنىمىز ئەركىن بولۇپ، ئۇ قالغان 2 ئوقۇغۇچىغا مەزكۇر قۇرۇلمىنى تازىلاشنى ئۆگىتىپ قويۇش ئالدىدا تۇرماقتا.

2005 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئەركىن فىنلاندىيەدىكى خېلسىنكى تېخنولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Helsinki University of Technology) نىڭ فوتو ـ ئېلېكترونىكا فاكۇلتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىندى. بۇ كەسىپ بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىش ئۈچۈن نورمال ئەھۋالدا بىر ئوقۇغۇچى 5 يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما ئەركىن ئىنتايىن قاتتىق تىرىشىپ، دوكتورلۇق ئوقۇشىنى ئۈچ يېرىم يىلدىلا تاماملىدى. ئاشۇ ئوقۇش جەريانىدا خەلقئارادا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان «قوللىنىشچان فىزىكا قىسقا ماقالىلىرى» (Applied Physics Letters)، «نانو تېخنولوگىيەسى» (Nanotechnology)، «كىرىستال ئۆستۈرۈش ژۇرنىلى» (Journal of Crystal Growth) قاتارلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا جەمئىي 8 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئەركىن ئۆزىنىڭ مەكتىپىدە تاكى 2014 ـ يىلىغىچە «دوكتور ـ ئاشتى» (post ـ doc) بولۇپ ئىشلىدى (بۇ مەكتەپنىڭ ئىسمى كېيىن «ئالتو ئۇنىۋېرسىتېتى» (Aalto University) غا ئۆزگەرتىلدى). ئەركىن 2009 ـ يىلدىن 2014 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا فىنلاندىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى قاتارلىق ئورۇنلار مەبلەغ ئاجرىتىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىككى چوڭ پروجېكتكە ئاساسلىق تەتقىقاتچى سالاھىيىتى بىلەن قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەركىن يەنە ئىككى باكلاۋۇرلۇق ۋە بىر ماگىستىرلىق ئوقۇغۇچىسىغا تەتقىقات يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بولدى. شۇنداقلا 2008 ـ يىلدىن باشلاپ فاكۇلتېتنىڭ تەجرىبە دەرسلىرىنى ئۆتتى. فىنلاندىيەدە ئوقۇش ۋە تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئەركىن ھەر خىل ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرى ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا جەمئىي 20 پارچىغا يېقىن ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى.

2014 ـ يىلى، ئەركىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ قارمىقىدىكى شىنجاڭ فىزىكا ـ خىمىيە تېخنىكىسى تەتقىقات ئورنى (中国科学院新疆理化技术研究所) غا بىر پىروفېسسور ۋە يېڭىلىق يارىتىش تەتقىقاتچىسى (创新研究员) بولۇپ خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ 2015 ـ يىلى يانۋاردىن باشلاپ ئورۇمچىدە خىزمەتكە چۈشتى. ئۇ ھازىر زامانىۋى ئوپتىكا زاپچاسلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللارنىڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

دوكتور ئەركىن ئابدۇۋايىتنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى تۆۋەندىكى تور ئۇلىنىشتىن ھەقسىز چۈشۈرۈۋالغىلى بولىدۇ:

http://lib.tkk.fi/Diss/2008/isbn9789512296156/



3 ـ رەسىم. دوكتور ئەركىن ئابدۇۋايىت ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە.

ئىنىمىز ئەركىن يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ كەسپىي ساھەسىدە كىشىنى تەسىرلەندۈرگۈدەك ۋە قايىل قىلغۇدەك زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن شان ـ شەرەپ ياراتتى. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي ـ تەتقىقات ئىشلىرىنىڭمۇ بۇرۇنقىدەكلا ھوسۇللۇق بولۇشىغا ئىشىنىمەن، ھەمدە شۇنىڭغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

## دوكتور ئەركىن ئابدۇۋايىت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ

ئىنىمىز ئەركىن ھازىر يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىدەك:

(1) ھازىردىن باشلاپ ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىلىرى قوبۇل قىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئوقۇغۇچىلار جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ فىزىكا ـ خىمىيە تېخنىكىسى تەتقىقات ئورنى (中国科学院新疆理化技术研究所) دا ئوقۇيدۇ. بۇ ئوقۇشنىڭ ئورنى ئۈرۈمچىدە بولۇپ، ئىنىمىز ئەركىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ماگىستىر ئوقۇغۇچىلىرى بېيجىڭدىكى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇنىۋېرسىتېتى (中国科学院大学 http://www.gucas.ac.cn/) دە بىر يىل نەزەرىيە دەرسلىرىنى ئالىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر سىز 2015 ـ يىللىق ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىنسىڭىز، 2015 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بېيجىڭغا بېرىپ، 2016 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە شۇ يەردە ئوقۇيسىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، تەجرىبە بىلەن شۇغۇللىنىسىز.

(2) دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن ئوقۇغۇچىلار بېيجىڭغا بارمايدۇ.

(3) ئەركىن ئۆكىمىز جۇڭگودىكى باشقا بىر قانچە شەھەرلەرگە جايلاشقان تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەنمۇ ھەمكارلىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ بەزىدە ئاشۇ شەھەرلەرگە بېرىپ، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

(4) ئەركىن ئۆكىمىز بەزى تەجرىبىلەرنى فىنلاندىيەدە ئېلىپ بېرىشنى پىلانلاۋاتقان بولۇپ، ئەگەر بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشسا، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ فىنلاندىيەگە بېرىپ، قىسقا مۇددەت تەجرىبە ئېلىپ بېرىش پۇرسىتى تۇغۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئىشنى ھازىرچە «يۈزدە ـ يۈز شۇنداق بولىدۇ»، دېگىلى بولمايدۇ.

ئىنىمىز ئەركىن بۇ ئورۇنغا يېڭىدىن كىرگەن بولۇپ، 2015 ـ يىلدىن باشلاپ مەزكۇر ئورۇندا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار 2014 ـ يىلىلا بېكىتىلىپ بولغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئەگەر سىز ئاشۇ ئورۇندىكى تىزىملىككە قارىسىڭىز، ئەركىن ئۆكىمىزنىڭ ئىسمى «يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار» تىزىملىكىدە يوق ئىكەن. ئەمما ئەركىن ئۆكىمىز ئىدارىسى بىلەن كېلىشىپ قويغان بولۇپ، يېڭىدىن ئىلتىماس قىلماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلار «قاتتىق ھالەتلىك رادىياتسىيە فىزىكىسى تەجرىبىخانىسى» (Laboratory of Solid State Radiation Physics) گە ئىلتىماس قىلسا، ئۇ ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئەركىن ئۆكىمىزنىڭ گۇرۇپپىسىغا تەقسىم قىلىنىدىكەن.

بۇ ئوقۇشقا قىزىقىدىغان ئۆكىلار ئەركىن ئۆكىمىز بىلەن erkin118@163.com ئارقىلىق ئالاقىلەشسە بولىدۇ.

# دوكتور ئەيساجان ئابىدىن (شۋېتسىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(دوكتور ئەيساجان ئابىدىننى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى مۇختەرجان ئابدۇراخماننىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)



1-رەسىم: دوكتور ئەيساجان ئابىدىن

ئىنىمىز ئەيساجان ئابىدىن 1983-يىلى كورلا شەھىرى ئاۋات يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئاۋات يېزىسىدا تاماملاپ، تولۇق ئوتتۇرىنى باينغولىن ئوبلاستلىق 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 2001-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھېسابلاش ماتېماتىكا تولۇق كۇرس كەسپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، 2006-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

ئەيساجان كەلگۈسىدە چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئالىي بىلەن مەكتەپنىڭ ھەر ئىككىسىدە كەسپىي دەرسلەرنى پۇختا ئىگەللىگەندىن سىرت، يەنە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشكىمۇ باشلايدۇ. دەسلەپتە ئىنگلىز تىلى كۇرسىدا ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزلۈكىدىن ھەر خىل ئۇنۇملۈك ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ ئۆگىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۆلەتلىك 4- ۋە 6- دەرىجىلىك ئىمتىھانلاردىن ئۆتىدۇ، ۋە 2004-يىلى IELTS ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا شۇ يىلدىن باشلاپ ئەيساجان ئىنگلىز تىلى كۇرسلىرىدا قوشۇمچە دەرس ئۆتۈشكە باشلايدۇ.

ئەيساجان 2005-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بىر يىل بۇرۇن شۋېتسىيەدىكى نوپۇزلۇق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى بولغان چالمېرس تېخنولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Chalmers University of Technology) نىڭ

ئىنژېنېرلىق ماتېماتىكا كەسپىگە ماگىستىرلىققا قوبۇل قىلىنىدۇ. بىراق ۋېزىغا ئېرىشەلمەسلىك سەۋەبىدىن ئۇ ئوقۇشقا شۇ يىلى بارالماي، قايتا ئىلتىماس سۇنۇش ئارقىلىق 2006 ـ يىلى تولۇق كۇرسنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاندىن چالمېرسقا ئوقۇشقا كېلىدۇ.

ئەيساجان ئادەتتە ئىككى يىلدا تاماملىنىدىغان ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى 10 ئاي ئىچىدە ھەممە پەنلەردە تولۇق نومۇر بىلەن تاماملايدۇ. بۇ جەرياندا ئەيساجان بىر تەرەپتىن ھەر كۈنى ئەتىگەندە 4 ـ 5 سائەت گېزىت تارقىتىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، شۇ سەۋەبلىك ئەتىگىنى ئۆتۈلگەن دەرسلەرگە قاتنىشالماي، كەچلىكلىرى ئۆزى ئۆگىنىدۇ. بۇ 10 ئاي ئەيساجانغا نىسبەتەن ھەم جاپالىق ھەم نەتىجىلىك ۋاقىت بولىدۇ: ئۇ ماگىستىرلىقنى پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇنلا دوكتورلۇق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەيساجان 2007 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىۋېتسىيەدىكى لىنشۆپىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى (Linköping University) نىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا 5 يىللىق دوكتورلۇق ئوقۇشقا كىردى، ۋە كۋانت مەخپىي سىپىر بىخەتەرلىكى (Quantum Cryptography) گە ئائىت تېمىنى تەتقىقات يۆنىلىشى قىلىپ تاللىدى. ئەيساجان 2010 ـ يىلى ئېلېكتر ئىنژېنېرلىق فاكۇلتېتىنىڭ ئۇچۇر كودلاشتۇرۇش (Information Coding) بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كىرىپ، شۇ بۆلۈمدە 2013 ـ يىلى 5 ـ ئايدا دوكتورلۇق ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملىدى.




2 ـ رەسىم: ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدىكى بىر خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشقىلى كەلگەندە تارتىلغان رەسىم. «CNN» ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ مېدىيە شىركەتلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ شىركەتنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى پروگراممىسى بار.

ئەيساجان دوكتورلۇق تەتقىقات تېمىسىنى ئۆزىنىڭ بۇرۇن ئوقۇغان ھېسابلاش ماتېماتىكىسى كەسپىگە مۇناسىۋەتسىز بىر ساھەدە تاللىغانلىقى تۈپەيلىدىن، تەتقىقاتىغا ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ئىگىلەشكە توغرا كېلەتتى. بىراق، ئەيساجان تەتقىقاتىغا ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى تېزدىن ئىگىلەپلا قالماي، بىر كۋانت مەخپىي شىفىر ھاسىل قىلىش كېلىشىمىدىكى يوچۇقنى بايقاپ، تۇنجى ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدا، ئەيساجان

ئېرىشكەن بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۆز ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، مەلۇم دەرىجىدە غۇلغۇلا قوزغىدى.

ئەيساجان دوكتورلۇق ئوقۇشىنى باشلىغان مەۋسۇمدىن باشلاپ، بىر تەرەپتىن ئوز ئوقۇشىنى ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتۈپ، تولۇق كۇرس ۋە ماگىستىر ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىلىدىغان سىزىقلىق ئالگېبرا، ماتېماتىكا ئانالىزى، مەخپىي سىپىر ئىلمى ۋە كومپيۇتېر بىخەتەرلىكى قاتارلىق دەرسلەرگە ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى.

2014-يىلى 2-ئايدا چالمېرسنىڭ كومپيۇتېر فاكۇلتېتىغا بىر يىللىق دوكتور ئاشتىلىققا كىرىپ، شەخسىي مەخپىيەتلىككە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستىكى بىئوستاتىستىكىلىق كىملىكنى ئىسپاتلاش (Priwacy-preserving biometric authentication) ۋە باشقا بىرقانچە ئۇچۇر بىخەتەرلىكىگە ئائىت تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ بۇ جەريانلاردا ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ۋە باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئىلمىي دوكلات بەردى.

ئەيساجان ھازىر شىۋېتسىيەدىكى ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەردىكى بىر شىركەتتە ئۇچۇر بىخەتەرلىكىگە ئائىت تېخنىكىغا مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ پات ئارىدا بېلگىيەدىكى لۇۋىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (KU Leuven) دۇنياغا داڭلىق كومپيۇتېر بىخەتەرلىكى ۋە سانائەت مەخپىي سىپىر ئىلمى (Computer security and industrial cryptography) تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشقا چۈشۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

ئەيساجانغا كىچىكىدىن تەسىر قىلغان مۇھىم نەرسە ئاتا-ئانىسىنىڭ بارلىقىنى بالىلىرىنىڭ ئوقۇشىغا ئاتىۋەتكەنلىكى، بولۇپمۇ ئەيساجان كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ دادىسى بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مېھرىبان ئانىسىنىڭ جاپا مۇشەققەتكە پىسەنت قىلماي، ئۆزى يالغۇز دېھقانچىلىقتا تايىنىپ، پەرزەنتلىرىنى ياخشىراق ئىستىقبالغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتقانلىقى، ۋە ئۇلارنى يېقىندىن قوللاپ، ئوقۇشتا ياخشى نەتىجە قازىنىپ، جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورنىنى تېپىشىغا مەدەت بەرگەنلىكىدۇر. ئەيساجان شۇ ۋەجىدىن، ئۇلۇغ ئانىسىغا تەشەككۇر ئېيتىش بىلەن بىرگە، يەنە ئاكا-ھەدىلىرىنىڭ بىر-بىرىدىن ياخشى ئوقۇپ، ئۆزىگە ياخشى ئۈلگە بولۇپ، ھەر دائىم يېقىندىن يار-يۆلەكتە بولۇپ بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتىدۇ.

ئەيساجاننىڭ ياشلارغا بولغان يۈرەك سۆزى مۇنداق: «ئىنساننىڭ ھاياتى تولىمۇ قىسقا. بۇ قىسقا ھاياتتا ھەربىر ئىنسان نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلارنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن ساغلاملا بولىدىكەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەرلىك ۋاقىت بار. شۇڭلاشقا، ئىشىنىمەنكى، ھەر دائىم ئۈمىدۋار بولۇپ، ئوڭۇشسىزلىقلارغا تىز پۈكمەي، تەن-سالامەتلىكىمىزگە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ئۈزلۈكسىز توغرا يولدا، توغرا نىيەتتە تىرىشىدىغانلا بولساق، ھەممىمىز ئۆز ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنى ۋە غايىلىرىمىزنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيمىز.»

ئىنىمىز ئەيساجاننىڭ بىر خۇسۇسى تور بېتى بار بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيسىز:
https://sites.google.com/site/aysajan/

ئىنىمىز ئەيساجان 2003-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن باشلاپلا ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپ MIT تەييارلاپ تارقاتقان ئىنتېرنېت ماتېماتىكا دەرسلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى ياخشى ئۇنۇم قازانغان. بۇنداق دەرسلەر ئىنگلىزچە «OpenCourseWare, OCW» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى چەت ئەلدىكى ئوقۇش ھاياتىدىمۇ بۇ قورالدىن كوپ پايدىلىنىپ، ياخشى ئۇنۇملەرگە ئېرىشكەن. ئۇ ھازىرمۇ بىرەر يېڭى نەرسىنى ئۆگەنمەكچى بولغاندا ئىنگلىزچە «Coursera» دەپ ئاتىلىدىغان ھەقسىز ئىنتېرنېت دەرسلىرىنى تېپىپ ئاڭلايدۇ. ئىنىمىز ئەيساجان ھازىر ۋەتەندە ۋە چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان بارلىق ئۆكىلارغا بۇ ئىككى تور بېتىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تور ئادرېسلىرى:
http://ocw.mit.edu/courses/audio-video-courses/
https://www.coursera.org/courses




3 ـ رەسىم: ئەيساجاننىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ مۇقاۋىسى.

## دوكتور ئەيساجان ئابىدىن ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):

**Refereed Conference/Journal Papers:**

[1] On the Leakage of Information in Biometric Authentication
Elena Pagnin, Christos Dimitrakakis, Aysajan Abidin and Aikaterini Mitrokotsa
In Proceedings of INDOCRYPT 2014, LNCS 8885, pp. 265-280, Springer, 2014.

[2] Security aspects of privacy-preserving biometric authentication based on ideal lattices and ring-LWE
Aysajan Abidin and Aikaterini Mitrokotsa
In Proceedings of IEEE WIFS, pp. 1653-1658, 2014.

[3] Security of a Privacy-Preserving Biometric Authentication Protocol Revisited
Aysajan Abidin, Kanta Matsuura, and Aikaterini Mitrokotsa
In Proceedings of CANS 2014, LNCS 8813, pp. 290-304, Springer, 2014.

[4] Attacks on Privacy-Preserving Biometric Authentication
Aysajan Abidin, Elena Pagnin, and Aikaterini Mitrokotsa
In Proceedings of NordSec 2014, LNCS 8788, pp. 293–294, Springer, 2014.

[5] A Privacy-preserving Biometric Authentication Protocol Revisited
Aysajan Abidin and Aikaterini Mitrokotsa
In Proceedings of YACC 2014, Porquerolles island, France, June 2014.

[6] Direct Proof of Security of Wegman-Carter Authentication with Partially Known Key
Aysajan Abidin and Jan-Åke Larsson
Quantum Information Processing, 13(10): 2155-2170, 2013
QOI: 10.1007/s11128-013-0641-6

[7] On security of universal hash function based multiple authentication
Aysajan Abidin
In Proceedings of ICICS 2012, LNCS 7618, pp. 303-310, Springer, 2012.

[8] New Universal Hash Functions
Aysajan Abidin and Jan-Åke Larsson
In Proceedings of WEWoRC 2011, LNCS 7242, pp. 99-108, Springer, 2012

[9] Quantum Cryptography and Authentication with Low Key-Consumption
A. Abidin, C. Pacher, T. Lorünser, J.-Å. Larsson and M. Peev
Proc. of SPIE Vol. 8189. (2011)

[10] Vulnerability of "A novel protocol-authentication algorithm ruling out a man-in-the-middle attack in Quantum Cryptography
Aysajan Abidin and Jan-Åke Larsson
International Journal of Quantum Information, Vol. 7, No. 5 (2009) 10471052.

[11] Special properties of Strongly Universal-2 hash functions important in Quantum Cryptography
Aysajan Abidin and Jan-Åke Larsson
AIP Conf. Proc., Vol. 1101, pp. 289-293, 2009.

**Submitted Papers:**

[12] Secure Privacy-Preserving Biometric Authentication
Aysajan Abidin, Jonas Magazinius, and Aikaterini Mitrokotsa

## Preprints:

[13] Attacks on quantum key distribution protocols that employ non-ITS authentication
C. Pacher, Aysajan Abidin, T. Lorünser, M. Peev, R. Ursin, A. Zeilinger and J.-Å. Larsson
arxiv.org/abs/1209.0365

[14] Security of Authentication with a Fixed Key in Quantum Key Distribution
Aysajan Abidin and Jan-Åke Larsson
arxiv.org/abs/1109.5168

[15] Lifetime of Authentication Using Encrypted Tags When the Encryption Key is Partially Known
Aysajan Abidin and Jan-Åke Larsson

**Theses:**

PhD Dissertation: Authentication in Quantum Key Distribution: Security Proof and Universal Hash Functions
(Department of Electrical Engineering, Linköping University, 2013)

Licentiate Thesis: Weaknesses of Authentication in Quantum Cryptography and Strongly Universal Hash Functions
(Department of Mathematics, Linköping University, 2010)

Master Thesis: Finite Element Simulations of Stochastic Patial Differential Equations (Solver)
(Department of Mathematical Sciences, Chalmers University of Technology, 2007)

# يىراق قىرلاردا مېھنەتلىك ئۆتكەن ھايات

## ـ سەنئەتكار، يازغۇچى ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ھەققىدە ـ

(بۇ يازما تورلاردا 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

ئۇچۇر دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ دۇنيا ئەللىرى ئارا تارقىلىشى بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە ماس ھالدا ئۆز رولىنى ئاكتىپ ھالدا نامايان قىلىۋاتماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىمۇ دۇنيا سەھنىسىدە قىزىقىشقا، تونۇلۇشقا، ۋە كۈندىن ـ كۈنگە ئالقىشلىنىشقا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.
ھەرقانداق بىر نەتىجە مېھنەتسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ياۋروپادا، جۈملىدىن ئانا ۋەتىنىدىن 10 مىڭ كىلومېتىرلارچە ئۇزاقتىكى ئەل ــــ بۈيۈك برىتانىيەدە تونۇلۇشىغا ئون نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۆز ئەجرىنى ئۈن ـ تىنسىز سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر ئىنىمىز بار. ئۇ ئىنىمىز بۇ ساھەلەردە خەلقىمىزگە شان ـ شەرەپ قۇچتى. چەت ئەلدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا گۈزەل مەدەنىيەت ـ سەنئىتىمىزدىن ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. دۇنيادىكى باشقا ئەللەر بىلەن ئۆز ـ ئارا مەدەنىيەت دىئالوگى قۇرۇپ، ئۆز ـ ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى دىيارىمىز بىلەن بىرگە تونۇشتۇرۇپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ دىيارىمىزدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كۆپكە قادىر، ئىقتىدارلىق ئۇيغۇر ئىنىمىزنىڭ ئىسمى ئەزىز ئەيسا ئەلكۈندۇر.



1 ـ رەسىم: ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

مەن ئىنىمىز ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن بىلەن 10 يىلدەك ۋاقىتتىن بۇرۇن تونۇشقان بولۇپ، شۇنىڭدىن بېرى ئۈز-ئارا ئالاقىلىشىپ ئۆتتۇۋاتىمىز. ھەممە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزدا پۇرسەت يارىتىلغاندا ئۆز-ئارا ياردەملىشىپ كېلىۋاتىمىز. مەن 2008-يىلى ئايالىم بىلەن ياۋروپاغا ساياھەتكە بارغان بولۇپ، شۇ قېتىم لوندوندا بىز ئەزىز ئەيسا ۋە دىلشات ھېۋزۇللا ئۈكىلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىر-ئىككى كۈن بىرگە بولدۇق.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر دىيارىدىكى مىسرانىم، باغداش، ئىزدىنىش ۋە بوزقىر قاتارلىق تور سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىپ كېلىنىۋاتقان تۈرلۈك مەزمۇندىكى ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن، بولۇپمۇ «دوناي دەرياسىدىن ئورخۇن بويلىرىغىچە» ناملىق كىتابى، ۋە «قىتئەلەر ئارا قاناتلانغان كۆي —— سەنۇبەر تۇرسۇن» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى بىلەن خەلقىمىزگە تونۇلغان، 2004-يىلى لوندوندا «لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى» نى قۇرۇپ چىققان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا ۋە سەنئەت مەدەنىيىتىنى بۈيۈك برىتانىيەنى مەركەز قىلغان ھالدا ياۋروپا دۆلەتلىرىدە پائال تونۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سەنئەتكار، يازغۇچى، تەرجىمان، ۋە مۇستەقىل تەتقىقاتچى ئىنىمىز ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن 1970-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي بويلىرىدىكى بوستانلىق يۇرت شايار ناھىيىسىنىڭ تويبولدى بازىرى يېزا يېڭىچىمەن كەنتىدە بىر يېزا دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك يىللىرىنى يېزىدا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى شايار ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇپ، 1991-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەل تىللى فاكۇلتېتى رۇس كەسپىنى پۈتتۈرىدۇ.

ئىنىمىز ئەزىز 1991-يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1999-يىلغا قەدەر ئاقسۇ شەھىرىدە مەمۇرىي ۋە تىجارى ئورۇنلاردا تەرجىمان بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. 1999-يىلىدىن 2001-يىلغىچە قىرغىزىستان، تۈركىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەردە ياشايدۇ. 2001-يىلى 8-ئايدا بۈيۈك برىتانىيەنىڭ لوندون شەھىرىگە كېلىپ يەرلەشكەندىن كېيىن، ھازىرغا قەدەر ئائىلىسى بىلەن بىللە لوندوندا ئوقۇش، خىزمەت، ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ 2011-يىلىدىن باشلاپ باش شتابى لوندونغا جايلاشقان خەلقئارا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن 1986-يىلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا تۇنجى ئەسىرىنى ئاقسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلىش بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئاقسۇدا ئۆتكەن يىللىرىدا رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋە تەرجىمان بولۇپ ئىشلەش بىلەن بىرگە، يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاقسۇ گېزىتى قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا شېئىر ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ 1999-يىلى ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ۋە ئاخبارات ساھەلىرىدە ئاكتىپلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، نۇرغۇن شېئىرىي، ئەدەبىي، ئىلمىي ۋە ئاخبارات ئەسەرلەرنى يازىدۇ. ئۇيغۇر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىرادىسى يۈرىكىگە مەھكەم پۈكۈلگەن ۋە بۇ يولدا بىر كۈنمۇ ئىزدىنىشنى، ئەجىر سىڭدۈرۈشنى توختاتماي كېلىۋاتقان ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئوبزور، ئەدەبىي خاتىرىلەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، خەلقىمىزنىڭ ئوقۇشىغا تەقدىم قىلىدۇ.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن 2007-يىلى 9-ئايدىن 2008-يىلى 2-ئايغىچە بۈيۈك برىتانىيە (ئەنگلىيە) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بۈيۈك برىتانىيە خەۋەر ئاگېنتلىقى BBC نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆزبېك بۆلۈمىدە ئىختىيارى مۇخبىر ۋە تور يازغۇچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ جەرياندا خەلقىمىزنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىگە ئائىت 10 نەچچە پارچە ئەسەر ۋە خەۋەر يېزىپ، مەزكۇر ئاگېنتلىقنىڭ تور بېتىدە ئۇيغۇر يېزىقىدا ئېلان قىلدۇرىدۇ.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن 2004-يىلى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنى قۇرۇپ چىققاندىن بۇيان، بۈيۈك برىتانىيە ۋە ياۋروپانىڭ ھەر قايسى دۆلەتلىرىدە ئۇيغۇر سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇش مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئۈچۈر ئالاقە تورىنى مەركەزلىك تېما قىلغان ھالدا ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ يەنە تەرجىمە خىزمەتلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ ھازىرغا قەدەر برىتانىيىلىك ئۇيغۇر مۇزىكشۇناس، دوكتور رەيچېل ھاررىس بىلەن

بىرلىكتە ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ بىر قىسىم مۇقام تېكىستلىرىنى، ھەمدە 50 پارچىغا يېقىن ئۇيغۇر خەلق ناخشا تېكىستلىرىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇ يېقىندا «تاتارىيەدىن خەۋەر ــــ پېكىندىن كەشمىرگە سەپەر» ناملىق تارىخىي كىتابنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئائىت قىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ، تور ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئوقۇشىغا سۇندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەزىز ئەيسا ئەلكۈننىڭ ئىنگلىز تىلىدا يازغان بىر قىسىم ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى ئەنگلىيەنىڭ نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىلمىي ئەسىرى 2011-يىلى دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىم بىلەن بىرلىكتە ئەنگلىيەنىڭ كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى ئىچكى ئاسىيا ئىلىم ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، دۇنيا ئىلىم ساھەسىنىڭ ئۇيغۇر تەتقىقاتىغا بولغان ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىغان «نەزىرگە تەكلىپ: ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە ئومۇمىي نەزەر» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ماقالىسىدۇر.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن يەنە دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىم بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئۇيغۇر ناخشا مۇزىكا سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ئەنگلىيەگە تەكلىپ قىلىش، ئەنگلىيەگە كەلگەن ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋېلىش، ئۇلارغا تەرجىمان ۋە ياردەمدە بولۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنىمۇ قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق بۈيۈك برىتانىيە بىلەن ئۇيغۇر دىيارى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت-سەنئەت ئالاقىلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، 2003-يىلى 4-ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدىن تەشكىللەنگەن بىر ئۆمەك ئەنگلىيەگە ئويۇن قويۇشقا كېلىدۇ. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن بۇ ئۆمەكتىكىلەر بىلەن 15 كۈن بىللە بولۇپ، ئۇلارغا تەرجىمانلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە ياردەم قىلىدۇ. 2014-يىلى 5-ئايدا ئاتاقلىق سەنئەتكارىمىز سەنۇبەر تۇرسۇن باشچىلىقىدىكى بىر ئۆمەكنىڭ لوندون، پارىس ۋە ۋېناس قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا سەنئىتىدىن ئۆرنەكلەر كۆرسىتىش ۋە سەنئەت بويىچە ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىدۇ.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈننىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى ئىنگلىز مائارىپىدا بىلىم ئېلىش ئارزۇسى لوندونغا كەلگەندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ 2001-يىلىدىن 2004-يىلىغىچە لوندوندىكى مورلېي (Morley College) ئىنگلىز تىلى تەربىيىلەش مەكتىپىدە تولۇق كۈنلۈك سىنىپتا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدۇ. 2005-يىلىدىن 2009-يىلىغىچە لوندون لامبېت ئىنستىتۇتىدا (Lambeth College) ئىنگلىز تىلى ۋە قوش تىل مائارىپى ۋە كومپيۇتېر كەسپىدە، 2009-يىلىدىن 2011-يىلىغىچە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى بېرىكبەك ئىنستىتۇتىدا (Birkbekk College) كومپيۇتېر ئۇچۇر ئىلمى، تور لايىھىلەش ۋە مېدىيە تېخنىكا كەسپلىرى بويىچە ئوقۇشىنى تاماملايدۇ. ئۇ ھازىر لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا ۋە شەرق شۇناسلىق ئىنستىتۇتى تارمىقىدىكى «جۇڭگودىكى ئىسلامى ئاۋاز» ناملىق تەتقىقات تۈرىدە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ قوشۇمچە برىتانىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى كۆچمەنلەر ئىدارىسىدە تەرجىمان بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ئانا ۋەتەندىن يىراقتىكى ھاياتنىڭ قىسمەتلىرى، بىزگە ئېيتىلمىغان ھېكايەتلىرى تېخىمۇ كۆپ. نىكاھنىڭ غايىب بولغىنىدەك تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرى ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئەت تەتقىقاتىغا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان برىتانىيەلىك ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىشۇناس دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىم 2001-يىلى سېنتەبىردە لوندون پارلامېنت بىناسىنىڭ يېنىدىكى ۋېستمىنستېر (Westminster) دا ئېچىلغان بىر قېتىملىق يىغىندا تونۇشىدۇ. 2004-يىلى بۇ بىر جۈپلەر لوندوندىكى گۈزەل بىر باغچىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئائىلە قۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھازىر لەيلىگۈل ۋە سەنەمجان ئىسىملىك قىزلىرى بىلەن بىللە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان ھاياتىنى لوندوندا داۋام ئەتكۈزۈۋاتىدۇ.



2-رەسىم: ئەزىز ئەيسا ئەلكۇن بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئەت تەتقىقاتىغا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان بىرىتانىيەلىك ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىشۇناس، دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىم 2004-يىلى لوندوندىكى بىر گۈزەل باغچىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.




3-رەسىم: ئەزىز ئەيسا ئەلكۇن ۋە ئائىلىسىدىكىلەر. بۇ رەسىم 2013-يىلى 1-يانۋار كۈنى لوندوندا تارتىلغان.

## 1. لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى

بىز ئىنسانلار دۇنياسىدا مۇزىكا ھەممە مىللەتلەر تەرىپىدىن تەرجىمانسىز چۈشىنىلىدىغان بىر ئومۇملۇققا ئىگە تىلدۇر. جۇملىدىن ئاسىيانىڭ مەركىزىدە ياشاپ كەلگەن سۆيۈملۈك خەلقىمىز ئۆز

ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ھايات ـ پائالىيەتلىرى ئاساسىدا ياراتقان ئۇيغۇر ئېتنىك مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتى 2004 ـ يىلى لوندون شەھىرىدە «لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى» نىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن تەڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەن بۆشۈكى ھېسابلىنىدىغان بۈيۈك برىتانىيە پايتەختىدە ياڭراشقا باشلىدى.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە بەرگەن بىر قېتىملىق تېلېۋىزىيە سۆھبىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ناخشا ـ مۇزىكا دېمەك بىر مىللەتنىڭ مىللىي روھىدىكى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكنى روشەن گەۋدىلەندۈرىدىغان، مىللىي كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئويغىتىدىغان، ئۆز زامانىدىكى شادلىقى ۋە قايغۇسىنى يارقىن ئاھاڭ ۋە مۇڭلۇق ئاۋازلار بىلەن ئىپادە قىلىدىغان بىر سەنئەت شەكلىدۇر. بولۇپمۇ ئۆز ئانا ۋەتىنىدىن سەرسان بولۇپ ئايرىلىپ يات ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسى كۆپ خىل ۋە چوڭقۇر، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە ئىگە بولىدۇ.»




4 ـ رەسىم: لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر 30 نۆۋەتتىن ئارتۇق مەخسۇس ئۇيغۇر سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك كونسېرت 2009 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ـ ئافرىقا ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دۇنياغا داڭلىق بۈيۈك بېرىتانىيە موزىيىنىڭ يېنىغا جايلاشقان لوندون برۇنېي تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەخسۇس ئۇيغۇر سەنئەت كېچىلىكىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى ۋە بۇ قېتىملىق سەنئەت كېچىلىكى ھەققىدە دىيارىم تورىبېتىدە نەق مەيدان سىن كۆرۈنۈشلۈك خەۋەر بېرىلگەن ئىدى. بۇ رەسىم شۇ ۋاقىتتىكى دىيارىم توربېكىتىنىڭ 2009 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈندىكى خەۋىرىدىن ساقلىۋېلىنغان.



5 ـ رەسىم: لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى 2010 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى نورۋېگىيەنىڭ فورد شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «فورد 2010 ـ يىللىق خەلقئارالىق مۇزىكا فېستىۋالى» غا قاتنىشىپ 3 كۈن ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا ۋە ئۇسۇللىرىدىن ئۆرنەكلەرنى كۆرسىتىپ نورۋېگىيە خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدۇ. رەسىمدە ئانسامبىل ئەزالىرى فورد شەھىرىدە. رەسىمدىكىلەر ئوڭدىن ـ سولغا يۆلىنىش بويىچە 1 ـ كىشى ئانسامبىل تەمبۇرچىسى نىزىمىدىن سەمەتوۋ؛ 2 ـ كىشى ئانسامبىل دۇتارچىسى رەيچال هاررىس خانىم؛ 3 ـ كىشى ئانسامبىل داپچىسى رۇستەم سالىيېۋ؛ 4 ـ كىشى ئانسامبىل ناخشىچىسى رەھىمەت مەخمۇت خانىم؛ 5 ـ كىشى ئانسامبىل مۇزىكانتى كامىل ئابباس؛ 6 ـ كىشى ئانسامبىل ئۇسۇلچىسى يالقۇن ئابدۇرەھىم.



6 ـ رەسىم: لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى 2010 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى نورۋېگىيەنىڭ فورد شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «فورد 2010 ـ يىللىق خەلقئارالىق مۇزىكا فېستىۋالى» غا قاتنىشىپ نورۋېگىيە خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدۇ. ئەڭ ئاخىرقى فېستىۋال يېپىلىش مۇراسىمىدا ئانسامبىل ناخشىچىسى رەھىمە مەخمۇت خانىم نورۋېگىيە پادىشاھى سونىيا خانىمنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

بىز دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە بولمايلى، بىزنىڭ ئۇيغۇر ئۇچۇن خىزمەت قىلىشىمىزنىڭ بىر يەككە، تۈز-سىزىقلىق يولى بولمايدۇ. خەلقىمىز ئۆتكەن ئەسىردىكى قايتا كەلمەس پۇرسەتلەرنى جاھىللىق ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئەمدى بۇ ئەسىردىكى بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز ھەر كىم ئۆز قولىدىن قانداق ئىش كەلسە كەلسۇن، ئۇيغۇر مىللىي مەنپەئىتىگە پايدىلىق ئىش بولسىلا قىلىشىمىز، ۋە بۇ خىزمەتلىرىمىز ئارقىلىق ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇشىمىز كېرەك. مەن ئەنگلىيەگە يېڭى كەلگەن يىللاردا ساۋاقداشلىرىم مېنىڭدىن قەيەردىن كەلگەنلىكىمنى، مىللىتىم ۋە تىلىمنى سورىغاندا «مەن ئۇيغۇر» دەپ جاۋاب بەرسەم، ئۇلار مەندىن «ئۇيغۇر؟ بۇ قانداق نەرسە؟ يەيدىغان نەرسىمۇ؟» دەپ سورايتتى. كېيىنچە بۇ دۇنيانى ھېچ چۈشەنمەيدىغان، نەزەر دائىرىسى تار ياۋروپالىقلارغا «ئۇيغۇر» نى چۈشەندۈرمەن دەپ ۋاقتىمنى زايە قىلماسلىقنى نىيەت قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن مەندىن بىرەرسى «قەيەردىن كەلدىڭ؟» دەپ سورىسا، ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا «مارستىن» دەپ جاۋاب بېرىدىغان بولدۇم. ئۇلار مەندىن «سەن نېمىشقا مۇنداق چاقچاق قىلىسەن؟» دەپ سورىغان سوئالىغا مۇنداق جاۋاب بەردىم: «مەن ئۆزۈمنى ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلدىم، مەن ئۇيغۇر، دېسەم، سەن چۈشەنمەيسەن. بۇنى ساڭا چۈشەندۈرۈشكە كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن مەن شۇنداق دېدىم» دەپ ئېيتىدىغان بولدۇم. بۇ تەنبىھ گېپىم تەسىر قىلغانلىرى كېيىنچە «ئۇيغۇر» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ كېلىپ، ئاندىن ماڭا ئۆزلىرى ئازراق ئىزدىنىپ، ئۇيغۇرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئازراق چۈشىنىۋالغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئۇ ۋاقىتلاردا لوندوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرنى قانداق قىلغاندا ئۇنۇملۈك تونۇشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئاخىرى بۈگۈنكى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنى قۇرۇپ چىقىشقا، ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇۋەققەت بولالىدىم.»

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن 2006-يىلى 17-ماي كۈنى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تور بېكىتىگە بىر پارچە ماقالە يازىدۇ، ۋە ماقالىسىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق ئۇزاقلاشتۇرىدۇ:

«مەن لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنى قۇرغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆز كۆرگەنلىرىم ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مەيلى ئۇيغۇرنىڭ ناخشا-مۇزىكىسى چوڭ ھەشەمەتلىك تىياتىرخانىلاردا ياڭرىسۇن، ياكى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان لوندوننىڭ مەركىزى باغچىلىرىدا ياكى تار كوچىلىرىدا ياڭرىسۇن، ئەگەر سىز شۇ مەيداندا بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ نەقەدەر گۈزەل مەدەنىيەتكە ئىگە بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى بولغىنىڭىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىسىز. ھەمدە بۇ سەرسانلىق بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىڭىزدە چەتئەللىكلەرگە ‹ئۇيغۇر› دېگەن ئىسىمنى چۈشەندۈرۈپ بولالماي، قانچە قېتىملاپ ئاچچىق يۇتۇپ كەتكەن چاغلىرىڭىزنى دەرھال ئېسىڭىزگە ئالغىنىڭىزدا، تەمبۇرنىڭ بۇلبۇلدەك ياڭراۋاتقان خۇش ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، يۇقىرى ئاھاڭدا ئېيتىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن:

كىچىك باللار ئويناىدۇ يەي
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ،
غېرىب باللا يىغلايدۇ يەي
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ.

تاغلاردىن ئورۇن ئالدۇق،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي.
ئۆز يۇرتلاردىن ئايرىلدۇق.
دۈشمەنگە بويۇن ئەگمەي.

دېگەن ناخشىلارنى ئاڭلىغىنىڭىزدا، ئىشىنىمەنكى، كۆزىڭىزگە كەلگەن ياشلىرىڭىزنى ئۆز ئىختىيارلىقىڭىز بىلەن توختىتالمايسىز. ئەلۋەتتە شۇ دەقىقىدە ھەر قانداق بىر چەتئەللىك ئالدىراش مېڭىۋاتقان قەدىمىنى توختىتىپ، ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىزدىن «بۇ قايسى دۆلەتنىڭ، قايسى مىللەتنىڭ مۇزىكىسى؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىماي تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالقىشلىرىنى، ئۇيغۇر مىللىتىگە بولغان ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرمەي تۇرۇپ سىز بىلەن خوشلاشمايدۇ. دېمەك مەدەنىيەتلەشكەن، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىنى چۈشىنىدىغان، ھەمدە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشنى بىلىدىغان غەرب ئەللىرى ئۈچۈن سەنئەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ھەقىقەتەنمۇ مۆلچەرلىگۈسىزدۇر.

بايانلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن، ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، چەت مەملىكەتلەردە مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا ئۆزۈمنىڭ لوندون ھورنسېي ئاتاتۈرۈك ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۆتكۈزۈلگەن ‹3-نۆۋەتلىك تۈرك مەدەنىيەت-سەنئەت فېستىۋالى› دا تىياتىرخانا تېمىغا ئېسىلغان مۇستاپا كامال ئاتاتۈركنىڭ مۇنۇ بىر كەلىمە سۆزىنى ھەدىيە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم: ئۆز سەنئىتىدىن ئايرىلغان مىللەتنىڭ بىر ھايات تومۇرى كەمدۇر.»

لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى 2004-يىلى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ ئۆز پائالىيىتىنى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىنى لوندوندا ئاممىۋى شەكىلدە كۆرسىتىش بىلەن، يەنى «لوندون 2005-يىللىق كۆچمەنلەر بايرىمى» گە قاتنىشىش بىلەن باشلايدۇ. كېيىن لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ بۇ تۈردىكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ھەر ساھەلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. جۈملىدىن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىشۇناسلىق ئىلمى دوكتورى رەيچېل ھاررىس خانىمنىڭ كەسپىي جەھەتتىن قىزغىن قوللىشىغا ۋە يېتەكلىشىگە ئېرىشىدۇ.

دېمەك، لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تۇنجى قېتىم بۈيۈك برىتانىيەدە تەشكىللەنگەن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ۋە ئاممىباب ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلايدىغان سەنئەت گۇرۇپپىسى بولۇپ قۇرۇلغان. ئانسامبىلنىڭ ناخشىچىلىرى ۋە مۇزىكانتلىرى ئۇيغۇر ئېلىدىن، قىرغىزىستاندىن ۋە بىرقانچە ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا ئىشتىياق باغلىغان برىتانىيەلىك ئىنگلىز مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئانسامبىلنىڭ ئورۇنلىغان ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىسى ئاساسلىقى ئۇيغۇر مۇزىكا تىڭشاق ئاھاڭلىرى، ئىجادىي ۋە خەلق ئاھاڭلار، بولۇپمۇ ئىلى خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرى ھەم ئەنئەنىۋى «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئانسامبىل 2004-يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، سەنئەت پروگراممىلىرىنى تەييارلاپ چىقىش، ئانسامبىلنىڭ ئىنگلىز ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدىكى تور سەھىپىسىنى قۇرۇش، ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىنى دۇنيا مىقياسىدا تەشۋىق قىلىش قاتارلىق ئانسامبىلنىڭ كەسپىي ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارغان. ئانسامبىل مۇزىكانتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئائىلە ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئەنگلىيەگە كۆچمەن مۇساپىر سالاھىيىتى بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئانسامبىل ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىنى لوندوندا ئاممىۋى شەكىلدە 2005- يىلىدىن باشلاپ كۆرسىتىلىشكە باشلايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مانا بۈگۈن قۇرۇلغىنىغا 11 يىلدىن ئاشقان لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى لوندوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك برىتانىيەنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە بولۇپ 100 قېتىمدىن ئارتۇق، ياۋروپا ۋە باشقا دۆلەتلەردە 20 قېتىمدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا ئۆزنەكلىرىدىن كونسېرت بېرىپ، سەنئەت سۆيەر برىتانىيەلىكلەرنىڭ ۋە باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىسىنى چۈشىنىشىگە، ياقتۇرۇشىغا ۋە قىزغىن ئالقىشلىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

قېنى ئەمدى بۇ گۈزەل ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىسىنىڭ كۈچلۈك مەپتۇن قىلىش كۈچى بىلەن لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا ئانسامبىلغا ئەزا بولغان سەنئەتكار ۋە ئارتىسلار بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى:

## ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

ئانسامبىل قۇرغۇچىسى، ئانسامبىل ئومۇمىي ئىشلىرىغا ۋە ئىنتېرنېت تورىغا مەسئۇل. بۇ ئىنىمىز بىلەن يۇقىرىدا تونۇشۇپ ئۆتتۇق.

## رەيچېل ھاررىس (دۇتار، كەسپىي يېتەكچى)




7 ـ رەسىم: دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىم.

چىمەن دوپپىلىق دۇتارچى دوكتور رەيچېل ھاررىس خانىم ئوتتۇرا ئاسىيا، ئۇيغۇر ۋە جۇڭگو مۇزىكىشۇناسلىق ئىلمى بويىچە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. رەيچېل خانىم ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىغا ئالاھىدە مۇھەببەت باغلىغاندىن باشلاپ ئۇيغۇر ئېلىگە بىر نەچچە قېتىم بېرىپ، ھەتتا ئۇزۇن تۇرۇپ زىيارەت قىلىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇزىكىشۇناسلىق ئىلمىدە مۇتەخەسسىسكە ئايلانغان. ئۇ دۇتار بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئاھاڭلىرى، ھەتتا مۇقاملارنى بىمالال چالالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. ئۇ چىمەن دوپپىنى ياراشتۇرۇپ كىيىپ، دۇتارنى قولىغا ئالغاندا، ئۇنى ئۇيغۇر سازەندىلىرىدىن ھېچ پەرقلەندۈرەلمەيسىز .

## رەھىمە مەخمۇت (ناخشىچى)

ئانسامبىل ناخشىچىسى رەھىمە مەخمۇت گۈزەل ئىلى ۋادىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ بىر دىنىي ئائىلىدە چوڭ بولغان. رەھىمە ناخشا ئېيتىشنى دەسلەپتە ئانىسىدىن ئۆگەنگەن. مەھەللىلەردە داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان مەشرەپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىلى ۋادىسىنىڭ يەرلىك ئاھاڭلىرى ئۆگىنىشىگە مۇھىم مەكتەپ بولغان. رەھىمە مەشرەپلەردە ئاكىسى دۇتار چالسا تەڭكەش بولۇپ ناخشا ئېيتقان. ئۇ لوندوندا ياشىغاندىن بۇيان يېڭى نەشردىن چىققان ئۈن ـ سىن پلاستىنكىلىرى ئارقىلىق ئەڭ يېڭى ناخشىلارنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئەنگلىيەدە مەزكۇر ئانسامبىلنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇنىڭ قەلبىدىكى سەنئەت تالانتىنى تولۇق نامايان قىلىشقا سەھنە ھازىرلايدۇ.

## نىزامىدىن سەمەتوۋ (تەمبۇر)

مەزكۇر ئانسامبىلىنىڭ ئاساسلىق سازەندىسى نىزامىدىن سەمەتوۋ قىرغىزىستانلىق ئۇيغۇر بولۇپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە قىرغىزىستانغا كۆچۈپ كەلگەن كوپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۇيغۇرلار قىرغىزىستاندىكى مۇساپىرلىق هاياتىدا ئانا ۋەتىنىنىڭ مەدەنىيەت-ئەنئەنىلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ كەلگەن. نىزامىدىنىنىڭ گىتار چېلىشقا بولغان ئىشتىياقىدىن باشقا، ئۇ يەنە بىر قانچىلىغان ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى - داپ، دۇمباق، دۇتار، تەمبۇر قاتارلىقلارنى ئەنئەنىۋى ئاهاڭلاردا چېلىشنى قىرغىزىستاندىكى پېشقەدەم مۇزىكانتلاردىن ئۆگەنگەن.

## ستىفېن جونس (ئىسكرىپكا، غېجەك)

بۇلاردىن باشقا ئۇيغۇر ئانسامبىلىدا ئۆزى ئۇيغۇر بولمىسىمۇ ، ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكىلىرىغا چوڭقۇر مۇهەببەت باغلىغان ئەنگلىيەلىك مۇزىكانتلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ بىرى مۇزىكىشۇناس دوكتور ستىفېن جونىس ئەپەندى. ئۇ كەسپى ئىسكرىپكا چالغۇچىسى. ستىفېن جونىس ئەپەندى بۇرۇن ئەنگلىيەدىكى داڭلىق مۇزىكا ئورچېسترالىرىدا مۇزىكا چالغان. ئۇ جۇڭگو مۇزىكا ساهەسىدە ئالدىنقى قاتاردىكى مۇتەخەسسىسلەردىن هېسابلىنىدۇ. ستىفەن لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىغا قاتنىششتىن بۇرۇن، ئەنگلىيەدە بىر قانچىلىغان جۇڭگو مۇزىكا گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ چىققان. هازىر ئۇ بۇ ئانسامبىلىنىڭ ئۇستا غېجەكچىسىگە ئايلانغان.

## يالقۇن ئابدۇرەهىم (ئۇسسۇلچى)

يالقۇن ئابدۇرەهىم قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ 11 يېشىدىن باشلاپ ئۇسۇل ئويناش كەسپىنى ئۆگەنگەن. ئۇ 1991-يىلى ئەنگلىيەگە كەلگەندىن بۇيان بالېت ئۇسۇلى، هازىرقى زامان ئۇسۇلى ۋە ئۇسۇل لاهىيەلەش كەسپىنى 1993 -يىلغىچە ئۆگىنىدۇ. يالقۇن ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئىنگلىز دۆلەتلىك بالېت، ئىنگلىز دۆلەتلىك ئوپېرا، ئەنگلىيە پادىشاهلىق ئوپېرا، دانىيەنىڭ پېتېر سچائىۇففۇس بالېت شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا نومۇر كۆرسىتىدۇ. ئەنگلىيەنىڭ هەرقايسى كىنېزلىكىدە ۋە ياۋروپادا مەخسۇس ئويۇن كۆرسىتىش سەپىرىگە قاتنىشىدۇ. يالقۇن لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىغا قاتناشقاندىن كېيىن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىنى قايتىدىن سەهنىگە ئېلىپ چىقىپ، قىزغىن ئالقىشلاشقا ئېرىشتى.

## رۇستەم سالىيېۋ (داپ)

رۇستەم سالىيېۋنىڭ ئەسلى يۇرتى قىرغىزىستان. ئۇ هازىر لوندوندا ياشايدۇ. رۇستەم داپ چېلىشنى نىزامىدىنىدىن ئۆگەنگەن.

## كامىل ئابباس (غېجەك، تەمبۇر)

تالانتلىق ئۇيغۇر مۇزىكانتى كامىل ئابباس ئەپەندى ئۈرۈمچىدە بىر زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى چېلىشقا باشلىغان. كامىل ئابباس ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسۇل ئوپېرا سەنئەت ئۆمىكىگە كەسپىي مۇزىكانتلىققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، مۇزىكا

ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قازانغان. ئۇ ئۇرۇمچى ئوپېرا ئۆمىكىدە ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە «ئارشىن مالالان»، «غەرب ـ سەنەم»، «غۇنچەم»، «كۈرەش يولى» قاتارلىق تىياتىرلاردا مۇزىكا چالغان. كامىل ئاbbas ئائىلىسى بىلەن بىللە ياۋروپاغا كېلىپ يەرلەشكەندىن كېيىن، 1995 ـ يىلى «مەشرەپ» ناملىق CD پلاستىنكىسى نەشر قىلدۇردى. كامىل ئاbbas 2008 ـ يىلدىن بۇيان بېلگىيەدىكى «فلوئە ـ فلوئە» قورچاق تىياتىرخانىسىدا كەسپىي مۇزىكانت بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. كامىل ئاbbas ئەپەندى 2004 ـ يىلدىن بۇيان لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى بىلەن بىرلىكتە، ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ياۋروپا سەھنىلىرىدە ئىجرا قىلىپ ئۆزىنىڭ كەسپىي مۇزىكا تالانتىنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.




8 ـ رەسىم: سولدىن ـ ئوڭغا: دوكتور رەيچېل هاررىس، دوكتور ستىفېن جونېس، رەھىمە مەخمۇت، ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن، ۋە نىزامىدىن سەمەتوۋ. بۇ رەسىم 2007 ـ يىلى 27 ـ ماي لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن «باھارنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە مۇزىكىسى بىلەن كۈتۈۋېلىش» سەنئەت پائالىيىتىدە تارتىلغان.

مانا بۇ لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىغا دۇنيانىڭ ھەر جايلىرىدىن يىغىلىپ تەشكىللەنگەن سەنئەتكارلار. ئۇلارنىڭ سەھنىدە بىرلىكتە كۆرسەتكەن ماھارەتلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇشىغا سەۋەب بولغان ئامىلنىڭ ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ سېھرى كۈچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيسىز. ئۇلار ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىدىن ئۆزلىرى ھۇزۇرلىنىپلا قالماي، بۇ گۈزەل ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئەنگلىيەدە، ياۋروپادا ۋە ھەتتا دۇنيادا ھەر قايسى دۆلەتلىرىدە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ بەھرى ئېلىشىغا تەقدىم قىلدى. ھەمدە دۇنيا خەلقلىرى تەرىپىدىن تەرجىمانسىز چۈشىنىلىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىدىن ئىبارەت بۇ قەلب مېلودىيىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئېلىنى، ئۇيغۇرلارنى ۋە گۈزەل، باي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق تەشۋىقاتچىلىرىغا ئايلانغان ئاۋانگارتلاردۇر.

لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى بۈيۈك برىتانىيەدىن باشقا يەنە ياۋروپادىكى ئىرېلاندىيە، نورۋېگىيە، ئىتالىيە، ۋېنگىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە، دۇنيانىڭ باشقا قىتئەلىرىدىكى تەيۋەن، ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۇيغۇر سەنئىتىدىن كونسېرت بېرىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئۆتكەنكى 10 يىلدىن بۇيان لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى ئىجراسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قىسىم مەخسۇس سەنئەت كېچىلىكلىرى ۋە كونسېرت بېرىش پائالىيەتلىرىنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

1. لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى لوندون شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن كۆچمەنلەر ئىدارىسى بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرغان «لوندون 2005-يىللىق مۇساپىرلار بايرىمى» تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

2. 2005-يىلى نويابىردا لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن «تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا فېستىۋالى» دا ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىسىدىن سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى.

2. 2006-يىلى مارت ئېيىدا كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن 2006-يىلى 24-مارت نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش سەنئەت پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئورۇندىدى.

3. 2007-يىلى 27-ماي لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن «باھارنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە مۇزىكىسى بىلەن كۈتۈۋېلىش» سەنئەت پائالىيىتىدە ئۇيغۇر مۇزىكىسىدىن سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى.

4. لوندوننىڭ كەمدىن رايونلۇق يەرلىك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بۇ يىل 6-ئاينىڭ 22-كۈنى ئورۇنلاشتۇرۇلغان «2007-يىللىق كۆچمەن مۇساپىرلار ھەپتىلىكى» پائالىيىتىدە ئانسامبىل ئۇيغۇر سەنئىتىدىن نومۇرلار كۆرسەتتى.

5. ئانسامبىل 2007- يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 13- كۈنى ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيەتىنىڭ پايتەختى دۇبلىن شەھىرىدە دۇبلىن ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن «12-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق جۇڭگو ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا مۇزىكا ئىلمى يىغىنى» دا ئۇيغۇر خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىدىن ئويۇن كۆرسەتتى.

6. لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى 2008-يىلى 11-ئاپرېل كۈنى لوندون شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان St Ethelburgas «تىنچلىق ۋە يارىشىش» مەركىزىدە ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىسىدىن سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى.

7. لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى 2008-يىلى 12-ئىيۇل كۈنى لوندون پادىشاھلىق باغچىسىدا ( Hyde Park) لوندون شەھەرلىك ھۆكۈمەت، لوندون سەنئەت ھەمكارلىق شىركىتى ۋە لوندون پادىشاھلىق باغچىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان «لوندون 2008-يىللىق مۇھاجىرەتتىكى مىللەتلەر سەنئەت فېستىۋالى» (Diaspora London Music Village 2008) غا قاتنىشىپ، 45 مىنۇت مەخسۇس ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلىدىن سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى.

8. ئانسامبىل ئەنگلىيەنىڭ شەرقى-جەنۇبىغا جايلاشقان Sidmouth, Dewon شەھىرى تەرىپىدىن 2008-يىلى 7-ئاۋغۇست كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن «2008-يىللىق Sidmouth خەلق مۇزىكا بايرىمى» (Sidmouth Folk Festival) غا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداپ، ئۇيغۇرنىڭ كىملىكى، مەدەنىيىتى ۋە گۈزەل سەنئەتنى فېستىۋال تاماشىبىنلىرىغا تونۇتتى.

9. 2009-يىلى 2-ئاينىڭ 17-كۈنى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپى ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دۇنياغا داڭلىق بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىنىڭ يېنىغا جايلاشقان لوندون بىرۇنېي تىياتىرخانىسىدا مەخسۇس لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

10. ئانسامبىل 2009-يىلى 3-نويابىر كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا كۆرىكى» سەنئەت كېچىلىكىدە ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنى نامايان قىلىدۇ.

11. لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى 2010-يىلى 30-ماي تەيۋەن دۆلەتلىك «تەيپېي جۇڭگو ئوركېستىرى» نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «2010-يىللىق خەلقئارالىق يىپەك يولى فېستىۋالى» غا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا ئۆرنەكلىرىدىن نامايەندىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

12. ئانسامبىل 2010 -يىلى 7- ئاينىڭ 9- كۈنى نورۋېگىيەنىڭ Førde شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «Førde 2010-يىللىق خەلقئارالىق مۇزىكا فېستىۋالى» غا قاتنىشىپ 3 كۈن ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللىرىدىن ئۆرنەكلەرنى كۆرسىتىپ نورۋېگىيە خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى فېستىۋال يېپىلىش مۇراسىمىدا ئانسامبىل ناخشىچىسى رەھىمە مەخمۇت خانىم نورۋېگىيە پادىشاھى سونىيا خانىمنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

13. 2011-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى ئەنگلىيەنىڭ Hitchin, Hertfordshire دە ئۆتكۈزۈلگەن «2011-يىللىق دۇنيا مۇزىكا رىتىمى فېستىۋالى» (Rhythms of the World--2011 Festiwal of World Music in Hitchin) غا قاتنىشىپ ئالقىشلارغا ئېرىشىدۇ.

14. ئانسامبىل 2011-يىلى 6-ئىيۇن ئىتالىيەنىڭ Foundation Ca'Foscari ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تۇرىن شەھىرىدىكى «شەرق سەنئەت مۇزېيى» تىياتىرخانىسىدا (Museum of Oriental Art-Turin) ئىككى كۈن ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا سەنئىتىدىن دەرس ۋە كونسېرتلار بېرىپ ئىتالىيە خەلقىگە ئۇيغۇر سەنئەت ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ ئالقىشقا ئېرىشىدۇ.

15. 2012 يىلى 22-فېۋرال ئانسامبىل ئۇرال-ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى يازغۇچىلار بىلەن ۋېنگرىيە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە ۋە شۇ يىلى 7-ئايدا «دۇنيا هون قۇرۇلتىيى» سەنئەت فېستىۋالىغا قاتنىشىپ ئۇيغۇر سەنئەت مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدۇ.

16. لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى 2012-يىلى 1-ئاپرېل گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىكى The Gasteig تىياتىرخانىسىدا نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش مەخسۇس سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، تاماشىبىنلارنىڭ زور ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

17. لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى 2014-يىلى 11-ئۆكتەبىر لوندون شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان St Ethelburgas «تىنچلىق ۋە يارىشىش» مەركىزىدە 2-قېتىم ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىسىدىن سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى.

لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى ئەنگلىيەنى مەركەز قىلغان هالدا ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋە ناخشا-مۇزىكىسىنى تونۇشتۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق يەتمەكچى بولغان نىشانى قىلغان بولۇپ، ئىنگلىز تىلىدا لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكى ۋە ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا مەدەنىيىتى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان رەڭلىك تەشۋىقات كىتابچىسىنى نەشر قىلدۇرۇپ، كونسېرت ۋە فېستىۋال پائالىيەتلىرى داۋامىدا ئۇلاردىن 20 مىڭ پارچىدىن ئارتۇقىنى تارقاتقان.

لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ تۇنجى ئالبومى «ئاق بېلىق» (White Fish) ناملىق ئۈن CD پلاستىنكىسى 2010-يىلى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېت ستۇدىيىسىدە 4000 تىراژى بىلەن نەشر قىلىنىپ، دۇنيا مۇزىكىسىغا خۇشتار برىتانىيەلىكلەرنىڭ ياخشى باهاسىغا ئېرىشكەن.

## 2. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىگە تەقدىم قىلىنغان دۇنيا تورى: لوندون ئۇيغۇر ئانسامبلى تور سەهپىسى

ئۆز خەلقىگە جۇملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىگە بولغان چىن مۇهەببەت بىلەن چىن يۈرەكتىن تۆكۈلگەن مېھنەتلەر بەدىلىگە يارىتىلغان ئەمگەك دۇنيانىڭ قەيېرىدە بولمىسۇن قەدىرلىنىدۇ.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئىنىمىز 2004-يىلى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەنئىتىنى تونۇشتۇرغان ئىنگلىزچە مەنبەلەرنىڭ ناهايىتى كەملىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى دەۋرگە لايىق هالدا لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ جانلىق سەهنە پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، برىتانىيە ۋە دۇنيا ئەللىرىگە مەخسۇس ئىنگلىز يېزىقىدا تونۇشتۇرىدىغان بىر تور بېكىتىنى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك تەرەققىيات نىشانى قىلىپ بېكىتىدۇ. بۇ مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا تور لاھىيەلەش ۋە ئۈچۈر تېخنىكا كەسپىنى ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ ئوقۇشى داۋامىدا بۇ ئىش توغرىسىدا قايتا-قايتا ئويلىنىپ، ئانسامبىلدىكى ئەزالار بىلەن مەسلىهەتلەشتى. شۇ ئارقىلىق ئۇدا ئىككى يېرىم يىل ئىزدىنىش، ماتېرىيال توپلاش، ئۇيغۇرچە مەنبەلەرنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىش، لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ رەسمىي سىمۋوللۇق

بەلگىسىنى لايىھىلەش، ۋە قۇرۇلىدىغان تور بېكەتنىڭ تېخنىكىلىق پروگراممىلىرىنى يېزىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆز قولى بىلەن قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، ئاخىرى 2007-يىلى 7-ئايدا لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ ئىنگلىز ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدىكى رەسمىي تور سەھىپىسىنى ئېلان قىلىدۇ.

لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تور بېكىتى دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىم ئىنگلىز تىلىدا ياساپ تارقىتىلغان، مەخسۇس ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىگە تەقدىم قىلىنغان، ئىلمىي ۋە تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى بولغان مەنبەلەر بىلەن تەمىن ئېتىلگەن تور بېتى بولۇپ، ئۇنىڭغا 4000 پارچىدىن ئارتۇق ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىگە ئائىت ماتېرىياللار قويۇلغان. ئانسامبىل تور بېكىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىلىرى، يەرلىك مۇقاملار، كلاسسىك مۇزىكىلار، كلاسسىك خەلق ناخشىلىرى، خەلق ناخشىلىرى، هازىرقى زامان ئاممىباب (پوپ) ناخشىلار، تىڭشاق ئاهاڭلار، ئۇيغۇر ئازغۇن ناخشا-مۇزىكىلىرى، مەشرەپ مۇزىكىلىرى، ۋە ئەل ئىچىدىكى ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلار قويۇلغان. ھەمدە ئۇنىڭغا ئەل-نەغمىلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى داۋامىدا ئىشلەنگەن ئۈن ۋە سىنگە ئېلىنغان فىلىم كۆرۈنۈشلىرىمۇ قويۇلغان. شۇنداقلا ئانسامبىلنىڭ بارلىق نەق مەيدان كونسېرتلىرى سىنگە ئېلىنىپ، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا مەزكۇر تور ئارقىلىق بارلىق كۆرگۈچىلەرگە تارقىتىپ تۇرۇلغان.

ئەزىز ئەيسائەلكۈننىڭ 10 يىلدىن بۇيان خالىس هالدا ئۆزىنىڭ ئىشتىن سىرتقى بارلىق ئىمكانلىرىنى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىنگلىز تىلىدا پۈتۈن دۇنياغا تور ئارقىلىق تارقاتقان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بارلىق ئىجتىمائىي تور ئالاقە ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتى ئۈچۈن تەقدىم ئەتكەن پىداكارلىق ئەجىرلىرى 2010-يىلى ئالاهىدە ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يەنى شۇ يىلى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تور بېكىتى بۈيۈك برىتانىيە دۆلەتلىك تور ئۈچۈر رەقەم ئارخىپى ئىدارىسى بىلەن برىتانىيە كۈتۈپخانىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. نەتىجىدە لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تور بېكىتىنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنلىرى بۈيۈك برىتانىيىدە ئارخىپلاشتۇرۇپ ساقلاش ۋە قوغداش تور بېكەتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، رەسمىي رەقەملىك ئارخىپلاشتۇرۇلدى. ھەمدە بۇ ھەقتە گۇۋاهنامە بېرىلدى. دېمەك، بۈيۈك برىتانىيەنىڭ گىراموفون شىركىتى تەرىپىدىن 1909-يىلى قەشقەردە ئۈنگە ئالغان «ئاشناجان» (Mushagaran Kashkarcha 'Ashnajan' song by Sadyk Mullo/Tokhta Akhun/Turdi Muazin) ناملىق ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىسى بۈيۈك برىتانىيە كۈتۈپخانىسى ئاۋاز ئارخىپىغا ساقلاشقا كىرگۈزۈلۈپ 100 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، خەلقىمىزنىڭ بۇ تەۋەررۈك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بۇ ئۇيغۇر پەرزەنتى ئۆز ئەجىر-مېهنىتى بىلەن قايتىدىن تەقدىم قىلدى.

لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى تور بېكىتىنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچە ئالاهىدىلىكى، بۇ تور بېكەتتە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا ۋە شەرق شۇناسلىق ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ دوكتورى رەيچېل هاررىس خانىم بىلەن ئەزىز ئەيسائەلكۈننىڭ 10 نەچچە يىلدىن بۇيان بىرلىكتە كۆپ قېتىم ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمهۇرىيەتلىرىدە ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكا مەدەنىيەت-سەنئىتى، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق ساهەلىرى بويىچە ئېلىپ بارغان ئەل ئىچى تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان ئەڭ يېڭى تەتقىقات ماقالىلىرى دائىملىق ئېلان قىلىنىپ تۇرغان. 2008-يىلى ئەنگلىيەنىڭ ئاشگاتە نەشرىياتىدا ئىنگلىز تىلىدا دوكتور رەيچېل هاررىس خانىم نەشر قىلدۇرغان «ئۇيغۇر 12 مۇقامنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشى» (The Making of a Musical Canon in Chinese Central Asia: the Uyghur Twelve Muqam) ناملىق كىتاب يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىزنىڭ مىسالى بولالايدۇ. مەزكۇر كىتابتا ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ قېلىپلىشىش تارىخى ۋە قېلىپلىشىش جەريانلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ كۆپ ۋاقىت سەرىپ قىلىشى ۋە ئەجىر سىڭدۈرۈشى، ئىنچىكىلىك بىلەن قېتىرقىنىپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە دوكتور رەيچېل هاررىس خانىم بىلەن شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنىدىن ياسىن مۇخپۇل ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە يېزىپ چىققان ۋە 2002 - يىلى تۈركىيىدە «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى» دە ھەم ئەنگلىيە Ashgate نەشرىياتىدا ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكىسى» (Music of the Uyghurs) ناملىق چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ

ناخشا ـ مۇزىكا مەدەنىيىتى تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان ئىلمىي ماقالە بىلەن ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ چېلىنىش ئۆرنەكلىرى ئەمەلىي مىساللار بىلەن كۆرسىتىلگەن سىن فىلىملىرى كىرىشتۈرۈلۈپ ئىشلىنىپ تور ئارقىلىق دۇنياغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ. كېيىن بۇ مەنبە بولۇپمۇ ئىنگلىز تىلى قوللىنىدىغان دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا مۇزىكشۇناسلىق ئىلمى بويىچە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىردىن بىر ئەمەلىي مىسساللىق دەرسلىك مەنبەسى قىلىپ قوللىنىلىدۇ.

مانا بۇ مۇھاجىرەتتىكى 16 يىللىق ھاياتىنى ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرى بويىچە توختىماي ئىزدىنىش، دۇنيا مەدەنىيەتلىرى بىلەن بىر سەھنىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت دىئالوگى قۇرۇش ئۈچۈن مېھنەت ئاقتۇرغان، كۆپكە قادىر بىر سەنئەت سۆيەر ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسىدۇر. مەن خۇددى بۇرۇن تونۇشتۇرغان 39 نەپەر ئۇكىلارغا ئوخشاشلا، ئىنىمىز ئەزىز ئەيسا ئەلكۈندىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.

## ئەزىز ئەيسا ئەلكۈننىڭ مەتبۇئات ۋە تورلاردا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ئەمگەكلىرى تۆۋەندىكىچە:

### خەلقارالىق ئىلمىي ژۇرناللادا ئېلان قىلغان ماقالىللىرى:

[1] "*Invitation to a Mourning Ceremony: Perspectives on the Uyghur Internet*"
Authors: Rachel Harris & Aziz Isa, Published by Inner Asia Studies of Cambridge University. Inner Asia, Volume 13, Number 1, 2011, pp. 27-49(23) Publisher: BRILL. This paper offers a historically located and sociopolitical reading of the Uyghur internet, focusing on Uyghur language sites which were legally operating within China. We argue that this internet-based discourse has much in common with earlier, pre-digital home-grown nationalist movements, and that its emphasis on mourning is representative of a more widespread sense of self within Uyghur popular culture: one which equates national identity with grief and loss. Keywords: INTERNET; UYGHUR; XINJIANG; INTERETHNIC VIOLENCE; DIASPORA; NATIONAL IDENTITY; MOURNING. Document Type: Research article DOI: 10.1163/000000011797372832 Publication date: 2011-09-01.
Publisher's website: Global Oriental, an imprint of Brill.
http://www.ingentaconnect.com/content/brill/inas/2011/00000013/00000001/art00003#expand/collapse

[2] '*Islam by Smartphone: the changing shape of Uyghur social media networks*' (already published online in Uyghur language: Eqilfon_Islam.pdf). English version forthcoming in Central Asian Survey, 2016.)

### ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتاپ:

[3] «دوناي دەرياسىدىن ئورخۇن بويلىرىغىچە»، 2011 ـ يىلى شىۋىتسىيەدە نەشر قىلىنغان.
http://www.uyghurensemble.co.uk/ ... ghiche_Aziz_Isa.pdf

### تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرى:

تور سەھىپىللىرىدە ئېلان قىلغان بىر قىسىم ئەسەرلىرى:
[4] «ئورخۇن بويلىرىغا سەپەر» (1 ـ قىسىم)
http://bbs.bagdax.cn/thread-27441-1-1.html
«ئورخۇن بويلىرىغا سەپەر» (2 ـ قىسىم)
http://bbs.bagdax.cn/thread-24299-1-1.html

[5] «ئۈزۈلمەس تارىخىي رىشتە»
http://bbs.bagdax.cn/thread-28622-1-1.html

[6] «ئەقىلفون ئارقىلىق ئىسلاملىشىش: ئۇيغۇر ئىجتىمايى ئالاقە تورىنىڭ ئوزگىرىشىگە نەزەر»
http://uyghurensemble.co.uk/uy/

[7] «ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە ئومۇمىي نەزەر»
http://uyghurensemble.co.uk/uy/

[8] «1960 ـ يىلى يېزىق ئوزگەرتىش توغرىسىدا يېزىلغان كىتاپ ھەققىدە»
http://bbs.bagdax.cn/thread-19059-1-1.html

[9] «جاللات خېنىم رومانىدىن تەسىراتلار»
http://bbs.bagdax.cn/thread-21037-1-1.html

[10] «قىتەلەر قاناتلانغان كۈي ـ سەنۇبەر تۇرسۇن»
(1) http://bbs.bagdax.cn/thread-20139-1-1.html
(2) http://bbs.bagdax.cn/thread-25657-1-1.html
(3) http://bbs.bagdax.cn/thread-25677-1-1.html

[11] «يازغۇچى مەسۇمجان زۇلپىقار ئاكىنى ئەسلەيمەن»
http://bbs.bagdax.cn/thread-23239-1-1.html

[12] «سىز بۈيۈك بىرتانىيەنى قانچىلىك بىلىسىز؟»
(1) http://bbs.bagdax.cn/thread-24259-1-1.html
(2) http://bbs.bagdax.cn/thread-24581-1-1.html

[13] «ھەسرەتلىك يىللار ـ ئانام تارتقان كۈلپەتلەر»
http://bbs.bagdax.cn/thread-27733-1-1.html

[14] «يىللار ھەسرىتى ـ رەگەتكە بىلەن قاغا ئېتىش»
http://bbs.bagdax.cn/thread-27572-1-1.html

[15] «لوندوندىكى قەشقەر كوچىسى»، شىنجاڭ پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر تور بېكىتى:
http://uyghur.xjass.com/uyghur/c ... 0/content_3172.htm;
http://www.bbc.co.uk/uzbek/news/ ... 10_qeshqer_ar.shtml

[16] «قارچۇقۇمدا قاتقان دۇنيا»
http://bbs.bagdax.cn/thread-22544-1-1.html

[17] «ئۇيغۇرچە سوزلىشىش»
http://bbs.bagdax.cn/thread-22389-1-1.html

[18] «سۆيگۈ ۋە ئىنسانلىق»
http://bbs.bagdax.cn/thread-23736-1-1.html

[19] «بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ باھار»
http://bbs.bagdax.cn/thread-22652-1-1.html

[20] «مەن كورەلمەيدىغان چۈش»

http://bbs.bagdax.cn/thread-27388-1-1.html

[21] «بالىلىق خاتىرەم ۋە لوندوندىكى ئايەم»

http://bbs.bagdax.cn/thread-23338-1-1.html

## تۇرلۇك ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ئەسەر، تەرجىمە ۋە شېئىرلىرى:

[22] قازاقىستاندا نەشىردىن چىقىدىغان «ئىنتىزار» ناملىق پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ 2004-يىلى فېۋرال ئېيىدىكى سانىدا «ئەزىز ئىسا ئەلكۈن شېئىرلىرى» سەرلەۋىسىدە ئۇنىڭ شېئىرلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ نەشىر قىلىنغان. ئىنتىزار ژۇرنىلى 2014- يىلى، فېۋرال، 17- بەت.

[23] قازاقىستاندا نەشىر قىلىنىدىغان «ئۇيغۇر پەن» ناملىق ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ 2014-يىللىق 4- سانىدا ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن تەرجىمھالى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تاللانغا بىر قانچە پارچە نادىر شېئىرلىرى نەشىر قىلىنىدۇ. (مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 72 - بېتىدىن 77- بەتكە قارالسۇن)

[24] ئاۋۇستىرالىيەدە ئۇيغۇر ئۆسمۇرلىرىنى نىشان قىلغان «سابىيلەر ساداسى» ناملىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ 2013- يىللىق 9- سان (توپلام 145- بەت) «بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ» نەملىق شېئىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

[25] ئىسپانىيەدىكى ئاز سانلىق مىللەت باسك خەلقى ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇش يىللىرىدا يەنى 1937- يىلى 26- ئاپرېل ئىسپانىيە مىللەتچى ھاكىمىيىتى ئارمىيەسىنىڭ باسك رايوندىكى گېرنىكو شەھرىنى بوماردىمان قىلغان (Bombing of Guernica, Guernica- Gernika in Basque; officially Gernika-Lumo) ۋە 1،654 ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مانا مۇشۇ تىراگېدىيە «گېرنىكو بومباردىمانىنىڭ قىلىنغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى» نى خاتىرلەش مۇناسىۋېتى بىلەن باسك يازغۇچىلار جەمىيىتى تەرپىدىن دۇنيادىكى 35 ياش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى تالالاپ باسك ۋە ھەر بىر شائىرنىڭ ئۆز تىلىدا ھەم ئېنگلىسچە ئۈچ خىل تىلدا 2012-يىلى بىر شېئىرى توپلام نەشىر قىلىغان ئىدى. مانا شۇ كىتاپقا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ تەرجىمھالى بىلەن ئۇنىڭ بىر پارچە شېئىرى بۇ توپلامدا نەشىر قىلىنىدۇ. (مەزكۇر كىتاپنىڭ 81-، 82- ۋە 83-بەتلىرىگە قارالسۇن)

[26] قازاقىستان دۆلەتلىك «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 2011- يىلى 10- ئىيۇندىكى سانىنىڭ 9-بېتىدە ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ تەرجىمھالى ۋە شېئىرى ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

[27] ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ 1999-يىلدىن 2002-يىلغىچە يازغان ئىلمىي ماقالىللىرى، ئەبەدىي ئەسەرلىرى «ئۇيغۇر ئەزىزى» قەلەم نامىدا تۇرلۇك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىدۇ.

[28] ئەزىز ئەيسا ئەلكۈننىڭ تۇرلۇك ئەدەبىي ئەسەرلىرى 1986-يىلدىن 1999-يىلغىچە «ئاقسۇ گېزىتى» دە ۋە مەزكۇر گېزىتنىڭ «جەنۇب شامالى» ئەدەبىي ساھىپىسىدە نەشىر قىلىنىدۇ.

**تەرجىمە ئەسەرلەر:**

[29] «تاتارىيەدىن خەۋەر ــــ پېكىندىن كەشمىرگە سەپەر»
(News from Tartary: A Journey from Peking to Kashmir by Peter Fleming)
(1) http://bbs.bagdax.cn/thread-27980-1-1.html
(2) http://bbs.bagdax.cn/thread-28311-1-1.html

[30] «تاتارىيەدىن خەۋەرناملىق كىتاپ ھەققىدە»
http://bbs.bagdax.cn/thread-27868-1-1.html

[31] «بىر تۇيغۇ»
http://bbs.bagdax.cn/thread-22408-1-1.html

[32] «ئاھ ئاتىلار»، «نۇزۇگۇمنىڭ چاقىرىقى»، «ئۇيغۇر مۇقام تېكىستلىرى»
http://www.uyghurensemble.co.uk

# ئىقتىسادشۇناسلىق باش مەسلىھەتچىسى دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر

(بۇ يازما تورلاردا 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

2015 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە بىزنىڭ ئىدارىمىز جايلاشقان، لوس ئانژېلىس شەھىرىگە 20 كىلومېتىردەك كېلىدىغان پاسادېنا شەھىرىدە «كۆپ مىللەتلىك باش مەسلىھەتچىلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك يىغىنى» (Barron’s top advisors diversity summit) دېگەن تېمىدا بىر يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا قاتناشقانلار ئىچىدە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئۇيغۇر خانىمىمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىدىكى «Wells Fargo» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ بانكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر بولىدۇ.




1 ـ رەسىم: دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر 2015 ـ يىللىق «كۆپ مىللەتلىك باش مەسلىھەتچىلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك يىغىنى» دا.



2 ـ رەسىم: دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر 2015 ـ يىللىق «كۆپ مىللەتلىك باش مەسلىھەتچىلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك يىغىنى» دا ئولتۇرغان بىر كۆرۈنۈش.

غۇلجا شەھىرىدە 1987 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بىر قىسمى گۈلنازنى بىلىدۇ. شۇ يىلى قىشتا گۈلناز ئامېرىكىدىن يۇرتىغا تۇغقان يوقلىغىلى بارغاندا، بىر قانچە ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە غۇلجا مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر قانچە مەيدان لېكسىيە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

ئۇنىڭدىن 28 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، گۈلناز ئامېرىكىدىكى بىر دۇنياۋى بانكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، ئامېرىكىدىكى ئىقتىسادشۇناسلىق باش مەسلىھەتچىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قەھرىمان ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ھېچ قانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.



3 ـ رەسىم: دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر ئۆز ئىشخانىسىدا.

ئامېرىكىدا دۇنيادىكى چوڭ ۋە داڭلىق ئىقتىسادىي ئورگانلارنى، ۋە ئىقتىسادتا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنياغا تونۇلغان ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرىنى باھالاپ تۇرىدىغان «Barron» دەپ ئاتىلىدىغان بىر شىركەت بار. بۇ شىركەت يۇقىرىدىكى ئىشلاردىن باشقا يەنە «Barron's» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھەپتىلىك گېزىتنى چىقىرىدىغان بولۇپ، ئۇ گېزىت ئىقتىساد ساھەسىدە پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئىنتايىن يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە. بۇ گېزىت 1921-يىلى بېسىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۇچۇرلىرى، ئىقتىسادىي بازارلاردىكى ئۆزگىرىشلەر، ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ستاتىستىكا ئۇچۇرلىرى بېسىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر نۇسخىسى ئالدىنقى ھەپتىلىك بازار ئەھۋاللىرى، يېڭى خەۋەرلەر، ۋە كېيىنكى ھەپتە ھەققىدىكى پەرەزلەرنى دوكلات قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر گېزىتنى چىقىرىدىغان شىركەت ھەر يىلى ئىقتىساد ساھەسىدىكى ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەتلىرىنىمۇ ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ، شۇلارنىڭ بىرى بۇ قېتىم پاسادېنادا ئۆتكۈزۈلگەن باش مەسلىھەتچىلەر يىغىنىدۇر.

گۈلناز «Barron’s» ۋە باشقا ئىقتىسادىي ئىنستىتۇتلار ھەر يىلى ئۆتكۈزىدىغان باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك يىغىنلارغىمۇ قاتنىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ يەنە بىر قانچە كۈندىن كېيىن (بۇ ماقالە ئۇيغۇرچە تورلاردا 2015-يىلى 5-ئاينىڭ 19-كۈنى ئېلان قىلىنغان) ئامېرىكىنىڭ فلورىدا شتاتىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان، ئىنگلىزچە «Top Women Advisor Summit» دەپ ئاتىلىدىغان يىغىنغا قاتنىشىدۇ. ئاندىن 2015-يىلى 10-ئايدا كالىفورنىيەدىكى سان دىئېگو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان، ئىنگلىزچە «Premier Advisor Summit» دەپ ئاتىلىدىغان يىغىنغىمۇ قاتنىشىدۇ.

دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر قانداق مۇساپىلەرنى بېسىپ، ھازىرقىدەك بىر ئورۇنغا ئېرىشتى؟ تۆۋەندە مەن دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ 1982-يىلى شىنجاڭ يېزا-ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش كەسپى بويىچە باكالاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاشۇ ئالىي مەكتەپتە 1984-يىلىغىچە 2 يىل لېكتور بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ جەرياندا ئۇ خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىپ، نەنجىڭ يېزا-ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر مەۋسۇم ئىقتىساد باشقۇرۇش كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان. بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا ئۇ يەنە يېزا-ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش كەسپىنىڭ دەرسلىك كىتابىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئاشۇ كىتابنىڭ «يەر باشقۇرۇش» دېگەن بىر بابىنى يېزىپ چىققان. گۈلناز 1985-يىلى ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كېلىپ، مەن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۇچۇن ئوقۇغان كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى دەيۋىس (Davis) شۆبىسىدە يېزا-ئىگىلىك ئىقتىسادى كەسپىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۇچۇن ئوقۇغان، ھەمدە 1987-يىلى مايدا بۇ ئوقۇشنى تاماملىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن گۈلناز ئامېرىكىنىڭ فلورىدا شتاتى گەينېسۋىل (Gainesville) شەھىرىگە جايلاشقان فلورىدا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئالمىشىپ، داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان. شۇنداقلا 1990-يىلى «يېمەكلىك ۋە بايلىق مەنبەسى ئىقتىسادى» كەسپى بويىچە 2-ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئېلىپ، 1993-يىلى بولسا ئىقتىساد كەسپىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قىز بالا بولۇشىغا تەن بەرمەي، 1985-يىلىدىن 1993-يىلىغىچە ئىككى ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ۋە بىر دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى قولغا كەلتۈرگەن.

دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر 1992-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا دۇنيا بانكىسى (World Bank) غا «ئىقتىسادشۇناس» بولۇپ خىزمەتكە كىرگەن بولۇپ، دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملاشتىن بۇرۇن جەمئىي 45 دۆلەتكە خىزمەت بىلەن بارغان، ھەمدە 50 مىليون دوللاردىن 160 مىليون دوللارغىچە بولغان ھەر خىل تەرەققىيات پروجېكتلىرىنى ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ بىر ئىقتىسادشۇناس بولۇشتىن باشقا يەنە «ۋەزىپە باشلىقى» (Task Manager) بولۇش ۋەزىپىسىنىمۇ بىللە ئۆتىگەن، ھەمدە ياقا جايلارنىڭ تەرەققىياتى، تېز سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشى، سۇغۇرۇش ۋە كېرەكسىز سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ مائارىپ پروجېكتى قاتارلىقلاردا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. شۇ

جەرياندا ئۇ ھەر خىل پروجېكتلەرگە مەبلەغ سېلىش تېمىسىدا 20 پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان.

گۇلناز 2000-يىلى ئىنگلىزچە «Edward Jones Investment Firm» دەپ ئاتىلىدىغان، نيۇ يورك شەھىرىنىڭ «Wall Street» دەپ ئاتىلىدىغان دۇنياغا داڭلىق كوچىسىدا مەبلەغ سېلىش ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر شىركەتكە «ئىقتىسادىي مەسلىھەتچى» بولۇپ خىزمەتكە كىرگەن، ھەمدە ئۇ يەردە ئۈچ يىل ئىشلىگەن. 2003-يىلى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بانكىلارنىڭ بىرى بولغان «Citi Group» بانكىسىغا «ئىقتىسادىي باشقۇرغۇچى ئەمەلدار» (Financial Executive) بولۇپ خىزمەتكە كىرگەن. ھەمدە 2008-يىلى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بانكىلارنىڭ يەنە بىرى بولغان «Wells Fargo» بانكىسىغا «ئىقتىسادىي مەسلىھەتچى» بولۇپ خىزمەتكە كىرگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئاشۇ بانكىدا بايلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۆتەپ كېلىۋاتىدۇ.

دوكتور گۇلناز ئابدۇقادىر ئالدىنقى 5 يىلنىڭ ھەممىسىدە ئامېرىكا مەملىكەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى. شۇنداقلا 2013- ۋە 2014-يىللىرىدىكى خەلقئارالىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىسادىي مەسلىھەتچىلەر چوڭ يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

گۇلناز ئالدىنقى 30 يىلنىڭ مابەينىدە يالغۇز چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچى ۋە ئىقتىساد كەسپىنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك كەسىپ ئەھلى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە بىر مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر ئانا بولۇش بۇرچىنىمۇ بىللە ئۆتەپ، ھازىرغىچە ئامېرىكىدا 3 پەرزەنتنى تۇغۇپ بېقىپ چوڭ قىلدى. مەن گۇلنازنىڭ ئېرى شۆھرەت سەيدەخمەت بىلەن مەكتەپداش بولۇپ، بىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىتىن تارتىپلا تونۇشاتتۇق. گۇلناز بىلەن ئامېرىكىدا 1993-يىلى تونۇشتۇق، ھەمدە شۇنىڭدىن تارتىپ ئۈز-ئارا ئارىلىشىپ ئۆتۈۋاتىمىز. گۇلناز مەيلى ئائىلە ئىچىدە بولسۇن، ياكى خىزمەتتە بولسۇن، ئۆزىگە ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، قاتتىق تىرىشىدۇ. ئىشلارنى ئىنتايىن يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھەمدە ئىلمىي ئۇسۇلدا قىلىدۇ. باشقىلارغا ھەققىي تۇردە كۆيۈنىدۇ، ھەمدە سەممىمىي مۇئامىلە قىلىدۇ. مۇشۇنداق سۈپەتلەر بىلەن گۇلناز مېنىڭ كۆڭلۈمدە بىر قەھرىمان ئۇيغۇر ئايالنىڭ ئوبرازىنى تىكلىگەن بولۇپ، مەن ئۇنىڭدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن.

# خەيرىنىسا ياسىن (ياپونىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(خەيرىنىسا ياسىننى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى مۇختەرجان ئابدۇراخماننىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)



1 ـ رەسىم: سىڭلىمىز خەيرىنىسا ياسىن

سىڭلىمىز خەيرىنىسا ياسىن يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىنىمىز مۇختەرجان ئابدۇراخماننىڭ خانىمى بولۇپ، ئۇ 1974 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزا گەزلىك كەنتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 6 قېرىنداشنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنچىسى بولۇپ، ئاكا ـ ئاچا، ئىنى ـ سىڭىللىرى تەل بولغان قېرىنداشلىق مېھرىدىن تولۇق ھۇزۇرلانغان بىر خانىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاكا ـ ئاچىلىرى مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، گەرچە ئۇ تېخى ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلىم ئېلىشقا بولغان قىزغىنلىقى ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى ئاكا ـ ھەدىلىرىگە ئەگىشىپ مەكتەپكە بېرىشقا ئۈندىدى. قىشنىڭ قاتتىق شىۋىرغانلىق سوغۇق بولغان بىر كۈنى ئىدى. خەيرىنىسا ئاچىسىغا ئەگىشىپ مەكتەپكە باردى. بىراق، يېشى تېخى كىچىك بولغاچقا سىنىپقا كىرەلمەي، دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ دەرس تىڭشاپ، سوغۇقتىن بەدەنلىرى قاتتىق مۇزلاپ كەتتى. ئۇنى كۆرۈپ قالغان ئاقكۆڭۈل تۇخان ئىسىملىك مۇئەللىم ئۇنى سىنىپقا ئېلىپ كىرىپ، مەشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، دەرس تىڭشاشقا ئورۇنلاشتۇردى. خەيرىنىسا بۇ ئىشتىن ئىنتايىن قاتتىق تەسىرلەندى. دەرس تۈگىگەندىن كېيىن، تۇخان مۇئەللىم ئۇنى ئىلمىي مۇدىر ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئىلمىي مۇدىر خەيرىنىسانىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا چىرايلىقچە چۈشەنچە بېرىپ، يېشى توشقاندا مەكتەپكە ئاندىن كېلىشىنى ئېيتتى.

تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. خەيرىنىسا 1981 ـ يىلى سېنتەبىردىن باشلاپ مەكتەپ بوسۇغىسىغا كىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى. مەكتەپتە مۇئەللىمىنىڭ ئۆتكەن دەرسلىرىگە قارىماستىن، ئېلىپبە ھەمدە ماتېماتىكىدىن ئاكىسىنىڭ تەسىرىدە خېلى بۇرۇنلا ساۋاتىنى چىقىرىۋالغان بولغاچقا، ئۇ ئىلگىرىلەپ يۇقىرى يىللىقلارنىڭ دەرسلىرىنى ئالدىن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ

كەتتى. نەتىجىسى مەكتەپتە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، ھەر مەۋسۇم ئاخىرىدا مۇكاپات ئالغان دەپتەرلەر ئۇنىڭ ئۆچۈن يېتىپ ئاشاتتى. ئاكىسىنىڭ ياخشى ئوقۇشى، شۈبھىسىز ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ، ھەر قېتىملىق مۇكاپاتلاشتا 1 ـ بولۇپ خەيرىنىسانىڭ ئىسمىنىڭ چاقىرىلىشى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىلھام بەردى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كىچىككىنە كۇتۇپخانىدا ھەر خىل كىتابلارنى ئوقۇپ، كۆڭلىرى شۇنچىلىك بەخت ئىچىدە ئۆتەتتى.

خەيرىنىسا مەكتەپكە بېرىشتا 1 ـ بولۇپ بارىمەن دەپ، ئاپىسىنىڭ ئەتىگەندە تەييارلىغان ناشتىلىقلىرىغىمۇ قارىماستىن چىقىپ كېتەتتى. ھەر مەۋسۇملۇق ئاتا ـ ئانىلار يىغىنى بولسا پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلىگەن نەمۇنىلىك ئائىلە دەپ، خەيرىنىسانىڭ ئاپىسى دائىم لۆڭگە ۋە چايدان قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار بىلەن تەقدىرلىنەتتى. باشلانغۇچنىڭ 4 ـ سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلار ئىدى. قوشنىلىرى ئۈن ئالغۇ، رادىئو، رەڭسىز تېلېۋىزور قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى ئېلىپ، كەچلىكى تېلېۋىزور كۆرىدىغان، توي ـ تۆكۈنلەردە ئۈن ئالغۇلارنى تىڭشايدىغان ئىشلار باشلاندى. خەيرىنىسا ئۇ ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ نەدىن ياسىلىپ كەلگەنلىكىنى سورىغىنىدا «ياپونىيەدە ياسالغان» دېگەن جاۋابلارنى ئاڭلاپ، «چوقۇم ئاشۇ دۆلەتكە كەلگۈسىدە ئوقۇشقا چىقىمەن» دەپ قەتئىي ئىرادە تىكلىدى. خەيرىنىسانىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپتە بەكلا ئوقۇغۇسى بار بولسىمۇ، بىراق مەدەنىيەت ئىنقىلابى سەۋەبلىك ئوقۇيالمىغانلىقىنى دائىم سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا دائىم تەكىتلەيدىغىنى «بالىلىرىم دېھقان بولۇش بىز بىلەن تۈگەپ كەتسۇن، نېمىمىز كەتسە مەيلى. ھەممىڭلار ياخشى ئوقۇپ، بۇ يۇرتتىن يىراق ـ يىراقلارغا بېرىپ ئوقۇڭلار».

سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ رىتىملىق سوقۇشى بىلەن خەيرىنىسا باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن تاماملاپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىگە جاۋاب قايتۇرىدىغان پەيتلەر يېتىپ كەلدى. 1993 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلۇش بىناكارلىق فاكۇلتېتى «سانائەت ۋە ئاھالە ئۆي ـ ئىمارەت بىناكارلىق كەسپى» سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى. ئىمتىھاننى ياخشى بەرگەچكە، خەيرىنىسا چاقىرىق چىقىشتىن بۇرۇن ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئۈرۈمچىگە باردى، ھەمدە مائارىپ نازارىتىگە ئۆزى كىرىپ، نەتىجىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، خاتىرجەم ھالدا يۇرتىغا قايتتى.

شۇنداق قىلىپ خەيرىنىسانىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتى باشلاندى. ئۇ 11 يىل ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا مەكتەپ تەربىيىسى ئېلىپ كېلىپ، بىردىنلا بارلىق دەرسلەر خەنزۇ تىلى بىلەن ئۆتۈلىدىغان مۇھىتقا قەدەم قويدى. ئوقۇتقۇچىلار پۈتۈنلەي خەنزۇلار ئىدى. بۇ مەكتەپتىكى ھايات ياتاق، دەرسخانا ۋە ئاشخانىدىن ئىبارەت 3 ئورۇن ئارىلىقىدا، ھەر كۈنى ئوخشاش جەريانلارنى تەكرارلاش بىلەن ئۆتتى. ئوقۇغۇچىلار ۋاقتىنىڭ 80 پىرسەنتى دېگۈدەك دەرسخانىلاردا ئۆتەتتى. خەيرىنىسا ئالىي مەكتەپتىكى بۇنداق ھاياتتىن ئانچە ياخشى ھۇزۇرلىنالمىدى. ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزى ئانچە قانائەتلەنمىدى. چۈنكى، بۇرۇنقى ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئالغان بىلىملەر شۇنچىلىك ھۇزۇرلۇق ئىدى. بىر دېھقان ئۈچۈن ئوتتۇن سېتىپ پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئىش ئىدى. خەيرىنىسا ئاكىسى بولغاچقا ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاكىسى ئۇنىڭ ئايلىق تۇرمۇش راسخوتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئوقۇش پۇلىنى ئاتا ـ ئاپىلىرى چىقاردى.

ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مائارىپ ۋە پەن ـ مەدەنىيەتلىرىنىڭ مەركىزى بولغان بۇ شەھەردە 5 يىل ئوقۇپ، ئاتىسى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلغان مېھرىبان ئاپىسىنىڭ يېنىغا قايتىشنى ھېس قىلىپ، ئوقۇش پۈتكەندە خەيرىنىسا ئاقسۇغا قايتىپ كەتتى. بىر قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بىر ھەيۋەتلىك ماشىنىسى بىلەن مەكتەپكە خەيرىنىسانى ئالغىلى كەلدى. خەيرىنىسا ئاقسۇغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى چۈشەنگەچ 8 ـ ئايدا بىر ئاي ئىشلىدى . بىراق، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈرۈمچىگە قايتىشنى ئەڭ مۇۋاپىق تاللاشكەن، دەپ قاراپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ،10 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ قۇرۇلۇش شىركىتىگە خىزمەتكە كىردى. ئۇ يەردە 3 يىل خىزمەت قىلىپمۇ كۆردى.

بىراق خەيرىنىسا يەنىلا باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلاردا كۆڭلىگە پۈككەن يۈكسەك غايىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، تونۇشلارىنىڭ ياردىمىدە بىر خەنزۇنىڭ شىركىتىگە پۇل تۆلەپ، 2001-يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ياپونىيەگە ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن كەلدى. ياپونىيەگە كېلىپلا مەكتەپتىن 5 تۈمەن ياپون يېنى ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى بولمىسىمۇ قورقماستىن قەرز ئېلىپ، چەتئەلدە ئوقۇشقا تەۋەككۈل قىلدى. دەسلەپتە ياپون تىلى ئۆگەنگەچ جۇڭگودىكى كەسپىي تېخنىكوملارغا باراۋەر كېلىدىغان بىر «قىسقا ئۇنىۋېرسىتېت»قا ئوقۇشقا كىرىپ، قىزلار كومپيۇتېر كەسپىدە بىر مەزگىل ئوقۇدى. 2004-يىلى 4-ئايدا فۇكۇئوكا مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، مەكتەپ مائارىپى فاكۇلتېتى يەسلى مائارىپى كەسپىدە ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى باشلىدى.

خەيرىنىسانىڭ تەتقىقات تېمىسى «يەسلىلەردىكى تەبىئىي مۇھىتنىڭ يەسلى مائارىپىغا بولغان تەسىرى» بولۇپ، ئۇ تەتقىقات ئۇيغۇر دىيارى بىلەن ياپونىيەنى سېلىشتۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلدى. ئوقۇش جەريانىدا خەيرىنىسانىڭ ھېس قىلغانلىرى شۇكى: بىز ۋەتەندىكى ۋاقىتتا ھەقىقىي مەنىدىكى ئوقۇشنىڭ، بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلالمىغان، ھەمدە كۆپ ئۇقۇملار خاتا ھالدا ئۆزلىشىپ قالغان ئىكەن. شۇ يىلى خەيرىنىسا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ بولۇپلا ۋەتەنگە قايتىپ، ھازىرقى ئېرى مۇختار ئابدۇراخمان بىلەن تۇرمۇش قۇردى. 2005-يىلى ئاپرېلدا خەيرىنىسانىڭ ئېرىمۇ ياپونىيەگە كەلدى. خەيرىنىسانىڭ دوكتورلۇققىچە ئۆرلەپ ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى. بىراق ياپونىيەدە ئەر-ئايال ئىككىيلەننىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشى ئاسانغا چۈشمەيتتى. خەيرىنىسا ئۇدا 2 يىل ياپونىيە مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ يىلىغا 7 تۈمەن ياپون پۇلى ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2007-يىلى ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى ناھايىتى ياخشى نەتىجە بىلەن غەلىبىلىك ھالدا تاماملىدى. خەيرىنىسانىڭ ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىسىنىڭ تېمىسى: «ياپونىيەدىكى مەكتەپ يېشىدىن بۇرۇنقى بالىلار مەكتىپى ۋە يەسلىلەرنىڭ مۇھىتى توغرىسىدا ئىلمىي تەتقىقات». خەيرىنىسا يەنە «ياپونىيە يىپەك يولى جەمئىيىتى» نىڭ بىر يىلدا بىر سانلا چىقىرىدىغان ژۇرنىلىدا 2009-يىلى «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي يەسلىلەردىكى ھويلىسىغا مۇناسىۋەتلىك تەبىئىي مۇھىت» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ياپونچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى.

خەيرىنىسا ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەندە چوڭ قىزى 6 ئايلىق بولۇپ قالغان ئىدى. كېيىنكى يىلى ئۇلارنىڭ كىچىك قىزى تۇغۇلدى. يەنى، خەيرىنىسا بىر تەرەپتىن چوڭ قىزىغا قورساق كۆتۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە ئۇ ئوقۇشىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى.

خەيرىنىسانىڭ ئېرى مۇختار ياپونىيەنىڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ بىرى بولغان كيۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. ياشقا چوڭ بولۇپ قالغاچقا، ئوقۇش مۇكاپات پۇللىرىغا ئېرىشىپ ئوقۇش بىرئاز تەسكە چۈشتى. خەيرىنىسا ھازىر ئىككى پەرزەنتىنى تەربىيىلىگەچ ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەپ، ئېرىنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللاپ، كېچە-كۈندۈز تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر كۈنى تولىمۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس بىر تۈس ئىچىدە ناھايىتىمۇ ھۇزۇرلۇق داۋام قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ 2 پەرزەنتى ھازىر باشلانغۇچ مەكتەپ 3-سىنىپ ۋە 2-سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

خەيرىنىسا ھازىر ئېرى مۇختەرنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاش بىلەن بىرگە، ئۆيىدىكى كىتابلارنى ئۇستاز تۇتۇپ بىلىم ئېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى كىتابىنىڭ ئۆزىلا بىر قانچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغىلى يېتىپ ئاشىدۇ. مۇختەر كىتاب ئېلىشقا ناھايىتى ئامراق بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇلىنى كىتاب ئېلىشقا، دۇنيادىكى مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان بولۇپ، ئۇنداق قىلىشنى ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. بىر كىتابنى ئالماقچى بولسا تور ئارقىلىق ئەسلىدىكى باھادىن 5 ھەسسە يۇقىرى باھادا سېتىۋالىدۇ. خەيرىنىسانىڭ ئەڭ پەخىرلىنىپ، كەسىپ ئېيتالايدىغىنى شۇكى: ئېرى مۇختەرنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىتىگە بولغان مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى باشقا ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ.




2 ـ رەسىم: خەيرىنىسانىڭ ئېرى مۇختەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى ئوماق قىزلىرى. بۇ رەسىم 2014 ـ يىلى خەيرىنىسانىڭ كىچىك قىزى مەكتەپكە كىرگەن كۈنى تارتىلغان.

خەيرىنىسانىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىغا مۇنداق يۈرەك سۆزلىرى بار: «سىز بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولىدىكەنسىز، ئىزچىل تۈردە شۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشسىڭىز، ئاخىرى بىر كۈنى ئۇنى قىلالايسىز. ئارزۇ دېسەك شۇنچە كۆپ ئارزۇلار بار. ئاشۇنداق ئارزۇلارغا يېتىشتە ئەمەلىي ھەرىكەت بەك مۇھىم. تەۋەككۇل قىلمىغۇچە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. خۇددى مەن ئوقۇشقا تەۋەككۇل قىلغانغا ئوخشاش، قورقماستىن ماڭالايدىغان تەۋرەنمەس ئىرادە بولسىلا ، بۇ گۈزەل دۇنيادا ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىڭىزگە چوقۇم ئېرىشەلەيسىز. تىرىشساق بىزمۇ دۇنيادا نوبېل مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشەلەيمىز. ياپونىيەگە ئوقۇشقا كەلمەكچى بولۇپ، مەسلىھەت سوراشقا ھاجىتىڭىز چۈشسە، ماڭا «atlan1119@gmail.com» ئادرېسلىق ئېلخەت يازسىڭىز بولىدۇ. مەن ھازىرغىچە بىر-قانچە قېرىنداشلارنىڭ ياپونىيەگە كېلىپ ئوقۇشىغا يول مېڭىپ، پۇرسەت ھەل قىلىپ بەردىم. بۇندىن كېيىنمۇ ئېھتىياجى بار قېرىنداشلارغا قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن. »

# دوكتور ئىلياس قاسىم (ئاۋىستىرالىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

مەن مەزكۇر يازمامدا يەنە 3 نەپەر يېڭى قېرىنداشىمىزنى تونۇشتۇرىمەن. مەن ھازىرغىچە 14 نەپەر قېرىنداشىمىزنى تونۇشتۇرۇپ بولغان بولۇپ، بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغىنىم 15 ـ، 16 ـ ۋە 17 ـ قېرىنداشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن مۇشۇ خىلدىكى يازمامدا كىمنىڭ ماتېرىيالى مېنىڭ قولۇمغا ئەڭ ئالدىدا تەگكەن بولسا مەن ئۇنى ئەڭ ئالدىدا، ماڭا ماتېرىيالى ئەڭ ئاخىرىدا تەگكەن قېرىنداشىمىزنى بولسا ئەڭ كەينىگە تىزىۋاتىمەن. شۇڭلاشقا مەن قېرىنداشلاردىن بۇ ھۆرمەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ تىزىلىش تەرتىپىنى ئاشۇنداق چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان 3 نەپەر قېرىندىشىمىز پۈتۈنلەي باشقا ـ باشقا ساھەنى ئۆزلىرى ئۈچۈن كەسىپ قىلغان، شۇنداقلا باشقا ـ باشقا ئەللەردە ياشايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ئۇلار ئۆزى تاللىغان ياكى ئۆزى كىرىپ قالغان كەسىپنى ناھايىتى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ قاتتىق تىرىشىپ، بۇيرۇلغان ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. مەن ئۇلارنىڭ ھايات ھېكايىلىرىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلاردىن ناھايىتىمۇ تەسىرلەندىم ھەم ئىنتايىن پەخىرلەندىم. مەن سىزنىڭمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

ئىنىمىز ئىلياس قاسىم 1969 ـ يىلى كۇچا ناھىيە ئۈچئۆستەڭ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1986 ـ يىلى شۇ يېزىدا ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش ئىمتىھانىدا كۇچا ناھىيىسى بويىچە 2 ـ بولغان. خىمىيەدە 96 نومۇر (ئۇ يىللاردا خىمىيە ئىمتىھانىنىڭ تولۇق نومۇرى 100 ئىدى) ئېلىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. باشقا كەسىپتە ئوقۇش ئارزۇسى بار بولسىمۇ، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇپ، دەرسلەرنى ياخشى ئوقۇغان، ۋە ئۇدا ئۈچ قېتىم كوجىما ياسۇنورى (Kojima Yasunori) مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.



1 ـ رەسىم: دوكتور ئىلياس قاسىم

1991 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندە سىنىپ بويىچە بەش يىللىق ئومۇمىي نومۇر بويىچە 1 ـ بولغان، ھەمدە ئۈرۈمچىدە خىزمەت تاللاش ئالاھىدە ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. ئەمما ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ خىزمەت قىلىش يولىنى تاللاپ، كۇچا ناھىيەلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان، ھەمدە شۇ مەكتەپتە

خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىنچە قوشۇمچە ئىتتىپاق كومىتېتى سېكرېتارى بولۇپ ئىشلىگەن. 1995-يىلى ئىلياس دەرس ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش ئىمتىھانلىرىدا ئوتتۇرىچە نومۇرلىرى ئاپتونوم رايونى بويىچە ئەڭ يۇقىرى بولغان. بۇ نەتىجىنىڭ تۈرتكىسىدە ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش ئىمتىھانىغا خىمىيە تەكرارلاش ماتېرىيالى «خىمىيىدىن قىزىق نۇقتىلار»، ۋە «خىمىيىدىن 90 نومۇر» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈپ چىقىپ، نەشر قىلدۇرغان. ئۇ كىتابلار ئاپتونوم رايون بويىچە تارقىتىلىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلغان. ئىنىمىز ئىلياس 1999-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14-ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەلگەن. ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا فىزىكا-خىمىيەسى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. بۇ ئوقۇشتا ئۇنىۋان ئېلىشنىڭ بىر مۇھىم تەلىپى بولغان تەجرىبە-تەتقىقات تەلەپلىرىنى ئۇنۇملۇك تاماملاپ، جۇڭگونىڭ نوپۇزلۇق ئىلمى ژۇرناللىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى قاتارلىق ژۇرناللاردا بولۇپ 6 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئىنگلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ، تىل ئۆتكىلىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دوستلار بىلەن بىرلىكتە ئۆگىنىپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ئىنگلىز تىلى يېزىقچىلىقى» (2002-يىلى) ۋە «ئىنگلىز تىلى يېزىقچىلىقى» (2004-يىلى) ناملىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇپ، كەڭ كىتابخانلارغا سۇنغان.

2006-يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىغا يۆتكەلگەن، ۋە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئون نەچچە پارچە كىتابنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىك خىزمىتىنى تاماملىغان. 2007-يىلى كورېيەگە دوكتورلۇق ئوقۇشقا بارغان. 2009-يىلى ئائىلىسى بىلەن ئاۋستراليەگە كۆچۈپ بېرىپ، ئاۋستراليە سىدنېي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېرىيال خىمىيەسى كەسپىدە ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، دوكتورلۇق ئوقۇشىنى داۋام قىلغان. سىدنېي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا «ماتېرىيال خىمىيەسى ژۇرنىلى» (Journal of Materials Chemistry) ۋە «ئانئورگانىك خىمىيە» (Inorganic Chemistry) قاتارلىق نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا 12 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. بۇ ماقالىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرگىلى، ۋە بەزىلىرىنى ھەقسىز چۈشۈرۈۋالغىلى بولىدۇ (بەزى نەشر قىلغۇچى ژۇرناللارنىڭ بەلگىلىمىسى سەۋەبىدىن ھەممە ماقالىلەرنى بىۋاستە تەمىنلەش مۇمكىن بولمىدى):

https://scholar.google.com.au/citations?user=yAzvFhkAAAAJ&hl=en
http://www.researchgate.net/profile/Ilyas_Qasim

ئىنىمىز ئىلياس قاسىمنىڭ دوكتورلۇق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى «يېڭى ماتېرىياللارنى لايىھىلەش، سىنتېزلاش، ئۇلارنىڭ ماگنىتلىق ۋە ئۆتكۈزگۈچلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى خاراكتېرلەش، ئېكس-نۇر دىفراكسىيەسى (X-ray diffraction) قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن بۇ يېڭى ماتېرىياللاردىكى ئاتوملارنىڭ جايلىشىشىنى ياكى ماددا تۈزۈلۈشىنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن، تۈزۈلۈش-خۇسۇسىيەت مۇناسىۋىتىنى شەرھلەپ، تېخنىكىلىق ئىشلىتىش يوللىرىنى ئېچىشقا ئاساس يارىتىش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىنىمىز ئىلياس دوكتورلۇق ئوقۇشىنىڭ 2-يىلىدىن باشلاپ، سىدنېي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىدا باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى بويىچە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا تەجرىبە دەرسى ئۆتۈپ كېلىۋاتىدۇ. 2013-يىلى دوكتورلۇق ئوقۇشىدا ۋە دەرس ئۆتۈش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، سىدنېي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار ئىلياسنى بىر قېتىم زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. سۆھبەتنىڭ بىر قىسىم تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى تور سەھىپىسىدىن كۆرگىلى بولىدۇ:

http://sydney.edu.au/science/chemistry/studying-chemistry/careers/profiles-postgraduate.shtml

ئىنىمىز ئىلياس دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا فىرانسىيە، ئاۋستراليە، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا ئىلمىي دوكلات بەردى، ئالىملار بىلەن

پىكىرلەشتى، ۋە دوستلاشتى. ئوقۇش پۇتتۇرۇش دىسسېرتاتسىيىسى «ئەلا» بولۇپ باھالاندى. بۇ ماقالىنىڭ تولۇق تېكىستىنى بۇ يەردىن ھەقسىز چۈشۈرگىلى بولىدۇ:

http://ses.library.usyd.edu.au/handle/2123/10029

2015 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ يېڭى زېلاندىيە ئوكلەند ئۇنىۋېرسىتېتى (Auckland University) دا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.



2 ـ رەسىم: دوكتور ئىلياس قاسىم تەجرىبە ئىشلەۋاتقان بىر كۆرۈنۈش

ئىنىمىز ئىلياس مۇنداق دەيدۇ: «مېنى بۇ دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن، بېقىپ چوڭ قىلغان، مەن سىرتلاردا يۈرگەندە ئىنچىل سەبىر بىلەن دۇئا قىلىپ ۋە مەدەت بېرىپ تۇرغان ئانام سائادەتخان زارىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپ مۇشكۇل ۋە ئۇزۇن سەپەرلەرنى ئاخىرغىچە داۋام قىلىپ غەلىبە بىلەن قايتقان ئاكا ـ ئۇكىلار ھەققىدە ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىپ قەلبىمگە ئارمانلارنى ۋە تەسەۋۋۇر ئۇرۇقىنى پۇكتۇرگەن رەھمەتلىك دادام قاسىم ئابدۇللاغا مىننەتدارلىق بىلەن دۇئا قىلىمەن ۋە كېرەملىك ئاللاھ مۇمكىن قىلسا دادام ئۈمىد قىلغاندەك كۆپ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىمەن. ئائىلىمىزنىڭ چوڭ ـ كىچىك مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بالىلىرىمنى ئوبدان بېقىپ ـ تەربىيىلەپ، مېنى ئوقۇش ۋە خىزمەتكە زېھىن قويۇشقا مۇمكىنچىلىك يارىتىپ بەرگەن مېھرىبان ئايالىم مېھرىئاي ئۆمەرگە كۆپتىنمۇ كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. ئاكا پەرھاتجان، سىڭىللىرىم ساجىدەم، بۇسارەم، جىمىلەم، سىلەر مېنىڭ ئائىلىمىزدىكى مەسئۇلىيەتلىرىمنى تولۇقلاپ ئاپامدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىسىلەر، رەھمەت سىلەرگە. يۇرتتىكى ساۋاقداش، خىزمەتداش ۋە دوستلىرىمنىڭ ئىلھام ـ مەدەتلىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن ۋە سېغىنىپ سالام يوللايمەن.

مەن تېخى كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكىنىم يوق، مېھرىبان ئاللاھ ئارمان بىلەن تىرىشقان بەندىسىگە ھامان نەتىجە بېرىدۇ دېگەن ئىشەنچ بىلەن يولۇمنى داۋام قىلىمەن. بۇ يولدا كۆپلىگەن دوستلىرىم بىلەن بىللە ماڭسام، بىر چوڭ قوشۇن بولساق دەپ ئارزۇ قىلىمەن. مەن ‹ئىنگلىز تىلى يېزىقچىلىقى› دېگەن كىتابىمنىڭ خاتىمىسىدە ئېيتقاندەك، بىز ئىنسانىنىڭ قۇربى يېتىدىغان نۇرغۇن ساھەدە باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرماقتىمىز. بىز بۈگۈننى قەدىرلەپ، ئىشەنچ بىلەن كەلگۈسىگە قاراپ ماڭايلى!»

## دوكتور ئىلياس قاسىم ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):

### Journals:

1. Qasim and Blanchard *et al*. Impact of Cu doping on the structure and electronic properties of $LaCr_{1-x}Cu_xO_3$. ***Inorganic Chemistry***, 53(4), 2014, 2240–2247
2. Qasim and Blanchard *et al*. Soft ferromagnetism in mixed valence $Sr_{1-x}La_xTi_{0.5}Mn_{0.5}O_3$ perovskites. ***Dalton Transactions***, 43, 2014, 6909 – 6918
3. Qasim and Blanchard *et al*. Structural and electronic properties of $Sr_{1-x}Ca_xTi_{0.5}Mn_{0.5}O_3$, ***Journal of Solid State Chemistry***, *213,* 2014. 293 – 300
*4.* Qasim and Kennedy *et al.* Stabilizing the orthorhombic perovskite structure in $SrIrO_3$ through chemical doping, ***Journal of Materials Chemistry*** *A*, 2013, 1(42) 13357-13362
5. Qasim and Kennedy *et al*. Synthesis, structures and properties of transition metal doped $SrlrO_3$. ***Journal of Materials Chemistry*** *A*, **1** (9), 2013 3127-3132.
6. Qasim and Blanchard *et al*. Ordered vs. Disordered perovskites; Structural studies of Fe-doped $SrIrO_3$ and $SrRuO_3$, ***Journal of Solid State Chemistry***, 206,2013, 242-250
7. Qasim and Kennedy *et al*. Structural characterization of the perovskite series $Sr_{1-x}La_xTi_{0.5}Mn_{0.5}O_3$. ***Journal of Solid State Chemistry*****,** **200**, 2013, 39-42.
8. Kennedy and Qasim *et al*. Synchrotron X-ray powder diffraction studies of structural phase transitions in perovskite oxides. ***Australian Journal of Chemistry***, **65** (3), 2012, 229-235.
9. Qasim and Kennedy *et al*. X-ray absorption near edge structure and crystallographic studies of the mixed valence oxide $SrRu_{0.8}Ni_{0.2}O_3$. ***Journal of Physics: Condensed Matter****,* **23** (43), 2011435401.
10. Kennedy, Qasim et al., Low Temperature Low temperature structural studies of $SrSnO_3$, submitted to ***Journal of Physics: Condensed Matter***

**Note:** Two more manuscripts (3*d* transition metal doped $SrRuO_3$ and $SrRuO_3$ – $LaCrO_3$ series) are in the process of publication.

### Conferences:

**11.** CAMS 2014, 3rd biennial conference of the **C**ombined **A**ustralian **M**aterials **S**ocieties, 26 – 28 November 2014, University of Sydney, Australia [A member of organizing committee]
**12.** *4th International Symposium on Structure-Property Relationships in Solid State Materials*, 24 – 29 June 2012, Bordeaux, France [**Talk**].
13. ***A Joint Meeting of the Asian Crystallographic Association (AsCA), SCANZ and the BRAGG Symposium*****, 2 -6 Dec. 2012**–Adelaide, Australia [Poster].
14. *AINSE-ANBUG Neutron Scattering Symposium,* 7 – 9 Nov. 2012, ANSTO, Lucas Heights, NSW, Australia [Poster].
*15. Crystal 27 conference,* 26 – 30 April 2011, Rotorua, New Zealand [Poster].

# ئامېرىكىدا ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ئۇيغۇر خانىم — لالە داۋۇت

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 11-ئاينىڭ 13-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى مەن بىر نەقىل سۆزنى يادلىۋالغان بولۇپ، ئۇ سۆز مېنىڭ قانداق ياشىشىمغا ناھايىتى زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى: «مەندىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەر پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان سوۋغىتىدۇر. مېنىڭ ئاشۇ يوشۇرۇن قابىلىيەتلەر بىلەن قىلغان ئىشلىرىم بولسا مېنىڭ پەرۋەردىگارىمغا قىلغان سوۋغىتىمدۇر.» مەن ئۆز ھاياتىمدا ئېرىشكەن ھەر بىر سوۋغات، تالانت، بايلىق ۋە پۇرسەتلەر بىلەن پەرۋەردىگارىمغا، باشقىلارغا، ۋە ئۆزۈمگە جاۋاب قايتۇرمىسام بولمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئەگەر بىز ھەممە ۋاقىتتا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قاتتىق تىرىشساق، ئۆز ھاياتلىرىمىزنى بىر خىل ئالاھىدە ھاياتقا ئايلاندۇرالايمىز. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ھاياتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيمىز.

سابىق ئامېرىكا پرېزىدېنتى دۋايىت ئېيزىنخاۋېر (Dwight Eisenhower) نىڭ مەن ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان بىر ھېكايىسى بار. ئۇ بىر قېتىم مەملىكەتلىك مۇخبىرلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرىغا ئۆزىنىڭ بىر ياخشىراق سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئەمەسلىكىنى، ئۇنداق بولمىغان بولسا ھازىرقىدىن ياخشىراق نۇتۇق سۆزلىگۈچى بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىكى بىر ئىشنى ئەسلىتىدىكەن: بىر قېرى بوۋاي بىر كالىسىنى ساتماقچى بولۇپتۇ. كالىنى ئالماقچى بولغان بىر كىشى ئۇ قېرى بوۋايدىن كالىنىڭ كېلىپ چىقىشى، قايماق بېرىش ئەھۋالى، ۋە ھەر ئايدا چىقىرىدىغان سۈتى قاتارلىقلارنى سوراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قېرى بوۋاي ئۇنىڭغا: «مەن ئائىلە كېلىپ چىقىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بۇ كالىنىڭ قانچىلىك قايماق چىقىرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. ئەمما ئۇ بىر ناھايىتى ياخشى كالا بولۇپ، ئۇ ساڭا ئۆزىدە بار سۈتىنىڭ ھەممىسىنى بېرىدۇ»، دەپتۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىز ھەممىمىز قىلالايدىغان بىر ئىش: بىز ئۆزىمىزدە بار ھەممە نەرسىلەرنى بىر ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈن ئاتا قىلالايمىز. شۇنداق قىلالىساق، بىز ئۆزىمىزگە رازى بولىمىز.

يۇقىرىدىكى مەزمۇن مەن «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (9)» دېگەن ماقالەمدە تونۇشتۇرغان جون ماكسۋېل (John C. Maxwell)نىڭ «ماكسۋېل كۈنلۈك ئوقۇشلۇقى» دېگەن كىتابىنىڭ 192-بېتى (24-ئىيۇن كۈنى) نىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «ئۆزىڭىزدىكى تالانتلار ۋە پۇرسەتلەردىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە پايدىلىنىڭ» دىن ئىبارەت .

مەن ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن. بۇ ھەپتە مەن يەنە بىر يېڭى قېرىندىشىمىزنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇ مەن تونۇشتۇرغان 40-كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قەھرىمان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ يېڭى بىر مىسالى بولۇپ، ئامېرىكىغا كەلگەن 24 يىلدەك ۋاقىتتىن بۇيان ئىككى پەرزەنتلىك بىر ئائىلىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بىللە، ئۆز كەسپىدە قاتتىق تىرىشىپ، دۇنياغا داڭلىق «ئىلىم-پەن ژۇرنىلى» دا 1998-يىلى ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئاپتورلىرىنىڭ بىرى بولدى. 2015-يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىر پروفېسسورنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسىدىن بىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ خانىم بىر ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىغان، ھەمدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەن ئۇ خانىمدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.



1 ـ رەسىم: لالە داۋۇت خانىم.

لالە داۋۇت خانىم ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۈرۈمچى تەجرىبە باشلانغۇچتا، ئوتتۇرا مەكتەپنى بولسا ئۈرۈمچى 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ 1978 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوختۇرلۇق كەسپىدە 5 يىل ئوقۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشنى تاماملايدۇ. ئۇ 1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا يېڭىدىن ئېچىلغان قانۇن فاكۇلتېتىغا قانۇن دوختۇرلۇق كەسپىنى ئاچىدىغان ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، لالە 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ 1985 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شاڭخەي خۇادوڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك تۇنجى قارار قانۇن دوختۇر تەربىيىلەش مەخسۇس كۇرسى» غا قاتنىشىپ، ياخشى نەتىجە بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن دوختۇرلۇق دەرسلىكنى ئۆزى تۈزۈپ چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر دىيارىدا قانۇن دوختۇرلۇق كەسپىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرغان تۇنجى ئىلمىي خادىم بولۇپ قالىدۇ. لالە قانۇن فاكۇلتېتىدا ئىشلەش جەريانىدا بىر پروفېسسور بىلەن بىرلىشىپ، «قانۇن دوختۇرلۇق ئاساسى» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىپ، قانۇن ساھەسىدە بىر يېڭىلىق ياراتقان بولىدۇ. لالە دەرسلىكنى ئۆزى يېزىپ، لېكسىيىلەرنى پۇختا تەييارلاپ، قانۇن دوختۇرلۇق ساھەسىدىكى بىلىملەرنى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىدۇ، ھەمدە تېزلىكتە لېكتورلۇققا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇ ئۆز كەسپىدىن سىرت نۇرغۇن ۋاقىت چىقىرىپ، ئىنگلىز تىلىنى توختىماي ئۆگىنىپ تۇرىدۇ، ھەمدە ئىلمىي ژۇرناللارنى ئوقۇش ئارقىلىق خەلقئارا مېدىتسىنا ۋە بىئولوگىيە ساھەسىدىكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ.



2 ـ رەسىم: لالە خانىم 2002 ـ يىلى ئامېرىكىدىكى «**UNC ـ Chapel Hill**» ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور ئازىز سانجار ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئىككى قىزى بىلەن بىللە.

لالە 1991 ـ يىلدىن تارتىپ 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، ئامېرىكا شىمالى كارولىنا شتاتىغا جايلاشقان «UNC ـ Chapel Hill» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئوخىمىيە ۋە بىئوفىزىكا فاكۇلتېتىدا، 2015 ـ يىللىق نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دۇنيادا داڭلىق تۈرك پروفېسسور دوكتور ئازىز سانجارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 10 يىلدەك ۋاقىت تەتقىقات خادىمى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ جەرياندا، لالە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەرنى دۇنيادا داڭلىق ئىلمىي ـ تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىدۇ. ئۇ ماقالىلەرنىڭ بىر قانچىسى ئامېرىكا دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ. بىر ھېسابتا دوكتور سانجارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن لالە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان، دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى دوكتور سانجارنى نوبېل نامزاتلىقىغا ئېرىشتۈرگەن ماقالىلەرنىڭ نۇرغۇن بىئوخىمىيە تەجرىبىلىرىنى لالە ئاساسلىق تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ئىشلەپ چىققان.

لالە 2000 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئامېرىكا مەرىلەند شتاتى بالتىمور شەھىرىدىكى «Johns Hopkins University» دېگەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئامېرىكا مەملىكەتلىك ساغلاملىق ئىنستىتۇتى (National Institutes of Health, NIH) غا قاراشلىق DNA نى ياشلاندۇرۇش تەتقىقات بۆلۈمىدە بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسى (biologist) سۈپىتى بىلەن ئىشلەپ كەلمەكتە. ھازىرقى يېتەكچىسى دوكتور ۋىلخەلم بور (Wilhelm Bohr) بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى (Niels H. David Bohr) ۋە ئاكىسى (Aage N. Bohr) نىڭ ھەر ئىككىسى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەردۇر. بىلىشىمىزچە دوكتور ۋىلخەلم بورمۇ ھازىر ئۆز تەجرىبىخانىسىدىكى 40 نەپەر تەتقىقاتچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىۋېتىپتۇ.



3 ـ رەسىم: ئامېرىكا مەملىكەتلىك ساغلاملىق ئىنستىتۇتى **(NIH)** نىڭ **DNA** نى ياشلاندۇرۇش تەتقىقات بۆلۈمىدىكى خادىملار. ئۈستۈنكى قۇر سولدىن 5 ـ كىشى لالە خانىم بولىدۇ.

http://www.grc.nia.nih.gov/branches/lmg/vbohr.htm

لالە 1991 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇيغۇر دىياردىن ئامېرىكا شىمالىي كارولىنا شتاتىدا ئوقۇۋاتقان يولدىشى تۇغلۇق ئابدۇرازاقنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئۇ مەزگىلدە تۇغلۇق «UNC Chapel Hill» ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى داڭلىق بىئوخىمىيە ئالىمى دوكتور ئازىز سانجار بىلەن يېقىن ئارىلىشىۋاتقان ئىدى. لالە بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دوكتور سانجارنىڭ تەجرىبىخانىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقات ئەسۋابلىرىنى كۆرۈپ تەسىرلىنىدۇ، ھەمدە يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىۋېلىشقا قاتتىق قىزىقىپ قالىدۇ. شۇ ئارزۇسىنى يولدىشى ئارقىلىق دوكتور سانجارغا قايتا ـ قايتا يەتكۈزگەندىن كېيىن، دوكتور سانجار لالەنىڭ ئۆز تەجرىبىخانىسىدا بىر مەزگىل ئىشلەپ بېرىشىگە ماقۇل بولىدۇ. لالە شۇ تەجرىبىخانىدا ئىشلەش جەريانىدا ئاقسىل پاكلاشتۇرۇش (protein purification) جەھەتتە يۇقىرى قابىلىيەتتە ئىگە ئىكەنلىكى بىر قانچە مۇھىم تەجرىبىلەرنى تاماملاش ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. ياپونىيەدىن كەلگەن دوكتور ـ ئاشتى (postdoc) تەتقىقاتچى توتايوشى لالەنى «لالە ئاقسىلنى ھەقىقەتەن پاكىز ئىشلەيدۇ» دەپ ماختايدۇ. 1991 ـ يىلى دوكتور سانجار بىئوخىمىيە ساھەسىدە نامى چىققان ئالىملارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا خەلقئارادىكى بىرقانچە دۆلەتلەردىن تەكلىپ قىلىنغان 20 دەك مۇتەخەسسىس ۋە دوكتور ـ ئاشتىلار ئىشلەيتتى. دوكتور سانجارنىڭ تەجرىبىخانىسىغا كىرىپ ئىشلەش ئانچە ئاسانغا توختايدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. خەلقئارالىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلغان بولۇش تەلەپ قىلىناتتى. دوكتور سانجار بىئوخىمىيىگە قاتتىق كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، تەتقىقاتچىلىرىغا ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان ئادەم ئىدى. بەزى تەجرىبىلەرنى كېچە ـ كۈندۈز دېمەي قايتا ـ قايتا ئىشلەشنى تەلەپ قىلاتتى. لالە كۆپىنچە شەنبە ـ يەكشەنبىلەرنى تەجرىبىخانىدا ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە بالىلارنى بۆلۈمىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، بىر ياقتىن بالىلارغا قاراپ، بىر ياقتىن تەجرىبە ئىشلەيتتى. ئاشۇنداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، لالە 3 ئاي ئىچىدە تەجرىبىخانىسىدىكى بىر قانچە دوكتور ئاشتىلار بىلەن بىرلىشىپ، دوكتور سانجارنىڭ يېتەكچىلىكىدە «بىئوخىمىيە»ناملىق داڭلىق ژۇرنالغا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە سۇنىدۇ. شۇ ئارقىلىق دوكتور سانجار ۋە باشقىلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىدۇ.

1991 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلى ئۆكتەبىرگىچە بولغان 10 يىل جەريانىدا، لالە داۋۇت UNC بىئوخىمىيە ۋە بىئوفىزىكا فاكۇلتېتىدا بىر بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدە دوكتور سانجارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلەيدۇ. DNA تۈزىتىش ساھەسىدىكى مۇرەككەپ ھەم يېڭى تىپتىكى دۇنياۋى ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقات پروجېكتلىرىدىن بىرەر يۈزدەكنى تاماملايدۇ. بەزى تەجرىبىلەر بىر ھەپتىدىن نەچچە ھەپتىگىچە داۋاملىشىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق ۋاقىتلاردا كېچە ـ كۈندۈز دېمەي، شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، ئاران 3 ـ 4 سائەت ئۇخلاپلا ئىشلەيدىغان ئەھۋاللار پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىككى كىچىك بالىسىنىڭ ئانىسى بولغان لالەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر ياقتىن ئۆي ئىشىنى قىلىپ، بىر ياقتىن بالىلارنى مەكتەپكە توشۇپ، يەنە بىر ياقتىن تاماق ئېتىش ئاسانغا توختىمايدۇ. يولدىشى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، نەچچە قېتىم لالەنى ئىشتىن چىقىرىۋېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لالە «بىئوخىمىيە ئۆزۈم كىچىكىمدىن ياخشى كۆرۈپ كەلگەن كەسىپ. ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلسا ھاردۇقى چىقىدۇ، ھەم چارچىغاننى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن دۇنيادا مەشھۇر بىئولوگىيە ئالىمى ئازىزكامىنىڭ قولىدا ئىشلەۋاتىمەن. ئۇيغۇرلارغا بۇنداق ياخشى پۇرسەت ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ ئالىم ماڭا ئىشىنىپ تەتقىقاتىغا سالغاندا، مەن ھەرگىز ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن. مىللىتىم ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ جاپالارغا بەرداشلىق بەرمىسەم بولمايدۇ» دەپ، خىزمەتتىن چېكىنىشكە ئۇنىمايدۇ.

ئازىز ئاكا ئۆزىنىڭ قابىلىيەتلىك، تىرىشچان، يۈكسەك غايىلىك بولۇشى بىلەن UNC ئۇنىۋېرسىتېتىدا نام چىقارغان ئىدى. ئۇ ئۆزى ئىشلىتىۋاتقان ئىلمىي خادىملارغىمۇ تەلەپنى ئىنتايىن يۇقىرى قوياتتى. ھەر قېتىم يېڭى دوكتور ئاشتى ياكى مۇتەخەسسىسنى تەجرىبىخانىسىغا قوبۇل قىلغاندا، «مېنىڭ تەتقىقاتىمنى ئىشلەش ئۈچۈن سىزدە ھەپتىسىگە 5 كۈن، ھەر كۈنى 8 سائەت ئىشلەيمەن، دەيدىغان ئىدىيە يوق بولۇشى شەرت. DNA سىزنىڭ دەم ئېلىشىڭىزغا قاراپ ۋاقىت جەدۋىلى تۈزمەيدۇ. سەككىز سائەت ئىشلەپ، 10 سائەت دەم ئالسىڭىز، DNA نى تۈزىتەلمەيسىز. مۇشۇ شەرتكە ماقۇل بولسىڭىز، ئاندىن كېيىنكى گەپلەرنى دېيىشىمىز» دەيتتى. دوكتور سانجارنىڭ قاتتىق تەلىپى دۇنيادىكى ئوخشىمىغان ئەللەردىن كەلگەن، بىئوخىمىيە كەسپىدە نەتىجە ياراتماقچى بولغان ئوقۇغۇچى ۋە تەتقىقاتچىلارغا نىسبەتەن بىر ماگنىت ئىدى. چۈنكى ئازىزكامىنىڭ قول ئاستىدا بىر يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن ھەر قانداق كىشى دۇنياۋى دەرىجىلىك داڭلىق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلالايتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا 2 ـ 3 يىل ئىشلىگەنلەر دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە ئاسانلا ئىشقا ئورۇنلىشالايتتى. لالە 3 ئاي سىناقتا ئىشلەش جەريانىدا، ياپونىيەدىن كەلگەن بىر دوكتور ـ ئاشتى بىلەن بىرلىكتە، بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىدۇ. ئۇ دوكتور ـ ئاشتىنىڭ ئىسمى توتايوشى بولۇپ، ئۇ ھازىر ياپونىيەدىكى بىر تونۇلغان ئۇنىۋېرسىتېتتا پروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. توتايوشى لالەگە يۇقىرى باھا بېرىپ، «لالە ئاقسىل پاكلاشتۇرۇش تەجرىبىسىگە كەلگەندە ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ماھىر ئىكەن. ئۇنى تەجرىبىخانىمىزدا داۋاملىق ئىشلەتسەك بەك ياخشى بولاتتى»، دەپ، لالەنى دوكتور سانجارغا تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا لالە «بىر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتى» دېگەن سالاھىيەت بىلەن تۇراتتى. ئۇنداق سالاھىيەت بىلەن ئامېرىكىدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەشكە يول قويۇلمايتتى. ئازىزكام لالەنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە UNC نىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىلەن ئۆزى مەخسۇس ئالاقىلىشىپ، لالەنىڭ سالاھىيىتىنى «دۆلىتىمىزگە ئېھتىياج مۇتەخەسسىس» دېگەنگە ئۆزگەرتىپ، بىئوخىمىيە فاكۇلتېتىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ لالە ئازىز ئاكىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا 10 يىل ئىشلەيدۇ. شۇ جەرياندا دوكتور سانجار ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، 20 پارچىدەك ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ماقالىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى خەلقئارادا ئەڭ داڭلىق ژۇرناللار ھېسابلىنىدىغان «ئىلىم ـ پەن ژۇرنىلى» (Science)، «خىمىيە»، «بىئوخىمىيە» ۋە «DNA رېمونتلاش» (DNA Repair) قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرگىلى بولىدۇ:

http://www.scopus.com/authid/detail.url?authorId=6507640564

ھەممىمىزگە مەلۇم، «ئىلىم-پەن ژۇرنىلى» دۇنيا بويىچە ئەڭ داڭلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ماقالە ئېلان قىلىش ئانچە ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىش دۇنيا ئىلىم-پەن ساھەسىدە بىر زور شان-شەرەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لالە بەلكىم دۇنيا بويىچە مەزكۇر ژۇرنالدا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان تۇنجى ئۇيغۇر بولۇشى مۇمكىن. ھازىرغىچە بىلىشىمىزچە، لالەدىن باشقا «ئىلىم-پەن ژۇرنىلى» دا ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرېشىت 2001-يىلى، گۇلمىرە سابىر 2015-يىلى ماقالە ئېلان قىلىپ باققان. لالە 1998-يىلى نويابىردا دوكتور سانجار يېتەكچىلىكىدە «ئىلىم-پەن ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلغان «Role of Mouse Cryptochrome Blue-Light Photoreceptor in Circadian Photoresponses» تېمىسىدىكى ئىلمىي ماقالىسى 1998-يىلى ئامېرىكا دۆلەتلىك پەن-تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى قىستۇرۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. دوكتور سانجار يېتەكچىلىكىدە يېزىلغان بىر قانچە پارچە ماقالىلەر 1998-يىلى ئامېرىكىدا يۇقىرى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن دوكتور سانجار يېتەكچىلىك قىلغان تەتقىقاتچىلار گۇرۇپپىسى 2000-يىللىرى نوبېل مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا كىرگۈزۈلىدۇ. شۇ نامزاتلار ئىچىدە لالەنىڭمۇ ئىسمى بار ئىدى. ئەپسۇس، نوبېل كومىتېتى ئۇ يىللىق خىمىيە نوبېل مۇكاپاتىنى باشقا بىرەيلەنگە بەردى. بولمىسا لالەمۇ شۇ يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر قاتارىغا كىرگەن بولاتتى. 2004-يىللىرىنىڭ بىر كۈنى دوكتور سانجار لالەنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ، لالە بىلەن يولدىشى تۇغلۇق ئابدۇرازاقنى تۈركىيە ئىستانبۇل شەھىرىدە ئېچىلماقچى بولغان «تۈركىيە ئاكادېمىيىسى» يىغىنىغا قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ يىغىندا دوكتور سانجارغا تۈركىيە بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋان، دەپ قارىلىدىغان «تۈركىيە ئاكادېمىك» ئۇنۋانى تەقدىم قىلىنماقچى ئىكەندۇق. دوكتور سانجارنىڭ لالەنى مەخسۇس تەكلىپ قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئۇ ئىستانبۇلدىكى يىغىلىشتا لالەنىڭ تەتقىقات جەريانىدا قوشقان تۆھپىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئالماقچى ئىكەندۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا لالە ئائىلىسى بويىچە مەرىلەند شتاتىغا يۆتكىلىپ كەتكەن ئىدى. يولدىشىنىڭ ئىشى بەك ئالدىراش بولغاچقا، لالە تەكلىپنى رەت قىلىشقا مەجبۇرى بولغان ئىدى. شۇ قېتىم دوكتور سانجار ئايالى دوكتور گۈەن سانجار بىلەن تۈركىيەگە بېرىپ، مۇكاپات مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. گۈەننىڭ دېيىشىچە، مۇراسىمدا دوكتور سانجار لالەنىڭ ئىسمىنى نەچچە قېتىم ئېغىزغا ئېلىپ، «لالە خانىم تەجرىبىلەرنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئىشلەپ بەرمىگەن بولسا، مەن ھازىرقىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتىم»، دەپ، لالەگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. گۈەن خانىم نەق مەيداننىڭ ۋىدىئوسىنى ئالغاچ كېلىپ، لالەنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە قويۇپ بەرگەن.

بىر قېتىم مەن لالەدىن «سىز ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىڭىز قىلىسىز. بىر ياقتىن خىزمەت، يەنە بىر ياقتىن كەلدى-كەتتى مېھمانلارنى ئۇزىتىپ تۇرىسىز. شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىۋاتىسىز. ئۇلاردىن باشقا يەنە دائىم ساياھەت قىلىپ تۇرىسىز. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قانداقمۇ يېتىشىدىغانسىز؟» دەپ سورىغىنىمدا، لالە بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، مۇنداق جاۋاب بەردى: «مېنىڭ قارىشىمچە ئىشلار مۇنداق بولىدۇ: (1) ھەر قانداق بىر ئادەم مەيلى قايسى ساھەدە ئىشلىگەن بولسۇن، قىلغان ئىشىنى ياخشى كۆرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ، زېرىكمەي، ئەستايىدىل ھەم توختىماي ئىشلەيدىغانلا بولسا، ئۆز كەسپىدە نەتىجە يارىتالايدۇ. مېنىڭ DNA نى رېمونتلاش كەسپىدە ئامېرىكىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقىنىمغا 25 يىلدىن ئاشتى. نۇرغۇن ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا DNA نى تەتقىق قىلىش بىر ئىنتايىن زېرىكىشلىك ئىش بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن ئۆز كەسپىمنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. ئىشلىگەن تەجرىبەمنىڭ نەتىجىسى چىقمىغۇچە ئۇيقۇممۇ كەلمەيدۇ. بەزى تەجرىبىلەرنى قايتا-قايتا تەكرارلاپ، نەتىجە چىقمىغۇچە زادىلا بولدى قىلمايمەن. (2) ھازىرقى زاماندا ئىلىم-پەن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، تەتقىقات ئىشلىرىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ئوبدان ھەمكارلىشىش ناھايىتىمۇ مۇھىم. مەن 25 يىلدىن بېرى دۇنيانىڭ نۇرغۇن دۆلەتلىرىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىللە ئىشلەپ كەلدىم. بەزىلەر ئىنگلىزچىنى بەك ياخشى بىلىپ كەتمەيدۇ. ئوخشىمىغان شېۋىدە سۆزلەيدۇ. ئوخشىمايدىغان پىكىرلەر ئادەمگە داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىرەر تەتقىقاتنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن داۋاملىق مۇزاكىرە قىلىپ تۇرمىسام

بولمايدۇ. ئۆزۈمنىڭ مەقسىتىمنى ئوبدان يەتكۈزۈپ، باشقىلارنى قايىل قىلالمىسام يەنە بولمايدۇ. (3) كىشىلىك ھاياتتا ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ھەممىدىن مۇھىم. ئادەم قانداق دەم ئېلىشنى بىلمىسىمۇ بولمايدۇ. بەزى ئادەملەر دەم ئالدىم، دەپ ئۆيدە ئۇخلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. مەنچە بۇ دەم ئېلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى ئەمەس. ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ بېسىمى ئىنتايىن زور بولىدۇ. مەن ئىشلىگەندە قاتتىق ئىشلەيمەن، ئەمما دەم ئېلىشقا كەلگەندە سىرتلارغا بېرىپ، ساياھەت قىلىپ كېلىش، تاغ-داۋان ۋە مەنزىرىلىك يەرلەرگە بېرىپ مېڭىپ كېلىش، دوستلار بىلەن بىللە چەتئەللەرگە چىقىپ ساياھەت قىلىشتەك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. شۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى ماڭا نىسبەتەن بىر ياخشى دەم ئېلىش بولۇپ، ئۇنداق قىلىش خىزمىتىمگە ئەكس تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ پايدىسى كۆپ بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۆي ئىشىنى قىلىش، تاماق ئېتىش، ۋە قىزلىرىم بىلەن بازار ئايلىنىشتەك ئىشلارنىمۇ بىر خىل دەم ئېلىش ھېسابلايمەن.»

لالە ئۆزى ئىنتايىن كەمتەر، گەپ-سۆزى ئاز، ھەمدە قاتتىق تىرىشچان ئايال بولۇپ، ئۇ ئۆي ئىچى ئىشلىرىغىمۇ ئىنتايىن پۇختا. ئائىلە ئىشلىرىنى ئىنتايىن كۆيۈنۈپ قىلىدۇ. قولۇم-قوشنىلىرى بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ ئۆتىدۇ. مېھماندوستلۇققا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئامېرىكىدا ئوبدانلا داڭقى بار. بىكار ۋاقىتلىرىدا ساياھەت قىلىشنى، ئۆيدە ئۇيغۇرچە تاماق ئېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداق ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ، ئىنتېرنېتتا باشقىلارغا ئۇيغۇر تاماقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

1983-يىللىرىدىن باشلاپ، لالە خانىم ئەر-ئايال ئىككىيلەن بىلەن بىز ئەر-ئايال ئىككىيلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدۇق. ئىككى ئائىلىنىڭ ئۆيىمۇ مەكتەپ ئىچىدىكى ئوخشاش بىر بىنادا بولۇپ، بىز شۇنىڭدىن باشلاپلا قويۇق ئارىلىشىپ كەلدۇق. ھازىرمۇ ئاساسەن ھەر يىلى دېگۇدەك چەت ئەللەرگە بىللە ساياھەتكە بېرىپ تۇرۇۋاتىمىز.

مەن دوستىمىز لالەنىڭ ھازىرغىچە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن تولىمۇ تەسىرلىنىمەن. ئۇنىڭدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن. ھەمدە لالەنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە چىن كۆڭلۈمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

## لالە خانىم ھازىرغىچە ئاپتور بولغان بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى


[1] Science - November, 1998. Lale Dawut with Aziz Sancar et al: Role of Mouse Cryptochrome Blue-Light Photoreceptor in Circadian Photoresponses.
https://sciencescape.org/paper/9822380

[2] Biochemistry - May, 1995. Lale Dawut with Aziz Sancar, Arun Malhotra et al:
Putative Blue-Light Photoreceptors From Arabidopsis Thaliana And Sinapis Alba With A High Degree Of Sequence Homology To DNA Photolyase Contain The Two Photolyase Cofactors But Lack DNA Repair Activity.

[3] Cell - June, 2004. Lale Dawut with Wilhelm Bohr:
The Werner Syndrome Helicase And Eshonuclease Cooperate To Resolve Telomeric D Loops In A Manner Regulated By TRF1 And TRF2.

[4] MCB - December, 2003. Lale Dawut with Wilhelm Bohr: Central Role For The Werner Syndrome Protein/Poly(ADP-Ribose) Polymerase 1 Complesh In The Poly(ADP-Ribosyl)Ation Pathway After DNA Damage.

[5] JBC - January, 2004. Lale Dawut with Wilhelm Bohr et al:
Poly(ADP-Ribose) Polymerase 1 Regulates Both The Eshonuclease And Helicase Activities Of The Werner Syndrome Protein.

[6] September, 2008. Lale Dawut with Wilhelm Bohr et al: WRN And The S-Phase Checkpoint In Response To Interstrand Cross-Link-Induced DNA Double-Strand Breaks.

[7] MBoC - June, 2002. Lale Dawut with Wilhelm Bohr et al: Colocalization, Physical, And Functional Interaction Between Werner And Bloom Syndrome Proteins.

[8] BBA - November, 2013. Lale Dawut with Wilhelm Bohr et al: RAPADLINO RECQL4 Mutant Protein Lacks Helicase And ATPase Activity.

[9] DNA Repair - June, 2013. Lale Dawut with Wilhelm Bohr et al: Functional Deficit Associated With A Missense Werner Syndrome Mutation.

[10] nposia - January 2000. Lale Dawut with Aziz Sancar et al:
Photolyase/Cryptochrome Family Blue-Light Photoreceptors Use Light Energy To Repair DNA Or Set The Circadian Clock.

[11] May 2010. Lale Dawut with Wilhelm Bohr et al:
Human RECQL5beta Stimulates Flap Endonuclease 1

[12] AgING - June 2012. Lale Dawut with Wilhelm Bohr
DNA Binding Residues In The RQC Domain Of Werner Protein Are Critical For Its Catalytic Activities.

لالە داۋۇت قوشۇمچە ئاپتور بولۇپ، 1995 ـ يىلدىن 2013 ـ يىلغىچە دۇنياغا داڭلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلغان بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى بۇ يەردە بار:
https://sciencescape.org/author/57157652

لالە داۋۇت 2000 ـ يىلدىن باشلاپ ئامېرىكا مەملىكەتلىك ساغلاملىق ئىنستىتۇتى (NIH) دىكى دوكتور ۋىلخەلم بور (Wilhelm Bohr) نىڭ «DNA رېمونتلاش» (DNA repair) بۆلۈمىدە بىر بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسى (biologist) بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ گۇرۇپپىدىكى تەتقىقاتچىلار قىلىۋاتقان ئىشلار ۋە ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەر ھەققىدە تۆۋەندىكى ئۇلىنىشلاردا بىر قىسىم ئۇچۇرلار بار:
http://www.grc.nia.nih.gov/branches/lmg/vbohr.htm

# يىپەك يولىدىكى كارۋان — مارۋايىت ھاپىز

(بۇ يازما تورلاردا 2015 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئېلان قىلىنغان)



1 - رەسىم: مارۋايىت ھاپىز ياۋروپادا ئاچقان بىر كۆرگەزمىنىڭ زالىدا.

سىڭلىمىز مارۋايىت ھاپىز ۋەتىنىنىڭ شەرقىي دىيارى قۇمۇل ئاستانا كەنتىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئېسىنى بىلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆيى ئاسمان بىلەن يەر تۇتاشقان ئۇپۇق سىزىقى كۆرۈنىدىغان، 5 ئائىلىلىك ئولتۇراقلاشقان چەت ۋە بىر ئويمانلىقتا ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ھاپىز ئاسىپ قارىي ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا چېلىشقا بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتى. ئۆيىدە دۇتار، تەمبۇر، غېجەك، داپ قاتارلىق ئۇيغۇرچە مۇزىكا چالغۇ ئەسۋابلىرى بار ئىدى. دادىسى بوش ۋاقىتلىرىدا توختىماي مۇزىكا چالاتتى ۋە ناخشا ئېيتاتتى. بەزىدە دادىسى مۇزىكا چېلىپ ناخشا ئېيتسا، مارۋايىتنىڭ ئۆيىدىكى ھەممەيلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئۆيىدە مەشرەپ بولۇپ كېتەتتى. قىش كۈنلىرى دادىسى دائىم ئۆيدە بولمايتتى. چۈنكى قۇمۇلدا قىش كۈنلىرىدە ئۆي - ئۆيلەردە ئۆچىرەت بىلەن قۇمۇل كۆك مەشرەپلىرى ئەۋج ئېلىپ كېتەتتى. كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە مارۋايىتنىڭ دادىسى بولمىغان مەشرەپ قىزىمايدىكەن.

مارۋايىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىر بەكمۇ گۈزەل ۋە مول مېۋىلىك بېغى بار ئىدى. دادىسى تەبىئەتنى ۋە گۈزەللىكنى ناھايىتىمۇ سۆيىدىغان بىر ئادەم بولۇپ، باغۋەنچىلىككە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ باھاردىن باشلاپلا پۈتۈن بوش ۋاقىتلىرىنى مېۋىلىك بېغىدا ئۆتكۈزەتتى. ئۇ تولىمۇ ئاقكۆڭۈل، مېھرىبان، مېھماندوست، خۇش چاقچاق ئادەم بولغاچقا، ياز كۈنلىرى مارۋايىتنىڭ ھويلىسىدىن مېھمانلار ئۈزۈلمەيتتى. دادىسىنىڭ دوستلىرى يىراق - يىراق جايلاردىن ئالاھىدە كېلىپ، دادىسى ئۆستۈرگەن مېۋىلەرنى يەپ كېتەتتى. مارۋايىتنىڭ چوڭ بولغاندا باشقىلاردىن ئاڭلىشىچە، ئۇ چاغلاردا ئۇ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئاستانە كەنتىدە ئۇنداق گۈزەل ۋە مېۋىلىرى مول بولغان باغ ناھايىتى ئاز ئىكەندۇق. مارۋايىتنىڭ ياز كۈنلىرىمۇ باغدىن مېۋە توشۇش بىلەن ئالدىراش، ئەمما ناھايىتىمۇ خۇشال ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى.

ئەپسۇسكى مارۋايىتقا ئەڭ تەسىر قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئىش، مارۋايىت 1977 ـ يىللىرى بىر يازلىق تەتىلدە ئۇرۇمچىدىن ئۆيىگە تەتىل قىلىپ كەلگىنىدە، ئۇلارنىڭ بېغىنىڭ بىر قانچە تۇپلا مېۋىلىك دەرىخى قاپتۇ. مارۋايىت بۇ ئەھۋالدىن شۇنچىلىك ئازابلاندىكى، ھازىرمۇ شۇ چاغدىكى ئىشنى ئويلىسا مارۋايىتنىڭ ئىچى ئېچىشىدۇ. دادىسى ناھايىتى چوڭقۇر ئۇف تارتىپ تۇرۇپ، ھەسرەت بىلەن مارۋايىتقا: «كەنت مەسئۇللىرى مېنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭدىڭ، بۇرژۇئازىيىچە ھايات كەچۈرۈشكە ئۇرۇندۇڭ، قانۇنسىز باغۋەنچىلىك قىلدىڭ، دېگەن قالپاقلار بىلەن مېنى ئەيىبلەپ، بۇ باغنىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرىنى كېسىۋەتتى قىزىم» دېگەن ھەسرەتلىك ھالىتى مارۋايىتنىڭ ئېسىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئەسلىمىلەر مارۋايىتنى ھازىرمۇ چوڭقۇر ئازابلارغا باشلاپ كېتىدۇ.



2 ـ رەسىم: تەكلىماكان قىزى، ماي بوياق، 120 x 100، 2011 ـ يىلى گېرمانىيە

مارۋايىتنىڭ ئاپىسى بولسا قولى تولىمۇ ئۇز ئايال بولۇپ، توختىماي قۇمۇل كەشتىسى، يەنى دوپپا، ياستۇق بېشى قاتارلىق بەكمۇ چىرايلىق ئۆرنەكلەرنى ئۆزى سىزىپ ئويۇپ كەشتە تىكەتتى. ئاپىسىنىڭ كەشتىگە ئىشلەتكەن يۇمران رەڭگارەڭ رەڭلىك يىپەك يىپلىرى مارۋايىتنىڭ يۈرەكلىرىنى تىترىتىۋېتەتتى. مارۋايىتنى ئاجايىپ تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل بىر تۇيغۇغا باشلايتتى. مارۋايىتمۇ ئاپىسىنى دوراپ، تاملارغا، يەرلەرگە، قەغەزلەرگە توختىماي رەسىم سىزاتتى. تور توقۇيتتى. نەپىس ئىشلارغا بەكلا ھەۋەس قىلاتتى. ئاپىسى ئۇنىڭ ھەۋىسىدىن بەكمۇ سۆيۈنەتتى ۋە قوللايتتى.

ئەگەر ھەر قانداق بىر ئادەم مارۋايىتتىن «سىزنىڭ بىر رەسسام بولۇشىڭىزغا نېمە سەۋەب بولدى؟» دەپ سورىسا، مارۋايىت قىلچە ئىككىلەنمەستىن، شۇنداق دەپ كەسكىن جاۋاب بېرىدۇ: «مېنىڭ بىر رەسسام بولۇشۇمغا مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىن، مەن ياشىغان مۇھىت، شۇنداقلا ئانامنىڭ يۇمران، گۈزەل، ۋە ھەر خىل رەڭلىك يىپەك يىپلىرى ۋۇجۇدۇمغا سەنئەت ئۇرۇقلىرىنى سالدى».




3 ـ رەسىم: «بازار 3»، ماي بوياق، 40 × 40، 2012 ـ يىلى گېرمانىيە

مارۋايىت 1976 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا تولۇقسىز ئىككىنچى يىللىقىدا شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ رەسساملىق كەسپى ئىمتىھانىدىن پەۋقۇلئاددە تاللانغان ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە تاللىنىپ ئوقۇشقا كىردى. 1979 ـ يىلى غەربىي ـ شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى (لەنجۇ) گۈزەل ـ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا مەخسۇس ماي بوياق كەسپى ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ قوبۇل قىلىندى. 1983 ـ يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. 1991 ـ يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئىشلەش جەريانىدا ئۇ ئۈزلۈكسىز ھالدا دۇنيا رەسساملىقىنىڭ ھەر خىل ئېقىملىرى ۋە ھەر خىل ئىلغار رەسساملارنىڭ رەسىملىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۇلاردىن ئىلھام ئېلىپ، ئۆزىگە خاس بولغان بىر ئىجادىي روھ ۋە ئىجادىي پىكىر يارىتىش ئۈچۈن، شۇنداقلا ھەقىقىي ئۆزىگە خاس بولغان بىر رەسىم سىزىش ئىستىلى يارىتىش ئۈچۈن، چوڭقۇر ئىزدەندى. شۇ جەرياندا ئۇ «مېنىڭ بۆشۈكۈم»، «ھاپىزلار»، «قۇياش ۋە ئىنسان»، «مەن پەقەت مەن»، «ياشانغان بىر جۈپ» قاتارلىق ئىجادىي ئەسەرلىرىنى سىزدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كۆپلىگەن كۆرگەزمىلەرگە قويۇلۇپ، رەسساملار ساھەسىدە چوڭ غۇلغۇلا قوزغاشقا باشلىدى. مارۋايىت نۇرغۇنلىغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا مەخسۇس بەتلەر ئاجرىتىلىپ تونۇشتۇرۇلدى.

1992 ـ يىلى قازاقىستان ئالماتا دۆلەتلىك سەنئەت مۇزېيخانىسىدا ئۆزىنىڭ مەخسۇس كۆرگەزمىسىنى ئاچتى. 1994 ـ يىلى جۇڭگو مەخسۇس ماي بوياق رەسىم كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان «يالقۇنتاغ ئېتىكىدە» ناملىق ماي بوياق رەسىمى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تاللىشى بىلەن، بېيجىڭدىكى جۇڭگو سەنئەت سارىيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلدى، ۋە مەخسۇس ئىشلەنگەن توپلامغا كىرگۈزۈلدى.

1994 ـ يىلى مارۋايىتنىڭ نەتىجىلىرى جۇڭگو مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن مەخسۇس فىلىم قىلىپ ئىشلەپ تونۇشتۇرۇلدى. 1995 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەلقئارا خەنزۇ بۆلۈمىدە ئۇنىڭ نەتىجىلىرى توغرۇلۇق مەخسۇس فىلىم ئىشلەپ تونۇشتۇرۇلدى. شۇ يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يۇرتىدا مارۋايىت ئۈچۈن مەخسۇس كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ رەسىملىرىنى

قۇمۇل دىيارىغا تونۇشتۇرۇلدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كەسپىي نەتىجىلىرى كەسپىي ساھەدە ۋە جەمئىيەتتە چوڭ تەسىر قوزغاشقا باشلىدى. شۇنداق بولغان بولسىمۇ، مارۋايىت يەنىلا بۇ كەسىپكە بولغان چەكسىز سۆيگۈ ۋە ئىشتىياقى، شۇنداقلا تېخىمۇ يۈكسىلىش ئارزۇسى بىلەن، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان رەسساملار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە دۇنياغا مەشھۇر رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرى ساقلانغان سەنئەت خەزىنىسى بولغان ياۋروپاغا كېلىپ، ئۆزىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارزۇسى بىلەن، 1996 ـ يىلى ياۋروپانىڭ مەركىزى بولغان گېرمانىيەگە كەلدى.

مارۋايىت گېرمانىيەگە كەلگەندىن كېيىن، بىرەر كۆرگەزمە ئېچىشتىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ دۇنيادا ئۇنتۇلغان بىر مىللەتنىڭ سەنئەتكارى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قانداق قىلىپ بىر ئاسانراق يول بىلەن ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، ۋە سەنئەتكارغا خاس ئىجادىي روھىنى گېرمان جەمئىيىتىگە بىلدۇرەلەيدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇردى. ئەڭ ئاخىرى بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق كۆرگەزمىلىرىنىڭ باش تېمىسىنى «*يىپەك يولىدىكى كارۋان*» دېگەن سۆز بىلەن باشلاش قارارىغا كەلدى.

مارۋايىت 2000 ـ يىلى ميۇنخېندىكى گېرمانىيە دۆلەتلىك پسىخولوگىيە بىناسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى مەزمۇن قىلىنغان 45 پارچە ماي بوياق رەسىمى بىلەن بىرىنچى قېتىملىق كۆرگەزمىسىنى ئاچتى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ رەسىملىرى ياۋروپالىقلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ، ئۇ بىر ناھايىتى نەتىجىلىك كۆرگەزمە بولدى. مارۋايىت بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە كەسپىگە نىسبەتەن يېڭىدىن كۈچلۈك ئىشەنچكە ئېرىشتى. بولۇپمۇ شۇ قېتىملىق كۆرگەزمە مارۋايىتنىڭ ئۇيغۇرلار ھاياتى مەزمۇن قىلىنغان رەسىملەرنى داۋاملىق سىزىشىغا بىر مۇھىم تۈرتكە بولدى.

مارۋايىت سەنئەت دۇنياسىدىكى ئەۋزەللىكلەرگە چوڭقۇر ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا، توختاۋسىز ھالدا رەسىملىرىنىڭ بەدىئىيلىك قىممىتىنى تېخىمۇ يۇكسەلدۇرۇش ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەندى. نۇرغۇن رەسساملار ۋە رەسىم مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مەسلىھەتلىرى ۋە ياردەم قىلىپ يول كۆرسىتىشى ئارقىلىق، گېرمانىيەنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزىنىڭ مەخسۇس كۆرگەزمىلىرىنى ئاچتى. شۇنداقلا مارۋايىتنىڭ سەنئەت نەتىجىلىرى ۋە كۆرگەزمىلىرى گېرمانىيەنىڭ مۇھىم مەتبۇئاتلىرىدا نۇرغۇن قېتىم خەۋەر قىلىندى ۋە تونۇشتۇرۇلدى.

ۋەتەندىن 15 مىڭ كىلومېتىر يىراقتا جايلاشقان ياۋروپادا ياشاپ، ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش ھىجران ئازابى مارۋايىتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنى مەزمۇن قىلغان ئەسەرلەرنى يارىتىش ھېسسىياتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئۇ 2003 ـ يىلى ۋەتەنگە بېرىش رەسمىيەتلىرىنى تولۇق بېجىرىپ بولالماس سەۋەبتىن، ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى سېغىنىش، ۋەتەن ھىجران ئازابى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى دۇنيادا بىر ئالاھىدە ساياھەتنى باشلىدى. ئۇ يىلنى مارۋايىت ئىجادىي پىكرىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن دەۋرى دەپ ئويلايدۇ. شۇنداق: ئۇ روھىي كارۋانلىرى بىلەن ساياھەتنى تەكلىماكاندىن باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ يۈكسەك ھېسسىيات ۋە چوڭقۇر پىكىرگە ئىگە بولغان، شۇنداقلا يۈكسەك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان 8 پارچە ماي بوياق ئەسىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. «*تەكلىماكان*»، «*كارۋان*»، «*قىزىل تاغ*»، «*بازار*»، «*باھار*»، «*ساتىراش*»، «*قىزىل چاي*»، ۋە «*قەدىمىي كوچا*» قاتارلىقلار. ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئىلھامنى شەكىل ۋە بوياق بىلەن ئىپادىلەپ بولالىمىغان كەيپىياتى تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن ئارام تاپتى:

## كارۋان

مەن بىر سارايسىز كارۋانمەن،
قار يامغۇرلۇق تاغۇ دەريالاردا ۋەيرانمەن.
چۆل ـ جەزىرىلەردە سەرسانمەن،
خەلقىم ئىشقىدا مەستانمەن.

قەدىمىي كوچىلاردا بىز قېنى دەپ،
شۇ هارابىلىقلاردىكى روهانىمەن.
روهانىمەن، روهانىمەن،
روهۇم كەبى ۋەتەن هىجرانىدا لەيلانىمەن.

2003- يىلى 8- ئاينىڭ 23- كۈنى، گېرمانىيە

2005- يىلىدىن باشلاپ گېرمان زاmanداش رەسساملار جەمئىيىتى تەرىپىدىن هەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ كۆرگەزمىگە مارۋايىتنىڭ «قۇياش ۋە ئىنسان» ناملىق ئەسىرى تاللىنىپ، مىيونخېندىكى چوڭ سەنئەت سارىيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، رەسساملار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە رەسىم هەۋەسكارلىرىنىڭ ناهايىتى يۇقىرى باهاسىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مارۋايىتنىڭ ئەسەرلىرى هەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ كۆرگەزمىگە تاللىنىپ، كۆرگەزمىگە قويۇلماقتا، شۇنداقلا ئۇنىڭ رەسىملىرى هەر يىلى بىر قېتىم چىقىرىلىدىغان «رەسىم توپلىمى» غا كىرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتماقتا.
2013- ۋە 2014- يىلى گېرمان دۆلەتلىك رەسساملار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان چوڭ كۆرگەزمىگە مارۋايىتنىڭ رەسىملىرى تاللىنىپ، كۆرگەزمىگە قويۇلدى. هازىر ئۇ گېرمانىيە مىيونخېن زاmanداش رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ۋە گېرمانىيە دۆلەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭمۇ ئەزاسى.
2010- يىلى خەلقئارالىق تۈركىي مىللەتلەر رەسساملىرى (**TÜRKSOY**) جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، مارۋايىت ئىستانبۇلدا 18 تۈركىي مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان رەسساملار بىلەن بىللە رەسىم سىزدى، ۋە ئۇ رەسىملىرىمۇ ئىستانبۇل ئارخېئولوگ مۇزېيخانىسىدا كۆرگەزمىگە قويۇلدى. مارۋايىتنىڭ «قەشقەر» ناملىق ئەسىرى «يىپەك يولى شائىرلىرى» توپلىمىنىڭ مۇقاۋىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.
2013- يىلى خەلقئارا سەنئەت كولونىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن، مارۋايىت ئىستانبۇلدا سىزغان «ئۆيگە قايتىش» ناملىق ماي بوياق رەسىم تۈركىيە خەلقئارا سەنئەت كولونىسى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەنقەرە «***PORT ART***» سەنئەت سارىيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلدى. ئۇ رەسىمى يەنە بىر قېتىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تاللىشى بىلەن 2014- يىلى ئىستانبۇل مۇستاپا كامال مەدەنىيەت مەركىزى كۆرگەزمە زالىدا كۆرگەزمىگە قويۇلدى، ۋە شۇ كۆرگەزمە ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلەنگەن «رەسىم توپلىمى» غا كىرگۈزۈلدى.
يىراق قىرلاردا تۇرۇپ ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش هىجرانى، شۇنداقلا ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان چەكسىز هۆرمەت ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، هەمدە ئۆز يۇرتىغا بولغان سۆيگۈ ۋە مۇهەببىتى، مارۋايىتنىڭ ئۆز رەسىملىرىدە ئۇيغۇرلار هاياتىنى، ۋەتىنىنىڭ تاغۇ-دەريالىرى، قەدىمىي كوچىلىرى، ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئىپادىلىشىگە تېخىمۇ زور تۈرتكە بولغۇسى. مارۋايىت 2009- يىلى تۇرپان تۇيۇققا چۈشكىنىدە شۇ تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ۋە قەلبىدە ئاتەش كەبى يالقۇنجايدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر هېس قىلدى. ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنى، ئۇ زېمىنىنى چوڭقۇر ۋە چەكسىز سۆيىدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. شۇ قەدىمىي تاملارغا سەنئەتكار، بىر پارچە كېسەك بولۇپ قاتۇرۇلۇپ كەتكۈسى كەلدى. مارۋايىت 2011- يىلىدىكى گېرمانىيە پسىخولوگىيە ئاكادېمىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن شەخسىي كۆرگەزمىسىنىڭ تەكلىپنامە ۋارىقى ئۈستىگە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى گېرمان تىلى بىلەن يازدى:

*ۋەتەندىكى شۇ قەدىمىي تاملارغا بىر پارچە كېسەك بولۇپ قويۇرۇلۇپ كەتكۈم كېلىدۇ ...*

چۈنكى، بۇ مارۋايىتنىڭ ئىجادىي روهى. شۇ قېتىم مارۋايىت ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى هاياتى، قەدىمىي كوچىلار ۋە ئۆيلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 52 پارچە ماي بوياق رەسىمى بىلەن ناهايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر كۆرگەزمە ئاچتى.

مارۋايىت ئۆزىنىڭ ئىجادىي روھىنى، ئىجادىيەت ئىدىيىلىرى ۋە ھېسسىياتلىرىنى ھېچ قانداق ئىككىلەنمەي تۇرۇپ مۇنداق دەپ خۇلاسىلەيدۇ: سەنئەت — روھ، سۆيگۈ ۋە ھىجران.

سانسىزلىغان دۇنيا رەسىم ھەۋەسكارلىرى مارۋايىتتىن ھەيرانلىق ئىچىدە: «سىز ۋەتەندىن ئايرىلغىلى شۇنچە ئۇزۇن يىل بولسىمۇ، ئەسەرلىرىڭىز سىز ئۇلارنى خۇددى شۇ زېمىندا تۇرۇپ سىزغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. ئۇنىڭدىكى تۇرمۇش پۇرىقى شۇنچە كۈچلۈك ئىكەن. بۇ ئىلھاملارنى سىز نەدىن ئالىسىز؟» دەپ سورايدۇ. مارۋايىت ئۇ سوئاللارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «مەن ئىلھامنىڭ نەدىن، قانداق ۋاقىتتا، قانداق مۇھىتتا، قانداق ۋەزىيەتتە، قانداق ئەھۋالدا، ۋە قانداق كەيپىياتتا كېلىدىغانلىقىغا ھېچ قانداق بىر ئىجادكار ئېنىق ۋە كەسكىن جاۋاب بېرەلمەيدۇ، دەپ قارايمەن. بىز ‹ئىلھامىم بار، ئىلھامىم يوق›، دېگەندەك ئاددىي جۈملىلەر بىلەن ئاتايمىز. مەن ئىلھامىمنى ۋەتەن ھىجرانى، ۋەتەن سۆيگۈسى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ روھىدىن ئالىمەن دېسەم، بەزىدە ئىلھامنى ‹تەپەككۇرنىڭ جەۋھىرى›، دەيمەن. يەنە بەزىدە مەن ئىلھامنى ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ئاتا قىلغان ئەقىل ـ پاراستى ۋە تۇيغۇ ـ جەۋھەرلىرىنىڭ ساداسى دەپ قارايمەن.»

مارۋايىت مۇنداق دەيدۇ: «ۋەتەن ھىجرانىدا قىلغان سۆزلىرىم ۋە سىزغان ئەسەرلىرىمنى ۋەتەننىڭ تاشلىرىغا ئابىدە قىلىپ ئويۇۋەتكۈم كېلىدۇ.»

مەن سىڭلىمىز مارۋايىت بىلەن تۈركىيە ۋە ئامېرىكىدا بىر قېتىمدىن بىللە بولۇپ، ئۇ سىزغان ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى كۆردۈم. مارۋايىت ئۆزى سىزغان بىر قانچە پارچە رەسىمنى ماڭا سوۋغات قىلىشتەك شەرەپكىمۇ ئېرىشتىم. گەرچە مېنىڭ رەسساملىق ئىلمىدىن خەۋىرىم بولمىسىمۇ، ئۆزۈمنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئۇ سىزغان رەسىملەردىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. مەن سىڭلىمىز مارۋايىتنىڭ خەلقئارالىق رەسسامچىلىق سەھنىسىدە بىر ئۇيغۇر رەسسامى بولۇپ ، ئۆزىنىڭ چامىسى يەتكەن دائىرە ئىچىدە دۇنيا خەلقىنى «ئۇيغۇر» دەپ بىر مىللەتنىڭ بارلىقىدىن، ھەمدە بۇ مىللەتنىڭ مارۋايىتتەك تالانتلىق كىشىلىرىمۇ بارلىقىدىن خەۋەرلەندۈرۈۋاتقانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

# بىئو ـ مېدىتسىيە سىستېمىسى مۇتەخەسسىسى دوكتور مەمەتجان ياسىن (كانادا)

(بۇ يازما تورلاردا 2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(دوكتور مەمەتجان ياسىننى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى دولقۇن تۇرسۇننىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)



1 ـ رەسىم: دوكتور مەمەتجان ياسىن

مەمەتجان 1975 ـ يىلى كورلىدا بىر باغۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن ئاتا ـ ئانىسى مەمەتجاننىڭ ئوقۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. گەرچە بەزىدە دېھقانچىلىق ئىشلىرى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، بالىسىغا ۋاقىت چىقىرىشنى ئۇنتۇمىغان. مەمەتجان دادىسىدىن ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇش ئادىتىنى ئەنە شۇ چاغلاردا يېتىلدۈرگەن.

مەمەتجان كورلا شەھەرلىك يېڭىشەھەر يېزىلىق مەكتەپتە ئوقۇغان. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىدا 2 يىل تەييارلىق ئوقۇغان. باكلاۋۇرلۇقنى 1995 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلغىچە نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېلېكترون ئۇچۇر (Electronics and information systems) كەسپىدە ئوقۇغان. ئالىي مەكتەپكە چىققان 1 ـ يىلدىن باشلاپلا ئىنگلىز تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ياخشى ئۆگەنگەن، ۋە TOEFL ئىمتىھانىنى ئالىي مەكتەپنىڭ 3 ـ ، 4 ـ يىلىدا بەرگەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كورلا

شەھەرلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىدا (Science & Technology Committee) ئىككى يىل كومپيۇتېر ساھەسىدە ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا چەتكە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەدىكى مەكتەپلەردىن ئوقۇش مۆكاپاتىغا ئىلتىماس قىلغان. ھەمدە GRE ئىمتىھانىنى بېرىپ، ھەر جەھەتتىن تەييارلىقلىرىنى پۇختا ھازىرلىغان.

ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەدىكى مەكتەپلەردىن ئوقۇش مۆكاپاتى كەلمەي، 2001 ـ يىلى شىۋېتسىيە (Sweden) نىڭ چالمېرس ئۇنىۋېرسىتېتى (Chalmers University of Technology) دىكى ھەرىكەتچان خەۋەرلىشىش (mobile communication) كەسپىنىڭ ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا ھەقسىز قوبۇل قىلىنغان. 2003 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندە شىۋېتسىيە ئىقتىسادىدا كرىزىس (Ericsson Mobile Communications crisis) يۈز بېرىدۇ. ئاشۇنداق بىر ۋاقىتتا مەمەتجان گەرچە 50 تىن ئارتۇق مەركەزلەر بىلەن ئالاقە قىلسىمۇ، دوكتورلۇق ئوقۇشى ئۈچۈن ئوقۇش مۆكاپاتى ئالالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن جونكوپىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 2 ـ ماگىستىرلىقنى ئوقۇيدۇ. مەمەتجان شىۋېتسىيەنىڭ SAAB شىركىتىدە كىيىم كومپيۇتېر (wearable computing) ساھەسىدە 9 ئاي تېزىس تۈزۈش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مەكتەپنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا، مەمەتجان كېيىن 5 دۆلەتتىن (ياپونىيە، ئەنگلىيە، كانادا، پورتۇگالىيە، ۋە مالايسىيا) دوكتورلۇققا تولۇق مۆكاپات بىلەن قوبۇل قىلىنغان. گەرچە ياپونىيەدىكى ۋاسېدا ئۇنىۋېرسىتېتى يۇقىرى مۆكاپات بەرسىمۇ، مەمەتجان ئەنگلىيەدىكى بىئو-مېدىتسىنا (بىئولوگىيە مېدىتسىناسى) ئىنژېنېرلىق كەسپىگە قىزىقىپ، شۇنى تاللىغان. 2005 ـ يىلى گلامورگان ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق تولۇق ئوقۇش مۆكاپاتىنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولۇپ، كەسپى يۆنىلىشى بىئو-مېدىتسىنا ئىنژېنېرلىقى (biomedical engineering) بولغان. دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدا، مەمەتجان دوكتور يېتەكچىسى بىلەن ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك EPSRC (Engineering and Physical Sciences Research Council) تەتقىقات پروجېكتىنى ئالغان، ھەمدە شۇ پروجېكت ئۈچۈن 2008 ـ يىلدىن باشلاپ قوشۇمچە خىزمەتكە چۈشۈپ، دوكتورلۇق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان.

دوكتورلۇق ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، يەنى 2006 ـ يىلى، ياۋروپا بىرلىكىنىڭ تەتقىقات مۆكاپاتى تۈنجى قېتىم يولغا قويۇلغاندا، مەمەتجان ئۇنىڭغا ئەڭ دەسلەپتە ئېرىشىپ، ئىتالىيەنىڭ دۆلەتلىك كومپيۇتېر مەركىزى (CINECA supercomputer center) دە تەتقىقات بىلەن ئىككى ئاي ئىشلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ.

مەمەتجان 2007 ـ يىلى ياۋروپا بىرلىكىنىڭ تەتقىقات مۆكاپاتىغا يەنە بىر قېتىم ئىلتىماس قىلىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ 1 ـ قېتىملىق ئىلتىماسى رەت قىلىنىدۇ. مەمەتجان شۇنداق بولسىمۇ ئۈمىدىنى ئۈزمەي، ئۇ مۆكاپاتتىن ۋاز كەچمەي، قايتا-قايتىدىن ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىلتىماسى ئەڭ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەستىقلىنىدۇ. باشلىغان ئىشىدىن يېرىم يولدا ۋاز كەچمەسلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردىكى ئەڭ نېگىزلىك، ئەڭ كۈچلۈك خاراكتېردۇر. شۇنداق قىلىپ مەمەتجان فىرانسىيە دۆلەتلىك كومپيۇتېر مەركىزى (IDRIS supercomputer center and LIP6 laboratory) دە تەتقىقات بىلەن ئىككى ئايدەك ئىشلەيدۇ.

مەمەتجان دوكتورلۇقنى ئالغاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ھالدا 2009 ـ يىلى «مارى كيۇرى تەتقىقاتچىسى» (Marie_Currie Research Fellow) دېگەن ياۋروپانىڭ ئەڭ داڭلىق تەتقىقات سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، فىلىپس (Philips) شىركىتىنىڭ گېرمانىيەدىكى بىئو-مېدىتسىنا تارماق شىركىتىدە ئىشلەيدۇ. مەمەتجاننىڭ تەتقىقاتى يۆنىلىشى بىئو-مېدىتسىناسىنىڭ مېڭىگە قان چۈشۈشنى كۆزىتىش (brain bleeding monitoring) بولىدۇ. 2009 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا فىلىپس شىركىتىنىڭ گېرمانىيەدىكى تارمىقى تۇيۇقسىزلا گوللاندىيەگە كۆچۈرۈلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. مەمەتجاننىڭ كانادادا خىزمەت قىلىش ئارزۇسى بار بولغاچقا، كانادادىكى «كارلىتون ئۇنىۋېرسىتېتى» (Carleton University) نىڭ بىئو-مېدىتسىنا تەجرىبىخانىسىدا دوكتور-ئاشتى بولۇپ ئىشلەشنى باشلايدۇ. ئۇ يەردە بىئو-مېدىتسىنا شىركەتلىرىگە ھەر خىل پروجېكتلەرنى ئىشلەپ بېرىدۇ.

شۋېتسارىيەنىڭ Swisstom AG شىركىتى ئۇلارغا ئۆپكە نەپەسلىنىشنى تەكشۈرۈش ئەسۋابى ئۈچۈن لازىم بولغان مۇھىم پروگراممىسىنى ياساش پروجېكتىنى بېرىدۇ. بۇ خىزمەت غەلىبىلىك تاماملىنىپ، Swisstom AG شىركىتى بۇ ئەسۋابنى بازارغا سالىدۇ.

مەمەتجاننىڭ پروفېسسور بولۇش ئارزۇسى بار بولغاچقا، ئۇ 2013 ـ يىلى تۈركىيەگە بېرىپ ئىشلەشنى ئويلاپ، چوڭ ئارزۇلار بىلەن زىرۋە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياردەمچى پروفېسسور بولۇپ ئىشلەيدۇ. 2014 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىزمەت ۋە تەتقىقات شارائىتىنىڭ كۆڭۈلگە ياقماسلىقى، ۋە ئائىلە ئېھتىياجى سەۋەبىدىن، ئائىلىسى بىلەن كاناداغا قايتىپ كېلىدۇ.

مەمەتجان ھازىر تورونتودىكى دۇنيادىكى 5 چوڭ راك كېسەللىكلىرى مەركىزىنىڭ بىرى بولغان Princess Margaret راك كېسەللىرى مەركىزىنىڭ مېڭە راكى تەتقىقات مەركىزى ( Center for Neuro_Oncology Research) دە مۇستەقىل تەتقىقاتچى ( Scientific Associate _ an independent researcher) بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ مەركەز تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىغا قارايدۇ. مەمەتجاننىڭ تەتقىقاتى بولسا ھازىرقى زامان گېنومىكا (genomics) تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، راك كېسەللىكلىرىنى تۈرگە ئايرىشتۇر.




2 ـ رەسىم: «**Princess Margaret Cancer Center**» دىكى تەتقىقاتچىلار بىلەن بىللە: مەمەتجان ئالدىنقى قۇردىكى 3 كىشىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە.

https://www.youtube.com/watch?v=Kq3ixcsLvoQ

ھازىرغىچە مەمەتجاننىڭ 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىلىرى خەلقئارالىق ژۇرنال ۋە يىغىنلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە ئوقۇلغان. 2012 ـ يىلى كانادانىڭ ھالىفاكس شەھرىدە ئېچىلغان بىر قېتىملىق بىئو-مېدىتسىنا يىغىنىدا مەمەتجان «ئەڭ ياخشى ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتى» (Best Paper Award) غا ئېرىشكەن. ھەمدە كانادا بىئو-مېدىتسىنا جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن يېقىن دوست بولۇپ قېلىپ، باشقا تەتقىقاتچىلارغا ئۇيغۇرلار ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز نەگىلا بارساق ھەر زامان ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ۋەكىلى ئىكەنمىز. ياخشى ئىشلارنى قىلساق ياخشى نامغا ئېرىشىدىكەنمىز. بولمىسا باشقىلار بىزنى كۆزگە ئىلمايدىكەن.» ھازىر مەمەتجان بىئو-ئىنژېنېرلىقى ژۇرنىلى (Cyber Journals in Bioengineering, JSAB) نىڭ مۇئاۋىن تەھرىرى. شۇنداقلا ئۇ مارى كيۇرى فوندى جەمئىيىتى ۋە مېڭە ئۆسمە جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسىدۇر.

بىئو-مېدىتسىناسى كەسپىدە ھەر خىل ساھەنىڭ كىشىلىرى بار بولۇپ، بىر بىئو-مېدىتسىيە سىستېمىسىنى ياساش ئۈچۈن كومپيۇتېر، ئېلېكترونىكا، كېسەل داۋالايدىغان دوختۇرلۇق ۋە

ستاتىستىكا كەسپىدىكى كىشىلەر بىرلىشىپ ئىشلەيدۇ. بىئو-مېدىتسىناسى كەسپىدە ئوقۇغانلارنىڭ داڭلىق شىركەتلەردە، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ۋە دوختۇرخانىلاردا ئىشلەش پۇرسىتى كۆپ بولىدۇ.

تۆۋەندىكى 3-رەسىمدىكىسى مەمەتجان ھازىرغىچە ئىشلەپ باققان ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ باققان دۆلەت ۋە تەتقىقات مەركەزلىرىنىڭ تىزىملىكى.




3-رەسىم.

ئىنىمىز مەمەتجان ياسىن ھازىرغىچە ھاياتىنىڭ مەقسىتى ھەققىدە كۆپ ئويلانغان بولۇپ، ئۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم تەسىراتلىرىنى ئىنگلىزچە يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ كېيىنچە ۋاقىت چىقىرىپ، ئىنگلىزچە يېزىلغان تەسىراتلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن ھەمبەھىرمەن بولۇش پىلانى بار. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۆز ھاياتىنىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشەنگەن ھەر قانداق ئادەم چوقۇم زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

## دوكتور مەمەتجان ياسىن ھازىرغىچە ئىلمىي ژۇرناللار ۋە ئىلمىي دوكلات يىغىنلاردا ئېلان قىلغان ئىلمىي-تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ تىزىملىكى:

### ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر (2011 - 2015):


1. David Reuss, **Yasin Mamatjan**, et al, "No Difference in Age and Little in Survival between IDH-Mutant Diffuse and Anaplastic Astrocytomas. A Grading Problem for WHO", Acta Neuropathologica, DOI 10.1007/s00401-015-1438-8, 2015.
2. P. Gaggero, A. Adler, A Waldmann, **Y. Mamatjan**, J. Justiz, V.M. Koch, “Automated Robust Test Framework for Electrical Impedance Tomography,” *Physiol. Meas.*, VOL. 36, NO. 1227, 2015
3. **Y. Mamatjan**, "Imaging of Hemorrhagic Stroke in Magnetic Induction Tomography: An In Vitro Study," *International Journal of Imaging Systems and Technology*, 24(2) 161-166, 2014.
4. **Y. Mamatjan,** P. Gaggero, B. Grychtol, J. Justiz, V. Koch and A. Adler, “Evaluation and Real-Time Monitoring of Data Quality in Electrical Impedance Tomography,” *IEEE Transactions on Medical Imaging*, VOL. 32, NO. 11, 2013.

5. **Y. Mamatjan**, D. Gursoy, A. Borsic and A. Adler, "EIT imaging with L1 data and image norms," *Physiol. Meas.*, 34(9):1027-1039, 2013.
6. Gürsoy D, **Mamatjan Y**, Adler A and Scharfetter H, Enhancing impedance imaging through multi-modal tomography, *IEEE Transactions on Biomedical Engineering*, vol.58, no.11, pp.3215-3224, 2011.
7. **Y. Mamatjan,** S. Böhm, P.O. Gaggero and A. Adler, "Evaluation of EIT system performance," *Physiol. Meas.* 32, 851-865, 2011.

### ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر (2011 ـ 2015):

8. **Yasin Mamatjan**, Gelareh Zadeh, Erik Sulman, Kenneth Aldape, "Robust MGMT methylation detection using 450k array in CIMP-negative GBM," the Society for Neuro-Oncology (SNO), San Antonio, 2015.
9. Alistair Boyle, **Yasin Mamatjan** and Andy Adler "Selection of Stimulus and Measurement Schemes", EIT2015, 16th International Conference on Biomedical Applications of Electrical Impedance Tomography, Switzerland, 2015.
10. Y. Yazıcı, **Y. Mamatjan**, "A Robust and Realistic Framework for Clinical Classification of Myocardial Infarction," IUPESM 2015 World Congress on Medical Physics & Biomedical Engineering, 2015.
11. **Yasin Mamatjan**, Bartłomiej Grychtol and Andy Adler "Effective electrode positions and stimulation patterns for head EIT," *15th International Conference on Biomedical Applications of Electrical Impedance Tomography*, 2014, Canada.
12. **Yasin Mamatjan**, Ali Roula, Stuart Watson, Kurban Ubul and Robert J. Williams, "Factors affecting Sensitivity Maps in Magnetic Induction Tomography," *15th International Conference on Biomedical Applications of Electrical Impedance Tomography*, 2014, Canada.
13. Yasin Yazıcı, **Y. Mamatjan**, "A Novel Approach for Efficient and Accurate Detection of Myocardial Infarction", International Conference on Advanced Technology & Sciences (ICAT'14), 2014, Turkey.
14. **Y. Mamatjan,** P. Gaggero, B. Grychtol, J. Justiz, V. Koch and A. Adler, "A Novel Method for Assessing Data Quality in Electric Impedance Tomography," *International Conference on Electrical Bio-Impedance (ICEBI)* 2013, Germany.
15. **Y. Mamatjan,** A. Borsic, D. Gorsoy and A. Adler, "Experimental/clinical evaluation of EIT image reconstruction with L1 data and image norms," *International Conference on Electrical Bio-Impedance (ICEBI)* 2013, Germany.
16. Greg Kiar, **Yasin Mamatjan**, James Jun, Len Maler and Andy Adler " Electrical localization of Weakly Electric Fish using Neural Networks," ," *International Conference on Electrical Bio-Impedance (ICEBI)* 2013, Germany.
17. **Y. Mamatjan,** P. Gaggero, B. Grychtol and A. Adler, "Compensating Electrode Errors due to Electrode Detachment in Electrical Impedance Tomography," *CMBES conference* 2013, Canada.
18. **Y. Mamatjan,** P. Gaggero, S. Böhm and A. Adler, "Use of Temperature as a Contrast Agent in Electrical Impedance Tomography," *CMBES conference* 2013, Canada.
19. M.A. Roula, J. Kulon and **Y. Mamatjan**, "Brain-Computer Interface speller using hybrid P300 and motor imagery signals," *IEEE BioRob,* DOI: 10.1109/BioRob.2012.6290944, 2012.
20. **Y. Mamatjan** , D. Gursoy, A. Borsic and A. Adler, "A PDIP Framework for EIT Reconstruction with Automatic Regularization," Canadian Medical and Biological Engineering Society (CMBEC 35) and Canada Clinical Engineering Society (ACCES *17) conference in Halifax, Canada, 2012*.
21. Alistair Boyle, **Yasin Mamatjan** and Andy Adler "Robust Stimulation and Measurement Patterns in Biomedical EIT", 100 years of electrical imaging, Paris, France, 2012.
22. **Mamatjan Y**, Ahn S J, Oh T I and Adler A, "Optimized Electrode Positions and Stimulation Patterns in Head EIT," Canadian Medical and Biological Engineering Society (CMBEC 35) and Canada Clinical Engineering (ACCES *17*) *conference in Halifax, Canada,* 2012.

23. Elsanadedy, **Y. Mamatjan**, M. Ahmadi and A. Adler, “Characterisation of Conductive Polymer Fabric for EIT based Sensor,” ICECS 2012: *International Conference on Electrical and Computer Systems*, Ottawa, Canada, 2012.
24. **Y. Mamatjan,** A. Roula, K. Ubul and A. Adler "Improving Image Quality for Stroke Imaging in Magnetic Induction Tomography," ICECS 2012: *International Conference on Electrical and Computer Systems*, Ottawa, Canada, 2012.
25. Ubul K., Adler A., Abliz G., **Mamatjan Y**, Hamdulla A., “Off-line Uyghur Signature Recognition based on Edge of Grid Features.” ISSPA 2012, Quebec, Canada.
26. **Mamatjan Y**, Roula A, Gürsoy D and Adler A, A Software Based Framework for Estimating Patient Displacement in Magnetic Induction Tomography, *Progress in Electromagnetics Research Symposium*, Kuala Lumpur, Malaysia, 2012.
27. D. Gürsoy, **Y. Mamatjan**, and Scharfetter H, "Augmenting information content through multimodal impedance imaging", *International Conference on Biomedical Applications of Electrical Impedance Tomography,* Bath, UK, 2011.
28. **Y. Mamatjan,** Gürsoy D and A. Adler, "Electrode positions and current patterns for 3D EIT", *International Conference on Biomedical Applications of Electrical Impedance Tomography,* UK, 2011.

# دوكتور مەخمۇت ئابلا

(بۇ يازما تورلاردا 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

دوكتور مەخمۇت ئابلا قۇمۇلدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، ئۇ 1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىدا باكلاۋۇرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ كېيىن ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىقىپ، توكيو تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ خىمىيە كەسپىدە 1996 ـ يىلى ماگىستىرلىق، ۋە 1999 ـ يىلى بولسا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 2003 ـ يىلغىچە ياپونىيەنىڭ مەملىكەتلىك مۇھىم تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ بىرى بولغان «National Institute of Advanced Science and Technology» دە مەخسۇس ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئائىلە بويىچە ئامېرىكىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ دەسلەپتە «CST Systron Donner» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۇقىرى تېخنولوگىيىلىك ئېلېكترونىكا شىركىتىدە «ئىشلەپچىقىرىش ئىنژېنېرى» بولۇپ ئىشلەپ، «كۋارتس سۈرئەت سەزگۈچى» (quartz rate sensor) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل زاپچاسنى ئىشلەپ چىقىرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ 2011 ـ يىلى «Eeonyx Corporation» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك كۆلەملىك يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركىتىگە ئالماشتى. مەخمۇت ھازىر مەزكۇر شىركەتنىڭ تېخنولوگىيىگە مەسئۇل بىرىنچى قول باشلىقى (Chief Technology Officer) بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئامېرىكىدا بۇنداق بىر يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىش ناھايىتىمۇ قىيىن ئىش بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن قېرىنداشىمىز مەخمۇتنىڭ ھازىرغىچە قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بولۇپمۇ، مەخمۇتمۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇپ، ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇھىتتا ياشىغىنىغا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەنە ئاشۇنداق بىر يۇقىرى تېخنىكىلىق ۋە رەھبىرىي ئورۇنغا ئېرىشىشى ئاسان ئىش ئەمەس. دوكتور مەخمۇت ئابلا ھازىرغىچە خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا 12 پارچە ئىلمىي ماقالە، ۋە خەلقئارا ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا 14 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇ يەنە 3 دانە پاتېنتقا ئېرىشتى. مەن دوستىمىز مەخمۇتتىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن.



1 ـ رەسىم: سولدىن ئوڭغا مەخمۇت ئابلا، بىلىمخۇمار، ۋە تۇغلۇق ئابدۇرازاق. بۇ رەسىم 2014 ـ يىلى 4 ـ ئۆكتەبىر (شەنبە) كۈنى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ئىسپانىيە پالما شەھىرىگە يېقىن رايونىدا كېتىۋاتقان بىر ساياھەت پاراخوتىنىڭ ئۈستىدە تارتىلغان.

# دوكتور مەخمۇت ياسىن (ياپونىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 5-ئاينىڭ 8-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(دوكتور مەخمۇت ياسىننى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى رەيھانگۈل ئەمەتنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)



1-رەسىم: دوكتور مەخمۇت ياسىن

ئىنىمىز مەخمۇت ياسىن 1968-يىلى ئاتۇش شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1975-يىلدىن 1985-يىلىغىچە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىغا ئاساس سالغان، ئىلىم-پەن بۆشۈكى سانىلىدىغان ئاتۇش شەھىرىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىدى.

ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ زېرەك، ئۆتكۈر پىكىرلىك، كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن، ۋە ئاتۇش بالىلىرىغا خاس مىجەز ۋە ئۆزگىچىسى بار بولۇپ يېتىلدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپلا ئۇنىڭ ھەر ساھەدىكى قابىلىيىتى ۋە پائالىيەتچانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەخمۇت كىشىنى قايىل قىلارلىق ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىنىپىنىڭ ئۆگىنىش ھەيئەتلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي، شۇنداقلا باشقىلارغا تارتتۇرۇپ قويماي، تاكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغۇچە داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىمۇ ئاكتىپ بولدى. سەنئەت ۋە تەنتەربىيە قاتارلىق ھەر قانداق ئىشتا ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئۇلۇغ غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئىزچىل تىرىشتى. ھەر دائىم سىنىپلار ئارا تەييارلايدىغان سەنئەت نومۇرلىرىدا ئاق خالات كىيىپ، ئوكۇل يىڭنىسىنى تۇتۇپ، بىمارلارنى داۋالايدىغان دوختۇر رولىنى ئېلىشقا ئەڭ ماھىر ئىدى. بۇ خىل قىزىقىش ئۇنىڭ دوختۇر ئانىسىنىڭ تەسىرىدىن بولغان ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇنىڭ بۇ شوخلۇقى ۋە خۇشاللىقلىرى ئاتىسىنىڭ ئېغىر

كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى، كېسەلنىڭ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئېغىرلىشىپ 40 ياشنىڭ قارىسىنى ئەمدىلا ئالغان قىران ۋاقتىدا بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈ خوشلاشقانلىقى، ئۆزىنىڭ بولسا بىر دوختۇر ئائىلىسىدە تۇرۇپ ئاتىسىنى قۇتۇلدۇرالماسلىقىدەك ئۆكۈنۈش ئازابى بىلەن خاتىمىلەندى. بۇ ھال ئۇنىڭ سەبىي قەلبىگە بىر يارا، ياق، توغرىسىنى دېگەندە، كەلگۈسى نىشانىنى تېخىمۇ ئېنىق تىكلىشىدە ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتقان بىر ئاچچىق كەچمىش بولۇپ ئورنىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزى كۆزلىگەن ئاق خالاتلىق جەڭچى بولۇش ئارزۇسىغا 1985 ـ يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىنىش بىلەن ئېرىشىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزىنىڭ بىر يېڭى تارىخىي سەھىپىسىنى يېزىشنى باشلىدى.

ئىنىمىز مەخمۇت كىچىكىدە ئاتا مېھرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان ئەنە شۇ قاباھەتلىك مىنۇتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 40 نەچچە يىللىق ھايات مۇساپىسىدە ئۆزىنى بىر قېتىممۇ بەختسىز، تەلەيسىز ،جاسارەتسىز، ۋە ناباب دەپ ئويلاپمۇ باقمىدى. ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلمىدى. چۈنكى ئۇ ئەنە شۇ ئاتىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نەچچە مىڭلىغان ھاياتلىق ئىچىدىن ئالللاھ تەرىپىدىن تاللانغان بىر ھاياتلىق ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ شەپقىتىگە ھەر دائىم رازىمەنلىك بىلدۈرۈشى ۋە تەشەككۈر ئېيتىشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقتا ئىزچىل تىرىشىش، يەنە تىرىشىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللىي ئىنسان پسىخىكىسى ئۇنىڭ سەبىي بالىلىق قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغان بولۇپ ، ئاشۇنداق بىر ئەمەلىيەت مەخمۇتنىڭ ھازىرقى نەتىجىلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.

ئىنسان ھاياتلىق ئىلمىگە بولغان قىزىقىش ۋە كېسەللىك ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ، ھاياتقا سەۋەب قىلىش، ھاياتلىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئالىي بۇرچ مەخمۇتنى دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇشقا مۇيەسسەر قىلدى. مەخمۇت ئۇشبۇ كەسپنى سۆيدى. ئالتە يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى قەدىرلىدى، ۋە تىرىشتى. نەتىجىدە 1991 ـ يىلى ئومۇمىي نەتىجىسى ئۇشبۇ قارار بويىچە 1 ـ بولۇپ، ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئۇيغۇر دىيارىدا تۇنجى يۇقىرى كەسپىي داۋالاش مەركىزى بولۇپ قۇرۇلغان تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت قارمىقىدىكى ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا راك كېسەللىك تاشقى بۆلۈم ۋراچى بولۇپ ئىشلىدى. ئون يىللىق كلىنىكىلىق تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئۇنى دىيارىمىزدىكى راك كېسەللىكىگە قارشى تۇرۇپ بىمارلارنى كېسەللىك ئازابىدىن تۈپتىن خالاس قىلىشنىڭ، راكنى بالدۇر بايقاش، بالدۇر دىئاگنوز قويۇش ، ۋە بالدۇر داۋالاشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بەردى. چۈنكى دوختۇرلار داۋالاشقا تىرىشىۋاتقان بىمارنىڭ 98 پىرسەنتى دېگۈدەك راكنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىن ھالقىپ، ئاخىرقى باسقۇچىغا كىرىپ قالغان ھالەتتە بولۇپ، ھاياتى تولىمۇ قىسقا، ياكى ھاياتلىق ساپاسى تولىمۇ تۆۋەن ئىدى.

مانا مۇشۇنداق رېئاللىق تۈپەيلىدىن مەخمۇت بىر كلىنىكىلىق دوختۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالماسلىقتەك روھىي ئازابتىن خالى بولالمىدى. ئۇنىڭدا تېبابەت تەرەققىي قىلغان، بولۇپمۇ راك كېسەللىكىگە بالدۇر دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشتا دۇنيا سەركىسى ۋە باشلامچىسى بولۇۋاتقان ياپونىيەدە ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدىكى بىلىم ئېلىش ئىستىكىدە دۆلەتلىك سەھىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان قاتمۇ ـ قات سىناقلار ۋە تاللاشلاردىن ئۆتۈش نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر دىيارىدىن چىققان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تاللانغان 100 كىشى ئىچىدىكى بىردىن ـ بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىپتىخارلىق ئىچىدە 2001 ـ يىلى ياپونغا ئوقۇشقا كەلدى.

تىرىشىش ۋە شىجائەت ئۇنىڭدا يېتىلگەن خاراكتېر ۋە ئۇنىڭدىكى خىسلەت ئىدى. ياپون ئۇستازى مەخمۇتقا قايىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەخمۇت ئۆزىنى ناھايىتى تەلەيلىك ۋە بەختلىك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مەخمۇتنى ھەم ئۇستاز ھەم ئاتىلىق مېھرى بىلەن يېتەكلىشى نەتىجىسىدە، ئۇ 2006 ـ يىلى جىگەر راكىنى بالدۇر بايقاش ۋە مولېكۇلىلىق نىشانلاپ داۋالاش توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى بىلەن مولېكۇلا خىرورگىيەلىك داۋالاش ئىلمىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.



2 ـ رەسىم: ئىنىمىز مەخمۇت دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەخمۇت بىر قانچە چوڭ تىپتىكى ياپون دۆلەتلىك تەتقىقات تۈرلىرىگە بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ھەمدە كەسپىي تارماقلاردا باش يېتەكچى بولۇپ ئىشلەپ، بىر قانچە تۈرلەرنى تاماملىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كلىنىكىلىق تەتقىقاتلاردا، ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە كلىنىكىلىق داۋالاش ئىشلىرىدا كۆۋرۈكلۈك رولىغا ئىگە كۆپ قاتلام ۋە يۈرۈشلەشكەن كېلىنىكىلىك ـ پاتولوگىيەلىك ـ مولېكۇلالىق ھۆججەت ئامبىرىنى قۇرۇپ چىقىش تەتقىقاتى ياپونىيەنىڭ ئاشۇ ساھەدىكى بوشلۇقىنىڭ بىر قىسمىنى تولۇقلىدى. شۇ جەرياندا مەخمۇت ئۇيغۇرلاردىن بىر قانچە شاگىرت دوكتورلارنى تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەش ئىمتىيازىغىمۇ ئېرىشتى. ئاشۇنداق خىزمەت مەخمۇتنىڭ خەلقىمىزگە ۋە يۇرتىمىزغا قايتۇرالىغان ۋىجدان بۇرچىنىڭ يورۇق نامايەندىسى بولدى.

ئىنىمىز دوكتور مەخمۇت ياسىن ياشلىرىمىزغا پەقەت بىر قانچە ئىبارىنى تەۋسىيە قىلىدۇ: ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى قەدىرلەش، ۋە ئۆز غايىسى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىش.



3 ـ رەسىم: ئىنىمىز مەخمۇت خىزمەت ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش

## دوكتور مەخمۇت ياسىن ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەر تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):

[1] Takahashi M, Obayashi M, Ishiguro T, Sato N, Niimi Y, Ozaki K, Mogushi K, Mahmut Y, Tanaka H, Tsuruta F, Dolmetsch R, Yamada M, Takahashi H, Kato T, Mori O, Eishi Y, Mizusawa H, Ishikawa K. Cytoplasmic location of ?1A voltage-gated calcium channel C-terminal fragment (Cav2.1-CTF) aggregate is sufficient to cause cell death. PLoS One. 2013;8(3): e50121. doi: 10.1371/journal.pone.0050121. Epub 2013 Mar 7.

[2] Kato Sato, Shinji Tanaka, Yusuke Mitsumori, Kaoru Mogushi, Mahmut Yasen, Arihiro Aihara, Daisuke Ban, Takanori Ochiai, Takumi Irie, Atsushi Kudo, Noriaki Nakamura, Hiroshi Tanaka, and Shigeki Arii. Contrast-enhanced intraoperative ultrasonography for vascular imaging of hepatocellular carcinoma; clinical and biological significance. Hepatology, 2013; 57(4): 1436-47

[3] Mayinuer Abudureheman, Mahmut Yasen, Kaoru Mogushi, Gulanbar Obulhasim, Maimaiti Xieraili, Arihiro Aihara, Shinji Tanaka, Hiroshi Tanaka, and Shigeki Arii. The Up-regulation of protein tyrosine phosphatase type IVA, member 3 (PTP4A3/PRL-3) associated with tumor histological differentiation and poor prognosis in human hepatocellular carcinoma. Ann Surg Oncol, 2013?20?305-317.

[4] Gulanbar Obulhasim, Mahmut Yasen, Kazunori Kajino, Kaoru Mogushi, Shinji Tanaka, Hiroshi Mizushima, Hiroshi Tanaka, Okio Hino, Shigeki Arii. Up-Regulation of dbpA mRNA in hepatocellular carcinoma associated with metabolic syndrome. Hepatol Int, 2013;7 (1): 215-225.

[5] Maimaiti Xieraili, Mahmut Yasen, Kaoru Mogushi, Gulanbar Obulhasim, Abudureheman Mayinuer, Arihiro Aihara, Shinji Tanaka, Hiroshi Tanaka, and Shigeki Arii. Villin 1 is a predictive factor for the recurrence of high serum ?-fetoprotein associated hepatocellular carcinoma after curative hepatectomy. Cancer Sci 2012; 103 (8): 1493-1501.

[6] Mahmut Yasen, Gulanbar Obulhasim, Kazunori Kajino, Kaoru Mogushi, Hiroshi Mizushima, Shinji Tanaka, Hiroshi Tanaka, Okio Hino and Shigeki Arii. DNA binding protein A expression and methylation status in hepatocellular carcinoma and the adjacent tissue. Int J Oncol 2012; 40: 789-797.

[7] Yuki Katayama, Moegi Maeda, Ken Miyaguchi, Shota Nemoto, Mahmut Yasen, Shinji Tanaka, Hiroshi Mizushima, Yutaka Fukuoka, Shigeki Arii and Tanaka Hiroshi. Identification of pathogenesis-related microRNAs in hepatocellular carcinoma by expression profiling. Oncol Let 2012; 4: 817-823.

[8] Ken Miyaguchi, Yutaka Fukuoka, Hiroshi Mizushima, Mahmut Yasen, Shota Nemoto, Toshiaki Ishikawa, Hiroyuki Uetake, Shinji Tanaka, Kenichi Sugihara, Shigeki Arii, and Hiroshi Tanaka. Genome-wide integrative analysis revealed a correlation between lengths of copy number segments and corresponding gene expression profile. Bioinformation 2011; 7(6): 280-284.

[9] Shinji Tanaka, Kaoru Mogushi, Mahmut Yasen, Daisuke Ban, Norio Noguchi, Takumi Irie, Atsushi Kudo, Noriaki Nakamura, Hiroshi Tanaka, Masakazu Yamamoto, Norihiro Kokudo, Tadatoshi Takayama, Seiji Kawasaki, Michiie Sakamoto, and Shigeki Arii. Oxidative stress pathways in noncancerous human liver tissue to predict hepatocellular carcinoma recurrence: A prospective, multicenter study. Hepatology 2011; 54: 1273-1281.

[10] Kenichiro Yoshitake, Shinji Tanaka, Kaoru Mogushi, Arihiro Aihara, Ayano Murakata, Satoshi Matsumura, Yusuke Mitsunori, Mahmut Yasen, Daisuke Ban, Norio Noguchi, Takumi Irie, Atsushi Kudo, Noriaki Nakamura, Hiroshi Tanaka, and Shigeki Arii. Importin-alpha1 as a novel prognostic target for hepatocellular carcinoma. Ann Surg Oncol 2011; 18: 2093–2103.

[11] Ayano Murakata, Shinji Tanaka, Kaoru Mogushi, Mahmut Yasen, Norio Noguchi, Takumi Irie, Atsushi Kudo, Noriaki Nakamura, Hiroshi Tanaka, and Shigeki Arii. Gene expression signature of the gross morphology in hepatocellular carcinoma. Ann Surg 2011; 253 (1): 94-100.

[12] Gulanbar Obulhasim, Hiroshi Fujii, Toshiro Matsumoto, Mahmut Yasen, Masaaki Abe, Shoji Matsuoka, Naomi Ohtsuji, Okio Hino. Mesothelin gene expression and promoter methylation/hypomethylation in gynecological tumors. Eur J Gynaecol Oncol 2010; 31 (1):63-71.

[13] Shinji Tanaka, Kaoru Mogushi, Mahmut Yasen, Norio Noguchi, Atsushi Kudo, Noriaki Nakamura, Koji Ito, Yoshio Miki, Johji Inazawa, Hiroshi Tanaka, and Shigeki Arii. Gene-expression phenotypes for vascular invasiveness of hepatocellular carcinomas. Surgery 2010; 147 (3): 405-414.

[14] Arihiro Aihara, Shinji Tanaka, Mahmut Yasen, Satoshi Matsumura, Yusuke Mitsunori, Ayano Murakata, Norio Noguchi, Atsushi Kudo, Noriaki Nakamura, Koji Ito, Shigeki Arii. The selective Aurora B kinase inhibitor AZD1152 as a novel treatment for hepatocellular carcinoma. J Hepatol 2010; 52: 63–71.

[15] Shinji Tanaka, Kaoru Mogushi, Mahmut Yasen, Norio Noguchi, Atsushi Kudo, Toshiaki Kurokawa, Noriaki Nakamura, Johji Inazawa, Hiroshi Tanaka, Shigeki Arii. Surgical contribution to recurrence-free survival in patients with macrovascular-invasion-negative hepatocellular carcinoma. J Am Coll Surg 2009; 208:368-374.

[16] Mahmut Yasen, Hiroshi Mizushima, Kaoru Mogushi, Gulanbar Obulhasim, Ken Miyaguchi, Kazuhiko Inoue, Izumi Nakahara, Tsutomu Ohta, Arihiro Aihara, Shinji Tanaka, Shigeki Arii and Hiroshi Tanaka. Expression of auroraB and their alternative variant forms in hepatocellular carcinoma and the adjacent tissue. Cancer Sci. 2009; 100 (3):472-480.

[17] Shinji Tanaka, Shigeki Arii, Mahmut Yasen, Kaoru Mogushi, Su NT, Zhao C, Imoto I, Eishi Y, Inazawa J, Miki Y, Tanaka H. Aurora kinase B is a predictive factor for the aggressive recurrence of hepatocellular carcinoma after curative hepatectomy. Br J Surg 2008; 95(5): 611-619.

[18] Hiroshi Tobita, Kazunori Kajino, Kouichi Inami, Sayaka Kano, Mahmut Yasen, Osamu Imamura, Yoshikazu Kinoshita and Okio Hino. Gene expression profile of DNA binding protein A transgenic mice. Int J Oncol 2006; 29(3): 673-679.

[19] Mahmut Yasen, Kazunori Kajino, Sayaka Kano, Hiroshi Tobita, Junji Yamamoto, Takeshi Uchiumi, Shigeyuki Kon, Masahiro Maeda, Gulanbar Obulhasim, Shigeki Arii, and Okio Hino. The up-regulation of Y-box binding proteins (DNA binding protein A and Y-Box binding protein -1) as prognostic markers of hepatocellular carcinoma. Clin Cancer Res 2005; 11 (20): 7354-61.

[20] Yasuo Arakawa, Kazunori Kajino, Sayaka Kano, Hiroshi Tobita, Junpei Hayashi, Mahmut Yasen, Mitsuhiko Moriyam, Yasuyuki Arakaw, Okio Hino. Transcription of dbpA, a Y box binding protein, is positively regulated by E2F1: implications in hepatocarcinogenesis. Biochem Biophys Res Commun 2004; 322:297-302.

[21] Mahmut Yasen, Lian-Wen Yuan, Xu Hong, Wei Tang. The process in non surgical treatment of hepatocellular carcinoma. Foreign Medicine Tumor 2003; 30(3): 217-219. (Chinese)

[22] Mahmut Yasen, Wei Tang, Ya-Zhou Shi, Toshiro Konishi, Masatoshi Makuuchi. Clinical significance of expression of focus gycoprotein in gastric carcinomas. Japan-China Medicine 2002,364-366?(Japanese)

# مەدەنىيەت ۋە ئىنسانشۇناسلىق دوكتورى مەتتۇرسۇن بەيدۇللا (تۈركىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 10-ئاينىڭ 23-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

مەن يېقىندا ئۆزۈمنىڭ «يالغانچىلىقتا ئائىت 12 ھەقىقەت» دېگەن يازمىسىدا ئامېرىكىدىكى «مايكۇل جوسېفسون (Michael Josephson) «ئىسمىلىك بىر تونۇلغان ئەخلاق مۇتەخەسسىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ئىدىم. ئۇ 2015-يىلى 17-سېنتەبىر كۈنى ئۆزىنىڭ تور بېتىدە «ياخشى قارار بىر قېتىملىق توختىتۋېلىشتىن باشلىنىدۇ» [1] دېگەن تېمىدا بىر قىسقا يازما ئېلان قىلدى. ئۇ يازمىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

ئۆزىمىز خالىمىساقمۇ، بىز نۇرغۇن ۋاقىتلاردا ھاياتىمىزغا چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن مۇددەت تەسىر كۆرسىتىدىغان قارارلارنى ئېلىش ئەھۋالىغا دۇچ كېلىمىز. بىز ئېقىمغا ئەگىشىپ مېڭىشىمىز كېرەكمۇ؟ بىز باشقىلارغا «خىزمىتىڭنى توختاتقىن» ياكى «مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتكىن» دەيمىزمۇ؟ مۇشۇنداق ئىشلار ئۈستىدە قارار ئالغاندا، بىرەر ئادەم يېنىمىزغا كېلىپ، بىزگە بۇ ئىشنىڭ بىرەر چوڭ مەنپەئەت بىلەن چېتىشلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قويمايدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ يامان يېرى، بىزنىڭ قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلىنىشقا يېتەرلىك ۋاقتىمىزمۇ بولمايدۇ .

بىز ئۆز ھاياتىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئەسكى قارارلارنى ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالمىغان ۋاقىتلاردا ياكى يېتەرلىك دەرىجىدە ئويلىنىپ باقمىغان ۋاقىتلاردا ئالىمىز.

ياخشى قارارلارنى ئېلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللاردىن ئاچچىقلىنىش ۋە ئالدىن پىلانلىماسلىقتىن ئىبارەت ئىككىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قاتتىق چارچاپ كېتىش، ئەندىشە قىلىش، ئاچچىق يۇتۇش، بېسىم، تاقەتسىزلىك ۋە خۇيلىنىش قاتارلىقلارمۇ ئاقىلانە قارارلارنى ئېلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

بىز بىر ئالدىراش چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتكەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھەر ئىككى يۆنىلىشىگە قاراپ بېقىشنى ئۆگەندۇق. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىز ھەر قېتىم بىر مۇھىم قارارنى ئېلىشقا دۇچ كەلگەندە ئەھۋاللارنى ياخشى ئانالىز قىلىپ، ئۇنۇملۇك ۋە ئەخلاقلىق يەكۈنلەرنى چىقىرىشنىمۇ ئۆگىنەلەيمىز.

شۇڭلاشقا ھەر بىر قارار بىر «توختىۋېلىش» بىلەن باشلىنىشى، يەنى بىزنى ياخشى ئويلىنىشقا مەجبۇرلايدىغان بىر پەيتتىن كېيىن باشلىنىشى كېرەك. بىز ئاشۇنداق بىر ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزنىڭ نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالىمىز، بىزدىكى ئۇچۇرلارنىڭ تولۇق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى، ۋە ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى باھالاپ چىقىمىز، ھەمدە زۆرۈر بولغاندا مۇمكىنچىلىكى بار بولغان ئەڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن يەنە بىر قوشۇمچە ئىستراتېگىيىنى تۈزۈپ چىقىمىز. توختىۋېلىش بىزنى يەنە ئۆزىمىزدىكى ساغلام ئىرادىلەرنى بىر يەرگە توپلاپ، بىزنى ئالدىراڭغۇلۇقتا چىقىرىلغان قارار، ھاماقەتلىك بىلەن چىقىرىلغان قارار، ۋە خاتا ئويلار ئاساسىدا چىقىرىلغان قارارلارغا ئېلىپ بارىدىغان قايمۇقتۇرۇش ۋە ناچار كەيپىياتلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

بىر مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىشقا بىر-ئىككى كۈن ياكى بىر قانچە سائەت ۋاقتىمىز بار بولسا تېخىمۇ ياخشى. ئۇنداق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بىر قانچە سېكۇنت توختىۋېلىشمۇ بىزگە يېتەرلىك بولىدۇ.

مايكۇل جوسېفسوننىڭ سۆزلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

دېمەك، ئېلىنغان بەزى ياخشى قارارلار بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارالايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئېلىنغان بەزى ناچار قارارلار بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەن مەزكۇر يازمىدا «ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىشتە مەكتەپنى توغرا تاللاش مۇھىممۇ، ياكى كەسىپنى توغرا تاللاشمۇ؟» دېگەن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە توغرا كەسىپ تاللاشنى مۇھىمراق ئورۇنغا قويغان، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا ئالاھىدە ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتقان بىر ئۆكىمىزنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇ ئۆكىمىز قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ بىر مەزگىل ئامېرىكىدىكى دۇنياغا داڭلىق خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ماساچۇسېتس تېخنولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇ قېتىمقىسى مەن ھازىرغىچە تونۇشتۇرغان 46 ـ قېرىندىشىمىز بولۇپ، ئاشۇ قېرىندىشىمىزغا ئائىت مەزمۇننى ھازىر تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان ئىنىمىز «ئۇيغۇرسۆيەر» تەييارلاپ بەردى (سىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئۇكام!).

«ئالىي مەكتەپكە كىرىشتە، مەكتەپنى توغرا تاللاش مۇھىممۇ، ياكى كەسىپنى توغرا تاللاشمۇ؟» دېگەن سوئالغا نىسبەتەن مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن جاۋابتىن بىرنى بېرىشنى مەن ھازىرچە مۇۋاپىق كۆرمەيمەن. يەنى، بىر قىسىم كىشىلەر مەكتەپنى توغرا تاللاپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر كەسىپنى توغرا تاللاپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغان بولۇپ، بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ سانىنىڭ نىسبىتى ھەققىدە مەندە بىر ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما، بۇ ئىشتا ئامېرىكىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق: سىز ئالىي مەكتەپنى، يەنى، باكلاۋۇرلۇق، ماگىستىرلىق ياكى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى يېڭىدىن تاماملاپ، دەسلەپكى خىزمەتنى تېپىشتا سىز ئوقۇغان مەكتەپنىڭ دەرىجىسى خېلى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمما سىز بىر ئورۇندا ئىشلەشنى باشلاپ، بىر ـ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن خىزمەت ئالماشماقچى بولسىڭىز، يېڭى شىركەت سىز ئوقۇغان مەكتەپكە ئۇنچىۋالا ئېتىبار بەرمەي، سىز توپلىغان خىزمەت تەجرىبىلىرى ۋە سىزنىڭ ئىسپاتلانغان خىزمەت ئىقتىدارلىرىڭىزغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. سىز ھەر خىل شىركەت ياكى خىزمەت ئورۇنلىرىدا 5 يىلدەك ئىشلىگەندىن كېيىن بولسا، كىشىلەر سىز ئوقۇغان مەكتەپنى ئاساسەن ئۇنتۇپ كېتىدۇ. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار كەسىپكە ۋە خىزمەت ئورنىغا قاراپ ئوخشاش بولمىسىمۇ، تەبىئىي ـ پەن، يۇقىرى تېخنولوگىيە ۋە ئىنژېنېرلىق شىركەتلىرىدىكى ئەھۋاللار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەنە شۇنداق بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپتە پروفېسسور بولۇشتىن باشقا كەسپىي ساھەلەردە مەكتەپنى توغرا تاللاشقا قارىغاندا كەسىپنى توغرا تاللاش بەكرەك مۇھىم بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدى مەن رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن.



1 ـ رەسىم: مەتتۇرسۇن بەيدۇللا (ئوڭدىن 3 ـ كىشى) فاتىھ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە.

مەتتۇرسۇن بەيدۇللا 1975-يىلى خوتەن كېرىيەدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى كېرىيەدە تاماملىغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالانغان. ئۇ 1993-يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان ۋە ئىمتىھاندىكى نەتىجىسى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە بىرىنچى بولۇپ، بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىنغان. ئۇ ئىككى يىل تەييارلىق ئوقۇشىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، 1995-يىلى شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن باشلاپلا تارىخ دەرسلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇغان مەتتۇرسۇن تولۇق كۇرستىمۇ بىر نەچچە قېتىم ئوقۇش مۇكاپات پۇللىرىغا ئېرىشىپ ئوقۇغان. شۇنداقلا ياخشى نەتىجىلەر بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

مەتتۇرسۇن بەيدۇللا 2000-يىلى 12-ئايدا تۈركىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن. تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تۆمەر (TÖMER) دە تۈرك تىلى ئوقۇتۇش مەركىزىدە تۈركچە ئۆگەنگەن. ئۇ ئەينى يىللىرىدىكى تىل ھازىرلىقلىرى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان TCS ئىمتىھانىدىن يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، 2001-يىلى 9-ئايدا تۈركىيەنىڭ ئالدىنقى ئون مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل-تارىخ-جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ «ئومۇمىي تۈرك تارىخى» كەسپىگە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىنغان. مەتتۇرسۇن ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇش مەزگىلىدە تۈركىيە مائارىپ مىنىستىرلىقى بېرىدىغان ئاز مىقداردىكى پۇل بىلەن تۇرمۇشىنى قامداپ، ناھايىتى تېجەشلىك بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئوقۇپ، بىر يېرىم يىلدا ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى تۈگەتكەن. ئۇنىڭ «ئىدىقۇت-قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» ناملىق دىسسېرتاتسىيىسى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

مەتتۇرسۇن بەيدۇللا ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شۇ يىلى، يەنى 2003-يىلى 9-ئايدا يەنە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق بۆلۈمىگە «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» كەسپىدە دوكتور ئاسپىرانتلىققا ئوقۇشقا كىرگەن. 2005-يىلى 12-ئايدا دوكتور ئاسپىرانتلىقنى تاماملىغان. مەتتۇرسۇن بەيدۇللا دىسسېرتاتسىيە يېزىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى كېرىيە دەريابويىدا ۋە دىيارىمىزدىكى باشقا شەھەر ۋە رايونلاردا ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان. ئۇنىڭ بۇ تەكشۈرۈشلىرى ۋە تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسى: ئۇرۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋەت، توي، تۇغۇت، ئۆلۈم ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى» ناملىق دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ۋە دىسسېرتاتسىيە باھالاش ھەيئەتلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. 2005-يىلى مەتتۇرسۇن بەيدۇللانىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى تۈركىيە SFN تېلېۋىزور Tanitim Yayinları نەشرىياتى تەرىپىدىن بىر كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغان.

دوكتور مەتتۇرسۇن بەيدۇللا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە يەتكۈزۈشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى، دەپ ھېسابلاپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. ئەمما ۋەتەندە خىزمەت تاپالمىغان ۋە تۈركىيەگە قايتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 2006-يىلى ئۆزى ئالاقىلىشىپ، مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەدىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى (American University in Cairo) دا تەكلىپ بويىچە «ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى» كەسپى بويىچە دەرس بەرگەن، ۋە تەتقىقاتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ بۇنىڭ بىلەنمۇ قانائەت قىلىپ قالماي، كەسپىي جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىش ۋە خەلقئارادىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە تېخىمۇ سىستېمىلىق ئىلىم تەھسىل قىلىش ئىستىكىدە ئامېرىكىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا دوكتور ئاشتىلىققا ئىلتىماس قىلغان، ۋە 2007-يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئانتروپولوگىيە ئىنستىتۇتىغا تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن قوبۇل قىلىنغان. بۇ جەرياندا «ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ تەرەققىياتى» تېمىسىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. دوكتور ئاشتىلىق تەتقىقاتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەتتۇرسۇن بەيدۇللا 2008-يىلدىن 2013-يىلغىچە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «شەرقىي ئاسىيا تىللىرى ۋە مەدەنىيەتلىرى» ئىنستىتۇتى (Department of East Asian Languages and Civilizations, Harvard University) دا

«ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى»، ۋە ماسساچۇسېتس تېخنولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Massachusetts Institute of Technology) دا مەشھۇر تىلشۇناس نوم چومىسكى پروفېسسورلۇق قىلىۋاتقان فاكۇلتېتتا «ئۇيغۇر تىلى» كەسپى بويىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ھەمدە «ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» توغرىسىدا تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ جەرياندا ئۇ مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنلاردا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇغان، ۋە بۇ ماقالىلىرى خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

مەتتۇرسۇن بەيدۇللا 2012-يىلى دېكابىردا ئامېرىكا پۇقراسى بولغان. ئائىلە (ئىستانبۇلدا توي قىلغان) ۋە خىزمەت سەۋەبىدىن 2013-يىلى ئىيۇلدىن 2016-ئىيۇلغىچە تۈركىيەگە كېلىپ، تۈركىيەنىڭ فاتىھ ئۇنىۋېرسىتېتى (Fatih Üniversitesi) نىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ كىرىپ، ئىنسانشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيەتشۇناسلىقى دەرسلىرىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىئاسپوراسى (مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچ تارىخى، خاتىرىلىرى ۋە كىملىكى) توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ باردى. تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، گېرمانىيە، گوللاندىيە، شىۋېتسىيە، ئەنگلىيە، نورۋېگىيە، ئاۋسترالىيە، كانادا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە كۆچ ئەتكەن 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ تەتقىقاتى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىدى. مەتتۇرسۇن بەيدۇللا ئائىلە ۋە خىزمەت سەۋەبىدىن 2016-يىلى 1-ئىيۇلدا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا قايتىپ كەلگەن.

مەتتۇرسۇن بەيدۇللا تىل ھازىرلىقى، ماگىستىر ئاسپىرانتلىق، دوكتور ئاسپىرانتلىق ئوقۇشلىرىنى 5 يىلدا تۈگەتكەن بولۇپ، قىسقا ۋاقىتتا بۇ نەتىجىلەرگە ئېرىشىش غايەت زور تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىش. بىز ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ بۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتتا شۇنچىلىك زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى سورىغىنىمىزدا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «مىللىتىمگە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەت، كەسپكە بولغان ئىشتىياق، شۇنداقلا باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللىق نەتىجە قازىنىشىمنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى دەپ قارايمەن. بىر قىسىم ياشلار ئالىي مەكتەپكە كىرىشتە مەكتەپ تاللايدۇ. ئەمما مەن ئۆزۈمنىڭ قىزىقىشى بويىچە كەسىپ تاللىدىم. نېمىشقا ئوقۇيمەن ۋە ئوقۇپ نېمە قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلە يەنى، مەندىكى غايە، نىشان ۋە مەقسەت ئېنىق ئىدى. مەندىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ماڭا دائىم كۈچ-قۇۋۋەت بەردى ۋە مېنى رىغبەتلەندۈردى. بۇ مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل.  يەنە بىرى مەن ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا پۈتۈن زېھنىمنى ئوقۇشقا قاراتتىم. ئىشلەپ پۇل تاپىمەن، دەپ يۈرمىدىم. باش چۆكۈرۈپ ئوقۇشۇمنى ئوقۇدۇم. ھەمدە بۇرۇن ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنىڭ تەجرىبىسىدىنمۇ پايدىلاندىم. بىرىنچى مەۋسۇمدا ئوقۇۋاتقان بولسام، بوش ۋاقىتلىرىمدا 2-مەۋسۇمنىڭ تەييارلىقىنى قولۇمدىن كەلگۈچە قىلىپ تۇردۇم. ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرنىڭ تاپشۇرۇقىنى، چوڭ ۋە كىچىك تېپتىكى ئىمتىھانلارنى كېچىكتۈرمەي ۋاقتىدا بەردىم. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئوقۇشنى تېزرەك پۈتتۈرەلىدىم، دەپ ئويلايمەن.»

«ۋەتەندىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا كېتىپ بارغان قېرىنداشلىرىمىزغا دەيدىغان سۆزلىرىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىغىنىمىزدا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «مېنىڭچە قىزىقىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزدىكى مۇھىم ئامىل. قىزىقىشلا بولۇپ، تىرىشچانلىق ۋە ئىزچىللىق بولمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئوقۇش ياكى مەلۇم بىر ئىش (ھۈنەر) نى قىلىش بىر بۈگۈن-ئەتىلىك قىسقا ئىش ئەمەس. بىر ئاسان ئىشمۇ ئەمەس. نېمىلا ئىش قىلايلى، ئۇنى باش چۆكۈرۈپ، سەۋرى-تاقەت بىلەن قىلىشىمىز لازىم. بىزدىكى ‹ئىلىم ئىگىلەش يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغانغا ئوخشاش› دېگەن ھېكمەتلىك سۆز دەل بۇ ئىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەن نۇرغۇن دۆلەتلەرنى كۆردۈم. بولۇپمۇ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئادەملەر بىر ئىشقا ئۆمرىنى ئاتىۋېتىدۇ. غەرب دۆلەتلىرىدە ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى كەسىپ تاللىغاندا ئىككى نەرسىگە دىققەت قىلىدۇ. بىرى ئۆز قىزىقىشىغا (ئۆزى قىزىقىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان كەسىپنى تاللايدۇ) يەنە بىرى ئوقۇغان كەسپكە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بار-يوقلۇقىغا دىققەت قىلىدۇ. ئۇ دۆلەتلەردە ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بىز ئۇيغۇرلاردىن ئەقلىي جەھەتتە پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە بىر تەرىپىمۇ يوق. قېرىنداشلىرىمىزغا ھەممىمىز بىلىدىغان ‹توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ مۇسابىقىسى›

دەيدىغان مەسىلىنى دائىم ئويلاپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇ مەسىلىدە يۈگۈرۈش سۈرئىتى تېز بولغان توشقان تاشپاقىغا يېڭىلىپ قالىدۇ. تاشپاقا ئاستا ماڭسىمۇ ئاخىرغىچە داۋام قىلىدۇ. بىزدە مۇشۇنداق ئىشتىياق، سەۋر، ئىرادە، ئىزچىللىق ۋە تىرىشچانلىق روھى بولغاندىلا، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر قىلغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە بىزمۇ قىلالايمىز.»

دوكتور مەتتۇرسۇن بەيدۇللا هازىر ئايالى ۋە ئىككى ئوماق پەرزەنتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا ياشاۋاتىدۇ.



2 ـ رەسىم: مەتتۇرسۇن بەيدۇللا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا.



3 ـ رەسىم: مەتتۇرسۇن بەيدۇللا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر قىسىم پروفېسسور ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن تاماق ئۈستىلىدە.

## دوكتور مەتتۇرسۇن بەيدۇللا هازىرغىچە ئېلان قىلغان ئىلمي ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكى:


**JOURNAL ARTICLES**

[1] "Gender Roles as Seen Through Wedding Rituals in a Rural Uyghur Community in the Southern Oases of the Taklamakan Desert", Folklor/Edebiyat 22:85 (2016)

[2] "Access to Education in Xinjiang, China," to be published.

[3] "Rabbit Carrots, Environment, Water and Economy in Xinjiang," to be published.

[4] “Sources and Perspectives on Late Nineteenth Century Uyghur History.” Conference Proceedings of the XVIth Turkish Congress of History (September 22-25, 2010: Ankara, Turkey) Velume 2. History of Central Asia and Caucasia. Turkish Historical Society. Ankara, 2015

[5] “Rural Economy, Environmental Degradation and Economic Disparity: A Case Study in Deryabuyi, Xinjiang, China.” Central Asian Survey 31:2 (2012).

[6] “Islam and Identity among Uyghurs.” Sociology of Islam and Muslim Society 6 (2011).

[7] “Cultural Change in Deryabuyi” (in Turkish). Folklor/Edebiyat [Folklore and Literature] 48 (2006).

[8] “The Influence of Uyghur Culture on the Turkic People” (in Uyghur). Kökbulaq 3 (2005).

**BOOK CHAPTERS**

[9] “Economic and Gender Negotiations in Uyghur Marriage: Wedding feasts in the Southern Oases of the Taklamakan Desert" In The Silk Road Interwoven History: Vol. 3: Islamic Traditions in Central Asia. Association for Central Asian Civilizations & Silk Road Studies (ACANSRS) (forthcoming).

[10] “Uyghur Religious and Secular Education and its Interaction with Islam (1878-2011).” In The Turks and Islam (proceedings of the eponymous 2010 conference at Indiana University) (forthcoming).

**BOOKS**

[11] “The Uyghur Village of Deryabuyi in the Center of the Takla Makan Desert: Uyghur Tradition, Culture and Identity” (in Turkish). Ankara, Turkey: SFN Televizyon Tanıtım Tasırım Yayınçılık, Ltd. Şti., 2005 (extended and translated into English, 2008). ISBN: 9944-998-44-3.

**TALKS, LECTURES AND CONFERENCE PRESENTATIONS**

[12] “Indigenous People of Tarim Basin and Jungharia; and Uyghurs” 8th International Uyghur Academy Conference. Istanbul, Turkey, October 8-9, 2016

[13] “Identity among Uyghurs: A research into Maintaining Identity in the Diaspora”. The Rights of Uyghur Asylum Seekers: Past and Present Challenges Conference organized by Unrepresented Nations and Peoples Organization (UNPO), and the Society for Threatened Peoples with financial support from the National Endowment for Democracy (NED), Berlin, Germany (April 2016)

[14] ‘Uyghur Education’ Past and Present. 6th International Uyghur Academy Conference. Istanbul, Turkey, September 20-23, 2014

[15] “Islamophobia in Eastern Asia: An example from China”
The Fifth Annual Islamophobia Conference, Latent and Manifest Islamophobia: Multimodal Engagements with the Production of Knowledge at Boalt School of Law, University of California, Berkeley, April 14-19, 2014.

[16] "Access to Education in Xinjiang, China" INTCESS14- International Conference on Education and Social Sciences, Istanbul, Turkey, February 3-5, 2014.
[17] “Language, Identity, Islam, and Community among Uyghurs” (invited) Minorities in Islam/Muslims as Minorities Wake Forest University: October 18-20, 2012

[18] “Uyghur Immigration to Turkey: History, Memory and Identity” Historical Society Immigration Workshop Bilkent University (Ankara, Turkey): April 26-27, 2012

[19] “History, Development and Future Prospects of Bilingual Education and Uyghur Identity” 17th Annual Study of Nationalities World Convention Columbia University: April 19-21, 2012

[20] “Gender Roles as Seen Through Wedding Rituals in a Rural Uyghur Community” The Power of Identity: Forces of Change in Inner Eurasia Princeton University: March 31, 2012

[21] “'Bilingual Education', Language Policy and Identity among Uyghurs, Xinjiang, China” The Twelfth Annual Central Eurasian Studies Society (CESS) Conference Columbus, Ohio: September 15-18, 2011

[22] “Uyghur Relations and Roles in Connection with China’s Relationship to the Central Asia Republics” (invited) The Joint International Scientific Conference Baku, Azerbaijan: May 23-24, 2011

[23] “Sources and Perspectives on Late Nineteenth Century Uyghur History” Turkish Congress of History Ankara, Turkey: September 20-24, 2010

[24] “Uyghur Religious and Secular Education and Its Interaction with Islam,” The Turks and Islam (Indiana University Ottoman and Modern Turkish Studies international conference) Indiana University: September 11, 2010

[25] “Deryabuyi: A Microcosm of Social Change in Xinjiang” The Ninth Annual Central Eurasian Studies Society (CESS) Conference, Georgetown University: September 19, 2008

[26] “Cultural and Political Change in Deryabuyi: Exploding the Myths” The Fifteenth Annual Association for Central Eurasian Students (ACES) Central Eurasian Studies Conference Indiana University: March 22, 2008.

**UNIVERSITY COLLOQUIA AND SPECIAL OUTREACH EVENTS**

[27] Introductory talk and preface to showing of the Uyghur film “Sarang”, Central Asian Studies Week event (Davis Center for Russian and Eurasian Studies at Harvard University): October 24, 2011.

[28] “Social Change in ‘Xinjiang’ PRC”, Harvard University: April 30, 2008.

[29] “Demographic, Language and Educational Changes in Xinjiang PRC,” Harvard University: April 24, 2008.

[30] “Economic, Political and Social Change in Deryabuyi” Before the Harvard University Central Asia and Caucasus Working Group Harvard University: March 18, 2008

[31] “My Journey to the US” Before Facing History and Ourselves, Boston, Massachusetts: November 28, 2007

[32] “My Personal Struggle for Higher Education, Freedom and Self Determination” Harvard University: November 25, 2007

[33] “The Influence of Uyghur Culture on the Turkic People”, Ankara University (Ankara, Turkey): June 13, 2004

[34] “The Relationship between the Saljuq, a Central Asian Empire, and the Uyghur Qarakhanids Kingdom in the 10th-12th Centuries” Ankara University (Ankara, Turkey): January 15, 2002

# مىرشاد ئابدۇرېھىم

(بۇ يازما تورلاردا 2014-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى ئېلان قىلىنغان)



1-رەسىم: مىرشاد ئابدۇرېھىم. 2014-يىلى 18-مارت كۈنى تارتىلغان.

مىرشاد ئابدۇرېھىم شاھابىدىن ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆستى. 1990-يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا 10 يىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. 2000-يىلى ئاۋسترىيەنىڭ «Innsbruck University» غا ئوقۇشقا چىقىپ، ئاتوم فىزىكىسى كەسپىدە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇردى. 2002-يىلى ئامېرىكىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن دەسلەپتە ئىنگلىز تىلى كەسپى مەكتەپلىرىدە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەندى. 2004-يىلى ئامېرىكىنىڭ «Overhoff Technology Corporation» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۇقىرى تېخنولوگىيىلىك ئېلېكترونىكا شىركىتىدە «رادىئاكتىپلىق تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىنى تەتقىق قىلىش ھەم ياساش ئىنژېنېرى» بولۇپ ئىشلىدى. مىرشاد بۇ شىركەتتە ئىشلەش جەريانىدا ئاساسلىقى رومانىيىنىڭ يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى ئالاھىدە زاكاز قىلغان ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىلىك رادىئاكتىپلىق بۇلغىنىشنى سېزىش ئەسۋابىنى تەتقىق قىلىش ھەم ياساپ چىقىش قۇرۇلۇش گۇرۇپپىسىدا ئىشلىدى.

2006-يىلى «Ronan» دەپ ئاتىلىدىغان رادىئاكتىپلىق نۇر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ سانائەتنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركىتىگە ئالمىشىپ، رادىئاكتىپلىق نۇردىن قوغدىنىش بۆلۈمىنىڭ نازارەتچىسى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ 2008-يىلى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەلقئارا ۋە ئامېرىكىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان «Rapiscan Systems» دەپ ئاتىلىدىغان شىركەتكە ئالمىشىپ كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن تارتىپ مۇشۇ شىركەتنىڭ «رادىئاكتىپلىق نۇردىن قوغدىنىش ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك ساقلىنىش ساقلاش فىزىكىسى» بۆلۈمىنىڭ باش نازارەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ شىركەت خەلقئارادىكى يۇقىرى دەرىجىلىك گامما نۇرى ۋە ئېكس نۇرى (رېنتگېن

نۇرى) بىلەن سۇرەت چىقىرىش ئارقىلىق بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. بۇ شىركەتنىڭ ئەسۋابلىرى ئاساسلىقى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە ۋە بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىنىپلا قالماستىن، ئۇلار يەنە خەلقئارادىكى كۆپ دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ھەم بىخەتەرلىكى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىنىدۇ.




2 ـ رەسىم: مىرشادنىڭ زىيانلىق رادىئاتسىيىنى تەكشۈرۈۋاتقان بىر كۆرۈنۈش. 2013 ـ يىلى 30 ـ ماي كۈنى تارتىلغان.

قىسقىسى، ئىنىمىز مىرشاد باشلانغۇچتىن تارتىپ تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ھەممە ئوقۇشنى ئۇيغۇرچە مەكتەپلەردە ئوقۇپ تاماملىغان بولسىمۇ، ئۆزى قاتتىق تىرىشىپ، ھازىر ئامېرىكىدىكى بىر ئىنتايىن مۇھىم شىركەتنىڭ تېخنىكىغا مەسئۇل يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا ئېرىشتى. ھازىر ئامېرىكا ۋە دۇنيانىڭ باشقا نۇرغۇن جايلىرىنىڭ ئايرودورۇملىرىدا ئىشلىتىلىۋاتقان، ئايروپىلانلارغا چىقىشتىن بۇرۇن يولۇچىلارنىڭ بەدىنى ۋە ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى تەكشۈرىدىغان گاما نۇرى ۋە ئېكس نۇرى ئۈسكۈنىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىنى مىرشاد ھازىر ئىشلەۋاتقان شىركەت ئىشلەپ چىقارغان بولۇپ، ئىنىمىز مىرشاد ئاشۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇشتەك بىر مۇھىم خىزمەتنى ئۆتەۋاتىدۇ. مەن ئىنىمىز مىرشادتىن ناھايىتىمۇ پەخىرلىنىمەن.

# پەلسەپە پەنلەر تەتقىقاتچىسى ـــ مۇختەرجان ئابدۇراخمان (ياپونىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

روماان يازغۇچى ھ. گ. ۋېللىس (H. G. Wells) مۇنداق دەپ قارايدۇ: بايلىق، ئاتاق، خىزمەت ئورنى ۋە ھوقۇق قاتارلىقلار ھەرگىزمۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆلچىمى بولالمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى بىزنىڭ ئەسلىدە قانداق بىر ئادەم بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن ئىكەنلىكى بىلەن بىزنىڭ ئەمەلىيەتتە قانداق بىر ئادەم بولۇپ چىققانلىقىمىزنىڭ نىسبىتىدىن ئىبارەت. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، بىزنىڭ ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرالىغانلىقىمىز بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كىشىلەر بىزدىكى يوشۇرۇن كۈچ خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان سوۋغىتى بولۇپ، بىزنىڭ ئاشۇ يوشۇرۇن كۈچلىرىمىز بىلەن قانداق ئىشلارنى قىلالىغانلىقىمىز بىزنىڭ خۇداغا قىلغان سوۋغىتىمىز بولىدۇ، دەيدۇ. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىزدىكى يوشۇرۇن كۈچ بىزدىكى ئەڭ زور، تېخىچە ئېچىلمىغان بايلىق بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىدىكى بىر داڭلىق ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى خېنرى فورد (Henry Ford) مۇنداق بىر ئىشنى بايقىغان: «ھازىرمۇ ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە، ئۆزلىرى ئويلىغاندىنمۇ كۆپرەك ئىشلارنى قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئادەمدىن بىرسىمۇ يوق «.

بىزدىكى يوشۇرۇن كۈچنىڭ چېكى يوق. ئەمما، ئاشۇنداق يوشۇرۇن كۈچنى ئەڭ يۇقىرى مۇمكىنچىلىككىچە جارى قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقىدىغانلار بەك ئاز. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: بىز ھەر قانداق ئىشنى قىلالايمىز، ئەمما بىز ھەممە ئىشلارنى قىلالمايمىز. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قانداق ياشاش توغرىسىدا قارار ئېلىش ئىشىنى ئەتراپىدىكى باشقا كىشىلەرگە تاشلاپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۆز ھاياتلىرىنىڭ توپ مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئاتا قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەممە ئىشقا تەڭ ئۇرۇنۇپ، بىرەر ئىشنىمۇ ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ.

ئەگەر سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز يۇقىرىدىكى ئەھۋالغا ئۆزىڭىز خالىمايدىغان دەرىجىدە يېقىن بولىدىكەن، سىز ئېھتىمال ئۆزىڭىزدە بىر ئۆزگىرىش ياساشقا تەييار بولۇپ قالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدىكەنسىز، ئۇ ھالدا تۆۋەندىكى 4 پرىنسىپتىن پايدىلىنىڭ:

1) پۈتۈن كۈچىڭىزنى بىرلا ئاساسىي نىشانغا قارىتىڭ

2) دىققىتىڭىزنى قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاپ مېڭىشقا قارىتىڭ

3) ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇلۇپ كېتىڭ

4) پۈتۈن كۈچىڭىزنى كەلگۈسىگە مەركەزلەشتۈرۈڭ.

سىز ئۆز ھاياتىڭىزنىڭ مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىڭىزدىكى بارلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا ئاتىلانغاندا، سىز ھەقىقىي تۈردە بىر مۇۋەپپەقىيەت يولىغا مېڭىۋاتقان بولىسىز.

مەن ئۆزۈمنىڭ 2011-يىلى يازغان «بىر لىدېردە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك 21 سۈپەت» دېگەن ماقالىسىدە جون ماكسۋېل (John C. Maxwell) نىڭ «The 21 indispensable qualities of a leader» دېگەن كىتابىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ئىدىم. بۇ يازغۇچىنىڭ لىدېرلىققا ئائىت كىتابلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۈگۈن مەن دۇنياغا داڭلىق كىتاب ساتىدىغان تور بېتى www.amazon.comغا كىرىپ ئىزدەپ، ئۇنىڭ 60 پارچىدىن ئارتۇق كىتابى بارلىقىنى بايقىدىم.

2007-يىلى ئېلان قىلىنغان بىر ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ كىتابلىرىدىن جەمئىي 13 مىليوندىن كۆپرەكى سېتىلغان بولۇپ، ئۇ جەمئىي ئىككى مىليوندىن كۆپرەك ساندىكى لېدىرلار (باشلىقلار) نى ھەر خىل كۇرۇسلاردا تەربىيەلەپتۇ. ئۇنىڭ «ماكسۋېل كۈنلۈك ئوقۇشلۇقى» (The maxwell daily reader) دېگەن 2007-يىلى نەشر قىلىنغان بىر كىتابىمۇ بار بولۇپ، يۇقىرىدىكى قىسقا يازما ئاشۇ كىتابنىڭ 33-بېتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن ئىبارەت. بۇ كىتاب جەمئىي 365 بەتلىك بولۇپ، ھەر بىر بەت بىر بالا-تېمىنى تەشكىل قىلىدىكەن. ماكسۋېل ئوقۇرمەنلەرگە ھەر كۈنى ئۇنىڭ بىر بېتىنى ئوقۇپ، ئۇنى بىر يىل ئىچىدە تولۇق ھەزىم قىلىۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىپتۇ. مەن بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلارنى ئۆزۈمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يازمىلىرىدا داۋاملىق تونۇشتۇرۇشۇم مۇمكىن.

مەن بۇ ھەپتە يېڭى قېرىندىشىمىزدىن يەنە 3 ئۈكىمىزنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 32-، 33- ۋە 34-قېرىندىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ 3 ئۈكىمىز ئىزچىل تۇردە يۇقىرىدىكى 4 پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلغان. مەن بۇرۇن تونۇشتۇرۇپ بولغان قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە يۇقىرىدىكى ماكسۋېل ئوتتۇرىغا قويغان 4 پرىنسىپتىن پايدىلىنىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئۈكىلارمۇ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەن ئوقۇرمەنلەردىن بۇ قېتىمقى 3 قېرىندىشىمىزنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇغاندا، ئۇلارنى يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئويلۇنۇپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن 2006-يىلى ئۆزۈمنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تەييارلىغاندا، ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسىدىكى ئەھۋاللارنى قىسقىچە خۇلاسىلاپ چىققان ئىدىم. ئۇ خۇلاسىلارنىڭ بىرى «ئۇيغۇر دېھقان بالىلىرىمۇ ئالىم بولالايدۇ»، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرغان سىڭلىمىز خەيرىنىسا بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، يېزىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. گەرچە ئۇ تېخى چەت ئەلدىكى ئوقۇش مۇساپىسىنى بىر «ئالىم» بولۇش باسقۇچىغىچە مېڭىپ تۈگىتىپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگىنىدەك بىر ئارقا كۆرۈنۈشنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، بىر نىشان ئۈچۈن ئاداشماي تىرىشىپ، ئەڭ ئاخىرى ياپونىغا كېلىپ ئوقۇپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. يەنى، بىر دېھقان بالىسى ئۆز چىقىمى ۋە ئۆزى تاپقان يول بىلەن ياپونىغا چىقىپ، ماگىستىرلىق ئوقۇغان. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان مۇختەرجان ئابدۇراخمان ئۈكىمىزمۇ بىر يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ بېسىپ ئۆتكەن يولمۇ خەيرىنىسانىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇختەرجان ھازىر ياپونىيەدە ئۇيغۇر پەلسەپىسىنى بىر سىستېمىلاشقان ئىلمىي ساھە قىلىش يولىدا تىرىشىۋاتىدۇ. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرغان ئىنىمىز ئەيساجان بولسا چەت ئەلدىكى ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشلىرىنى يەرلىك خەلقلەرنىڭ نورمال سۈرئىتىدىنمۇ جىق تېز ئوقۇپ تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تالانتىنى نامايان قىلىپ، ناھايىتى ياش تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ كەسپىي ساھەسىدە، يەنى ئۈچۈر بىخەتەرلىكىگە ئائىت تېخنىكىدا بىر مۇتەخەسسىس دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ بولغان. ئۇ ھازىر شۋېتسىيەدىكى بىر شىركەتتە ئۈچۈر بىخەتەرلىكىگە ئائىت تېخنىكىغا مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ . مەن بۇ 3 قېرىندىشىمىزدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ فېيىسبۇك (Facebook) تېمىغا ئىنگلىزچە ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇرچە ماقالىلەر، ھەمدە ئىملا-گراماتىكا قائىدىلىرىدە مەسىلە بار ماقالىلەرنى تەھرىرلەش ئىشىدا ئۆزۈمگە ياردەم ئىستەيدىغانلىقىم ھەققىدە بىر قىسقا مۇرەجەتنامە يازغان ئىدىم. ھازىرغىچە 15 لەرچە قېرىندىشىمىز ماڭا ياردەم قىلىشنى خالايدىغانلىقى ھەققىدە مەن بىلەن ئالاقىلاشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 3 نەپەر ئۈكىمىز بولسا مەزكۇر ماقالىنى تەھرىرلەشكە ياردەملەشتى. مەن يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردىن ناھايىتى سۆيۈندۈم ۋە ئىلھاملاندىم. ھەمدە ئۆزۈم ئۈچۈن خېلى كۆپ مەنىۋىي ئوزۇقلا ئېرىشتىم. مەن بۇرۇندىن تارتىپ ئارىمىزدا ياخشى كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىگە ئىشىنەتتىم. مېنىڭ ئاشۇ كۆز-قارىشىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكى بۇ دورام يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاشۇ ياخشى كۆڭۈللۈك قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھازىرغىچە مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلغان، ئەمما ئۆز ماتېرىياللىرىنى ماڭا تېخىچە ماڭدۇرۇپ بەرمىگەن قېرىنداشلاردىن ئۆز ماتېرىياللىرىنى ماڭا تېزراق ماڭدۇرۇپ بېرىشنى

سورايمەن. ھەر قانداق ئىشنىڭ بىر ياخشى پەيتى بار. مەن ھازىر قىلىۋاتقان ئارىمىزدىكى سىلەرگە ئوخشاش ئاۋانگارت كىشىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئىشىنىڭ ياخشى پەيتى دەل ھازىر. چۈنكى ھازىر يۇرتتىكى خەلقىمىز، ۋە بىزنىڭ ياش-ئەۋلاتلىرىمىز سىلەرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشۈڭلار، يول كۆرسىتىشىڭلار ۋە ئۈمىدلەندۈرۈشۈڭلارغا تولىمۇ ئېھتىياجلىق.

مەن ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن.



**1 ـ رەسىم: ئىنىمىز مۇختەرجان ئابدۇراخمان**

مۇختەرجان ئابدۇراخمان 1972 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيىسى، ئاچال يېزىسى تۇرا كەنتىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى ئابدۇرەشىت ئەئىئەلەم ئاخۇنۇم ئاچال يېزىسىدا تۇنجى پەننىي مەكتەپنى ئاچقان كىشى، ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا ئەللىرىدە ئۇزاق مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلغان كاتتا دىنىي ئالىم ئىدى. مۇختەرجاننىڭ مومىسى مەرەمنىساخان ئۇنىڭغا بوۋىسىدىن قالغان بارلىق دىنىي ۋە پەننىي كىتابلارنى قالدۇردى. مانا بۇ مىراس ۋە ۋەسىيەت ئۈمىد سۈپىتىدە بوۋىسىنىڭ تارىخىي كەچمىشى بىلەن قوشۇلۇپ مۇختەرجانغا روھىي مەشئەل ۋە بىباھا خەزىنە قالدۇرغان ئىدى. بۇ مىللىي بۇرج، ئۆزلۈك ئېڭى، جاسارەت، قەتئىي ئىرادە، ۋە توختاۋسىز تىرىشىشدىن دېرەك بەردى ۋە نىشانە بولدى.

مۇختەرجان بوۋىسىدىن پەخىرلىنەتتى. مومىسىدىن سۆيۈنەتتى. مۇقام ئېيتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلمىي سۆھبەتلەر كۆپ ئىدى. شۇڭلاشقا مۇختەرجان ئېسىل جەمەت ئارىسىدا ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆسۈپ چوڭ بولدى. سەنئەتكارلىق، دىنىي ئالىملىق ۋە ئارىفلىق مۇختەرجان

جەمەتىنىڭ دائىملىق، تىپىك ئالاھىدىلىكى ئىدى («ئارىپ» دېگەن سوزنى بۇرۇن بىزنىڭ ئۇستازلىرىمىزمۇ ماقالىلىرىدە ئىشلەتكەن ئىدى. ئۇ «پەلسەپەۋى ئويغىنىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى»، «ئۇزۇل-كېسىل ماھىيەتلىك ئويغىنىش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۇرىدۇ-مۇختەرجان). مۇختەرجان مەرىپەت ۋە ئىلىم-پەن ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ، شۇ ئاساستا دۇنياۋى سەھنىلەردە چاقناشنى ئارزۇ قىلاتتى. دادىسى، ئانىسى، بوۋىسى، مومىسى ئۇنىڭدىن كاتتا ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى. ئۇنىڭغا «سەن قىلالايسەن بالام» دەيتتى. ئون-ئىككى مۇقامنى مۇختەرجان ئۆزىنىڭ ئاشۇ جەمەتىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئاڭلايتتى. ئۇ قاتتىق ھەيرانلىق، كۈچلۈك ئىنتىلىش، ۋە قاتتىق ئىرادە ۋە چىداملىق روھىدا سۇغۇرۇلۇپ باشلانغۇچنى پۈتتۈردى. ئەلۋەتتە، سىنىپنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا ئورۇن ئالغىنى مۇختەرجان ئىدى. باشلانغۇچ ھاياتىدا ئۆگەنگەن نەرسىلىرى پۈتۈنلەي ئۆز بىلىمىگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى. مۇختەرجان تولۇقسىزغا ئۆرلەپ ئوقىدى. ھەيرانلىق، قىزغىنلىق ۋە كۈچلۈك چاڭقاقلىق ئىچىدە 3 يىلنى تاماملىدى. ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنيالىرى بارغانچە ئۆزگىرىۋاتاتتى. ئۇ قانمايتتى ، ھارمايتتى، ۋە ئىنتىلەتتى. ئۇ تەبىئى پەنلەرنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئۆگىنەتتى، تەدبىقلايتى، ۋە تەجرىبە قىلاتتى. تەئەججۇپ ۋە ئىلىمگە بولغان ئىشەنچ ئۇنىڭ دائىملىق روھىيەت خاسلىقى ئىدى. ئۇ ئىجتىمائى پەنلەرنى دۇنياغا تەدبىقلاپ، تەھلىل قىلىپ، پۈتۈنلەي ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش شەرتى ۋە ئەركىن قوللىنىش سەۋىيەسىدە تاماملىدى. لېكىن قانائەت قىلىش ئۇنىڭغا ئەسلا يات ئىدى.

مۇختەرجان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردى. ئەمدى ئاتا-ئانىسىنى ھەپتىدە ياكى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرۈش ئۈچۈن ئۆيگە قايتاتتى. كۈچلۈك بالىلار بىلەن رىقابەتلىشىپ 1- بولۇش ۋە ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى ، يەنى پۈتۈن بىلىملەرنى تۇرمۇشتا ئىشلىتىشنى ئۇ ئۆزىگە خاس بىر ئۆلچەم قىلاتتى. كەلپىن ناھىيىسىدە پەقەت بىرلا تولۇق ئوتتۇرا بار ئىدى. دوستلار ئارا قاتتىق رىقابەت قىلىشاتتى. ھەمكارلىشىپ ئۆگىنەتتى. مۇختەرجان ئەنە شۇ چاغلاردىكى ئەزىز دوستلىرىغا چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار مۇختەرجانغا كۈچ -قۇۋەت ۋە دوستلۇق، مۇھەببەتنى ھېس قىلدۇرغان ئىدى. ئۇلار بىلەن بىللە نۇرغۇن جاپا- مۇشەققەتنى يەڭدى. 1992-يىلى 8-ئايدا مۇختەرجان شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن «خەير-خوش، كەلپىن!» دەپ، ئۈرۈمچىگە كەلدى.

1992-يىلى 9-ئايدا رەسمىي ئوقۇش باشلاندى. مۇختەرجان ئىزدىگەن كىتاپ، ژۇرنال، كۇتۇپخانا مۇھىتى، قىسقىسى ھەممە نەرسە ئاساسەن تەل ئىدى. ئۇيغۇر تىلىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، ئۇيغۇر پەنلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئەڭ چوڭقۇر سەۋىيەدە ئۆگەندى. 1993-يىلى 5-ئايدىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىر، نەسىر، داستان، ۋە ماقالە-ئەسەرلىرى گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. مەكتەپ مۇھىتى ھەقىقەتەن ياخشى ئىدى. 1993-، 1994- ۋە 1995-يىللىرى ئۇنىڭ نەزىرىدە پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتتى. بىر تۈركۈم ئاۋانگارت ياشلار چىقىۋاتاتتى. ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار ئاكتىپ تەشكىللىنەتتى. ئۇ چاغدىكى ستۇدېنتلار ئۇيغۇر تارىخىنى ۋە رېئال مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق مۇنازىرە قىلىش سورۇنى، يەنى «سالون» تەشكىللەپ، بىر مەيدان «ئۆزىنى ئىزدەش» ھەرىكىتىگە ساھىپ بولدى. مۇختەرجان ئەرەب تىلىدىن كۇرس ئاچتى. يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بىلەن بىللە ئىنتايىن ياخشى مۇھىتتا ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى.

1997-يىلىغىچە مۇختەرجاننىڭ 200 پارچىغا يېقىن ئەسىرى يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىندى. بەش يىل جەرياندا ئۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، سىناق قىلىش، ۋە تەشكىلىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئۆزىدە ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ ئەڭ ئاساسىي بىلىم ۋە ئىقتىدارلىرىنى ھازىرلاپ، كەلگۈسىدىكى ئىلمىي ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىنى قۇردى.

1997-يىلى 9-ئايدا مۇختەرجان ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 31-ئوتتۇرا مەكتەپكە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشقا چۈشتى. ئۇ شۇ يىلدىن باشلاپ

مەخسۇس ئىلمىي ئەسەرلەرنى مۇنتىزىم يېزىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ئوبزور، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت ماقالىلىرى ۋە ئايرىم شېئىرلىرى تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ تۇردى.

1999 - يىلى ئۇزۇن يىللىق پەلسەپىلىك ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ، مۇختەرجان ئۆزىنىڭ خاس پەلسەپە ئەسىرى «ھالقىش نەزەرىيىسىنىڭ تەتقىقات قاتلاملىرى» نى پۈتتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇختەرجاننىڭ ماقالىلىرى «ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» قاتارلىق كەسپىي ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ "ئۇيغۇر پەلسەپىسى ۋە ئۇيغۇرلاردا ئىستراتېگىيە ئېڭى " ناملىق ئەسىرى مۇختەرجاننى ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىدى. يەنى، ئۇيغۇرلار پەلسەپىۋي سىستېمىلارنى تولۇق بىلىشى ۋە ئۆز رېئاللىقى ئۈچۈن ئىشلىتەلىشى كېرەك ئىدى. رېئاللىقىمىز بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىش مۇتلەق زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە مۇختەرجاننىڭ «ھالقىش پەلسەپىسى» ناملىق ئەسىرىدە قارار چىقىرىۋاتاتتى. مۇختەرجان ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئەڭ ساپ جەۋھەر سۈپىتىدىكى «پەلسەپە سىستېمىسى» غا ئەگەشتى. ئۇنىڭ ماقالىلىرى «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «تۇرپان ژۇرنىلى»، «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قېلىنىۋاتاتتى. 2005 - يىلى 3 - ئاينىڭ نورۇز كۈنلىرى مۇختەرجان ئىلمىي مۇدىرلىق، تولۇق 3 - يىللىقنىڭ سىنىپ مۇدىرلىقى ، ۋە ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئاشۇ مەكتەپ ۋە ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى تاشلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار ، ۋە مۇختەرجاننىڭ خىزمەتداشلىرى ئىچىدە كۆز يېشى قىلىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. ئىككى ئايدىن كېيىن مۇختەرجاننىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بېرىدىغان قەدىرلىك ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى يىغلاشتى. مۇختەرجاننىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈن - تىنسىز يىغلاپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى. (مۇختەرجان مۇشۇ قۇرلارنى كومپيۇتېردا يېزىۋاتقاندا ئۆزىمۇ كۆز يېشى قىلدى.) ئۇ ئۆز- ئۆزىگە «بالىلىرىم مېنى كەچۈرۈڭلار! مەن ئۈمىدىڭلارنى چوقۇم ئاقلاشقا ۋەدە بېرىمەن. مەن سىلەرگە يۈز كېلەلىشىم كېرەك. ۋەتەنگە يۈز كېلەلىشىم كېرەك!» دېدى.

2005- يىلى 4- ئاينىڭ 2- كۈنى مۇختەرجان ياپونغا كەلدى. ھازىر ئۇنىڭغا توپ- توغرا 10 يىل بولدى. مۇختەرجان 2006- يىلى بىر ياپون تىلى مەكتىۋىگە كىردى. 2007- يىلى 4- ئايدا ئۇزاق مۇددەتلىك ئارزۇ، پىلان، ۋە بىر بۈيۈك ئارمان بىلەن ياپونىيە كيۇشيۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە كەسپى تەييارلىق ئوقۇشىغا كىردى . بەش ئايدىن كېيىن ماگىستىرلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ناھايىتى ھاياجانلاندى. سەۋەبى، بۇ يەردە دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمقى پەلسەپە ئەسەرلىرىنىمۇ ئەسلى تېكىستى بويىچە ئوقۇشقا، ۋە تەتقىق قىلىشقا بولاتتى. پۈتۈنلەي ئەركىن ، مۇتلەق پاكىز ئىلمىي ھاۋادا ئىلىم تەھسىل قىلىشمۇ مۇمكىن ئىدى. مۇختەرجان ئۆز- ئۆزىگە «مەن ئۇيغۇرلارغا ئەڭ كۆپ پەلسەپە سىستېمىسىنى ئېلىپ قايتىشىم كېرەك!» دەيتتى. ۋاقىت ئىنتايىن تېز ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. 2011 - يىلى مۇختەرجان ئەنگلىيە سىياسەت پەلسەپە ساھەسىدىكى مەخسۇس تېما «كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردە پارلامېنتلىق تۈزۈم» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ماقالىسىنى پۈتتۈردى. ھەمدە پەلسەپە پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى .

مۇختەرجان 2011 - يىلى 4 - ئايدا ئىمتىھانسىز ھالدا دوكتورلۇق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇختەرجاننىڭ پروفېسسورلىرى قاتناشقان بىر يىغىندا بىر يېڭى پەلسەپە سىستېمىسى يارىتىش، ياپونغا خاس بىر يېڭى ساھەنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش نىشانى قارار قىلىندى. ئۇ يىغىندا ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى، ئۇيغۇر دۆلەتچىلىك پەلسەپەسىنىڭ ئورگىنال سىستېمىسى تەتقىقات تېمىسى قىلىپ بېكىتىلدى.



2 ـ رەسىم: مۇختەرجان ئابدۇراھمان ياپونىيەدىكى داڭلىق جامائەت ئەربابى، پەيلاسوپ، سىياسىي ـ ئىقتىسادشۇناس فۇجى گېمۇكى ئەپەندى بىلەن بىللە. فۇجى ئەپەندى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كۆپ ئەجرى سىڭدۇرگەن كىشى بولۇپ، ناھايىتى پازىل ئادەم. ئۇ ئامېرىكىدىكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئۇزۇن يىل پروفېسسور بولغان.

بۇ ئۇيغۇر مىللىتىگە كېلىشۋاتقان بىر تېپىلماس پۇرسەت ئىدى. مۇختەرجان يۇقىرىدىكى ئىشنى ئەنە شۇنداق چۈشەندى. شۇندىن كېيىن ھازىر ياپونىيە پەلسەپە ساھەسىدە ئۇيغۇر پەلسەپەسى يېڭى ۋە كىلاسسىك پەن سۈپىتىدە ئىلىم ساھاسىدە ئوتتۇرىغا چىقىشۋاتاتتى. مۇختەرجان ھازىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ پاكىز، ئەڭ پازىل، ۋە ئەڭ كامىل روھىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ياپونىيەنىڭ ئىلىم ساھەسىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىلاسسىك پەلسەپە سىستېمىسىنى يارىتىشقا ئالدىراۋاتاتتى. بۇ ئىشلار ھازىر پەلسەپە ساھەسىدە قاتتىق ھاياجان ۋە قايىللىق قوزغاۋاتاتتى. ئىلمىي مۇنبەرلەردە ئۇيغۇر بۈيۈك تېما بولىشۋاتاتتى. ئۇيغۇرلار پەلسەپىۋىي مىللەتكە خاس چوڭقۇرلۇقتا، كەڭلىكتە، كىلاسسىك ئورگىنال سىستېمىغا ئىگە ئىدى. مۇختەرجان بۇنى ئىسپاتلاپ، ئىلمىي ماقالە ئوقۇۋاتاتتى.




3 ـ رەسىم: مۇختەرجاننىڭ كيۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يەنە بىر پارچە رەسىمى.

مۇختەرجان ئابدۇراخمان 2015 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىن باشلاپ كيۇشۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە كەسپىي تەتقىقاتچىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. بۇ ئۇيغۇر پەلسەپىسى ھەققىدىكى ئىلمىي تاتقىقات سىستېمىلىشىش باسقۇچىغا قەدەم قويىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەلۋەتتە. مۇختەرجان ھازىر ئۇيغۇر پەلسەپەسى ۋە غەرپ پەلسەپەسى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خوشاللانماي، مۇختەرجان ئۈكىمىزدىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايمىز.

## مۇختەرجان ئابدۇراخمان ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەر تىزىملىكى:

[1] 2012 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، «قۇتادغۇبىلىكتىكى ئۇيغۇر دۆلەتچىلىكى»، كيۇشيۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلدى.

[2] 2013 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ياپونىيە دۆلەتلىك پەلسەپە ئىلمىي جەمئىيىتى، «قۇتادغۇبىلىكتىكى تەبىئەت پەلسەپە ئىدىيەسى» ئوقۇلدى.

[3] 2013-يىلى 9-ئايدا، «ئۇيغۇر دۆلەتچىلىك پەلسەپەسى ۋە قۇتادغۇبىلىك»، «پەلسەپە ئىلمىي ماقالىلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى.

[4] 2013-يىلى 10-ئايدا ياپونىيە دۆلەتلىك ئىتىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىدا «ئۇيغۇر ئىستراتېگىيەسى ۋە ئۇيغۇر دۆلەتچىلىك ئىدىيەسى» ئوقۇلدى.

[5] 2013-يىلى 12-ئايدا غەربىي ياپونىيە پەلسەپە ئىلمىي جەمئىيىتى پەلسەپە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «قۇتادغۇبىلىكتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غايىۋى دۆلەتچىلىكى» ئوقۇلدى.

[6] 2014-يىلى 6-ئايدا ياپونىيە دۆلەتلىك پەلسەپە ئىلمىي جەمئىيىتىدە «قۇتادغۇبىلىكتىكى قانۇن پەلسەپەسى» ئوقۇلدى.

[7] 2014 -يىلى 8-ئايدا، «يىپەك يولى» ژۇرنىلىدا «قۇتادغۇبىلىكتىكى ئۇيغۇر پەلسەپە سىستېمىسى» ئېلان قىلىندى.

[8] 2014-يىلى 9-ئايدا «قۇتادغۇبىلىكتىكى بىلىش نەزەرىيەسى» كيۇشيۇ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ پەلسەپە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلدى.

[9] 2014-يىلى 12-ئايدا «فارابىنىڭ غايىۋى دۆلەت پەلسەپەسى» ناملىق ماقالە «پەلسەپە ئىلمىي ماقالىلىرى 50 يىللىق خاتىرە» سانىدا 1-ماقالە بولۇپ تاللاندى ۋە ئېلان قىلىندى.

[10] 2015-يىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنى ياپونىيە دۆلەتلىك پەلسەپە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 74-قېتىملىق يىغىنىدا ئۇيغۇر پەلسەپەسى ھەققىدە «فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپەسى» ئوقۇلماقچى. ماقالە تاللىنىپ بولدى.

# ستاتىستىكا دوكتورى مۇختەر ئوسمان (ئامېرىكا)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 6-ئاينىڭ 26-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

ئەنگلىيەگە 1940-يىلىدىن 1945-يىلىغىچە باش مىنىستىر بولغان ۋىنستون چېرچىل (Winston Churchill) مۇنداق دېگەن [1]: «ئادەم ئۆز بېشىغا كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرگە پەرۋا قىلماي، يولۇققان توسالغۇ، خېيىم-خەتەر ۋە بېسىملارغا پەرۋا قىلماي، ئۆزى قەتئىي قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. مانا بۇ بارلىق ئىنسان ئىرادىسىنىڭ ئاساسىدۇر.»

مەن يېقىندا ئۆزۈمنىڭ «يالغانچىلىققا ئائىت 12 ھەقىقەت» دېگەن يازمىسىدا ئامېرىكىدىكى «مايكۇل جوسېفسون (Michael Josephson) «ئىسىملىك بىر تونۇلغان ئەخلاق مۇتەخەسسىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ئىدىم. مايكۇل مۇنداق دەيدۇ [2]: «ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب، ئۇ ئۆزىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى چەككىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى.»

ئاشۇ مايكۇل ئۆزىنىڭ تور بېتىدە 2015-يىلى 17-ئىيۇن كۈنى «قورقۇشنى رەت قىلىڭ» دېگەن تېمىدا بىر پارچە قىسقا يازما ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنى مۇنداق[3]:

ئەگەر بىز قورقۇشنى رەت قىلساق، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. مەيلى ئاغرىق بولسۇن، مەغلۇبىيەت بولسۇن، ياكى بىرەر ئىشتا رەت قىلىنىش بولسۇن، ئاشۇنداق ئىشلاردىن كېلىپ چىققان ئەندىشە ياكى قورقۇش بىر خىل زەھەرلىك ھېسسىيات بولۇپ، ئۇ كۆڭلىمىزدە بىر خىل ئالۋاستىلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئالۋاستىلار بىزنىڭ ئۆز-ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچلىرىمىزنى يەپ تۈگىتىپ، بىزنى ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشتىن توسىدۇ. ياكى بولمىسا بەزىدە بىزنىڭ ئۆز قابىلىيىتىمىزنى سىناپ بېقىشىمىزغىمۇ يول قويمايدۇ.

مەن بىر قانۇن پروفېسسورى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا نۇرغۇنلىغان قابىلىيەتلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادۋوكاتلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇلار بىلىمىنىڭ كەمچىلىكىدىن مەغلۇپ بولمىدى، بەلكى، ئۇلاردىكى ئەندىشە ئۇلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ياكى ئۆزلىرىدىكى بىلىملەرنى سىرتقا تولۇق چىقىرىش قابىلىيىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغانلىقىدىن شۇنداق بولدى.

كۆپىنچە قانۇن ئاسپىرانتلىرى ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادۋوكاتلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈش ئېگىز بوشلۇققا ئېسىپ قويغان بىر دانە تاختايدىن مېڭىپ ئۆتۈشتىن تەس ئەمەس. بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، ھېلىقى تاختاي ھاۋا بوشلۇقىغا ئېسىپ قويۇلغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار ئۇ تاختايدىن ئۆتۈشنى بىر خىل ھايات-ماماتلىق ئىش، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە نورمال ماڭالمايدۇ. بۇ يەردە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار بولغان ئەڭ ناچار ئاقىۋەت نېمە؟ ئۇ ئوڭايسىزلىنىشمۇ؟ قولايسىزلىقمۇ؟ ياكى چىققىممۇ؟ ئەمما، بۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى مۇھىم ئەمەس.

قورقۇشنىڭ دورىسى توغرا ھۆكۈمدۇر. سىز قورققان ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى مەڭگۈ يۈز بەرمەيدۇ. يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ، سىز ئۇلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايسىز.

مايكۇل جوسېفسوننىڭ سۆزلىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى .

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن كۆرۈۋالغىنىمىزدەك، قورقۇش ياكى ئەندىشە ئەسلىدە بىر ئەرزىمەس نەرسە. بىز پەقەت كۆڭلىمىزدىكى ئەندىشىنى يوقىتىپ، ئۆز-ئۆزىمىزگە تولۇق ئىشەنگەندىلا، ئاندىن مەلۇم بىر مەنزىلنى كۆزلەپ سەپەرگە ئاتلىنالايمىز. بىز پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا مەلۇم بىر غايىمىز ئۈچۈن يۇقىرىدا ۋىنستون چېرچىل ئېيتقىنىدەك ئىرادە بىلەن توختاۋسىز ئەجىر سىڭدۈرەلەيمىز.



1 ـ رەسىم: دوكتور مۇختەر ئوسمان

ئەجىر ھامان يەردە قالمايدۇ. بولۇپمۇ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۈچۈن تىنىمسىز تىرىشىۋاتقان ۋە ئىزدىنىۋاتقانلار ھامان ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ. مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان ياش يىگىت دەل شۇ تىرىشچانلىق روھى ۋە ئىرادىسى بىلەن ياشلارغا ئۈلگە بولالىغۇدەك نەتىجىلەرنى ياراتقان ئىپتىخارلىق ياشلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ بولسىمۇ ھازىر ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتىدىكى ئەمجىن (AMGEN) شىركىتىدە باش بىئوستاتىستىكا مۇتەخەسسىسى (Principal Biostatistician) بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىنىمىز دوكتور مۇختەر ئوسماندۇر. ئەمجىن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بىئو ـ تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ شىركەت ئاساسلىقى تۇرلۇك راك كېسەللىكلىرى ۋە ئىممۇنىتېت كېسەللىكلىرىنىڭ شىپاسى ئۈستىدە ئىزدىنىش، تەتقىقات ۋە دورا مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 17000 دىن ئارتۇق خىزمەتچى خادىمى بار بولغان بۇ شىركەتتە بۇ يىگىتىمىزنىڭ بىر كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىشى ئۇنچە ئاسانغا توختىغان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

دوكتور مۇختەر ئوسمان 1980 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە بىر زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ كىچىككىدىنلا پەن ـ تېخنىكىغا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى. نەچچە ئون يىللىق مائارىپچىلىق ھاياتىنى كۆچلۈك مەسئۇلىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاتىسى ئوسمان ئەپەندىمۇ ئۇنىڭ ھەر خىل قىزىقىشلىرىغا بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭغا بولغان ئىلھام ـ مەدەتلىرىنى ئايىمايتتى. يەنە بوش ۋاقىت تاپسىلا مۇختەرنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئوقۇپ بېرەتتى. مۇختەر بالىلىق چاغلىرىنى ئەنە شۇنداق قىزغىن ئۆگىنىش مۇھىتى بىلەن باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئوسمان ئەپەندىمۇ ئەينى زاماندا بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەچكە، دائىم ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئىلغار بىلىم يۇرتلىرىنىڭ پاراڭلىرىنى قىلسا، مۇختەر «چوڭ بولغاندا ئاتامغا ئوخشاش ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇيمەن»، دېگەن ئارزۇنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. شۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك ئارزۇغا يېتىش ئىستىكىدە ئۇ قاتتىق بېرىلىپ ئۆگەندى. ئۆزىنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ،

باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىللىرىدىلا ئىنگلىز تىلىنى پىششىق ئىگىلەپ ماڭدى. تەبىئىي پەنلەردىكى ئالاھىدە نەتىجىلىرى بىلەن ئۇستازلىرىنىڭ قايىللىقىنى قوزغىدى. ئۇ نۇرغۇن تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە ئۆز ئارزۇسى بويىچە 1999-يىلى بىر تۇتاش ئېلىنغان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا يۇقىرى نەتىجە بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يەرشارى فىزىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى.

ئۆز ئارزۇسىغا يەتكىنىدىن پەخىرلەنگەن مۇختەر ئۆيىدىكىلىرىنىڭ مەدەت-رىغبەتلىرى بىلەن ئالىي مەكتەپكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپتىكى ئوقۇش بېسىمىنىڭ خېلىلا يۇقىرىلىقىنى ھېس قىلدى. ھەر قايسى ئۆلكىلەردىكى ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار يىغىلغان ۋە كەسكىن ئۆگىنىش رىقابىتىگە تولغان بۇ مەكتەپ ھاياتى ئۇنى خېلىلا گاڭگىرىتىپ قويدى. ئەمما ئۇ بۇنىڭدىن ئىرادىسىنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرمىدى. ئەتراپىتىكىلەرنىڭ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تىرىشچانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئىلھام ئالدى، ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇرۇندىنلا يېتىلدۈرگەن ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش ئادەتلىرىگە يەنە يېڭى تولۇقلىمىلارنى كىرگۈزدى.

ئۇ يەنە ئۆزىگە يېڭى نىشان قىلىپ بېكىتكەن چەت ئەلگە چىقىپ بىلىم ئىگىلەش ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن، GPA، TOEFL، GRE نەتىجىلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولۇش كېرەكلىكىنى ئاڭلاپ، ئالىي مەكتەپنىڭ تۇنجى يىلىدىن باشلاپلا بۇ ئۈچ تۈردە ياخشى نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن تىرىشىشنى باشلىدى. كەچلىرى بولسا مۇزاكىرە ئۆيىدە سائەتلەپ ئۆگىنىش قىلاتتى. بەزىدە ئۇ قانچىلىغان تۈنلەرنى تاڭلارغا ئۇلىغىنىنى بىلمەيلا قالاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مۇۋەپپەقىيەت يوللىرىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن بويسۇندۇرۇپ، ئەلا نەتىجىسى بىلەن 2003-يىلى ئامېرىكىدىكى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى دەيۋىس شۆبىسى (University of California, Davis) نىڭ ئاتموسفېرا ئىلمى كەسپىگە تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن قوبۇل قىلىندى (مەنمۇ ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىقىدىكى دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى مۇشۇ مەكتەپتىن ئالغان). شۇ يىلى كۈزدە ئۇ كۆپتىن بېرى ئۆزىنى قوللاپ كېلىۋاتقان ئاتا-ئانىسىغا مىننەتدارلىقىنى ئېيتىپ، چەت ئەلدە كەسىپ ئىگىلەش سەپىرىنى باشلىۋەتتى.

ئامېرىكا تۇرمۇشىغا كۆنۈش ئۈچۈن ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ تىل ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى. ئوقۇش داۋامىدا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىرلىكتە يازغان تەتقىقات ماقالىسىنى «خەلقئارالىق كىلىمات ژۇرنىلى» (International Journal of Climate) دا ئېلان قىلدى. تەتقىقات ماقالىسىنى يېزىش جەريانىدا ئۇ نۇرغۇن ماتېماتىكا ۋە ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش، ھەمدە شۇ كەسىپتىكى ئوقۇتقۇچى-پروفېسسورلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. مۇختەرنىڭ ماتېماتىكىدىكى ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقىنى بايقىغان ئۇستازلىرى ئۇنىڭغا ماتېماتىكا ۋە ستاتىستىكا پەنلىرى بويىچە ئۆرلەپ ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات جەريانىدىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ماتېماتىكا ۋە ستاتىستىكا بىلىملىرىنى باشقا كەسپىي ساھەلەرگە خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ كەسىپ ئالماشتۇرۇش خىيالىغىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇ ئۈچ يىللىق ماگىستىرلىق ھاياتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، 2006-يىلى ئامېرىكىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان ستاتىستىكا كەسپىدە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان شىمالىي كارولىنا شتات ئۇنىۋېرسىتېتى (North Carolina State University) ستاتىستىكا فاكۇلتېتىغا پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى (PhD) بويىچە يەنە تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن قوبۇل قىلىندى.

ئوقۇش جەريانىدا ئۇ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، تېخىمۇ تىرىشىپ ئىلگىرىلىدى. دوكتورلۇق ئوقۇشى مەزگىلىدە، ئۇ ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن 200 گە يېقىن ئامېرىكىلىق ستۇدېنتلارغا ئىككى مەۋسۇم دەرس بەردى. ئوقۇش جەريانىدىكى نەتىجىلىرى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا، فاكۇلتېت رەھبەرلىكى ئۇنى بىئولوگىيە كەسپى بويىچە تەتقىقات ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان Inspire دورا تەتقىقات شىركىتىنىڭ تەتقىقات خىزمىتىگە ياردەمچى قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ جەرياندا ئۆزلىرى ئىشلىگەن تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ بىمارلارغا بىۋاستە نەپ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى كېسەل ئازابىدىن خالىي قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مۇختەر ئۆزىنىڭ ستاتىستىكا بىلىملىرىنى دورىگەرلىك ساھەسىگە خىزمەت قىلدۇرۇشتەك بۇ يولنى توغرا تاللىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى.



2 ـ رەسىم: دوكتور مۇختەر ئوسمان ئايالى گۈلارە ۋە قىزى شۇكرانە بىلەن بىللە. شۇكرانە بۇ يىل 4 ياشقا كىردى.

دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا ئۇ ئىزدىنىش روھىنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرمىدى. ئۇنىڭ يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى ستاتىستىكا نەزەرىيىسى ۋە قوللىنىش ژۇرنىلى (Journal of Statistical Theory and Practice)، بىئو ـ دورا ئىشلەش ستاتىستىكا ژۇرنىلى (Journal of Biopharmaceutical Statistics)، ۋە ھېسابلاش ستاتىستىكا ژۇرنىلى (Computational Statistics and Data Analysis) قاتارلىق خەلقئارالىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ يەنە ئامېرىكىدا ئېچىلىدىغان مۇھىم ستاتىستىكا يىغىنلىرىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، ئىلمىي دوكلاتمۇ بەردى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «Bayesian ـ noninferiority» سىناق ئۇسۇلى مېدىتسىنا ستاتىستىكا ساھەسىدە يارىتىلغان بىر يېڭىلىق دەپ قارالدى. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان «Bernstein» كۆپ ئەزالىق يېقىنلاشتۇرۇشنى قوللىنىپ تۈزگەن ئاجىزلاش مودېلى راك كېسەللىرى تەتقىقات ئانالىزىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە، دېگەن باھاغا ئېرىشتى. 2011 ـ يىلى ئۇ ئەلا نەتىجىسى بىلەن 31 يېشىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى شەرىپىگىمۇ ئېرىشتى.

مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئىنىمىز مۇختەر ئامېرىكا قان ۋە لىمفا راك كېسەللەر تەتقىقاتى ساھەسىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان سېلجىن (Celgene) شىركىتىگە قوبۇل قىلىنىپ، دورا تەتقىقاتىدا ستاتىستىكا ۋە ماتېماتىكىنى قوللىنىشتەك ئەمەلىي خىزمەتكە رەسمىي ئاتلاندى. نەچچە يىللىق قىسقىغىنە تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشتىن كېيىن، مۇختەر مېدىتسىنا ستاتىستىكا ساھەسىدىكى قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان نۇرغۇن مەسىلەردە بىر خېلىلا پىشقان تەجرىبىلىك كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندى. شۇ سەۋەبلىك مۇختەر ھازىرغىچە ئىچكى كېسەللەر ژۇرنىلى (Annals of Internal Medicine)، ھازىرقى زامان

كلىنىكىلىق سىناقلىرى (Contemporary Clinical Trials)، ۋە ۋاكسىنا ژۇرنىلى (Vaccine) قاتارلىق 9 خىل ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىلەرگە «تەستىقلىغۇچى مۇتەخەسسىس» (Reviewer) بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بەردى. سېلجىن (Celgene) شىركىتىدە ئىككى يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، مۇختەر 2013 - يىلى ئائىلىسى بىلەن كالىفورنىيە شتاتىغا كۆچۈپ كېلىپ، سان فرانسىسكودىكى ئەمجىن گۇرۇھى تارمىقىدىكى ئونىكس (ONYX) شىركىتىگە خىزمەتكە چۈشتى. ئونىكسمۇ مۇختەر بۇرۇن ئىشلىگەن شىركەتكە ئوخشاش قان ۋە لىمفا راك كېسەللىكلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان شىركەت بولغاچقا، مۇختەر بۇ يېڭى خىزمەت مۇھىتىغا تېزلا ئۆزلىشىپ، شىركەتنىڭ مۇھىم تەتقىقات تۈرىدە باشلامچى ستاتىستىكا مۇتەخەسسىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مۇختەر قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا خىزمەتداشلىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، ستاتىستىكا بۆلۈمى يېڭى ئۇسۇل تەتقىقات ۋە لايىھە گۇرۇپپىسىنىڭ باش يېتەكچىلىك خىزمىتىگە تەيىنلەندى.

مەن مۇختەر ئۈكىمىز بىلەن ئالدىنقى بىر يىل ئىچىدە بىر قانچە سورۇنلاردا بىرگە بولدۇم. ئۇ ناھايىتىمۇ كىچىك پېئىل، كەمتەر، ئاددىي، چىقىشقاق ۋە سەمىمىي بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان كىشى ھەرگىزمۇ ئۇنى بىر يۇقىرى سالاھىيەتلىك مۇتەخەسسىس، دەپ ئويلىمايدىكەن. مەن بۇ ئىنىمىزنى بۇ قېتىم بىر قەدەر تولۇق تونۇدۇم. مەن ئۇنىڭدىن ناھايىتىمۇ پەخىرلىنىمەن.

## تۆۋەندىكىسى دوكتور مۇختەر ئوسمان ئىنىمىزنىڭ ھازىرغىچە ئېلان قىلغان ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرغان ماقالىلىرىنىڭ تىزىملىكى:

### Journal Articles:

[1] Osman M. and Ghosh S. K. (2012) Nonparametric Regression Models for Right-censored Data using Bernstein Polynomials. Computational Statistics and Data Analysis, 56, 559-573.

[2] Osman M. and Ghosh S. K. (2011) Semiparametric Bayesian Testing Procedure for Noninferiority Trials with Binary Endpoints. Journal of Biopharmaceutical Statistics, 21, 920-937.

[3] Osman M. and Ghosh S. K. (2010) Novel Bayesian Methods for Noninferiority Tests based on Relative Risk and Odds Ratio for Dichotomous Data. Journal of Statistical Theory and Practice, 4, 433-452.

[4] Grotjahn R. and Osman M. (2007) Remote Weather Associated with North Pacific Subtropical Sea Level High Properties. International Journal of Climatology, 27, 587-602.

### Conferences:

[1] Evaluation of Bayesian Logistic Regression Model and 3+3 in a dose escalation study for combination drugs: a simulation study, Joint Statistical Meetings, Boston, MA, Aug 2014.

[2] A Noninferiority Testing Procedure based on Bayes Factor and Total Weighted Error Criterion, FDA-Industry Statistics Workshop, Washington, DC, Sep 2012.

[3] Bayesian Noninferiority Testing based on Total Weighted Error Criteria, Fourth Annual Bayesian Biostatistics Conference, MD Anderson Cancer Center, Houston, TX, Jan 2011.

[4] Nonparametric Regression Models for Right-censored Data using Bernstein Polynomials, ENAR Spring Meetings, New Orleans, LA, March 2010.

[5] Semiparametric Bayesian Testing Procedure for Noninferiority Trials with Binary Endpoints, Joint Statistical Meetings, Washington, DC, August 2009.




3 ـ رەسىم. مەنىسى: ئادەم ئۆز بېشىغا كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرگە پەرۋا قىلماي، يولۇققان توسالغۇ، خېيىمخەتەر ۋە بېسىملارغا پەرۋا قىلماي، ئۆزى قەتئىي قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. مانا بۇ بارلىق ئىنسان ئىرادىسىنىڭ ئاساسىدۇر.




4 ـ رەسىم. مەنىسى: ئۆزىۈڭىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب، ئۇ ئۆزىۈڭنى ئەڭ يۇقىرى چەككىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى.




5 ـ رەسىم. مەنىسى: بىر شام مىڭلىغان شاملارنى ياندۇرالايدۇ، ھەمدە ئۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقىراپ كەتمەيدۇ. بەخت ھەرگىزمۇ باشقىلار بىلەن ھەمبەھىرلەنگەنگە ئازلاپ كەتمەيدۇ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] http://whatwillmatter.com/2015/06/must-read-poster-quote-1-06-17-15/

[2] http://whatwillmatter.com/2015/06/must-read-quote-poster-2-06-18-15/

[3] Refuse to Be Afraid
http://whatwillmatter.com/2013/05/commentary-830-1-refuse-to-be-afraid/

[4] http://whatwillmatter.com/2015/06/must-read-poster-quote-2-06-17-15/

# تېببىي پەنلەر دوكتورى مۇتەللىپ هامۇت (ئاۋستىرالىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 5-ئاينىڭ 22-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

ئەنگلىيەلىك يۇرەك ئوپېراتسىيە دوختۇرى مارتىن لويد-جونز (Martyn Llyod_Jones) مۇنداق دەيدۇ: «تۇرمۇشتىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئاساسىي جەھەتتىن سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە قارىتىپ سۆز قىلماي، ئۆزىڭىزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشتىن كېلىپ چىقىدۇ.» سىز قايسى خىلدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلايسىز؟ سىز بىر يېڭى ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، سىزنىڭ كاللىڭىزدىكى بىر ئاۋاز سىزگە «سەن چوقۇم مەغلۇپ بولىسەن» دەمدۇ؟ ئەگەر سىزنىڭ ئاڭلىغىنىڭىز سەلبىي ئۇچۇر بولىدىكەن، ئۇ هالدا سىز ئۆز-ئۆزىڭىزگە سىزنى روھىي جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرىدىغان ئىجابىي سۆزلەرنى قىلىشنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆزىڭىزدىكى توغرا پوزىتسىيىنى قايتىدىن يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى كۆڭلىڭىزنىڭ سەلبىي ئاچىماق يوللارغا كىرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت .

پوزىتسىيىڭىزنى ياخشىلاش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىڭ:

**(1) ئۆزىڭىزنى توغرا «ئوزۇق» بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇڭ.** ئەگەر سىزگە هازىر ھېچ قانداق بىر ئىجابىي ئىش يۈز بەرمەيۋاتقان بولسا، ئۇ هالدا سىز ئۆزىڭىزنى داۋاملىق تۈردە سىزنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ماتېرىياللار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇڭ. سىزنى ئىجابىي پوزىتسىيىگە ئېرىشتۈرىدىغان كىتابلارنى ئوقۇڭ. سىزنى ئىلهاملاندۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئاڭلاڭ. سىز چۈشكۈنلۈككە قانچە چوڭقۇر پاتقانسېرى، سىزنىڭ ئۆز پوزىتسىيىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشىڭىز شۇنچە قىيىنغا توختايدۇ. ئەمما سىز داۋاملىق تۈردە توغرا «ئوزۇق» بىلەن ئوزۇقلىنىدىكەنسىز، سىز ئىجابىي ئويلايدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنالايسىز.

**(2) ھەر كۈنى بىر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇڭ.** بەزى ئادەملەر ئۆزىدە ھېچ قانداق ئىلگىرىلەش بولمىغاندەك ھېس قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، سەلبىيلىك پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كېتىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز ئەنە شۇنداق بولىدىكەن، سىز ھەر كۈنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن يەتكىلى بولىدىغان بىر قانچە نىشانلارنى تىكلەڭ. سىزنىڭ ھەر كۈنى بىر قىسىم ئىجابىي نەتىجىلەرنى يارىتىپ تۇرۇشىڭىز سىزنىڭ ئىجابىي ئويلىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

**(3) ئۆز تېمىڭىزغا يېزىپ قويۇڭ.** بىز ھەممىمىز توغرا تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىمىزگە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىشخانا تېمىغا ئۆزىگە بېرىلگەن مۇكاپاتلارنى ئېسىپ قويىدۇ، بەزىلەر ئادەمنى ئىلهاملاندۇرىدىغان تام گېزىتى چاپلاپ قويىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا ئۆزىگە كەلگەن خەتلەرنى چاپلاپ قويىدۇ. سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئۈنۈم بېرىدىغان نەرسىلەردىن بىر قانچىنى تېپىپ، ئۇنى تېمىڭىزغا ئېسىپ قويۇڭ.

يۇقىرىدىكى مەزمۇن مەن «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (9)» دېگەن ماقالەمدە تونۇشتۇرغان جون ماكسۋېل (John C. Maxwell) نىڭ «ماكسۋېل كۈنلۈك ئوقۇشلۇقى» دېگەن كىتابىنىڭ 80-بېتى (12-مارت كۈنى) نىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «بىر ئىجابىي پوزىتسىيە يېتىلدۈرۈش» دىن ئىبارەت .

مەن ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن. بۇ ھەپتە مەن يېڭى قېرىنداشلىرىمىزدىن يەنە 2 كىشىنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 38- ۋە 39-قېرىنداشلىرىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر سىڭلىمىز قەھرىمان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ يېڭى بىر مىسالى بولۇپ، يەنە بىر نەپەر ئۇكىمىز بولسا چەت ئەلدە ئوقۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، هازىر مۇھىم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەت ئورۇنلىرىدا كۆپلىگەن نەتىجىلەرنى ياراتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋەكىلىدۇر. بۇ 2

قېرىنداشلىرىمىزمۇ خۇددى مەن بۇرۇن تونۇشتۇرغان باشقا 37 نەپەر كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئۆزىدە بىر ئەجايىپ پۈزۈلتسىيە يېتىلدۈرۈش ۋە ساقلاشقا ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ ئاساستا ئۆزى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق، توسقۇنلۇق، ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە ئۈنۈملۈك ھالدا تاقابىل تۇرۇپ، باشلىغان يولىدىن يانماي، ئەڭ ئاخىرى نەتىجىلىك كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان قېرىنداشلاردۇر. مەن بۇ ئىككى نەپەر ئۆكىمىزدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.



1-رەسىم: دوكتور مۇتەللىپ ھامۇت

دوكتور مۇتەللىپ ھامۇت ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئونسۇ ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇتەللىپ كىچىكىدىنلا ئىنتايىن تىرىشچان بالا ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنلا ئوقۇتقۇچى ئاپىسىنىڭ ياردىمىدە ساۋاتىنى چىقىرىپ ھەم نۇرغۇن دەرسلىكلەرنى ئۆگىنىپ بولغاچقا، ئۇ 1-يىللىقتا كىرىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىنلا سىنىپ ئاتلاپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى 3-سىنىپتىن باشلاپ ئوقۇيدۇ. 1985-يىلى ئونسۇ ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن شىنجاڭ نېفىت مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. مۇتەللىپ كىچىكىدىنلا تىل ئۆگىنىشكە ناھايىتى قىزىقاتتى. شۇڭا ئۆزىنىڭ شىنجاڭ تاشقى سودا مەكتىپىدە ئىنگلىز تىلى كەسپىدە ئوقۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇش باشلاپ بىر ئايدىن كېيىن، بۇ مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ، يۇرتىغا قايتىپ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇشنى باشلايدۇ. مۇتەللىپ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكۈچە ئىزچىل ھالدا سىنىپىنىڭ ئۆگىنىش ھەيئىتى، ۋە دەرستىن سىرتقى خىمىيە گۇرجىكىدە باش تەشكىللىگۈچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

مۇتەللىپ 1988-يىلى ئونسۇ ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەلا نەتىجە بىلەن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كېچە-كۈندۈز ئىخلاس بىلەن تىرىشىدۇ. ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدا خەنزۇ تىلىدا 97 نومۇر (تولۇق نومۇر 100 نومۇر ئىدى) ئالغان بولغاچقا، 1-يىلى تەييارلىق سىنىپىدا خەنزۇ تىلى تېز سىنىپقا تاللىنىدۇ. ئۇ كەسپى خەنزۇ تىلى ۋە كەسپى تېببىي

دەرسلەرنى تېرىشىپ ئۆگەنگەندىن سىرت، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە بولغان ئىشتىياقىنىڭ تۈرتكىسىدە، ھەر كۈنى ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. دەرستىن سىرتقى ئىنگلىز تىلى كۇرسلىرىغا قاتنىشىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەن سەھەردە ئىنگلىزچە خام سۆزلەرنى يادلايدۇ. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئالدى بىلەن مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ، «جۇڭگو كۈنلۈك گېزىتى» (China Daily) ۋە «ئىنگلىز تىلى دۇنياسى» (English World) نى ئوقۇيدۇ. شۇ سەۋەبتىن دائىم ئاشخانىدا ئېشىپ قالغان تاماقلارنى يېيىشكە رازى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە، 1993 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دۆلەتلىك ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى 4 ـ دەرىجىدىن ئۆتىدۇ. بۇ شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخىدىكى ئانا تىل بىلەن ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى تۇنجى رېكورت ئىدى. ئارقىدىنلا، يەنى 1994 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، مۇتەللىپ دۆلەتلىك ماگىستىر ئاسپىرانتلار ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخىدىكى تۇنجى ئانا تىل بىلەن ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ماگىستىرلىققا ئۆتكەن 2 ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى بولىدۇ (يەنە بىرى ئاياللار ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرى گۈزەلنۇر ئابلىز). بۇ يەردە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈلمەيتى. لېكىن، ماگىستىرلىققا كىرىش ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىدا چوقۇم لاياقەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىناتتى. ئۇنىڭدىن سىرت سىياسەت دەرسلىرى ئانا تىلدا ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، دۆلەتلىك ماگىستىرلىققا كىرىش ئىمتىھانىدا سىياسەتنى خەنزۇ تىلىدا بېرىش تەلەپ قىلىناتتى. قالغان 3 ئىمتىھان تۈرى تېببىي كەسپىي پەنلىرى ئىدى. تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاخىرقى يىلى ئوقۇغۇچىلار دوختۇرخانىلاردا ئەمەلىي پراكتىكا بىلەن ناھايىتى ئالدىراش ئۆتىدىغان بولسىمۇ، مۇتەللىپ قىسقىغىچە نەچچە ئاي ئىچىدە ئۆزىنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىقى بىلەن، تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخىدا 2 چوڭ بۆسۈشنى قولغا كەلتۈردى. بۇ نەتىجىلەر كېيىنكى يىللىق ئوقۇغۇچىلارغا چوڭقۇر ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى 2 ـ 3 ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ماگىستىرلار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ ماڭدى، ۋە بۇ قوشۇن داۋاملىق زورايدى.

مۇتەللىپ يەنە 1994 ـ يىلى شۇ قارارىدىكى 125 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە ئىلمىي نەتىجىسى 1 ـ بولۇپ ئوقۇش پۈتتۈردى. ئۇ 1994 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە داڭلىق يۈرەك كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى روزى ھاجى مۇھەممەدنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يۈرەك كېسەللىكلىرى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى تاماملايدۇ. بۇ جەرياندا 1995 ـ يىلى مۇتەللىپ يەنە دۆلەتلىك ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى 6 ـ دەرىجىدىن ئۆتىدۇ. بۇ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخىدىكى يەنە بىر يېڭى رېكورت ئىدى. مۇتەللىپ ماگىستىر تەتقىقاتىنى خوتەندە ياشانغان ئۇيغۇرلاردىكى يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان بولۇپ، تەتقىقات نەتىجىلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇ ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىدا يۈرەك كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىدۇ. خىزمەت جەريانىدا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن توختىماي ئىزدىنىدۇ. ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرىدە ئوقۇماقچى بولغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان تىل ئىمتىھانى TOEFL ۋە GRE قاتارلىقلاردا ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ، ھەمدە ئامېرىكا ۋە كانادادىكى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇش چاقىرىقلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بىراق، تېببىي پەنلەردە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بەكمۇ چەكلىك بولغاچقا، ھەمدە ئۆز ئىقتىسادى بىلەن ئوقۇش يار بەرمىگەچكە، يۇقارقى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بېرىشقا ئامالسىز قالىدۇ.

مۇتەللىپ 2000 ـ يىلى دۆلەتلىك سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ چەتئەلگە چىقىپ بىلىم ئاشۇرىدىغانلار ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىدا ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى بولىدۇ، ھەمدۇ. ھەمدە ياپونىيەگە بېرىپ بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. لېكىن ئىنگلىز تىلى قوللىنىدىغان دۆلەتلەرگە بېرىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغاچقا، ياپونىيەگە بېرىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ئاخىرى، 2002 ـ يىلى خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتى (WHO) ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. بۇ مۇكاپاتقا مەملىكەت بويىچە ئارانلا

26 كىشى تاللانغان بولۇپ، مۇتەللىپ پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى بويىچە تاللانغان بىردىن-بىر نامزات ئىدى. مۇتەللىپ 2003-يىلى 4-ئايدا ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنىي شەھىرىگە كېلىپ Prince of Wales دوختۇرخانىسىدا 6 ئايلىق يۈرەك كېسەللىكلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشنى باشلايدۇ. 2004-يىلى، بۇرۇنقى ئەلا ئوقۇش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە يۇقىرى ئىنگلىز تىلى نەتىجىلىرى بىلەن ئاۋستىرالىيەنىڭ دۆلەتلىك ئوقۇش مۇكاپاتىغا (Endeavour International Postgraduate Research Scholarship: IPRS) ئېرىشىپ، Newcastle ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئوقۇشىنى باشلايدۇ. شۇ يىلى Newcastle ئۇنىۋېرسىتېتىدا بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار پەقەت 6 كىشى بولۇپ، چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئومۇمى سانى 6 مىڭدىن ئاشىدۇ). ئۇ يۈرەك تاجسىمان قان تومۇر ئايلىنىشىنىڭ كونترول مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. بۇ جەرياندا ئامېرىكا، گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرالىيە دۆلەت ئىچىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىدۇ. مۇتەللىپ 2009-يىلى يۈرەك قان تومۇر فىزئولوگىيە كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالىدۇ.



2-رەسىم: مۇتەللىپنىڭ دوكتورلۇق يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى، پروفېسسور تونى كۋايىل **(Tony Quail)** بىلەن 2009-يىلى 6-ئايدا گېرمانىيەنىڭ بېرلىن شەھرىدە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىندا.

مۇتەللىپ دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، دوختۇرلۇق كەسپىگە قايتىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغاچقا، دوكتور ئاشتى تەتقىقاتىدىن ۋاز كېچىپ، 2010-يىلى ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىك دوختۇرلۇق سالاھىيەت ئىمتىھانىنى (AMC) نەتىجىلىك تاماملايدۇ. (AMC) ئىككى باسقۇچلۇق ئىمتىھان بولۇپ، بىرىنچى باسقۇچ تېببىي ئاساسىي پەنلەر ۋە بارلىق كلىنىكىلىق پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ كلىنىكىلىق ئەمەلىيەت ئىمتىھانى. AMC ئامېرىكىنىڭ دوختۇرلۇق سالاھىيەت ئىمتىھانى USMLA بىلەن باراۋەر). مۇتەللىپ 2011-يىلدىن ھازىرغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سىدنىيدىكى Westmead، Liverpool ۋە Royal Prince of Albert قاتارلىق دوختۇرخانىلاردا خىزمەت قىلدى. ئۇ ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ ئىچكى كېسەللىكلەر كەسپىنىڭ باش ۋراچلىق خىزمىتىنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر ئايالى رىزۋانگۈل خېلىل، قىزلىرى رەنا ۋە لالە لەر بىلەن سىدنىيدا تۇرىدۇ.



3 ـ رەسىم: مۇتەللىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا چۈشكەن سۈرىتى.

مۇتەللىپ كىچىكىدىنلا پەقەت مەقسەت ۋە نىشان ئېنىق بولسىلا، ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتى. يەنى ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئىنگلىزچىدىكى: «نىيەت بار يەردە، ئامالمۇ بار» (There is a will, there is a way) دېگەن ئەقلىيە سۆزىدۇر.

مۇتەللىپ ۋەتەن ئىچى سىرتىدىكى ياشلاردىن ئاۋستىرالىيەگە كېلىپ دوختۇرلۇق قىلماقچى بولغانلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەشنى، خالىس مەسلىھەت بېرىشنى خالايدۇ. ئەگەر ئىنىمىز مۇتەللىپ بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئىستىسىڭىز، مەن بىلەن ئالاقىلىشىڭ: bilim.humar@yahoo.com

## تۆۋەندىكىسى دوكتور مۇتەللىپ ھامۇت ئىنىمىزنىڭ ھازىرغىچە ئېلان قىلغان ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتۇرغان ماقالىلىرىنىڭ تىزىملىكى:

### Journal Articles:

[1] Mutalip Hamut, Rozi Haji, He Bingxian (2000). A case control study on the levels of lipid, fasting glucose, fasting insulin and sex hormones of hypertension in among elderly Uyghur people in Hetian, Xinjiang. Chinese Journal of Epidemiology, 21(5): 359-361.

[2] Mutalip Hamut, Rozi Haji (2000). Insulin resistance, hyperinsulinemia and hypertension. Journal of Xinjiang Medical University, 23(4): 375-377.

[3] Mutalip Hamut, Rozi Haji, He Bingxian (2000). A study on the risk factors of hypertension in the elderly Uyghur people. Journal of Xinjiang Medical University, 23(2): 118-121.

[4] Hamut M, Haji R, He BX (2002). A case control study on the risk factors of hypertension in the elderly Uyghur people. Journal of American College of Cardiology, 39 (suppl B): 469; conjunction with the Fourteenth World Congress of Cardiology (Sydney, Australia, May 2002).

[5] Hamut M, Quail A, Cottee D, Seah P, McLeod D, Blake R, and White S. Vagal-cholinoceptor control of coronary circulation in sheep. Clin. Exp. Pharmacol. Physiol Manuscript in preparation.

[6] Hamut M, Quail A, Cottee D, Seah P, McLeod D, Blake R, and White S. Mammalian differences in baroreflex control of coronary conductance. Am. J. Physiol (Heart Circ.). Manuscript in preparation.

## Conference:

### Oral presentation:

[7] Hamut M, Quail A, Cottee D, Seah P, McLeod D, Blake R, White S (2007). Baroreflex-autonomic control of regional coronary blood flow conductance in awake sheep. Australian Physiological Society Annual Meeting, Newcastle, Australia; Proc. Au.P.S. 38: 65P.

[8] Hamut M, Quail A, Seah P, McLeod D, Blake R, Cottee D, White S (2009) Cholinoceptor control differences do exist in the coronary circulation of Mammals. 6th Congress of the International Society for Autonomic Neuroscience (ISAN), Sydney, Australia, 1-4 September, 2009.

[9] Hamut M, Quail A, Cottee D, Seah P, McLeod D, Blake R, White S (2009) Evolutionary differences in baroreflex control of mammalian coronary conductance. 6th Congress of the International Society for Autonomic Neuroscience (ISAN), Sydney, Australia, 1-4 September, 2009.

### Poster presentation:

[10] Hamut M, Quail A, Cottee D, Seah P, Blake R, White S, McLeod D, Bishop R (2006). Development of a chronic sheep model for the study of regional coronary control mechanisms. Experimental Biology Meeting, San Francisco, USA; FASEB Journal, 20: A1398.

[11] Hamut M, Quail A, Cottee D, Seah P, McLeod D, Blake R, White S (2008). Effects of evoked acute and steady-state high blood pressure on control of right and left coronary blood flow and conductance in awake sheep. 18th Scientific Meeting of European Society of Hypertension and 22nd Scientific Meeting of International Society of Hypertension, Berlin, Germany; Journal of Hypertension 2008, Vol. 26 (suppl. 1): S272.

# دوكتور مۇھەممەت ئابدۇللا ۋە دوكتور ئاينۇر ئابدۇرازاق

(بۇ يازما تورلاردا 2014-يىلى 12-ئاينىڭ 19-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

مەن بۇ يەردە بىر جۈپ ئەر-ئايال ئۇكىلىرىمىزنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. سىڭلىمىزنىڭ ئىسمى ئاينۇر ئابدۇرازاق. ئۇ ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل ئىنگلىزچە دەرس ئۆتۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، شۇڭا بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر ئاينۇر سىڭلىمىزنى تونۇيدۇ. بۇ تەقۋادار سىڭلىمىز نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئامېرىكىنىڭ پايتەختىدىكى جورج ماسون (George Mason) ئۇنىۋېرسىتېتىدا كومپيۇتېر ئىلمى (computer science) كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن 3 يىل ئىلگىرى ئۇ NASA نىڭ «گوددارد ئالەم مەركىزى» (Goddard Space Flight Center) گە خىزمەتكە كىرىپتۇ (مەن بۇ ئىشتىن تېخى يېقىندا خەۋەر تاپتىم. گوددارد ئامېرىكىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان. بىزنىڭ ئىدارىمىز JPL بولسا ئامېرىكىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى تىنچ ئوكيان قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى ئايروپىلان بىلەن ماڭسا 5.5 سائەتلىك يول). ھەمدە ھازىر دېڭىز بىئولوگىيىسى ساھەسىدە سۈنئىي-ھەمراھلار ئارقىلىق توپلىغان ئۇچۇرلارنى كومپيۇتېر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىپ، دۇنيادىكى ھەر خىل ئورۇنلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەييارلاپ بېرىدىغان خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. مەن بۇ سىڭلىمىزنى ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىدىلا تونۇيتتىم (ئاينۇر مېنىڭ ئايالىم ئامانگۈل بىلەن تۇغقان كېلىدۇ). بۇ قېتىم يۇقىرىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. شۇنداق قىلىپ ھازىر NASA دا يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكىلىق خادىم بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئىككى بولدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاينۇر سىڭلىمىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن — مۇبارەك بولسۇن، ئاينۇر سىڭلىم! ئاينۇر سىڭلىمىزمۇ ئۇيغۇر دىيارىدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ھەممە ئوقۇشنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇغان.

ئاينۇرنىڭ ئېرى مۇھەممەتجان ئابدۇللانىمۇ خېلى كۆپ ئوقۇرمەنلەر تونۇيدۇ. ئۇمۇ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كومپيۇتېر ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ، ھازىر ئامېرىكىنىڭ ۋىرجىنىيە (Virginia) شتاتىدىكى بىر شىركەتتە ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكىلىق خادىم بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ ئىنىمىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئىشلارنى قىلىپ بەردى. مەسىلەن، 9 يۆنىلىشلىك ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە ۋە خەنزۇچە يۇلغۇن تور لۇغىتىنى مۇشۇ ئىنىمىز ياساپ چىققان. ئۇ لۇغەتنىڭ تور ئادرېسى: http://dict.yulghun.com. يۇلغۇن ئۇيغۇر ئەرەبچە يېزىقى يۇمشاق دېتالىنىمۇ مۇشۇ ئۇكىمىز ئىشلەپ چىققان بولۇپ، ھازىر چەت ئەلدىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئاشۇ ئىككى يۇمشاق دېتاللاردىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. مەنمۇ ئاشۇ يۇمشاق دېتاللاردىن ناھايىتى كۆپ پايدىلىنىۋاتقانلارنىڭ بىرى بولىمەن. مېنىڭ بىلىشىمچە، يۇقىرىقى يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلەپ چىقىشتىن بۇرۇن مۇھەممەتجان ئۇكىمىز يەنە «LaTex» يۇمشاق دېتالىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنىمۇ ئىشلەپ چىققان ئىدى. ئۇ ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بەزى ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ.

مۇھەممەدجان ئىنىمىز بىلەن ئاينۇر سىڭلىمىزنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان، سۆيۈندۈرىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان ناھايىتى كۆپ ئىش-ئىزلىرى بار. ئەمما، مەن مەزكۇر يازمىنى تەييارلىغاندا ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشالمەي قالدىم. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان باشقا قېرىنداشلاردىن بىرەرىنىمۇ تاپالماي قالدىم. شۇڭلاشقا مەزكۇر يازمىدىكى ئۇلارنى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇن ناھايىتى قىسقا بولۇپ قالدى. مەن ئوقۇرمەنلەردىن بۇ ئەھۋالنى توغرا چۈشىنىشنى سورايمەن.



1 ـ رەسىم: سىڭلىمىز ئاينۇر 1998 ـ يىلى بىزنىڭ شىمالىي كالىفورنىيەدىكى ئۆيىمىزگە كەلگەندە خاتىرە ئۈچۈن چۈشكەن بىر پارچە رەسىم. بۇ رەسىم 1998 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر كۈنى تارتىلغان.

مەيلى ئۇيغۇر دىيارىدا بولسۇن، ياكى چەت ئەلدە بولسۇن، بىزنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىشىلىرىمىزدەك ھەقىقىي ئىلغار كىشىلىرىمىز بار. ھەقىقىي يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ باشلامچىلىرى بار. مىسلىسىز ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئۆز كەسپىدە ھەقىقىي تۆردە تۆھپە يارىتىۋاتقان، ئەمما نام ـ ئاتاقنى ئازراقمۇ مۇھىم بىلمەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئازراقمۇ قىزىقمايدىغان كىشىلىرىمىز بار. خەلقىمىزگە ئاشۇنداق كىشىلەرنى بىلدۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى بەك زور بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئاشۇنداق ياخشى ئۈلگىلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تەربىيىلەشنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى ۋە پايدىسى كۆپ بولىدۇ. مەن بۇ يەردە ئۈلگىنىڭ رولى ھەققىدە بىر بولغان ئىشنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرەي. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋال ئاستىدا قېلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈمىدسىزلىنىشكە ۋە چۈشكۈنلىشىشكە قاراپ ماڭغاندا، گېرمان ئەسكەرلىرىنى يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئېتىپ ئۆلتۈرىدىغان بىر قەھرىماننى تىكلەپ، ئۇنىڭ ھەر كۈنى قانچە گېرمان ئەسكەرلىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى كەڭ تۆردە تەشۋىق قىلىپ، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئەلنىڭ روھىنى ئۇرغۇتقان. بۇ ئەھۋال ئامېرىكا ئىشلىگەن «ئىشىكلەردىكى دۈشمەنلەر» (Enemy at the Gates) دېگەن كىنودا تەسۋىرلىنىدۇ. ئۈلگىنى خاتا تاللاپ قويۇشنىڭ، ھەمدە ئۈلگىنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى ئەمەس، سەلبىي تەرەپلىرىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ زىيىنىمۇ ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ. تەشۋىقاتنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى كۆڭۈلنى پروگراممىلاش. مەن بارلىق قېرىنداشلاردىن بۇ ھەقىقەتنى تولۇق تونۇپ يېتىشنى، ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

دوكتور مۇھەممەد ئابدۇللاھ بىلەن سۆھبەت 1 ـ قىسىم: https://youtu.be/M5epzbNEWQ8

دوكتور مۇھەممەد ئابدۇللاھ بىلەن سۆھبەت 2 ـ قىسىم: https://youtu.be/yy0AcjozCoY

دوكتور ئاينۇر ئابدۇرازاقنىڭ ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىدە بەرگەن دوكلاتى: ئوكيان رەڭلىرىنى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق كۆزىتىش: https://youtu.be/vlrtD5WpU6E

دوكتور مۇھەممەد ئابدۇللانىڭ ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىدە بەرگەن دوكلاتى: ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى رەقەملىك مۇھىتتا مۇھاپىزەت https://youtu.be/emw_bQEYWkI

# دوكتور ناسىرھاجى مەمتىلى (ياپونىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(دوكتور ناسىرھاجى مەمتىلىنى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى دوكتور نۇرشىدە پولاتنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)

ئىنىمىز ناسىرھاجى مەمتىلى (ئىنگلىزچە «Nassirhadjy MEMTILY» دەپ يېزىلىدۇ) 1969 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە بىر ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ھەم ئوتتۇرا مەكتەپنى مائارىپ ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان ئاتۇش شەھىرىدە ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، 1988 - يىلى شاڭخەي تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى (ھازىرقى فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شاڭخەي تېببىي ئىنستىتۇتى) نىڭ داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىنىدى. ئۇ غەربىي - شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا 2 يىل تەييارلىق ئوقۇغاندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي ئوقۇشنى باشلاپ، شاڭخەيدە 1995 - يىلى داۋالاش كەسپىنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىنى تاماملىدى.

باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ناسىرھاجى شۇ چاغدىكى تەقسىمات بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەھىيە نازارىتى تەۋەلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەقسىم بولۇپ، فىزىئولوگىيە (ھاياتلىق بىلىمى) ئوقۇتقۇچىسى بولدى. 2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ مەكتەپ شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوشۇۋېتىلگەندە، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسپىي ئىنستىتۇتىدا فىزىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى.

2004 - يىلى ئۆز ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىئوخىمىيە ۋە مولېكۇلىلىق بىئولوگىيە تېخنىكىسى كەسپىدە ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىردى، ھەمدە بۇ ئوقۇشنى 2007 - يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ناسىرھاجى شۇ يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر تېبابەت فاكۇلتېتىغا ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ ئالمىشىپ باردى. ئۇ يەردە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تېبابىتى ئۆگىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تولۇق كۇرس دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش خىزمىتىگە ياردەملەشتى. شۇ مەزگىلدە ئۇ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى سەۋىيىسىدە تۇرۇپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ بىلىمى ئۇيغۇر تېبابەت ۋە دورىگەرلىك تەتقىقاتىغا ئازلىق قىلىپ قالىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

ناسىرھاجى كىچىكىدىنلا يىراق جايلارغا بېرىپ، ئەڭ ئاخىرغىچە ئۆرلەپ ئوقۇشنى ئۆزى ئۈچۈن بىر نىشان قىلىپ تىكلىگەن بولغاچقا، ئىشلەپ مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا رەسمىي بەل باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق تىرىشىپ، 2010 - يىلى ياپونىيەدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان تسۇكۇبا ئۇنىۋېرسىتېتى (University of Tsukuba) نىڭ دوكتورلۇق ئىمتىھانىدىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئىنسانىيەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئىنستىتۇتى كانسېي ئادەتلىنىشلىك مېڭە ئىلمى تەتقىقات بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىنىدى.




1 ـ رەسىم: ئىنىمىز ناسىرهاجى تسۇكۇبا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىكى بىر خاتىرە رەسىم.

گەرچە ناسىرهاجىنىڭ ئائىلىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش ئارزۇسىنى قايتا ـ قايتا بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ناسىرهاجى بۇ ياردەملەرنى رەت قىلىپ، «ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ئوقۇيمەن» دېگەن يولنى تاللىدى. دەسلەپكى 2 يىلدا ناسىرهاجى يىلدا ئاران بىر كۈن، يەنى پەقەت نورۇز بايرىمىدىلا ئارام ئېلىپ، ئۇنىڭدىن باشقا كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى ۋېلىسىپىت بىلەن 8 كىلومېتىر يول يۈرۈپ (بېرىپ ـ كېلىش ئۈچۈن 16 كىلومېتىر يول يۈرۈپ)، دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە ئەتىگەن سائەت 7 ـ 8 لەردىن كەچ سائەت 11 ـ 12 لەرگىچە ئىشلىدى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تەجرىبىخانىدا ئۇخلاپ قوپتى. شەنبە، يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرى بولسا ئەتىگەندىن كەچكىچە بىر رېستوراندا ئىشلەپ، ئوقۇش چىقىمى بىلەن ئائىلە تۇرمۇشىغا كېتىدىغان ئىقتىسادنى ھەل قىلىپ، تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇردى. دوكتورلۇق ئوقۇشىنى باشلاپ 2 يىل ئۆتكەندە ئاندىن ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەتقىقاتقا كىرىشىپ كەتتى. تەتقىقات جەريانىدا بىر قىسىم مۇھىم يېڭى بايقاشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، شۇلارنى مەزمۇن قىلغان ئىلمىي ماقالىسىنى ياۋروپانىڭ «خەلقئارالىق ئۆسمە كېسەللەر ژۇرنىلى» (International Journal of Oncology) دا ئېلان قىلدى. يەنە بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەزمۇن قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرى ھازىر ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

ئىنىمىز ناسىرهاجى دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا يەنە ياپونىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردە ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىغا قاتناشتى. ھەممە ئۇ يىغىنلاردا ھۈجەيرە پەردىسىدىكى ئايرىپ ئېلىش قىيىن بولغان ئاقسىللارنى ئايرىپ ئېلىش، ھەممە ئۇلارنىڭ 3 ئۆلچەم (3D) لىك تەسۋىرىنى ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ ۋە كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھايۋانات توقۇلمىلىرىنى قۇرۇتماي ياكى مۇزلاتماي تۇرۇپ، سۇيۇقلۇق ئىچىدە مىكروسكوپ بىلەن كۆزىتىش، ھەممە ئۇنىڭ ئۆسمە ئوپېراتسىيىسى جەريانىدىكى قوللىنىشچانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار بويىچە ئۆزى قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەققىدە ئىلمىي دوكلات بەردى.

ئىنىمىز ناسىرھاجى مەمتىلى ئەنە شۇنداق ياخشى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن 2015-يىلى تسۇكۇبا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.




2-رەسىم: ئىنىمىز ناسىرھاجىنىڭ يەنە بىر خاتىرە رەسىمى.

ئۇنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش، ۋە ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ ھەسسە قوشۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى بۇرۇنقى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ، شۇ يەردە ئىشلەش ئالدىدا تۇرماقتا.

دوكتور ناسىرھاجى مەمتىلىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىغا مۇنداق يۈرەك سۆزلىرى بار: «بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمدىن، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتتىن تەلىم-تەربىيە بىلەن پەرقلىنىدۇ. مۇستاپا كامال ئاتا تۈركنىڭ 1924-يىلىدىكى سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ‹تەربىيەدۇركى، بىر مىللەتنى يا ھۆر، مۇستەقىل، شانلىق، ئالىي بىر توپلۇق خەلق قىلىپ ياشىتىدۇ، ياكى بىر مىللەتنى قۇللۇق ۋە يوقسۇللۇققا تەرك ئېتىدۇ.› بىزلەر ئۈچۈن زۆرۈر تەربىيە شۇكى، ھەر بىر ياش ئېتىقادلىق ھەم بىلىملىك بولسا، بىز روناق تاپىمىز. ئۈمىدسىزلىك ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمىزدۇر. ئۈمىدۋارلىق توغرىسىدا مۇنداق بىر ھەدىس بار: ‹ئۈمىدۋار گۇناھكار ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئۈمىدسىز ئابىدتىن يېقىن.›»

دوكتور ناسىرھاجى مەمتىلى قېرىنداشلار ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى ئىستەيدۇ. ئەگەر قېرىنداشلار ئارىسىدا بىئوخىمىيە كەسپىگە ئائىت تەتقىقات ۋە تېخنىكا، شۇنداقلا ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقاتى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراشنى ئىستەيدىغانلار بولسا، ئۇلار ئىنىمىز ناسىرھاجى بىلەن ئالاقىلەشسە بولىدۇ. ناسىرھاجى ئۆكىمىز سورالغان سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلسە، ئۇنىڭغا ئۆزى بىراقلا جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر ئۆزى تولۇق جاۋاب بېرەلمەي قالسا، ئۇ ئىزدىنىش ۋە باشقىلاردىن سوراش ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك قېرىنداشلارغا ياردەم قىلىشنى خالايدۇ. ئاشۇنداق قېرىنداشلار ئىنىمىز ناسىرھاجى بىلەن memtily@hotmail.com ياكى memtily@kansei.tsukuba.ac.jp ئارقىلىق ئالاقىلەشسە بولىدۇ.

## دوكتور ناسىرھاجى مەمتىلى ھازىرغىچە ئېلان قىلغان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكى (ھەر خىل تىللاردا):

[1] Nassirhadjy MEMTILY, et al, The expression of rat interleukin-6 gene in COS-7 cell. Journal of Xinjiang Medical University 2007:23(1)15~22.

[2] Nassirhadjy Memtily, et al. Ulcerative colitis, pathogenesis Xinjiang Medical Journal 2007:37 (1) 121~125.

[3] Aziguli·Keremu， LONG Mei， Halmurat·Wufuer, Nassirhadjy MEMTILY, et al. Construction of rat IL - 6 gene siRNA expression vector Journal of Xinjiang Medical University 2007:30 (9) 932~935.

[4] WU Gui-xia, Kurexi·Yunusi， Kelala·Abasi， Nassirhadjy MEMTILY, et al. Construction of eukaryotic expression vector iNOS of UC rats and its expression on COS-7 cell. Journal of Xinjiang Medical University 2007:30 (9) 935~938.

[5] Nassirhadjy MEMTILY, et al. PBL-Fits functional subject teaching. Journal of Xinjiang Medical University 2007:23(6) 57~59.

[6] Nassirhadjy MEMTILY, et al. Observation of Cell Adhesion Molecules in different type of Abnormal Humor Syndrome patients with Coronary Heart Disease. Journal of Xinjiang Medical University 2008:24(1).

[7] 左宏莉,纳斯尔阿吉·买买提艾力,郭伟鹏,卢申, 金琼华, 黄鑫淼, 张志欣,吐尔洪·克维尔. 新疆汉族人群血小板抗原 1-5、15 系统基因多态性分析[J]. 中国输血杂志,2009,22(1): 29-31.

[8] MEMTILY Nassirhadjy, 三尾 和弘 ,小椋 俊彦, 清中 茂樹 , 森 泰生, 佐藤 主税. 透過型電子顕微鏡を用いた三次元再構成法によって明らかにされた TRPC5 イオンチャネルの構造年度 TRP 研究会 2013， 生理学研究所.

[9] Memtily Nassirhadjy; Mio Kazuhiro, Sato Mari; Ebihara Tatsuhiko; Sato Chikara.
Observation of Tissues in Solution by Atmospheric Scanning Electron Microscope (ASEM) Microscopy and Microanalysis vol. 20, issue S3, pp. 978-979.

[10] Memtily N, Okada T, Ebihara T, Sato M, Kurabayashi A, Furihata M, Suga M, Nishiyama H, Mio K, Sato C. Observation of Tissues in Open Aqueous Solution by Atmospheric Scanning Electron Microscopy: Applicability to Intraoperative Cancer Diagnosis. Int J Oncol. 2015 Feb 24. doi: 10.3892/ijo.2015.2905.

# نەفىزە ئابدۇراخمان

(بۇ يازما تورلاردا 2015 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئېلان قىلىنغان)

مەن بۇ ھەپتە چەت ئەلدە نەتىجە ياراتقان قېرىنداشلىرىمىزدىن يەنە 3 يېڭى كىشىنى تونۇشتۇرىمەن. بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغىنىم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرى ئىچىدىن چىققان ئاۋانگارت قېرىنداشلىرىمىز بولۇپ، ئۇلارنى «ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان ھازىرقى زامان قەھرىمان خانىم - قىزلىرىنىڭ مىساللىرى» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەن رەسمىي مەزمۇننى باشلاشتىن بۇرۇن ئاياللارنىڭ ھازىرقى دۇنيادىكى رولى ھەققىدىكى بىر قىسقا مەزمۇننى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. بۇ مەزمۇن 2015 - يىلى 12 - ئاپرېل كۈنى بىزنىڭ ئىدارىمىز، NASA مەركىزى ج پ ل (JPL) نىڭ تور بېتىدە خەۋەر قىلىنغان.

ئاسترونومىيە ساھەسىدە بىر تەتقىقاتچى بىر يېڭى ئاستېروید (كائىنات ئۇچار تاشلىرى) نى بايقىسا، ئۇ ئاستېرويدقا ئىسىم قويۇش ھوقۇقى ئاشۇ تەتقىقاتچىنىڭ قولىدا بولىدۇ. JPL دىكى ئايال ئاسترونومىيە ئالىمى ئەيمى مېينزېر (Amy Mainzer) 2010 - يىلى 6 - ئايدا مارس بىلەن يۇپىتېرنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر ئوربىتىدا قۇياشنى ئايلىنىدىغان بىر ئاستېرويدنى بايقىغان بولۇپ، ئۇ ئاستېرويد ھازىرغىچە «316201» دېگەن نومۇر بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇ ئاستېرويدنىڭ دىئامېتىرى 4 كىلومېتىر بولۇپ، رەڭگى خەت بېسىش ماشىنىسىنىڭ سىياسىغا ئوخشاش قاپقارا ئىكەن.



1 - رەسىم: **JPL** دىكى ئايال ئالىم ئەيمى مېينزېر خانىم.

1997 - يىلى 12 - ئىيۇل كۈنى تۇغۇلغان پاكىستانلىق قىز مالالا يۇسافزاي (Malala Yousafzai) بالىلىق ۋاقتىدىن باشلاپلا بىر سىياسىي پائالىيەتچى بولۇپ، قىزلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا كۆپلىگەن پائالىيەتنى ئېلىپ بارغان. 2012 - يىلى 9 - ئۆكتەبىر كۈنى مالالا مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىۋاتقان يولدا بىر تالىبان جەڭچىسى ئۇنى قورال بىلەن ئېتىپ، مالالانى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. مالالا ئوقتا ئېغىر يارىلىنىدۇ، ئەمما ئۆلمەي ھايات قالىدۇ. مالالا ساقايغاندىن كېيىن

مائارىپىنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. 2014-يىلى مالالا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، نوبېل مۇكاپاتى تارىخىدىكى ئاشۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىپ باققانلار ئىچىدە ئەڭ ياش بولۇپ قالىدۇ.



2-رەسىم: ئون ئالتە ياشلىق مالالا يۇسافزاي.

JPL ئالىمى ئەيمى مېينىزېر يۇقىرىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مالالانىڭ نامىنىڭ مەڭگۈ ياشىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى بايقىغان ئاستېروئىدقا «Malala 316201» ياكى «ML48 2010» دېگەن نامنى بېرىدۇ [1].

ئەيمى ئامېرىكىدىكى PBS دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ مېدىيە شىركىتى باللار مائارىپى ئۈچۈن ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان ئىلىم-پەن پروگراممىسىغا بىر «مەسلىھەتچى» بولۇپ، ئۇ PBS تەرىپىدىن 2016-يىلى قىشتا ئىشلىنىدىغان بىر باللار ئىلىم-پەن تەربىيە فىلىمىدا رول ئالىدىكەن.

ئەيمى بىر ئايال ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە ئەگەر دۇنيادىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇشتىن ياكى مائارىپتىن تولۇق بەھرىمەن بولىدىكەن، ئۇ ئىنسانلار قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. ئەيمى مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە ھازىرغىچە نۇرغۇن ئاستېروئىدلارغا ئىسىم قويۇلغان بولسىمۇ، ئاياللار، بولۇپمۇ ئاق تەنلىك ئەمەس ئاياللار قوشقان تۆھپىلەرنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئىسىم قويۇلغان ئاستېروئىدلار ئاساسەن يوق.» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانىيەتنىڭ بىر قىسىم ئەڭ قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىز ھازىر بارلىق ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئەقلىي كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ناھايىتىمۇ قاتتىق ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىمىز. شۇڭلاشقا بىز دۇنيا نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا زادىلا چىقىنالمايمىز.»

مەن بۇ يەردە تەسۋىرلىمەكچى بولغان خەۋەر شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

شۇنداق. قىزلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى، كەم دېگەندە تولۇقسىز ھەتتا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە تولۇق ئوقۇشى تولىمۇ مۇھىم. بۇ ئىش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە «شوئار» ۋە «چارە» دېگەن ئىككى مۇھىم ئۇقۇم بار. كۆپىنچە ئوقۇرمەنلەر بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ پەرقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىككى ئۇقۇمدىن توغرا پايدىلىنالمايدۇ. ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شوئارلار بەك كۆپ. ئەمما چارىلەر بەك ئاز. نۇرغۇن كىشىلەر پەقەت شوئار توۋلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، چارىگە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. مېنىڭ ھەر بىر ئۇيغۇر ئاتا-ئانىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم، ئەگەر سىز بىر قىزنىڭ دادىسى ياكى ئاپىسى بولسىڭىز، سىزنىڭ قانداق ئەھۋاللارغا دۇچ

كېلىشۋاتقانلىقىڭىزدىن قەتئىينەزەر، قىزىڭىزنى ئەڭ كەمدىمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ئوقۇتۇڭ. ئەڭ ياخشىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە، ھەتتا ئۇنىڭدىن يۇقىرىدىن بولغان باكلاۋۇر، ماگىستىر ۋە دوكتورلۇققىچە ئوقۇتۇڭ. بۇنىڭ پايدىسى ناھايىتىمۇ كۆپ. ئادەم ئوقۇش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ شۇنداق. ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىمۇ ھەم شۇنداق. ئۇنىڭ پاكىتىنى مەن بۇ قېتىم تەييارلىغان مەزكۇر يازمىدىن كۆرۈۋالالايسىز. بىر قىسىم ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ناھايىتى چەكلىك پۇرسەتلەر ئىچىدە ياشىسىمۇ، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە تايىنىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلار ۋە ھەر خىل توسالغۇلارغا باش ئەگمەي، قاتتىق تىرىشىش نەتىجىسىدە ئەڭ ئاخىرى ئۇتۇپ چىقىپ، ھازىر ھەر خىل خەلقئارالىق سەھنىلەردە رول ئېلىپ، ئۇيغۇر ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرۈۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ھازىرغىچە تونۇشتۇرۇپ بولدۇم. بۇ قېتىم يەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى 2 قېرىندىشىمىزنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇلار مەن ھازىرغىچە تونۇشتۇرغان 29- ۋە 30-قېرىندىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇسا ئۇنداق قېرىنداشلىرىمىزنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق تونۇشتۇرىمەن. مەن بۇ خانىم-قىز قېرىنداشلىرىمىزدىن ناھايىتىمۇ پەخىرلىنىمەن، ھەمدە سىزنىڭمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

ۋەتەندىكى ياش-ئۆسمۈرلەر، ۋە بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئارىمىزدىكى ھازىرغىچە بىر قىسىم ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ، ئاخىرى ئۇتۇپ چىققان كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىگە موھتاج. ئۇلارنىڭ يول باشلىشىغا، يېتەكلىشىگە، ۋە رىغبەتلەندۈرۈشىگە موھتاج. مەن ھازىرغىچە مۇنداق 3 شەرتنىڭ بىرىنى قانائەتلەندۈرگەن قېرىنداشلارنى تونۇشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن: (1) چەت ئەلدە ئوقۇپ، بىر يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. (2) چەت ئەلدە ئىشلەپ، بىر مۇھىم كەسپىي خىزمەت ئورنىغا ئېرىشكەن. (3) چەت ئەلدە ياكى ئۇيغۇر دىيارىدا كەسپىي جەھەتتە ئالاھىدە نەتىجە قازانغان. ئەگەر سىز ئاشۇ 3 شەرتنىڭ بىرىنى ھازىرلىغان بولۇپ، مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇمنى خالىسىڭىز، مەن بىلەن «bilim.humar@yahoo.com» ئارقىلىق ئالاقىلىشىڭ. ئەگەر سىز ئاشۇ 3 شەرتنىڭ بىرىنى ھازىرلىغان قېرىنداشلىرىمىزنى بىلسىڭىزمۇ ئۇلارنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭ. سىز ماڭا تەييارلاپ ئەۋەتىپ بېرىدىغان مەزمۇن كونا يېزىق ۋە يېڭى يېزىق PDF نۇسخىلىرىدا بولمايدۇ. ماڭا پەقەت يېڭى يېزىق ياكى كونا يېزىق Word ھۆججىتىلا كېرەك. مەن ئۆزۈم يېڭى يېزىق نۇسخىسىنى ياخشىراق كۆرىمەن، سەۋەبى مەن تەھرىرلەشنى يېڭى يېزىق بويىچە قىلىمەن. سىز ئىشلەتكەن ھەرپلەر ۋە گىراماتىكىدا خاتالىقلار بولسا كېرەك يوق. مەن ھازىرغىچە تورلارغا چىقارغان تەرجىمىھالدىن بىرىنى ئۆلگە قىلىپ تۇرۇپ، 3-شەخس نامىدا (يەنى «ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى»، ياكى «ئۇنداق قىلغان، مۇنداق قىلغان» دەپ يېزىڭ؛ ھەرگىزمۇ «ئۇنداق قىلدىم، مۇنداق قىلدىم» دەپ يازماڭ) يېزىپ چىقسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. چەت ئەلدە ئۆزۈن تۇرغان، ۋە بۇرۇن «مىنكاۋخەن» بولۇپ ئوقۇغان قېرىنداشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرچىنى توغرا يازالمايدۇ. مەن رەڭگارەڭ ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان يېڭى يېزىقچە يازمىلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇيالايدىغان بولۇپ، سىز ئەۋەتكەن مەزمۇننى بىرمۇ-بىر، ھەرپمۇ-ھەرپ ئۆزگەرتىپ چىقىمەن. ئۆزگەرتىش بەك قىيىن بولسا، ئۇنى ئۆزۈم پۈتۈنلەي باشقىدىن يېزىپ چىقىمەن. بۇ ئىشقا قاتنىشىش ئارقىلىق سىز بۇ دۇنيادا خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشەلەيسىز. يەنە بىر دۇنيادا بولسا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيسىز. ئاللاھ بىزنى ئۆزىمىز كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ باھالىمايدۇ. بەلكى، ئاللاھ بىزنى ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش يولىدا نامايان قىلغان سەممىيىتىمىزگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ باھالايدۇ. مەن سىزنىڭ ماڭا ۋە خەلقىمىزگە قىلغان قىممەتلىك ياردىمىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئالدىنئالا رەھمەت ئېيتىمەن.

بىر قانچە ئۆكىلار ماڭا ئۇيغۇرچىنى ئانچە ياخشى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭمۇ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، مۇشۇ خىلدىكى بىر قاتار ماقالىلەرنىڭ خەنزۇچىسىنىمۇ تەييارلاپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە تور بەتلىرىگە يوللاپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ بىر ناھايىتى ياخشى تەكلىپ بولۇپ، مەن ئۇنى تولۇق قوللايمەن، ھەمدە يۇقىرىدىكى تەكلىپنى بەرگەن قېرىنداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئەمما ئۇ ئىشنى مەن ئۆزۈم قىلالمايمەن. ئەگەر ئاشۇنداق ئىشنى قىلىشنى خالايدىغان

قېرىنداشلار بار بولسا، ئۇلار مەن بىلەن «bilim.humar@yahoo.com» ئارقىلىق ئالاقىلەشسە، مەن بارلىق يازمىلارنىڭ Word هۆججىتىنى ماڭدۇرۇپ بېرىمەن.

ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن.



3 ـ رەسىم: سىڭلىمىز نەفىزە ئابدۇراخمان

سىڭلىمىز نەفىزە 1970 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇلار 9 قېرىنداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەتتىسى قىز، ئىككىسى ئوغۇل. نەفىزە كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ دادىسى رەھمەتلىك تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئائىلىسىنى قامدايتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئالىي مەلۇماتلىق بولمىسىمۇ، پەرزەنتلىرىنى ھەر ۋاقىت ياخشى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. بالىلىرىمۇ دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ناھايىتى ياخشى ئوقۇدى. 1987 ـ يىلى بالىلارنىڭ چوڭى بولغان نەفىزەنىڭ ئاكىسى تۇيۇقسىز كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن نەفىزەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدى. نەفىزە بولسا غۇلجا تېببىي مەكتىپىدە سېسترالىق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، غۇلجىدا قېلىپ قالدى. ئۇ چاغدا نەفىزە غۇلجا تېببىي مەكتىپىگە 430 نومۇر بىلەن ئىلى ۋىلايىتى بويىچە 2 ـ يۇقىرى نومۇر بىلەن سېسترالىق كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان ئىدى.



4 ـ رەسىم: نەفىزە دادىسى ۋە ئاپىسى بىلەن بىللە. بۇ رەسىم 1986 ـ يىلى نەفىزەنىڭ غۇلجىدىكى ئۆيىدە تارتىلغان.

نەفىزە غۇلجىدىكى ئوقۇشىنى 1992 ـ يىلى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 ـ دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندى. شۇ يىلدىن باشلاپ 2000 ـ يىلىغىچە 3 ـ دوختۇرخانىدا ئىشلىدى. 2002 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇ خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىپ، ئۆز ئالدىغا پەرۋىشخانا (ياكى كىچىك داۋالاش پونكىتى) ئاچتى.

نەفىزە 2002 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۆز خىراجىتى بىلەن نورۋېگىيەگە كەلدى. نورۋېگىيەگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ دۆلەتنىڭ ئىستىمال سەۋىيىسى بەكمۇ يۇقىرى بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ۋە تىلىنىڭ ئۆگىنىشكە ئانچە قولاي ئەمەسلىكىنى بايقاپ، ناھايىتى زور بېسىم ھېس قىلدى. دادىسى ئۇلارغا داۋاملىق «قىيىنچىلىق دېگەن ۋاقىتلىق بولىدۇ، پەقەت تىرىشساڭلا ئۇنى يېڭەلەيسەن، ئەڭ قورقۇنچلۇقى بەلنى قويۇۋېتىش»، دەيتتى. شۇڭا نەفىزە دادىسىنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنى ئويلاپ، ئۆز ـ ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىچىدە «مەن چوقۇم مۇشۇ دۆلەتتە ياشاپ قالىمەن، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيمەن، باشقىلار قىلالىغاننى مەنمۇ قىلالايمەن»، دەپ ئويلاپ، قاتتىق ئىرادە بىلەن ناھايىتى تىرىشىپ ياشىدى. 2004 ـ يىلى 2 ـ ئايغا كەلگۈچە قىزىغا ھامىلدار بولۇش ۋە يەڭگىش ئىشلىرى بىلەن ئوقۇيالمىدى.

نەفىزە قىزىنى يەڭگىپ بولۇپ، 40 كۈن توشقاندا بىر ئىنگلىز تىلى كۇرسىدا ئوقۇشنى باشلىدى. تىل مەكتىپى بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقى 6 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ ئارىلىقتا ئاپتوبۇس قاتنىمايتتى. ئۇ چاغلاردا نەفىزە تېخى ماشىنىمۇ ھەيدىيەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپكە بېرىپ ـ كېلىش ئۈچۈن 12 كىلومېتىر يولنى پىيادە قاتنىدى. نەفىزە مەكتەپكە كەتكەندە، ئەمدى 40 كۈنلۈك بولغان قىزىغا ئۇنىڭ ئېرى قارىدى. نەفىزە يالغۇز كۈندۈزدىلا ئوقۇپ قالماي، ئۇ يەنە ئاخشىمى ئوقۇتىدىغان مەكتەپكىمۇ بېرىپ ئوقۇدى. بەزى كۈنلىرى بىر كۈندە 24 كىلومېتىر يولنى پىيادە ماڭدى. گەرچە نەفىزەنىڭ ھەر بىر كۈنى ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، ئۇ ئاشۇ جاپالارغا چىدىدى. ئائىلە ئىشلىرى ۋە بالا بېقىش ئىشلىرىنىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ ماڭدى. تىل ئۆگىنىش كۇرسىغا بېرىپ، 7 ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، نورۋېگىيە خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ئۆتكىلىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتى. نەفىزەنىڭ تىل كۇرسىدىكى مۇئەللىملىرى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «بىز ھازىرغىچە بىر چەت ئەللىكنىڭ بۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتكىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدۇق. سەن ئۇيغۇر قىزى بەك تىرىشچان ئىكەنسەن. بۇنى بىز مەكتىپىمىز تارىخىدىكى بىر مۆجىزە، دېسەكمۇ بولىدۇ.»

تىلدا ئاساس سېلىنىۋالغاندىن كېيىن، نەفىزە دەسلىپىدە «مەن تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتتۈپ بولدۇم، ئەمدى سېستىرالىق كەسپىمنى قىلسام بولىدۇ»، دەپ ئويلىدى. ئەمما كېيىن خىزمەت ئىزدەپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ نورۋېگىيەدە سېستىرا بولماق ئىنتايىن تەس ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە سېستىرا بولۇش ئۈچۈن ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومى يېتىشمەيدىغانلىقىنى، چوقۇم باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى بار بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى بايقىدى. نەفىزە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومى ۋە خىزمەت تارىخىنى رەسمىي ئىسپاتلاشتىن ئۆتكۈزۈپ («notarization» قىلدۇرۇپ)، ئۇلارنى دۆلەتلىك سەھىيە باشقارمىسىغا ئەۋەتىپ، رەسمىي سېستىرا بولۇشتىن بۇرۇن بىر ياردەمچى سېستىرا بولۇپ ئىشلەپ تۇرۇش ئىلتىماسى سۇندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا يۇقىرىدىن نەفىزەنىڭ ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنى «ياردەمچى سېستىرا» دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقى ھەققىدە ئىسپات خېتى كەلدى.



5 ـ رەسىم: نەفىزە ئابدۇراخمان، ئۇنىڭ ئېرى ۋە قىزى.

شۇنىڭدىن باشلاپ نەفىزە بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن 2005 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ ئوسلودىكى «AOslo and Akershus University, College of Applied Science, HIO» دېگەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى باشلاپ بىر ھەپتە بولغاندا، نەفىزەگە دادىسى ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن نەفىزە ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر دادىسى نەفىزەنىڭ بۇ يەردىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغۇچىلىك ھايات تۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ قىزىدىن قانچىلىك خوش بولۇپ كېتەتتى ـ ھە؟ نەفىزە دادىسىنى پەخىرلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇنچە ئالدىرىغان، ۋە شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىدى. دادىسى ھەققىدىكى شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نەفىزە مەكتىپىگە بىر ھەپتىگىچە بارالمىدى. قاتتىق ئازابلاندى. ئۇنداق ئازابنى پەقەت چەت ئەلگە چىقىپ، نەفىزەگە ئوخشاش سەرگۈزەشتىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باققان كىشىلەرلا ھېس قىلالايدۇ. نەفىزە بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنى زورلاپ تۇرۇپ مەكتەپكە بېرىشنى باشلىدى. مەكتەپكە بارغان 1 ـ كۈنى ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭدىن ھال سوراپ، ئۇنىڭغا تەسەللى

بەردى، ھەمدە ئۇنىڭدىن «بىرەر پوپ بىلەن سۆزلىشىپ، كۆڭلۈڭگە بىر ئاز ئارام تېپىشنى خالامسەن؟» دەپ سورىدى. نەفىزە بولسا «ياق، مەن بىر مۇسۇلمان»، دەپ جاۋاب بەردى.

نەفىزە ئۆزىدىكى روھىي ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ، ئوقۇشىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. نورۋېگىيەدىكىلەر نەفىزەدەك چەت ئەللىك سېستىرالارغا خۇددى يەرلىك سېستىرالار بىلەن ئوخشاش تەلەپ قويىدىكەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسى 25 بەت ئۇزۇنلۇقتا بولۇشى، مېدىتسىنالىق ھېسابلاش نەتىجىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، ھەمدە ئۇنىڭدا بىر خاتالىقمۇ يوق بەرمەسلىكى شەرت قىلىنىدىكەن. نەفىزە 25 بەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىنى يازدى، ھەمدە ئىمتىھاندىن ئۆتتى. ئەمما مېدىتسىنالىق ھېسابلاش ئىمتىھاندىن خاتاسىز ئۆتەلمىدى. ئۈچ قېتىم قايتىلاپ ئىمتىھان بېرىپمۇ ئۆتەلمىدى. ئۇنىڭ ئىچى تىتىلدىدى. «ئىمتىھاندا چوقۇم 100 نومۇر ئالىسەن، 99 نومۇر ئالساڭ ئۆتەلمەيسەن»، دېگەن تەلەپ ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى. ئۇ قاتتىق ئىرادىگە كېلىپ، ھېلىقى ئىمتىھاننى 4-قېتىم يەنە بەردى، ھەمدە ئىدىيە جەھەتتىن «بۇ قېتىم يەنە ئۆتەلمىسەم، ئۆزۈمنىڭ ياردەمچى سېستىرالىقىنى قىلىمەن»، دەپ تەييارلىق قىلىپ قويدى. تۆتىنچى قېتىملىق ئىمتىھاننى بېرىپ بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسى چىققۇچە بولغان بىر ھەپتە ۋاقىت نەفىزە ئۈچۈن ئىنتايىن ئاستا ئۆتتى. ئاندىن نەفىزەگە ئاخىرى پوچتىدىن بىر پارچە خەت كەلدى. ئۇ خەتتە «سىز ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولدىڭىز»، دېيىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن نەفىزە، خۇشاللىقتىن كۆلمەي، قاتتىق يىغلىۋەتتى. سەۋەبى، ئۇ بۇ كۈنگە ئىنتايىن تەستە، ئىنتايىن جاپادا ئېرىشكەن ئىدى.

نورۋېگىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سەھىيە باشقارمىسى نەفىزە ئۇيغۇر دىياردا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ ئىسپاتلىرى ئىچىدە ياشانغانلاردىن خەۋەر ئېلىش ۋە ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى، ھەمدە روھىي كېسەللەردىن خەۋەر خىزمەت تۈرى بويىچە ئېلىپ بارغان پراكتىكا قاتارلىقلارغا ئائىت پاكىتلار كەم ئىكەن، دەپ، نەفىزەگە ياشانغانلاردىن خەۋەر ئېلىش ئورنىدا 3 ئاي، ساقلىقنى ساقلاش پونكىتىدا بىر ئاي، ۋە روھىي كېسەللەرگە قارايدىغان بۆلۈمدە 2 ئاي پراكتىكا قىلىش شەرتىنى قويدى. شۇنىڭ بىلەن نەفىزە نائىلاج بۇ 6 ئايلىق پراكتىكا جەريانىنىمۇ تاماملاپ، ئۇنىڭ ئىسپاتىنى سەھىيە باشقارمىسىغا ئەۋەتتى. 2007-يىلى 10-ئاينىڭ ئاخىرىدا، نەفىزە «Oslo and Akershus University, HIO» دېگەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋە دۆلەتلىك سەھىيە باشقارمىسى ئېتىراپ قىلغان سېستىرالىق دىپلومىغا ئېرىشتى. بۇ ئىشتىن نەفىزە ناھايىتى خۇشال بولالماي تۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى خىزمەت ئورنىدا رەسمىي سېستىرا بولۇپ ئىشلەشنى باشلىدى.

قىزىنى يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن نەفىزەنىڭ ئوڭ بىقىنىدا بىر ئاغرىق پەيدا بولۇپ، ئۇنى بەكمۇ قىينىدى. نەفىزە بارمىغان دوختۇرخانىلار قالمىدى. نەفىزە قىزىنى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغقان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى تەكشۈرتۈشكە بارغان ھەممە دوختۇرخانىلار نەفىزەنى CT غا چۈشۈرۈپ، ئاشۇ ئوپېراتسىيە جەريانىدا ئۇنىڭ ئوڭ بىقىنىدىكى بىر نېرۋىسى زەخىملەندۈرۈلگەنلىكىنى، ئۇنى داۋالىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. نەفىزەنىڭ ھېلىقى بىقىنى توختىماي قاتتىق ئاغرىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ 2008-يىلدىن باشلاپ خىزمىتىنى توختىتىشقا مەجبۇرى بولدى. ئۇ ئاغرىققا چىدىماي، توختىماي پۈتىنى يەرگە ئۇراتتى. ھەر كۈنىنى ئاغرىق پەسەيتىدىغان دورىغا تايىنىپ ئۆتكۈزەتتى. ئاشۇ مەزگىلدە نەفىزە «مەن سېستىرالىقنى داۋاملاشتۇرالمايدىكەنمەن»، دەپ ئويلاپ، كەسىپ ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلدى، ھەمدە ئوسلودىكى BI ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سەھىيە سىستېمىسىنى باشقۇرۇش كەسپىدە 2009-يىلدىن 2011-يىلغىچە ئوقۇدى.

نەفىزە دۆلەتلىك سېستىرالار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، 2012-يىلى نويابىردا ئۇ ئاشۇ جەمئىيەتتىن بىر پارچە، بېيجىڭنى ساياھەت قىلىپ كېلىش تەكلىپىنى تاپشۇرۇپ ئالدى، ھەمدە قىزى بىلەن بېيجىڭغا باردى. شۇ چاغدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نەفىزە بېيجىڭدىكى بىر دوختۇرخانىغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ باقتى. نەتىجىدە ئۇ يەردىكى دوختۇرلار «سىز ئاستا خاراكتېرلىك سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قاپسىز، شۇڭا سوقۇر ئۈچەينى ئېلىۋېتىش كېرەككەن»، دېگەن يەكۈننى چىقاردى. نەفىزە «تۇۋا، بىر ئادەم سوقۇر ئۈچەي ياللۇغىنىڭ دەردىنى 9 يىل تارتقانمۇ بارمۇ؟»، دەپ ياقىسىنى تۇتتى. شۇ يىلى

12-ئايدا نەفىزە بېيجىڭدا ئۆزىنىڭ سوقۇر ئۈچەيىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئالدۇرۇۋەتتى. نورۋېگىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 2013-يىلى يانۋاردىن باشلاپ نەفىزە يەنە ئۆزىنىڭ سېستىرالىق خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. قايتىدىن خىزمەتكە چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، نەفىزە ئۆزىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ئوخشىمىغان 4 ئورۇندىكى «بۆلۈم باشلىقى» دېگەن خىزمەتكە ئىلتىماس قىلىپ باقتى. قاتتىق سۆھبەتلىشىپ باھالاش جەريانلىرىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئوسلودىن بىر ۋە ئاكېرشۇستىن بىر بولۇپ ئىككى يەردىن خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئەمما 4 يىلدەك ۋاقىت ئىشلىمەي ئۆيدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، نەفىزە ھېلىقى خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قېلىشتىن سەل ئەنسىرىدى. نەتىجىدە ئۇ شىركەتلەرگە رەھمەت خېتى يېزىپ، ئۇ خىزمەتلەرنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ھازىر ئۆزى تۇرۇشلۇق رايونغا يېقىن بىر ئىداردە گۇرۇپپا سېستراسى ۋە جاۋابكار سېسترا بولۇپ، خىزمىتىدىن ناھايىتىمۇ رازىمەنلىك بىلەن ئىشلەۋاتىدۇ.

نەفىزەنىڭ قىزى بۇ يىل 11 ياشقا كىرگەن بولۇپ، يېقىندا 7-سىنىپقا چىقىدۇ. قىزى مەكتەپتە بەكمۇ ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ. يولدىشى تۇرسۇنتاي 10 يىل بىر مال ئىسكىلاتىدا ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇ يەردە داۋاملىق ئىشلەشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىشتىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا بىر كىچىك فىرما قۇردى. ھازىر نەفىزەنىڭ يولدىشى ئوسلودىكى ئەڭ چوڭ ئايرودروم Gardmeon ئايرودرومىدا زاكاز ماللارنى يەتكۈزۈش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

نەفىزە نورۋېگىيەگە يېڭى كەلگەن ۋاقتىدىكى بېسىم ۋە دېلىغۇللۇق ھالىنى ئەسلىسە، بۈگۈنگە قانداق كەلگەنلىكىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالىدۇ. ھازىر ئۇ ئىشلەۋاتقان ئورۇندا 40-45 تەك خىزمەتچى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن پەقەت 5 كىشىلا بار. نەفىزە ئۇنىڭ بىرى. قالغان 40-35 دەك خادىملار پەقەت كەسپى مەكتەپ ياكى ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگىلا ئىگە. نەفىزە ئۆزى بىر چەت ئەللىك تۇرۇپ، ھازىرقىدەك بىر يۇقىرى ئورۇندا ئىشلەۋاتقانلىقىغا ناھايىتىمۇ پەخىرلىنىدۇ.

نەفىزەنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا مۇنداق يۈرەك سۆزلىرى بار: «بىز ئۇيغۇرلار بەك ئەقىللىق مىللەت بىز. دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىگە قاراپ باقساق، يات ئەلنىڭ تىلىنى پۇخا ئىگىلەپ، ياخشى ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. بىز بىر ئەقىللىق مىللەت بولغانىكەنمىز، ئەگەر بىز تىرىشساقلا، كۆزلىگەن مەقسەتكە چوقۇم يېتەلەيمىز. باشقىلار ئۆگەنگەننى بىزمۇ ئۆگىنەلەيمىز. باشقىلار ياسىغاننى بىزمۇ ياسىيالايمىز. باشقىلار قىلالىغاننى بىزمۇ قىلالايمىز. بىزدە پەقەت سەبرى-تاقەت، چىدامىلىق ۋە قاتتىق ئىرادىلا بار بولىدىكەن، بىز ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدىكەنمىز. ھاردىم-تالدىم دېمىسەك، ۋە قاتتىق تىرىشساق، كۆزلىگەن مەقسەتكە چوقۇم يېتەلەيدىكەنمىز. نورۋېگىيەدە سېسترالار كەمچىل. شۇڭا بۇ دۆلەتكە كېلىپ، سېسترا بولۇپ ئىشلەشنى خالايدىغان ياشلار بار بولسا، ئۇنىڭ يولى ھەققىدە ئىزدىنىپ باقساڭلار بولىدۇ. ئاللاھ خالىسا، ۋاقتى كەلگەندە مەنمۇ قولۇمدىن كەلگەن ياردەملەرنى ئايىمايمەن.»

تۆۋەندىكى 4 پارچە رەسىمدە بېرىلگىنى نەفىزەنىڭ نورۋېگىيەدە ئالغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىلىرى.



SPRÅKPRØVEN I NORSK
FOR VOKSNE INNVANDRERE

Nefize Abdurahman
navn

20.08.1970
fødselsdato

har vært oppe til
Språkprøven i norsk for voksne innvandrere
med følgende resultat

| | |
|---|---|
| Skriftlige ferdigheter i norsk | Bestått |
| Muntlige ferdigheter i norsk | Bestått |

(Se ferdighetsbeskrivelser på baksiden)

Bergen/Oslo 07.04.2005

Universitetet i Bergen
Fagrådet for Norsk språktest

Folkeuniversitetet
Studieforbundet -
Norsk språktest

Språkprøven er utviklet av Norsk språktest (Universitetet i Bergen og Studieforbundet Folkeuniversitetet) i samarbeid med utdanningsmyndighetene og godkjent som avsluttende prøve for grunnopplæringen i norsk av

UTDANNINGS- OG FORSKNINGSDEPARTEMENTET



Autorisasjon
Sykepleier

Nefize Abdurahman

født 20. august 1970
ID-nummer: 009282998

autoriseres hermed som sykepleier med hjemmel i lov av 2. juli 1999 nr. 64 om helsepersonell § 53, jf. § 48, med de rettigheter og plikter som følger av den til enhver tid gjeldende norske lovgivning som regulerer helsepersonells yrkesutøvelse.

In accordance with the Act on Health Personnel of 2nd July 1999 No. 64, Section 53, cf. Section 48, the Norwegian Registration Authority for Health Personnel certifies that the person mentioned above is authorised as general nurse.

Statens autorisasjonskontor for helsepersonell
Oslo, 29. oktober 2007

Cathrine Lien Jensen
avdelingsleder

Christian Lilleåsen Gjelseth
førstekonsulent



KURSBEVIS

KURS I NASJONALE FAG FOR SYKEPLEIERE
SOM IKKE ER OMFATTET AV INTERNASJONALE AVTALER.

Nefize Abdurahman
kursdeltakers navn

har deltatt ved kurs i Nasjonale fag for sykepleiere som Høgskolen i Oslo, avdeling for sykepleierutdanning har arrangert, i tiden fra 11.april til 29.april 2005.
Kurset har fulgt "Studieplan i Nasjonale fag" godkjent av Sosial- og Helsedirektoratet.
Kandidaten har bestått avsluttende prøve i nasjonale fag mai 2006
Kandidaten har bestått prøve i legemiddelregning april 2007.

KURSINNHOLD:
SYKEPLEIE, FARMAKOLOGI OG SAMFUNNSFAG/ LOVGIVNING

Kurset har et omfang av 70 timer og har hatt følgende innhold:

| | |
|---|---|
| Norsk helselovgivning | 16 timer |
| Samfunnsfag | 9 timer |
| Farmakologi | 15 timer |
| Sykepleie | 30 timer |
| Prøve i legemiddelregning: | Bestått |
| Avsluttende prøve | Bestått |

Jan Ove Vatne (sign)
Høgskolelektor

Karin Evje Olsen
Rådgiver

høgskolen i oslo
avdeling for sykepleierutdanning
Rett kopi

8/5-07 Karin Evje Olsen

høgskolen i oslo
avdeling for sykepleierutdanning



BI Norwegian School of Managem

VITNEMÅL
Certificate

Navn
Name
Abdurahman, Nefize

Født
Date of birth
20.08.1970

har fullført:
has completed the:

Grunnstudiet - Ferdigheter i helseledelse

Health Care Management Skills

Nettstudier, 27.09.2011

Rektor
President

Direktør
Director

BI HANDELSHØYSKOLEN

# دورىگەرلىك كەسپىنىڭ دوكتورى نۇرانىيە راخمان (تۈركىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 9-ئاينىڭ 4-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

گېرمانىيىلىك شائىر ۋە رومان يازغۇچىسى يوھان ۋولفگاڭ (Johann Wolfgang von Goethe) بىر قېتىم مۇنداق دېگەن: «ئويلاش ئاسان، ئىش قىلىش تەس، ۋە ئادەم ئويلىغان ئىشنى ئەمەلىيەتتە قىلىش بۇ دۇنيادىكى ئەڭ تەس ئىش.» نىشان تىكلىگەن كىشىلەر ئىچىدە ئۆز نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئەمەلىي ئىش قىلغانلارنىڭ شۇنچە ئاز بولۇشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ بولۇشى مۇمكىن. گرېگ ھاررىس (Gregg Harris) بۇ ھەقتە بىر قېتىم 100 ئادەم ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 67 كىشى ئۆزلىرى ئۈچۈن نىشان تىكلىگەن. ئەمما، ئاشۇ 67 ئادەمنىڭ ئىچىدىكى ئاران 10 كىشى ئۆزلىرىنىڭ نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا رېئاللىقتا ئۇيغۇن كېلىدىغان پىلانلارنى تۈزۈپ چىققان، ھەمدە ئاشۇ 10 ئادەمنىڭ ئىچىدىكى ئاران 2 كىشى ئۆزلىرىنىڭ پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىپ، ئەسلىدىكى نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

ئۆز نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ئۇسۇل (trick) ئىش باشلاشتىن ئىبارەت. ئامېرىكىنىڭ 32-نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى فرانكلىن روزۋېلت (1945-1882) مۇنداق دېگەن: «بىر ئۇسۇلنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى سىناپ بېقىش بىر ئەقەللىي ساۋات. ئەگەر ئۇ ئۇسۇل مەغلۇپ بولىدىكەن، ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ، يەنە بىر ئۇسۇلنى سىناڭ. بۇ يەردىكى ھەممىدىن مۇھىم نەرسە بىر ئىشنى سىناپ بېقىشتىن ئىبارەت.» بۇ بىر ناھايىتى ياخشى مەسلىھەت. بۇنداق ئىشلاردا سىز بىر مۇكەممەل ئادەم بولمىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. سىز پەقەت قىلماقچى بولغان ئىشىڭىزدا ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلسىڭىزلا بولىدى. بۇ جەھەتتە جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇنداق بىر ماقال-تەمسىلى بار: «ئاستا مېڭىپ قېلىشتىن قورقماڭ، ئەمما ئورنىڭىزدا جىم تۇرۇپ قېلىشتىن قورقۇڭ.»

يۇقىرىدىكى مەزمۇن مەن «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (9)» دېگەن ماقالەمدە تونۇشتۇرغان جون ماكسۋېل (John C. Maxwell) نىڭ «ماكسۋېل كۈنلۈك ئوقۇشلۇقى» دېگەن كىتابىنىڭ 135-بېتى (1-ماي كۈنى) نىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈش» دىن ئىبارەت.

يۇقىرىدىكى مەزمۇندا مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ماقالىلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە تەكىتلەپ كەلگەن بىر قىسىم ئۇقۇملار ناھايىتى ئوبدان خۇلاسىلىنىپتۇ.

ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى بىر قانچە يازمىلىرىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، مەن 1970-يىللىرى ئاقسۇ 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا مۇنداق 3 ئىشنى ئۆزۈمگە نىشان قىلىپ تاللىغان ئىدىم:

- -(1) ئوقۇشنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگىچە ئوقۇش.
- -(2) بىر بەختلىك ئائىلە قۇرۇش.
- -(3) ئۆزۈمنىڭ ئىقتىسادىي تەقدىرىنى ياخشىلاش.

مەن ئۇ چاغدا ئوقۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. كېيىن ئۇنى بىلىپ، ئوقۇشنىڭ «دوكتور-ئاشتى» باسقۇچىنى تاماملىغۇچە ئوقۇدۇم. قالغان ئىككى جەھەتتىكى ئەھۋالىمنى مېنىڭچە كۆپىنچە تورداشلارغا بىلىدۇ.

بىر قىسىم ئادەملەر ياش ۋاقتىدا پۇل ئۈچۈن سالامەتلىكىنى قۇربان قىلىدۇ. ياشانغاندا بولسا سالامەتلىكى ئۈچۈن پۇلىنى قۇربان قىلىدۇ.

مەن يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، يۇقىرىقىدىكى نىشانلارنىمۇ ئۆزگەرتىپ ماڭدىم. ھازىرقى نىشانلىرىم:

- - (1) كەسپتە داۋاملىق ئۆز ئىقتىدارلىرىمنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تولۇق جارى قىلدۇرۇپ مېڭىش. مەن بۇرۇن ئۆزۈمگە «دەم ئېلىشقا چىققۇچە 100 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىش» دېگەن بىر كىچىك نىشاننى تۇرغۇزغان ئىدىم. ئۇ نىشان ئەمەلگە ئېشىپ، ماقالە سانى ھازىر 115 بولدى.

- - (2) ئائىلىنى بەختلىك ساقلاش، ۋە پەرزەنتلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە كەسپتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ياردەم قىلىش.

- - (3) بار ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. مېنىڭ مۇشۇنداق ماقالىلەرنى تەييارلىشىم ئاشۇ نىشاننىڭ ئىچىدىكى بىر ئىش. ئەگەر يولۇم ئۇچۇق بولغان بولسا، مەن ئۇيغۇر دىيارىدا ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىدا دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپ قۇرۇش، ۋە ئۇيغۇر پۇتبول كوماندىسى قۇرۇش دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارغا مەبلەغ سالغان، ھەمدە يىلىغا بىر-ئىككى ئاي ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ھەقسىز دەرس ئۆتۈپ بەرگەن بولاتتىم.

- - (4) تەننى ساغلام تۇتۇش.

مەن يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە تەننى ساغلام تۇتۇش جەھەتتىمۇ بىر ئاز ئويلاندىم ۋە ئىزدەندىم: قانداق قىلغاندا يېشى 55 تىن ئاشقان ئادەملەر ساغلام ئۆتەلەيدۇ؟ مەن ھازىر بۇ جەھەتتە كۈندىلىك ئادەت سۈپىتىدە مۇنداق ئۈچ ئىشنى قىلىۋاتىمەن:

### (1) تاماقنى ئاز يېيىش

ئادەم ياشقا چوڭايغاندا، بەدىنى تەلەپ قىلىدىغان قۇۋۋەت ياكى ئېنېرگىيەنىڭ مىقدارىمۇ جىق ئازىيىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئىستېمال قىلىدىغان تاماقنىڭ مىقدارىنىمۇ تەدرىجىي ھالدا ئازايتىپ مېڭىش كېرەك ئىكەن. تاماقنى جىق يەۋېلىپ راھەت ئۆتەلەيدىغان ئادەملەر ئىنتايىن ئاز. ياشقا چوڭ كىشىلەر ئاساسەن ئۆز نەپسىنى كونترول قىلالماسلىق سەۋەبىدىن تاماقنى كۆپ يەۋالىدۇ. شۇڭلاشقا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا «نەپسىنى قاندۇرۇش كېرەكمۇ، ياكى سالامەتلىكنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ؟» دېگەن تاللاش بار. ئاقىلانە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر چوقۇم كېيىنكىنى تاللايدۇ.

### (2) ھەر ھەپتىدە ئىككى كۈن «روزا تۇتۇش»

نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا مەن بىر يەردىن بىر ئەنگلىيەلىك دوختۇر ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، ئادەم ھەر ھەپتىدە ئىككى كۈن، ئارىلىقتا ئوخشاش ۋاقىت قالدۇرۇپ «روزا تۇتسا»، ئاشقازاننىڭ يۈكىنى يېنىكلەشتۈرۈپ، نۇرغۇن كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق ئىكەن. بۇ يەردىكى «روزا تۇتۇش» ئىسلام دىنىدىكى ئىش بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ياكى ئوخشاش بولمىسىمۇ بولىدىغان بولۇپ، پەقەت ھەپتىدە 2 كۈن چۈشلۈك تاماق يېمىسىڭىزلا بولىدىكەن. بىزنىڭ ئادىتىمىز بويىچە، بىز ئاساسەن ھەر ھەپتە شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى مېھماندارچىلىق قىلىمىز. ئۆيىمىزگە مېھمانلار كەلمىگەن، ياكى باشقا بىرەيلەننىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بارمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۆز ئۆيىمىزدە ھەپتە ئارىلىقىدا يېتىشەلمىگەن ياخشى تاماقلارنى ھازىرلاپ يەۋالىمىز. قىسقىسى، شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى ئالدىمىزغا ئادەتتىكى كۈنلىرى ئېرىشەلمەيدىغان ياخشى تائاملار كېلىدىغان بولغاچقا، تاماقنى ئادەتتىكىدىن كۆپرەك ئىستېمال قىلىۋالىمىز. شۇڭلاشقا مەن ئويلاپ، ئەگەر دۈشەنبە كۈنى بىلەن پەيشەنبە كۈنى چۈشتە تاماق يېمىسە، ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يەنى، پەيشەنبە كۈنى شەنبە-يەكشەنبە كۈنى كۆپ تاماق يەۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، دۈشەنبە كۈنى يەۋالغان كۆپ تاماقنىڭ تەسىرىنى ئازايتسا، ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھەمدە ئاشۇ 2 كۈن چۈشتە بىر تال ئالما بىلەن 2-3 تال ياڭاق يېيىشنى ئادەت قىلىۋالدىم. مەن ئۇ ئىككى كۈن چۈشتە پەقەت تاماق يېمەي دېسەم، ئۆزۈمنىڭ كۈندىلىك ۋەزىپىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، ئاخىرقى بىر-ئىككى سائەت قورسىقىم ئېچىپ كېتىپ، ئىش ئۈنۈمى ئانچە

ياخشى بولمايدىكەن. مەن باللىق، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرلىرىمدە يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ قىسلىقىدىن ئاچ قوساق يۈرگەن ۋاقىتلىرىم كۆپ بولغان. هازىر بولسا بەدەننى ساغلام تۇتۇش ئۈچۈن بەزىدە ئاچ قوساق يۈرىۋاتىمەن.

**(3) چېنىقىش**

مەن ئۆيىمىزنىڭ 1-قەۋىتىدىكى گاراژدا ماشىنامغا ئولتۇرۇپ ئىشقا مېڭىپ، ئىدارەمدىكى ئىشخانامنىڭ ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشۈپ، بۇ ئارىلىقتا ئاساسەن يول ماڭالمايمەن. شۇڭلاشقا هەر كۈنى چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماقتىن كېيىن پەقەت چېنىقىش ئۈچۈنلا بىر ئاز يول مېڭىپ، هەر كۈنى ئوتتۇرا هېساب بىلەن 5 كىلومېتىر يول ماڭىمەن. ئۇ ۋاقىتلارنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەي، ياكى رادىئو خەۋەرلىرىنى، ياكى بولمىسا ياسىر قازى لېكسىيىسىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئاڭلاپ ماڭىمەن. مەن بۇ يىل ئەتىيازدا 4 قېتىم ئائىلەمدىكىلەر بىلەن تاغقا چىقىپ، هەر قېتىم 5 كىلومېتىردىن 11 كىلومېتىرغىچە يول ماڭدىم. مەن ئىدارىمىزدە هەر كۈنى دېگىدەك هەر خىل تېخنىكىلىق يىغىنلارغا قاتنىشىش ئۈچۈن بىر بىنادىن يەنە بىر بىناغا بېرىپ، 4-قەۋەتكىچە چىقىپ چۈشۈپ تۇرىمەن. شۇنداق ۋاقىتلاردا مەن بۇنى بىر تەبىئىي چېنىقىش پۇرسىتى هېسابلاپ، هەرگىزمۇ لىفتكە چۈشمەي، بىنالارغا پەلەمپەيدە مېڭىپ چىقىپ چۈشىمەن.

مەن قىلىدىغان يەنە بىر ئىش هويلامغا ئىشلەش. مەن بۇ ئىشنى يىل بويى داۋاملاشتۇرىمەن. يېقىنقى بىرەر ئايدەك ۋاقىتتىن بۇيان بىز تۇرۇۋاتقان يەرمۇ ئىنتايىن ئىسسىپ كېتىپ، تېمپېراتۇرا 35 - 40 گرادۇس ئارىلىقىدىلا تۇردى. شۇنداق بولسىمۇ، خىزمەتتىن كېيىنكى كەچلىك ۋاقىتلار ۋە شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى قوشنىلىرىمىز هاۋا تەڭشىگۈچتە ئۆيىنى ناهايىتى سوغۇق قىلىپ، ئۆيدىن تالاغا چىقالماي يۈرگەن ۋاقىتلاردا، مەن هويلامدا هەر كۈنى بىرەر سائەت، دەم ئېلىش كۈنلىرى بولسا ئىككى سائەت ئىشلەپ، ئارقا هويلىمىزدىكى ئېتىزلىقنىڭ يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئەسكى توپىلارنى خالتىلارغا قاچىلاپ تاشلىۋېتىپ، تۇپراقنىڭ ئەڭ ئۈستىگە ياخشى توپىلارنى تۆكۈپ، گۈل ۋە كۆكتات ئۆستۈرىدىغان يەرلىرىمنى رەتلەپ چىقتىم. تەرلەپ پۈتۈن كىيىملىرىم هۆل بولۇپ كەتكەندە، مۇشۇنداق تومۇز ئىسسىقتا ئېتىزلىقتا بىر-ئىككى سائەت ئەمەس، 8-10 سائەت ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر دېهقانلىرىنى ئويلىدىم. شۇنداق قىلىپ، قولۇمنىڭ كۈچى قالمىغۇچە ئىشلەشنى داۋاملاشتۇردۇم.

مەنمۇ ئالىي مەكتەپ هاياتىمنى باشلاشتىن بۇرۇن ئاشۇ دېهقانلارنىڭ بىرى بولۇپ، يېزا ئەمگەكلىرىنىڭ هەممە تۈرلىرىنى قىلغان ئىدىم. 2007-يىلى يۇرتقا بارغاندا، 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئاقسۇ ئونسۇ ناهىيە ئارال يېزىسىغا باردىم. مېنىڭ بىر تۇغقىنىمنىڭ يېشى 90 ياشتىن ئېشىپتۇ. يەنىلا ئېتىزلىقتا ئىشلەيدىكەن. ئۇنىڭ بىر چوڭ ئۈجمە دەرىخى بار ئىكەن. بىز شەهەردىن كەلگەن ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلار ئۇنى بىر چوڭ داستىخانغا ئىرغىتىپ، يۇيۇۋېتىپ يېدۇق. هېلىقى تاغام بولسا داستىخاننىڭ ئىچىگە چۈشەلمەي، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئۈجمىلەرنى تېرىپ، پۈۋلىۋېتىپ يېدى. بۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ كۆزلىرىم نەملىشىپ كەتتى. مەن ئويلايمەن، پۈتۈن ئۆمرىنى شۇنچە توپا، شۇنچە ناچار شارائىتتا ئۆتكۈزسىمۇ، ئۇلارنى يەنە 90 ياشتىن ئاشقىچە ياشىتىدىغان مۇهىم نەرسىلەرنىڭ بىرى قۇياش نۇرىدىن ئىبارەت.

مەن بۇ قېتىم رەسمىي مەزمۇننى باشلىماي تۇرۇپ، باشقا مەزمۇنلارنى بىر ئاز يېزىپ كەتتىم. ئۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم، «نىشان تىكلەش» نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېخىچە ياخشى چۈشىنەلمەي يۈرۈۋاتقان ئۇكىلار ۋە باللىرىمىزغا ئازراق مىسال كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

مەن مەزكۇر يازمىدا بىر نىشان تىكلەپ، ئاشۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئەمەلىي ئىش ئېلىپ بارغان، بىر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئىشەنچىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، باللىسى ئىككى ئايلىق بولغاندا دوكتورلۇق ئوقۇشىنى باشلاپ، ئاخىرى غەلىبە قازانغان بىر سىڭلىمىزنى تونۇشتۇرىمەن. بۇ

قېتىمقىسى مەن ھازىرغىچە تونۇشتۇرغان 45 ـ قېرىندىشىمىز بولۇپ، تۆۋەندىكى مەزمۇننى ھازىر تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان ئىنىمىز ھەسەنجان تەييارلاپ بەردى (ھەسەنجان ئۇكام، سىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت!).




1 ـ رەسىم: سىڭلىمىز نۇرانىيە ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىر ئىلمىي دوكلات يىغىنىدا.

سىڭلىمىز نۇرانىيە راخمان 1982 ـ يىلى ئەزىزانە قەشقەردە مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي راخمان ئاكا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. راخمان ئاكا ئىلىم سۆيەر ئادەم بولغاچقا 6 بالىسىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇتقان. نۇرانىيە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قەشقەر شەھىرىدە ئىزچىل ياخشى نەتىجىلەر بىلەن تاماملىغان. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە بىئولوگىيە ۋە خىمىيە دەرسلىرىنى ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن ئوقۇغان. 2000 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇر بىلەن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دورىگەرلىك كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، تولۇق كۇرسقا ئوقۇشقا كىرگەن. تولۇق كۇرستا 5 يىل ئوقۇش داۋامىدا ئۇدا 4 يىل ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك مەكتەپ ئىچى ۋە مەملىكەت دەرىجىلىك ئوقۇش مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىپ ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئوقۇش پۈتتۈرۈش نەتىجىسى پۈتۈن سىنىپ بويىچە 1 ـ بولغان. ئۇ بۇ مەزگىلدە ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىدا 4 ـ دەرىجە (CET－4) دىن ئۆتكەن.

نۇرانىيە تولۇق كۇرسنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 2005 ـ يىلى ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ، يۇقىرى نەتىجە بىلەن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك فاكۇلتېتىنىڭ دورا ئۆسۈملۈك خىمىيەسى (天然生物化学) كەسپىگە ماگىستىر ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغان. ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىدا دىيارىمىزدىكى دورىگەرلىك ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەرنىڭ بىرى بولغان رەنا قاسىم خانىمنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچى قىلىپ تاللىغان. ماگىستىرلىقتا ئوقۇش داۋامىدا ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىدا 6 ـ دەرىجە (CET－6) دىن ئۆتكەن. شۇنداقلا 2008 ـ يىلى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە قاتناشقان دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتا نۇرانىيەنىڭ «ئۇيغۇر تېبابىتىدە قوللىنىلىۋاتقان كىچىك ئەفى كۆمىلىچىنىڭ راك كېسىلىگە قارشى تۇرۇش رولى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 1 ـ بولۇپ باھالانغان. نۇرانىيەنىڭ تىرىشچانلىق روھى، ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى بولغانلىقى، شۇنداقلا ماقالىسىنىڭ ئىلمىي قىممىتى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ۋە فاكۇلتېتتىكى باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دورىگەرلىك فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلىنغان. ئەمما داۋاملىق ئوقۇش ئىستىكى، شۇنداقلا چەتئەلدە تېخىمۇ ئىلغار مائارىپ تەربىيەسىدە تەرەققىي قىلىش

ئارزۇسى سەۋەبىدىن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا قېلىشتىن ۋاز كېچىپ، تۈركىيەدە ئوقۇش يولىنى تاللىغان.

2008-يىلى 9-ئايدا نۇرانىيە تۈركىيەگە كېلىپ تىل ئوقۇشقا باشلىغان، ھەمدە تىل ئۆتكىلىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەن. ئۇ تۈركىيەنىڭ ئاكادېمىك ۋە ئاسپىرانتلىق مائارىپى كىرىش ئىمتىھانى بولغان «ALES» (مەركىزىي ئىمتىھان تۈركىيەدە ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ۋە دوكتور ئاسپىرانتلىق ئوقۇماقچى بولغان پۈتۈن ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان بىر تۈتاش ئىمتىھان بولۇپ، ماتېماتىكا ۋە تۈركچە تەڭ نىسبەتتە تەشكىل قىلىنغان، قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى) ئىمتىھانىدىنمۇ يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتۈپ، 2009-يىلى تۈركىيەنىڭ گازى ئۇنىۋېرسىتېتى ساغلاملىق بىلىملىرى ئىنستىتۇتى دورىگەرلىك فاكۇلتېتىنىڭ دورا ئۈسۈملۈك خىمىيەسى كەسپىگە دوكتورلۇققا قوبۇل قىلىنىدۇ. نۇرانىيە دوكتورلۇق ئوقۇشقا يېڭىلا تىزىمغا ئالدۇرۇپ، فاكۇلتېتتىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىر قۇر ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئىچىدىن بىر ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «*قىزىم، سىنىڭ ئائىلەڭ بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالاڭ ئەمدىلا ئىككى ئايلىق بوپتۇ، ئۆزگە يۇرتتا ئوقۇش تولىمۇ تەس، مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرەلىشىڭ ناتايىن.*» ئەمدىلا كۆرۈشكەن بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەمەلىي ۋە رېئال گەپلىرى نۇرانىيەنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ قويىدۇ. نۇرانىيە شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا: «ئۇستاز، گېپىڭىز تولىمۇ ئورۇنلۇق، بىراق مەن ئۆزۈمنىڭ ياخشى ئوقۇپ كېتەلەيدىغانلىقىمغا تولۇق ئىشىنىمەن» دېگەن گەپنى ئارانلا قىلالايدۇ.

نۇرانىيە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بىر يېرىم يىل ئىچىدە دوكتورلۇقتا ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرسلىرىنى تۈگىتىپ بولىدۇ. نەق مۇشۇ ۋاقىتتا تۈركىيە ئالىي مائارىپ باشقارمىسى ئۇنىڭغا تولۇق كۇرستا (يەنى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا) ئالغان دورىگەرلىك دەرسىنىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش تۈزۈمىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، تۆت يىل ئوقۇغان دەرسلىرىنىڭ تۈركىيە دورىگەرلىك كەسپى تەلىپىگە توشمايدىغانلىقى ئۈچۈن، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرگە بىر يىل دەرس ئېلىشنى بۇيرۇيدۇ. دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان نۇرانىيە ئۈچۈن ئۆزىدىن نەچچە ياش كىچىك تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرگە دەرس ئوقۇش ناھايىتى ئەلەم قىلىسىمۇ، ھەقىقىي بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن شەكىلدىن بەكرەك مەزمۇنغا ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، چىشىنى چىشلەپ داۋام قىلىدۇ.



2-رەسىم: نۇرانىيە ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى باھالاشقا قاتناشقان پروفېسسور ۋە ئۇستازلىرى بىلەن بىللە.

بۇنىڭدىن باشقا، تۈركىيەنىڭ مائارىپ سىستېمىسىنىڭ چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەلىپى تۆپەيلىدىن، تېبابەت كەسپلىرىدە تولۇق كۇرس ۋە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى تۈركىيەدە ئوقۇمىغان ئوقۇغۇچىلار تۈركىيەدە تېبابەت كەسپلىرىدە دوكتور ئاسپىرانتلىق ئوقۇش ۋە تۈركىيەدە تېبابەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، كەسپى دەرسلەر ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتە تەشكىل تاپقان «Denklik» ئىمتىھانغا قاتنىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ (مەزكۇر ئىمتىھان دىيارىمىزدىكى «同等学力» گە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ باققان تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىردەك مەزكۇر ئىمتىھاننى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈركىيەدە دوختۇر بولۇشىنىڭ ۋە تېببىي كەسپلىرىدە خىزمەت قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىشىنىڭ ئەڭ قىيىن تەرىپى دەپ قارايدۇ. چۈنكى بۇ ئىمتىھان پۈتۈن كەسپىي دەرسلەردىن بېرىلىدىغان بولۇپ، كەسپى دەرسلەرنىڭ ئەڭ قىيىن نۇقتىلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. نۆۋەتتە تۈركىيەدە بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 10 غا بارمايدۇ). «Denklik» ئىمتىھانغا چەتئەللەردە تولۇق كۇرسنى تېبابەت كەسپلىرىدە ئوقۇغان، دوكتورلۇقنى تۈركىيەدە ئوقۇماقچى بولغان تۈرك ئوقۇغۇچىلارمۇ قاتنىشىدىغان بولۇپ، 2 ـ 3 يىل ئارقىمۇ ـ ئارقا بۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئۆتەلمىگەن تۈرك ئوقۇغۇچىلارمۇ خېلى كۆپ بولغاچقا، بۇ خىل ئەھۋال نۇرانىيەنى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويىدۇ. شۇنداقتىمۇ كەسپىي ئاساسىنىڭ پۇختىلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلغان نۇرانىيە توپ ـ توغرا بىر يىل تەييارلىق قىلىدۇ. ئاخىرى 2012 ـ يىلى دۆلەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنغان بۇ ئىمتىھاندا يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ.



3 ـ رەسىم: نۇرانىيە دوكتورلۇقتا بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە.

ئوقۇش، ئائىلىدىن خەۋەر ئېلىش، بالا بېقىش، ۋە ئاش ـ تاماق ئېتىش قاتارلىق ئىشلار ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى تېخىمۇ قىس قىلىۋېتىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا بىر قانچە قېتىم ئارىسالدى بولىدۇ. ئائىلىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپلا ئۆيدىلا ئولتۇرۇش خىيالىغىمۇ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئېرى ئۇنى قەتئىي قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، ئائىلە ئىشلىرىغا قولىدىن كېلىشىچە قارىشىدۇ، ۋە ئايالىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىشىغا رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ خىل مەنىۋى مەدەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە نۇرانىيە ئەلۋەتتە دوكتورلۇق ئوقۇشىنىمۇ ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەر بىلەن داۋام قىلىدۇ. بۇ جەرياندا TÜBİTAK (دىيارىمىزدىكى پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئوخشاش ئورگان) نىڭ تەشكىللىشىدىكى تەتقىقات تۈرلىرىگە ۋە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەتقىقات تۈرلىرىگە قاتنىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ قايتا ـ قايتا تەجرىبە

ئىشلەش نەتىجىسىدە، چوڭقۇر ئىلمىي قىممەتكە ئىگە دىسسېرتاتسىيىسىنى يېزىپ چىقىپ، دىسسېرتاتسىيە باھالاش ھەيئەتلىرىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، تۈركىيەدىكى دورىگەرلىك تەتقىقاتى ساھەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. نۇرانىيەنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ۋە تىرىشچانلىقىدىن خەۋەر تاپقان تۈركىيەنىڭ سىۋاس ۋىلايىتىدىكى جۇمھۇرىيەت ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك فاكۇلتېتى مۇدىرى تېخى مەكتەپنى رەسمىي شەكىلدە پۈتتۈرۈپ بولماستىنلا نۇرانىيە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى «جۇمھۇرىيەت ئۇنىۋېرسىتېتى» دورىگەرلىك فاكۇلتېتىغا خىزمەتكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىشىمىزگە ئەرزىيدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا دورىگەرلىك كەسپىگە تۆت ئوقۇغۇچى بىللە كىرگەن بولۇپ، نۇرانىيە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى چەتئەللىك ئوقۇغۇچى ئىدى. گەرچە قالغان ئۈچەيلەن يەرلىك بولسىمۇ، بىز بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمىزدا ئۇلار تېخىچە ئوقۇشىنى داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ (يەنە ئەڭ ئاز بىر يىل داۋام قىلىشى مۇمكىن)، تەڭ ئوقۇشقا كىرگەن نۇرانىيەنىڭ ئارقىسىدا قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرانىيە تولۇق نومۇر بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. نۇرانىيەنىڭ بۇ ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا «نۇرانىيە بىز ئۆزىمىزنىڭ تىلىدا، ئۆزىمىزنىڭ ۋەتىنىدە سېنىڭچىلىك ئوقۇيالمىدۇق، قېرىندىشىم سەن ھەقىقەتەن كاشغەرلىك مەھمۇدنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىكەنسەن، بىز سېنىڭدەك قېرىنداشلىرىمىزدىن پەخىرلىنىمىز»، دەيدۇ.

«دىيارىمىزدىكى قېرىنداشلىرىڭىزغا دەيدىغان قانداق سۆزلىرىڭىز بار؟» دېگىنىمىزدە، ئۇ «ھەر قانداق ئىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا قىيىنچىلىقلىرى بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئوقۇش، ئۆگىنىشنىڭمۇ شۇنداق. مۇھىم بولغىنى بۇ قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇشنى داۋام قىلىشتۇر. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۈركلەردىكى ‹يا تامام، يا داۋام› دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى قېرىنداشلىرىمغا سوۋغا قىلىمەن. يەنى بۇ سۆزنىڭ يا تامام بولۇپ تۈگىشىش، يا چىداپ داۋام قىلىش، دېگەن مەناسى بار. مېنىڭچە بۇ ھېكمەتلىك سۆز بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزگە بەكمۇ ماس كېلىدۇ. قەدىمىمىز ئاستا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، توختاپ قالمىساقلا، مۇۋەپپەقىيەت ھامان بىر كۈنى بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ»، دەيدۇ.

بىز ئائىلىسىنىڭ ۋە ئىككى بالىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپلا قالماي، مۇشۇنداق ياخشى نەتىجىلەر بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن قەيسەر سىڭلىمىز نۇرانىيەگە ئاپىرىن ئېيتىمىز. شۇنداقلا ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.

سىڭلىمىز دوكتور نۇرانىيە راخمان ھازىر ئائىلىسى ۋە ئوماق ئىككى پەرزەنتى بىلەن تۈركىيەنىڭ سىۋاس شەھىرىدە ياشاۋاتىدۇ.

## نۇرانىيەنىڭ ھازىرغىچە ھەر خىل ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرى:

[1] **Nuraniye Eruygur**, Gülderen Yılmaz, Osman Üstün (2014). Analgesic and antioxidant activity of some Echium species wild growing in Turkey. FABAD Journal of Pharmaceutical Sciences.

[2] Fatma Funda Kaya Demirsoy, **Nuraniye Eruygur**, Erhan Süleymanoğlu (2015). Supramolecular Langmuir monolayers and multilayered vesicles of self-assembling DNA–lipid surface structures and their further implications in polyelectrolyte-based cell transfections. J Nanopart Res (2015) 17: 50.

[3] U Koca, H Çölgeçen, **Reheman Nueraniye**; Progress in Biotechnological Applications of Diverse Species in Boraginaceae Juss. Biotechnological Production of Plant Secondary Metabolites. I E Orhan (eds), 2012, 200-215.

[4] **Reheman Nueraniye**, Research on anticancer effect of compound recipe-Xiaoaifei Migao. Master Thesis, Xinjiang Medical University, 2008, Pharmacognosy department.

[5] **Reheman Nueraniye**, Rena Kasimu.Analysis of essential oil from Alpinia officinarium Hance by GC-MS. Journal of Xinjiang Medical University, 2008, 31(4):441-442”

## نۇرانىيەنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا ئېلىكسىيە قىلىپ سۆزلىگەن ئىلمىي ماقالىلىرى:

[1] **Nuraniye.**, Demirsoy, F.F.K. and Süleymanoğlu, E., "Surface Enhanced Raman Spectroscopy of DNA –Lipid Biomolecular Dynamics in Lipid Monolayers and in Nanoscale Virus-Like Lipoplexes Designed for Therapeutic Gene Delivery". 10th nanoscience and Nanotechnology Conference, 17-21 June 2014, Yeditepe University-İstanbul, Turkey, pp-368. (poster).

[2] Demirsoy, F.F.K., Atalay A., **Nuraniye.**, and Süleymanoğlu, E., "Supramolecular Langmuir-Blodgett Monolayers of Self-Assembling Nucleic Acid-Lipid Surface Structures: From Origin of Life To Nonviral Gene Delivery Nanomedicines". 10th nanoscience and Nanotechnology Conference, 17-21 June 2014, Yeditepe University-İstanbul, Turkey, pp-257. (poster).

[3] **Nuraniye.**, Demirsoy, F.F.K. and Süleymanoğlu, E., "Surface Enhanced Raman Spectroscopy of DNA –Lipid Biomolecular Dynamics in Lipid Monolayers and in Nanoscale Virus-Like Lipoplexes Designed for Therapeutic Gene Delivery" 2nd International BAU-Drug Design Symposium, 17-19 April 2014, BAU University-İstanbul, Turkey, pp-86. (poster).

[4] Demirsoy, F.F.K., **Nuraniye.**, and Süleymanoğlu, E., "Biophysical Studies on Supramolecular Structures of Self-Assembling Nucleic Acid-Liposome nanopharmaceuticals: Relevance to Gene Delivery and DNA Chromatography" 2nd International BAU-Drug Design Symposium, 17-19 April 2014, BAU University-İstanbul, Turkey, pp-89. (poster).

[5] **Nuraniye.**, Demirsoy, F.F.K. and Süleymanoğlu, E., "Lipopleks Termodinamiği: DNA-Mg2+-Nötral Lipit Etkileşme Enerjisinin Diferansiyel Taramalı Kalorimetre ve İzotermal Titrasyon Kalorimetresi ile Belirlenmesi". 2. İlaç Kimyası, Üretimi, Teknolojisi ve Standardizasyonu Kongresi, 21-23 March 2014, Antalya-Beldibi, Turkey. (poster).

[6] **Nuraniye.**, and Süleymanoğlu, E.,"Circular Dichroism Spectroscopy and Isothermal Titration Calorimetry of Conformation Specific Genomic DNA-Anticancer Drug Recognitions". International Multidisciplinary Symposium on Drug research and Development. Nov.28-30, 2013, Antalya-Turkey, pp-46. (poster).

[7] **Nuraniye.**, and Süleymanoğlu, E., "Probing the Structure of Virus-Resembling Nanoscale Lipoplexes with Transmission Electron Microscopy". International Multidisciplinary Symposium on Drug research and Development. Nov.28-30, 2013, Antalya-Turkey, pp-47. (poster).

[8] Demirsoy, F.F.K., Atalay A., **Nuraniye** and Süleymanoğlu, E., "Pharmaceutical Perspectives of Supramolecular DNA-Neutral Phospholipid Self-Assemblies Towards Developing Novel Non-viral Gene Delivery Vehicles: Physicochemical Studies, Transfection Efficiencies and Cytotoxicity Profiles". International Multidisciplinary Symposium on Drug research and Development. Nov.28-30, 2013, Antalya-Turkey, pp-44. (poster).

[9] **Nuraniye** and Süleymanoğlu, E., "The Use of Vibrational Spectroscopy in Biophysical Characterizations of Novel Non-Viral Lipoplex Gene Delivery Systems", International Turkish Congress on Molecular Spectroscopy, Sept.15-20, 2013, Istanbul-Turkey, pp-2 (poster).

[10] **Nuraniye** and Süleymanoğlu, E., "On the Cellular Fate of Non-Viral Nanomedicines for Therapeutic Nucleic Acid Delivery: Fluorescence Approaches". 13th Conference on Methods and Applications of Fluorescence, Sept. 8-11, 2013, Genova-Italy, pp. 35. (poster).

[11] **Nuraniye**; Üstün,O., "Evaluation of wound healing activity of Echium italicum L. growing in Turkey." 20th Symposium on Natural products from Medicinal Plants, Oct. 10-13, 2012, Antalya-Turkey, pp. 66 (poster).

[12] Üstün, O, **Nuraniye.**, "Assesment on Wound Healing effects of Lentinula edodes from Turkey". 20th Symposium on Natural products from Medicinal Plants, Oct. 10-13, 2012, Antalya-Turkey, pp. 67 (poster).

[13] **Nuraniye.**, Üstün, O., and Şener, B., "Appraisal on the Wound Healing Activity of the Leaves of Ficus carica L.". 10th International Symposium on Pharmaceutical Sciences, June. 26-29, 2012, Ankara-Turkey, pp. 361. (poster).

[14] **Nuraniye.**, and Süleymanoğlu, E., Applying Langmuir-Blodgett Films and Planar Lipid Bilayers (Black Lipid Membranes) for Designing Nucleic Acid Nanobiosensors. Mini-Workshop on Surface Science for Inauguration of the Turkish Surface Science Society (TuSSS), Mays.23, 2011, Bilkent University, pp. 40 (poster).

# دوكتور نۇرنىسا قۇربان

(بۇ يازما تورلاردا 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

دوكتور نۇرنىسا قۇربان سىڭلىمىز قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، ئۇ 1997 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە فاكۇلتېتىدا باكلاۋۇرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى، ۋە شۇ يىلى ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەلدى. نۇرنىسا سىڭلىمىز 2001 ـ يىلى جەنۇبىي كالىفورنىيەنىڭ «Northridge» دېگەن شەھىرىدىكى كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خېمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى. 2007 ـ يىلى مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پېداگوگىكا كەسپى ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 2009 ـ يىلى ئاشۇ مەكتەپنىڭ «باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش» كەسپىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالدى. نۇرنىسا سىڭلىمىز 2011 ـ يىلى ئامېرىكىدىكى داڭلىق خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان «جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى» (University of Southern California) نىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىنىپ، 2014 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «مائارىپ رەھبەرلىكى» كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالدى. ھەمدە 2014 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ بىرى بولغان لوس ئانژېلىس مائارىپ باشقارمىسىدا «پېداگوگىكا يېتەكچىسى» دېگەن ۋەزىپىگە تەيىنلەندى.

نۇرنىسا سىڭلىمىزنىڭ يېشى تېخى ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوقۇشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئىككى ئوماق قىزىنى بېقىپ چوڭ قىلىش جەريانىدا ئوقۇپ پۈتتۈردى. ئۇنىڭ ئىككى قىزى ھازىرمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

نۇرنىسا سىڭلىمىزمۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇغان بولۇپ، ئۇ دوكتورلۇقتا ئوقۇغان «جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى» كىرىش ۋە ئوقۇش ئانچە ئاسان ئەمەس ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇنداقلا ئۇ ھازىر ئېرىشكەن خىزمەت ئورنى ئامېرىكىدىمۇ ئېرىشىش ناھايىتى تەس بولغان بىر يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا مەن نۇرنىسا سىڭلىمىزدىنمۇ ناھايىتى پەخىرلىنىمەن. «مائارىپ يېتەكچىسى» كەسپىدە ئوقۇغان بۇ سىڭلىمىز كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدۇ، دەپ ئويلايمەن. ھەمدە ئۇنىڭ قىزلىرىنى چوڭ قىلىپ قولدىن چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپى ئىشلىرى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە خالىسانە خىزمەت قىلىپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.




1 ـ رەسىم: نۇرنىسا سىڭلىمىز ئىككى ئۇماق قىزى بىلەن بىللە.

# دوكتور نۇرشىدە پولات (ئامېرىكا)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 4-ئاينىڭ 3-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

ئامېرىكىدا بىر قورچاق كىنو بار. ئۇنىڭدا بىر ياشانغان پادىشاھ جەننەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇ ئىشىك باققۇچىغا ئۆزىنى «مەن ئېدۋارد دېگەن خۇدا بولىمەن»، دەپ تونۇشتۇرىدۇ. ئالدىغا بىر پارچە قېلىن كىتابنى قويۇۋالغان ئىشىك باققۇچى بولسا ئۇنىڭغا: «ئېدۋارد، سەن بىر خۇدامۇ-ئەمەسمۇ، ئۇ ھەقتىكى ھۆكۈمنى بىز ئۆزىمىز چىقىرىمىز»، دەيدۇ.

بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئەڭ ئاخىرىدا ھېساب بولىدىغىنى سىزنىڭ ئۆز-ئۆزىڭىزگە مەردلىك بىلەن بەرگەن باھايىڭىز ئەمەس. ئۆزىمىز ھەققىدىكى ئابىدە تېكىستىنى بىزنىڭ قانداق ياشىغانلىقىمىزنى ئوبدان بىلىدىغان كىشىلەر يېزىپ، ئۆزىمىز ھەققىدىكى مەدھىيە سۆزلىرىنىمۇ ئاشۇ كىشىلەر ئوقۇيدۇ.

نوبېل مۇكاپاتىنى ئىجاد قىلغان كىشى ئالفرېد نوبېل ئەپەندى ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار. شۇ زاماندا بېسىلىپ تارقىلىۋاتقان بىر پارچە گېزىت خاتا ئۇچۇرغا ئاساسلىنىپ، نوبېلنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە بىر پارچە خەۋەر باسىدۇ. نوبېل بۇ خەۋەرنى گېزىتتىن ئوقۇيدۇ، ھەمدە ئۇ مۇشۇ پۇرسەتنىڭ باھانىسىدە ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى قانداق بىر تەرىقىدە ئەستە ساقلايدىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. گېزىتتىكى خەۋەردە نوبېل ئەپەندى بىر ناھايىتىمۇ ئەقىللىق خىمىيە ئالىمى بولۇپ، ئۇ پارتلاتقۇچ دورىسىنى كەشىپ قىلىپ، ناھايىتى باي بولۇپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى بىر ئەقىللىق ۋە باي ئادەم، دەپ ئەستە ساقلىشى ناھايىتىمۇ قانائەتلىنەرلىك بىر ئىش ئىدى. لېكىن، نوبېل ئەپەندى ئۇنداق دەپ ئويلىمايدۇ.

نوبېل ئەپەندى ئۆزىنىڭ ھاياتى ھەققىدە يۇقىرىقىدەك ئىجابىيراق بولغان بىر ئابىدىنى قالدۇرۇش ئارزۇسى ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ ئويلىنىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز بايلىقىنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمىنى ئىنسانلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ يېڭىلىقلارنى ئېتىراپ قىلىدىغان «نوبېل مۇكاپاتى» نى تەسىس قىلىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ئارىمىزدا نوبېل مۇكاپاتىغا ئوخشاش چوڭ نەرسىلەرنى بەرپا قىلالايدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس، ئەمما بىز ھەممىمىز پەرزەنتلىرىمىز ۋە ئاتا-ئانىلىرىمىزنى پەخىرلەندۈرىدىغان مەدھىيە سۆزلىرىگە ئېرىشەلىگۈدەك بىر خىل ھاياتنى ياشىيالايمىز.

بىز ھەر كۈندىكى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئىچىدە ھەممە ئىشلار توغرىسىدا توغرا ئويلاپ كېتەلمەيمىز. بىز ئۈچۈن پۇل، خىزمەت ئورنى، نام-ئاتاق ۋە ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ كۆرۈنۈپ، بۇ جەريان ئۇ نەرسىلەر بىز ئۈچۈن مۇھىم بولماي قالغان بىر زامانغىچە داۋام ئېتىدۇ. ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرىدا ئەڭ مۇھىم بولۇپ قالىدىغان نەرسە، سىز بۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ سىزنى قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئەستە تۇتۇشى، سىزنى كىملەرنىڭ ئەستە تۇتۇشى، ۋە سىزنى نېمە ئۈچۈن ئەستە تۇتۇشىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتىنى قانداق ياشاشنى بىلمەكچى بولسىڭىز، سىز مۇنداق بىر ئىشنى ئويلاڭ: سىز كىشىلەردىن ئۆزىڭىز ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ سىز توغرىسىدا نېمىلەرنى دېيىشىنى ئىستەيسىز؟ يەنى، سىز ئۆلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ كەينىگە يېنىپ بىر قېتىم ياشاپ بېقىڭ.

مەن يېقىندا ئۆزۈمنىڭ «يالغانچىلىققا ئائىت 12 ھەقىقەت» دېگەن يازمىسىدا ئامېرىكىدىكى «مايكۇل جوسېفسون» (Michael Josephson) ئىسىملىك بىر تونۇلغان ئەخلاق مۇتەخەسسىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ئىدىم [1]. ئاشۇ مايكۇل ئۆزىنىڭ تور بېتىدە 2015-يىلى 19-مارت كۈنى

«ھاياتىمىزنىڭ ھەقىقىي مەنىسى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە قىسقا يازما ئېلان قىلغان بولۇپ، يۇقىرىدىكىسى ئاشۇ يازمىنىڭ مەزمۇنىدىن ئىبارەت [2].

ئۆتكەن يىل (2014 ـ يىلى) بىزنىڭ ئائىلە ئۇزۇندىن بۇيان يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتۈۋاتقان بىر ئۇيغۇر ھەدىمىزنىڭ تۇرك ئېرى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇلار شىمالىي كالىفورنىيەدە تۇرىدىغان بولۇپ، مەن ماشىنام بىلەن 600 كىلومېتىردەك يول يۇرۇپ، ئۇنىڭ مېيىت نامىزىغا قاتناشتىم. ئۇ ئاكىمىزنىڭ مېيىتى يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەن توپا بېشىغا كەلگەن باشقا كىشىلەر ئارىسىدا قىستىلىپ يۇرۇپ، ئۇنىڭ مېيىتى قويۇلغان سېمونت ساندۇقنىڭ ئۈستىگە بىر قانچە ئوچۇم توپا تاشلىۋالدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر كىشى كېلىپ، بىزنى يەرلىكتىن يىراقراق تۇرۇشقا بۇيرۇدى. بىز سەل ئارقىغا چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇ بىر تراكتورنى ھەيدەپ كېلىپ، بىر قانچە مىنۇت ئىچىدىلا ھېلىقى مېيىت ساندۇقنىڭ ئۈستىنى توپا بىلەن تىندۇرۇۋەتتى. ئۇ ئاكىمىز تېخى تۈنۈگۈن ھايات ئىدى. بۈگۈن مانا مۇشۇنداق يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى. بۇ نېمە دېگەن ئاددىي بىر جەريان؟ بىز ھەممىمىز بۇ دۇنيادىن ئەنە شۇنداق ئايرىلىمىز. ھەممىمىز ئوخشاش يەرگە بارىمىز. ئۇنداقتا بىزنى پەرقلەندۈرىدىغان نەرسە نېمە؟ مەن ئاشۇ سەپەردىن كېيىنكى بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە كۆپ ئويلاندىم، ھەمدە روھىي جەھەتتىن سەل نورمالسىز يۇردۇم.



1 ـ رەسىم: بىزنىڭ بىر دوستىمىز 2014 ـ يىلى ۋاپات بولغاندا قويۇلغان يەرلىك.

بىر ئادەم بۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدە قانچە ئۇزۇن ياشايدىغانلىقىنى مۇنداق 3 نەرسىدىن كەم دېگەندە بىرسى بەلگىلەيدۇ:

**(1) ئۇنىڭ باشقىلارغا بەرگەن ۋە قالدۇرغان بىلىملىرى.** بۇنىڭ مىسالى ئۈچۈن بىز ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ۋە شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلىرىدىكى مۇئەللىملىرىنى ئويلاپ باقساق بولىدۇ. بىز ئۇلارنى ئۇنتۇلۇپ قالدۇقمۇ؟

**(2) باللىرىنى قانداق تەربىيىلىگىنى.** ياخشى تەربىيىلەنگەن بالىلار ئاتا ـ ئانىسى باشلىغان ئۇلۇغۋار ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نام ـ شۆھرىتىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ: ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن بىر داڭلىق زاتنىڭ بالىسى ياخشى ئادەم بولسا، سىز داۋاملىق ئۇنى «پوكۇنىنىڭ بالىسى» دەپ تۇرۇپ ئاتايسىز. ئەگەر ئۇ بىر ناچار ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ھەرگىزمۇ بىللە ئىشلەتمەيسىز.

**(3) قىلغان ساخاۋەتلىك ئىشلىرى.** مەن ئۇيغۇر دىيارىدا يېقىنقى 5 ـ 10 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ساخاۋەت ئىشلىرىدىن ناھايىتىمۇ تەسىرلەندىم، ھەممە ئۇنىڭدىن بىر خىل ئۈمىد نۇرىنى كۆردۈم. تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىدە ساخاۋەتچىلەر ئالىي مەكتەپ بىنالىرىنى سېلىپ بېرىپ، ئۇ بىنانىڭ ئىسمى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئىشلىتىدىغان، ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ ناھايىتى چوڭ ۋە قىممەت نەرسىلەر بىلەن تولغان ئۆي ـ زېمىنلىرىنى جامائەت باغچىسى قىلىپ قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپ. ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىنالىرىنىڭ ئىسمى ئاساسەن ئادەملەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ بىنالارنى سېلىشقا ئەڭ كۆپ پۇل ئىئانە قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىدۇر.

مەن بۇ يەردە قېرىنداشلاردىن مۇنداق بىر نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنىمەن: سىزنىڭ ھايات ۋاقتىڭىزدا قانداق كىيىملەرنى كىيگەنلىكىڭىز، قانداق تاماقلارنى يېگەنلىكىڭىز، قانداق ئۆيلەردە ئولتۇرغانلىقىڭىز، ۋە قانداق ماشىنىلارنى ھەيدىگەنلىكىڭىز يۇقىرىدىكى 3 سەۋەبنىڭ بىرسىگە تەۋە ئەمەس. يەنى، بىر ئادەمنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى قانداق ياشىغانلىقى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلغاندىن كېيىن كىشىلەر قەلبىدە قانچە ئۇزۇن ياشايدىغانلىقى بىلەن ئاساسەن مۇناسىۋەتسىز. بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە سىز ۋاپات بولغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇستازىمىزنى ئەسلەپ بېقىڭ. سىز ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا، كۆز ئالدىڭىزغا ئۇ ئۇستاز ھەققىدىكى قانداق ئىشلار كېلىدۇ؟

ھونلارنىڭ داھىيسى ئاتتىلا ۋە ئاتا تۈرككە ئوخشاش تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ داھىيلار، قەھرىمانلار ۋە داڭلىق سەنئەتكارلار قاتارلىق بىر قىسىم ئادەملەرمۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلار باشقا بىر كاتېگورىيىگە تەۋە كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە تالانت ـ ئىقتىدارلىرى، ۋە شۇنىڭغا تايىنىپ ئۆز خەلقى، ئۆز ۋەتىنى ياكى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياراتقان زور تۆھپىلىرى سەۋەبىدىن كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. بۇ كاتېگورىيىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، يۇقىرىدىكى 3 شەرت بولسا بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن يەكۈنلەپ چىقىلغان.

ھازىر نۇرغۇن قېرىنداشلار مىللەت ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىش يولىدا تىرىشىۋاتىدۇ. ئۆزۈممۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. مەندىن بىر قىسىم ئوكىلار داۋاملىق «سىز نېمە ئۈچۈن ھازىرقىدەك ياشاش يولىنى تاللىدىڭىز؟» دەپ سوراپ تۇرىدۇ. بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ بىر قىسمى يۇقىرىدىكى مايكول جوسېفسون يازغان مەزمۇندا بار بولۇپ، ئۇنىڭ جاۋابىنىڭ يەنە بىر قىسمى ھازىر ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئۇيغۇر دىيارى ئەنە شۇنداق ياشايدىغان كىشىلەرگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدۇر. ئەمەلىيەتتە ھازىر ئاشۇنداق ياشاش يولىنى تاللىغان ئۇيغۇرلار ئىنتايىن كۆپ. يېقىندىن بۇيان مېنى قوللاپ، مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىپ، ماڭا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، مېنىڭ «چەت ئەلدىكى نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن تېما ئاستىدىكى يازمىلىرىمنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي تەييارلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىۋاتقان بارلىق ئوكىلار ئەنە شۇنداق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر. ھازىر يۇقىرىقىدەك ياشاش يولىنى تاللىغان بارلىق قېرىنداشلار ئورتاق ھالدا ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ قاتتىق تىرىشساقمۇ، خەلقىمىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىپ بېرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. ئەمما بىز بىر قىسىم ياخشى ئۆزگىرىشلەرگە تۈرتكە بولالايمىز. شۇنداقلا ھاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىر دۇنياغا سەپەر قىلغاندا ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىمىزدىن پۇشايمان يېمەيمىز.

ئەگەر سىزنىڭمۇ شەرتىڭىز توشىدىكەن، يۇقىرىقىدەك مىللەت ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىدىغان قوشۇنغا بىر ئەزا بولۇڭ. يالغۇز ئۆز ئۆيىڭىزدىكى بىر دانە چىراغ بولماي، ئۇيغۇر دىيارى ئاسمىنىدىكى بىر دانە يۇلتۇزمۇ بولۇڭ. يالغۇز يۇلتۇزدىن چىققان نۇرنىڭ ئانچە كۈچى بولمايدۇ. ئەمما كۆپلىگەن يۇلتۇزلار بىرلەشسە، ئۇ بىر ناھايىتى كەڭ زېمىننى يورۇتالايدۇ. ئەگەر سىز مەن بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىسىڭىز، مەن بىلەن bilim.humar@yahoo.com ئارقىلىق ئالاقىلىشىڭ.

مەن ئالدىنقى ھەپتە «چەت ئەلدىكى نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (5)» دېگەن ماقالىدە سىڭلىمىز بەرنا ئىبراھىمنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، بەزى ئۇكىلار ماڭا بەرنا سىڭلىمىزدىن Android تا ئىشلەتكىلى بولىدىغان تىللارنىڭ قاتارىغا ئۇيغۇر تىلى فونتىنىمۇ قوشۇپ قويۇش مۇمكىنمۇ-ئەمەسمۇ، دېگەننى سوراپ بېقىشنى ھاۋالە قىلدى. مەن بۇ ئىشنى بەرناغا دېگەندىن كېيىن، ئۇ سىڭلىمىز مەزكۇر ئىش ئۈستىدە گۇگۇل شىركىتىگە بىر ئىلتىماس يوللاپ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشىپ باقىدىغان بولدى. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇرمەنلەرنى بۇ ئىشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ تۇرىمەن.

بىر قىسىم قېرىنداشلار مەندىن «بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ» دېگەن ماقالە بىلەن «پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇش» دېگەن ماقالىنىڭ داۋامىنى قاچان يوللايدىغانلىقىمنى سوراۋاتىدۇ. مەن ئەسلىدە ئالدى بىلەن «پىسخولوگىيە ئۇرۇشى» تېمىسىنى تاماملاپ بولۇپ، ئاندىن بالا تەربىيىسى ھەققىدىكى تېمىنىڭ داۋامىنىمۇ يازماقچى ئىدىم. يېقىندىن بۇيان مېنىڭ نەتىجىلىك قېرىنداشلارنى تونۇشتۇرۇش ئىشىمنى قوللاپ بەرگۈچىلەر كۆپلەپ چىقىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بۇرۇنقى پىلانىمنى سەل ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى. ئاللاھ بۇيرۇسا قالغان ئىككى تېما ئاستىدىكى ماقالىلەرنىڭ داۋامىنى يوللاشنى ئانچە ئۇزۇنغا قالماي باشلايمەن. ۋاقتىم قىس بولغاچقا، بۇ ئىشلارنى بۇنىڭدىن تېزرەك قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. شۇڭا قېرىنداشلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن.

ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن. مەن بۇ قېتىم يەنە 3 نەپەر قېرىندىشىمىزنى تونۇشتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 23-، 24- ۋە 25-قېرىندىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەن ئالدىنقى قېتىملىق ماقالىنىڭ تور ئادرېسىنى مۇشۇ يازمىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ قويدۇم (مەن بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىدىغان بولۇپ، بۇرۇنقى ماقالىنى ئىزدەيدىغانلارمۇ ئاشۇ ئۇسۇلنى قوللانسا بولىدۇ).

سىڭلىمىز نۇرشىدە پولات 1985-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 2003-يىلى شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى (ياكى 17-ئوتتۇرا مەكتەپ) نى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى، ھەمدە ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەبىئىي-پەنلەر تۈردە ئەلىۋلئەلا (高考理科状元) بولدى.

سىڭلىمىز نۇرشىدە 2004-يىلى شاڭخەي شەرقىي جۇڭگو پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا يۇقىرى مولېكۇلىلىق ماتېرىياللار ئىلمى (Polymer Science and Engineering) كەسپىنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىنى باشلىدى. بىرىنچى يىلى ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى بولغانلىقتىن، مەكتەپنىڭ ئالاھىدە ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىندى.

ئامېرىكىدا ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار «توفىل» (TOEFL) دەپ ئاتىلىدىغان ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانى بىلەن GRE دەپ ئاتىلىدىغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ كەسپىي دەرسلىرىنى مەزمۇن قىلغان يەنە بىر ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولمىسا بولمايدۇ.

نۇرشىدە 2006- ۋە 2007-يىللىرى GRE ۋە TOEFL ئىمتىھانلىرىنى بېرىپ، 2008-يىلى ئامېرىكىدىكى پېنسىلۋانىيە شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى (The Pennsylivania State Uniwersiteti) «ماتېرىيال ئىلمى ۋە ئىنژېنېرلىقى» كەسپىنىڭ ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىغا تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن قوبۇل قىلىندى. مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا شاڭخەي شەھەرلىك، دۆلەتلىك ۋە دۇنيا خاراكتېرلىك «ماتېماتىكىلىق مودېللاش» (mathematical modeling) مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. نۇرشىدە 2011-يىلى كۆمۈرنى سۇيۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى (Examination of Coal Solubility and Fragmentation with Various Ionic Liquids) ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئاساستا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 2014-يىلى 8-ئايدا ئىنگلىزچە «Bitumen Recovery from Oil Sands Using Deep Eutectic Solvent» دېگەن تېمىدىكى

بىر ئىلمىي تەتقىقات تۈرىنى تاماملاپ، ماتېرىيال ئىلمى كەسپىدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشىنىمۇ غەلىبىلىك تاماملىدى. ئۇ ھازىر ماتېرىيال ئىلمى كەسپىدە دوكتور ـ ئاشتى بولۇپ ئىشلەپ، ئىنگلىزچە « Tailoring crystal morphology» دېگەن تېما ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.



2 ـ رەسىم: سىڭلىمىز نۇرشىدە 2014 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دوكتورلۇق ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەن ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.




3 ـ رەسىم: سىڭلىمىز نۇرشىدەنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ئاساسىدا تەييارلانغان، بىر خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىدا كۆرگەزمە قىلىنغان تام گېزىتى.

سىڭلىمىز نۇرشىدەنىڭ دوكتورلۇق تەتقىقاتى نېفىت قۇمى (oil sands) توغرىسىدا بولۇپ، ئۇ «ئاسفالتنى قانداق قىلغاندا قۇمدىن ھەم ئاسان ھەم ئاز مىقداردىكى ئىقتىساد ۋە ئېنېرگىيە بىلەن ئايرىۋېلىشقا بولىدۇ؟» (separating bitumen from sands) دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. شۇنداقلا ئىنگلىزچە «Atomic force microscopy force measurement technique» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تېخنىكىنى ئىشلىتىپ، ئاسفالت بىلەن قۇم زەررىچىلىرى ئارىسىدىكى كۈچلەر (surface/interface forces) ئۈستىدە، ھەمدە بۇ كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان سۇيۇق ماتېرىياللار ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ باردى.

سىڭلىمىز نۇرشىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ھايات يولىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا، نۇرغۇن توسقۇنلۇقلارغا، ھەمدە نۇرغۇن مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىشى مۇمكىن. ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا ئادەمنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئۈمىدۋار بولۇشى، ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىشى، ۋە ھاياتقا نىسبەتەن ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى بەك مۇھىم. بىزدە شۇنداق بىر روھ بار بولسۇنكى، ئۆزىمىزنى ئالدىمىزدىكى توسالغۇ ۋە

قىيىنچىلىقلاردىن كۆچلۈك، دەپ ھېسابلاپ، ئاشۇ توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى چوقۇم يەڭمىسەك بولمايدۇ، دەپ ئۆزىمىزگە مەدەت بېرىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ بىلىم ئېلىپ، دۇنيانى تونۇشىمىز، پۇرسەت يارىتىپ ياخشى كىتابلارنى ئوقۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىسى بىلەن بىلىمىنى كۆپەيتىپ تۇرۇشىمىز، شۇنداقلا ئۆگىنىشتىن ھەرگىزمۇ توختاپ قالماسلىقىمىز كېرەك.»

سىڭلىمىز نۇرشىدە ئوقۇرمەنلەرگە تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزنى تەقدىم قىلدى. بۇ سۆز كالىفورنىيە ھۆكۈمىتىگە تەۋە «كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ھۆرمىتىنى، ھەمدە ئۆزىنىڭ كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتلىرىنى كۈچەيتىش تەلىم-تەربىيە ئىشخانىسى» تەرىپىدىن تەييارلانغان:

*«خاتالىق ھاياتنىڭ بىر تەبىئىي قىسمى. بىز سىناق قىلىش ئارقىلىق يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىمىز. خاتالىق بىلەن مەغلۇبىيەت بىزنىڭ ئۆگىنىش جەريانىمىزنىڭ مۇھىم قىسمىلىرى. ئېينىشتېيىن باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىرىنىڭ ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتەلمىگەن. ئېدىسون 9000 دانىدىن كۆپ لامپۇچكا قىلىنى سىناق قىلىپ، ئاندىن نورمال ئىشلەيدىغان بىر دانە لامپۇچكا قىلىنى تاپقان. ۋالت دىسنېي (Walt Disney) باغچە قۇرۇشتا 5 قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، ئاندىن ھازىرقى دىسنېيلەند باغچىسى (Disneyland Park) نى قۇرۇپ چىققان. ئەگەر بىز ئۆگىنىشىمىزلىقلارنى قوبۇل قىلساق، تەۋەككۈللۈك قىلىشنى ۋە يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويماي، ئۆزىمىزنىڭ ھاياجىنى بىلەن رازىمەنلىكىنىمۇ ئۇزۇلدۇرمەي داۋاملاشتۇرۇپ ماڭالايمىز.»*

## دوكتور نۇرشىدە پولات ئېلان قىلغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئېلان قىلىدىغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):


[1] **Nuerxida Pulati**, Maria Sobkowiak, Jonathan P. Mathews, Paul Painter, Low-Temperature Treatment of Illinois No.6 Coal in Ionic Liquids, Energy &Fuels, 2012, 26(6), 3548-3552.

[2] Paul Painter, **Nuerxida Pulati**, RuveydaCetiner, Maria Sobkowiak, Gareth Mitchell, Jonathan Mathews, Dissolution and Dispersion of Coal in Ionic Liquids, Energy &Fuels, 2010, 24(3), 1848-1853.

[3] Paul Painter, Ruveyda Cetiner, **Nuerxida Pulati**, Maria Sobkowiak, Jonathan Mathews, Dispersion of Liquefaction Catalysts in Coal Using Ionic Liquids, Energy &Fuels, 2010, 24(5), 3086-3092.

[4] Paul Painter, Bruce Miller, Aron Lupinsky, Maria Sobkowiak, Andrea Choperena, **Nuerxida Pulati**, Separation of hydrocarbons from sand or other minerals using ionic liquids, 246TH ACS National Meeting, 2013, 9.

[5] **Nuerxida Pulati**, “Dissolution and Dispersion of Coal in Ionic Liquids”, 2012 International Conference on Materials for Renewable Energy& Environment (ICMREE2012), Beijing, China, 5/2012.

[6] **Nuerxida Pulati**, “Dissolution and Dispersion of Coal in Ionic Liquids”, MRS Penn State Chapter Invited Talks Series, The Pennsylvania State Uniwersiteti, Uniwersiteti Park, PA, 7/2013.

[7] **Nuerxida Pulati**, Paul Painter, Bitumen Recovery from Oil Sands Using Deep Eutectic Solvent and Its Aqueous Solutions, in preparation.

[8] **Nuerxida Pulati**, Paul Painter, Timothy Tighe, Using Peakforce Tapping Atomic Force Microscopy Study the Interaction Forces between Bitumen and Minerals Sands in Deep Eutectic (Choline Chloride-Urea) Solvent Solutions, in preparation.

# ئاياللار ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوكتورى — نۇرسىمانگۈل يۈسۈپ

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 6-ئاينىڭ 12-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىز، يەنى بىزنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزگە سەۋەب بولىدىغان بىزنىڭ مەركىزىي ئىدىيىلىرىمىز، بىزنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىمىزنى، ئەخلاقىمىزنى ۋە بىز قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ چېكىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن قىلىپ بېرەلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز ئۇلارنى ئۆزلىرىدە ئىجابىي قىممەت قاراشلىرىنى تىكلىشىگە رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاشۇنداق قىممەت قاراشلىرى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىدە ئەقىللىق بولۇشىغا، بەختلىك بولۇشىغا، ۋە ياخشى ئادەم بولۇشىغا ياردەم قىلىدۇ. بۇ بىر ئاددىي ئىش ئەمەس. بىز ئالىدىغان بىرىنچى قەدەم ئۆزىمىزنىڭ نېمىگە ئىشىنىدىغانلىقى بىلەن پەرزەنتلىرىمىزدىن نېمىگە ئىشىنىشنى ئىستەيدىغانلىقىمىزنى ئىمكانقەدەر ياخشىراق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت. كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا بىزنىڭ باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدىغان قىممەت قاراشلىرىمىز (ئېغىزىمىزدىكى قىممەت قاراشلىرىمىز) بىلەن بىزنىڭ تاللاشلىرىمىز ئارقىلىق نامايان بولغان بىزدىكى ھەقىقىي قىممەت قاراشلىرى (بىزنىڭ ئىش-ھەرىكىتىمىزدىكى قىممەت قاراشلىرى) ئوتتۇرىسىدا پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە ئۆزىمىزدىكى قىممەت قاراشلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى مۇرەككەپلىكنىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ ئۆمۈرلۈك نىشانلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرى بەلگىلەيدۇ. يەنە بىر كاتېگورىيەدىكى قىممەت قاراشلىرى بىزنىڭ نېمىنىڭ ئۇنۇم بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بۇ خىلدىكى قىممەت قاراشلىرى بىزنىڭ ئۆزىمىز ئىستىگەن نەرسىلەرنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىمىزنى بەلگىلەيدۇ. ئۈچىنچى خىلدىكى قىممەت قاراشلىرى بىزنىڭ نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئەخلاقىي كۆز-قارىشىمىزدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئېسىل كىشىلىك خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەر ئۈچۈن مۇشۇ 3-خىلدىكى قىممەت قاراشلىرى قالغان 2 خىل قىممەت قاراشلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز، سىز ئۆز پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ قەلبىگە ئورنىتىشنى ئىستەيدىغان قىممەت قاراشلىرىنى يېزىپ چىقىڭ. سىز يېزىپ چىقىدىغان قىممەت قاراشلىرى تۆۋەندىكى كاتېگورىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن:

-- كىشىلىك خاراكتېر ۋە ئەخلاق
-- ئېتىقاد ۋە دىن
-- توي ۋە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى
-- دوستلۇق
-- ئوقۇش
-- ئۆز-ئۆزىگە تايىنىش
-- پوزىتسىيە
-- ساخاۋەت ئىشلىرى ۋە خالىسانە ئىشلار
-- مۇۋەپپەقىيەت
-- پۇل ۋە ماددىي مۈلۈك
-- ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك
-- توي قىلىشتىن بۇرۇنقى قىز-ئوغۇل مۇناسىۋەتلىرى

بىز قىلغان ھەر بىر سۆز ۋە بىز قىلغان ھەر بىر ئىش پەرزەنتلىرىمىزدە مەلۇم قىممەت قاراشلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە بىز پەرزەنتلىرىمىزگە نېمىلەرنى ئۆگىتىۋاتقانلىقىمىزنى ئۆزىمىز داۋاملىق بىلىپ تۇرالمايمىز. شۇڭلاشقا بەلگىلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ، بىر پارچە يازما «ئائىلە قىممەت قاراشلىرى» نى يېزىپ چىقىش ئارقىلىق بىز پەرزەنتلىرىمىزنى بىر مەڭگۈ ئۇنتۇلۇپ قالمايدىغان قىممەت قاراشلىرى مەنبەسىگە ئىگە قىلالايمىز.

مەن يېقىندا ئۆزۈمنىڭ «يالغانچىلىقتا ئائىت 12 ھەقىقەت» دېگەن يازمىسىدا ئامېرىكىدىكى «مايكول جوسېفسون» (Michael Josephson) ئىسىملىك بىر تونۇلغان ئەخلاق مۇتەخەسسىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ئىدىم. ئاشۇ مايكول ئۆزىنىڭ تور بېتىدە 2015 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېل كۈنى «ئائىلە قىممەت قاراشلىرى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە قىسقا يازما ئېلان قىلغان بولۇپ، يۇقىرىدىكىسى ئاشۇ يازمىنىڭ مەزمۇنىدىن ئىبارەت.[1]

مەن بۇ قېتىم يەنە 2 نەپەر ھەدە ـ ئىنى قېرىنداشىمىزنى تونۇشتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 41 ـ ۋە 42 ـ قېرىنداشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى ئۆكىلىرىمىزمۇ مەن بۇرۇن تونۇشتۇرغان قېرىنداشلارغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ھازىرغىچە بولغان ھاياتىدا قاتتىق تىرىشىپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرىغا ئېرىشكەن، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ساھەلىرىدە ئالاھىدە نەتىجىلەرنى ياراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇغاندا بىز ئۇلاردىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايمىز. بۇ ئىككەيلەننىڭ ھازىرقىدەك بىر ياشاش يولىنى تاللاپ، ھازىرقىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدە ئۆزلىرى كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئالغان قىممەت قاراشلىرى ھەققىدىكى ئائىلە تەربىيىسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بولۇپ، مەن ئوقۇرمەنلەردىن تۆۋەندىكى مەزمۇننى ئوقۇغاندا ئۇنى يۇقىرىدىكى «ئائىلە قىممەت قاراشلىرى» دېگەن مەزمۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ بېقىشىنى سورايمەن.

ئەمدى مەن رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن.




1 ـ رەسىم. سىڭلىمىز نۇرسىمانگۈل يۇسۇپ

نۇرسىمانگۈل يۈسۈپ 1981 ـ يىلى غەربىي جەنۇبى تارىم نېفىتلىكىدە بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ بىرلا ئىنىسى بولۇپ، باشلانغۇچ ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىنى غەربى جەنۇبىي تارىم نېفىتلىكىدە بىرگە ئۆتكۈزگەن بۇ ئىككى قېرىنداش بىر بىرىگە بەكمۇ ئېجىل ـ ئىناق ئىدى.

ئۇنىڭ ھاياتىغا دادىسى يۈسۈپجان ئاكا بەكمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، يۈسۈپجان ئاكا ئىنتايىن تەلەپچان، ئەستايىدىل ئادەم بولسىمۇ، ھېچقاچان بالىلىرىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىمايتتى. ئىلمىي تەربىيىنى ئاساس قىلاتتى. ئۇ دائىم «سىلەر ياشايدىغان دەۋر تولىمۇ رىقابەتكە تولغان بولىدۇ. قاتتىق تىرىشىپ ئوقۇپ بىرەر ئىقتىدارنى يېتىلدۈرمىسەڭلار، جەمئىيەتتە پۇت دەسسەپ تۇرالمايسىلەر. ياخشى ئوقۇغۇچىلار بالىلىرىم» دەپ نەسىھەت قىلاتتى. گۆدەك نۇرسىمانگۈل گەرچە بۇ گەپلەرنى چۈشىنىش يېشىدا بولمىسىمۇ، سەبىي كاللىسىدا ياخشى ئوقۇمىسام بولمايدىكەن، دېگەن ئاڭ بالىلىق چاغلىرىدىلا شەكىللەنگەن ئىدى، ۋە ھەر ۋاقىت ئالدىنقى قاتاردا ياخشى نەتىجە ئېلىپ ئوقۇشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭغا يەنە بىر ئىش زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. دادىسى يۈسۈپجان ئاكا 1970 ـ يىللاردا چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇيالمىغان ئىدى. يۈسۈپجان ئاكىنىڭ «سىلەرنىڭ تىرىشىپ ئوقۇپ، چوڭ بولغاندا چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشۇڭلارنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن» دېگەن سۆزى دادىسىنى ھاياتىنىڭ قەھرىمانى دەپ بىلىدىغان نۇرسىمانگۈلنىڭ سەبىي قەلبىدە دادىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بىر ئىستەكنىڭ بىخ سۇرۇشىگە تۈرتكە بولغان ئىدى. نەتىجىدە ئۇ ئۈن ـ تىنىسىز تىرىشىشقا باشلىدى. بۇ غايە ھەر زامان ئۇنىڭغا ئىلھام بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆز يېشىغا ماس بولمىغان بىر خىل تىرىشچانلىق ۋە رىقابەت ئېڭىنى شەكىللەندۈردى. باشلانغۇچتىن باشلاپلا سىنىپ بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا ئوقۇش ئۈچۈن، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدىكىلەرگە تەسىر كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئىشىك ئالدىدىكى يول چىرىغىنىڭ ئاستىدا تېكىستلەرنى يادلايدىغان، دەرسلەرنى ئالدىن ئۆگىنىپ ماڭىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردى. مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرى ۋە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرىدە داۋاملىق بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمىدى.

غەربىي جەنۇبى تارىم نېفىتلىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پوسكام ناھىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، 90 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە دوختۇرخانىدىن بىرسىلا بولۇپ، ئېغىرراق كېسەللىكلەرنى داۋالاش شارائىتى يوق، دوختۇرلارمۇ كەمچىل ئىدى. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا چىققاندا، نۇرسىمانگۈلنىڭ دادىسى ئاغرىپ قېلىپ ئۈرۈمچىدە ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا توغرا كەلدى. يۈسۈپجان ئاكا ئەر ـ ئايال ئىلاجسىز يۈرەك پارىلىرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا قالدۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە داۋالىنىشقا ماڭدى. ھېچقاچان ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ باقمىغان بۇ قىز دادىسىدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلدى، ۋە ئەگەر يۇرتىدا ئۇستا بىر دوختۇر بولغان بولسا بەلكىم ھېچكىمنىڭ يىراق يەرگە بېرىپ كېسەل داۋالىتىشىغا ھاجىتى چۈشمەس ئىدى، دەپ ئويلىدى، ھەمدە چوڭ بولغاندا دوختۇر بولۇپ، يۇرتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنى قەلبىگە پۈكتى، ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ ئوقۇدى.

تىرىشچانلىق ئاخىر مېۋە بەردى. 1999 ـ يىلى يۇقىرى نومۇر بىلەن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. ئاچىسىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكىنىدىن ئىنىسى ئەنۋەرجانمۇ بەك خۇش بولدى، بىراق كىچىكىدىن تارتىپ ئاچىسىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىغان ئەنۋەرجان ئۈچۈن ئاچىسىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىش ئېغىر كەلدى، ۋە «خەپ، مەنمۇ تىرىشىپ ئوقۇپ، ئاچام ئۆتكەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتمەي قويمايمەن» دەپ ئۆز ئۆزىگە ۋەدە بەردى. شۇندىن باشلاپ ئۇمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى.

نۇرسىمانگۈل ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئەتىگەنلىرى سەھەر تۇرۇپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ئىنگلىزچە رومانلارنى ئوقۇپ تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئالىي مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىللىقىدىن باشلاپ، ئىنگلىز تىلىدا ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇش راسخوتىنى ئۆزى غەملىيەلىگۈدەك شارائىتنى ھازىرلىدى ۋە

ئۇدا ئۈچ يىل ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ، سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ئوقۇدى. شۇ كۈنلەردە يۇسۇپجان ئاكا ئائىلىسىگە يەنە بىر خۇشاللىق نېسىپ بولدى. ئەنۋەرجاننىڭمۇ تىرىشچانلىقى مېۋە بېرىپ، ئۇمۇ ئاچىسى ئوقۇۋاتقان شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىگە يۇقىرى نومۇر بىلەن قوبۇل قىلىندى. بۇ ئامراق ئاچا-ئىنى ئىككىيلەن ئالىي بىلىم يۇرتىدا يەنە قايتا جەم بولدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كىتابخانىدا ماتېرىيال ئىزدەۋېتىپ تۇيۇقسىز «بىزنىڭ دوكتورلىرىمىز» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ قالدى، ھەمدە دەرھال سېتىۋېلىپ ياتاققا قايتىپ قايتا-قايتا تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان ھەر بىر شەخسنىڭ ئىزگۈ كەچمىشلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئۆزى ئۈستىدە كەسكىن ئويلاندى. ۋاقىت چەكلىك، ھايات قىممەتلىك. قارىغاندا مەن بۇ ئاكا ھەدىلىرىم بېسىپ ئۆتكەن يوللارنىڭ يېرىمىنىمۇ ماڭماپتىمەن، نېمىدېگەن قەيسەر ئادەملەر. مەنمۇ چوقۇم شۇلارغا ئوخشاش تىرىشىپ ئوقۇپ خەلقىمگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈشۈم كېرەك. شۇندىلا پۇشايمانسىز ئەھمىيەتلىك ياشىغان بولىدىكەنمەن. ئۇ كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئاخىر تېببىي تېخنىكا سەۋىيىسى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ياپونىيەگە بېرىپ ئوقۇش ئىرادىسىگە كەلدى.

2005 - يىلى6-ئايدا ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى، ھەمدە شۇ يىلى ئىيۇلدا جىلىن ئۆلكىسىنىڭ چاڭچۇن شەھىرىدىكى شەرقىي-شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياپون تىلى ئۆگىنىشكە ماڭدى. ئۇ كىرگەن سىنىپتا ياپون تىلى ئاساسى كۈچلۈك باللار كۆپ بولۇپ، ياپون تىلى ساۋادىمۇ يوق، ھەرپلەرنىمۇ تونۇمايدىغان ھالەتتىكى بۇ قىز قىسقا ۋاقىت ئىچىدە زور تىرىشچانلىقى بىلەن سىنىپتىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى، ۋە بىر يىلغا قالماي ياپونلۇق مۇئەللىملەر بىلەن بىمالال پاراڭلىشالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. بۇ جەرياندا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنىمۇ تاشلاپ قويمىدى، ۋە شۇ يىلى ئىنگلىز تىلى 4-دەرىجىدىن ۋە ياپون تىلى 2-دەرىجىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ 2006-يىلى 7-ئايدا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، شۇ يىلى 9-ئايدا توكيو دېنكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھاياتلىق ئىلمى فاكۇلتېتىنىڭ مولېكۇلا بىئو-خىمىيىسى (Molecular Biochemistry) كەسپىگە تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىندى. ئۇ ياپونغا يولغا چىقىش ئالدىدا ئىنىسى ئەنۋەرجان: «ئاچا، مەن ھەقىقەتەن سىزدىن پەخىرلىنىمەن، يەنە سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمنى ئويلىسام كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولىدۇ، يىراق سىزدىكى جاسارەت ماڭا ئەمدى نېمە قىلىش، قايسى يولدا مېڭىشنى ياخشى كۆرسىتىپ قويىدى» دېدى. شۇندىن باشلاپ ئۇمۇ سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى.

ياپونغا كەلگەن دەسلەپكى ئىككى يىل جەرياندا نۇرسىمانگۈل شەخسلەرنىڭ DNA تەكشۈرۈپ بېكىتىش (個人識別 DNA の鑑定) دېگەن تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ باردى، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد ئۇرۇق-تۇغقىنىنىڭ تىرناق ۋە چاچ ئەۋرىشكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىرسىي ئۇچۇر بىلەن تۇغما كېسەللىكلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى توپلىدى.



2 ـ رەسىم. 2006 ـ يىلى توكيو دېڭىز ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور تاناكا ئەپەندى ۋە ساۋاقداشلىرى

2007 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭغا قايتىپ توي قىلدى. 2008 ـ يىلى يولدىشىمۇ توكيو دېڭىز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇچۇر فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئىككىسى بىرلىكتە ياپونىيەدە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ياپونىيەگە كەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بالىلار مېڭە پارالىچ كېسەللىكلىرىگە ئائىت تەتقىقات جەھەتتە ئىزدىنىپ بېقىشنى نىيەت قىلغان ئىدى. كېيىن ئىزدىنىش نەتىجىسىدە ياپونىيەدە مېڭە پارالىچ كېسىلى بولغان بالىلار سانىنىڭ شىنجاڭدىكىنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى، ھەمدە تۇغۇت جەريانىدا ھامىلىنى ياخشى كۆزىتىش ۋە ھامىلىدارلىق جەريانىدىكى قەرەللىك تەكشۈرتۈشكە ئەھمىيەت بەرگەندە بالىلاردىكى پارالىچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدىغانلىقىنى، بالىلار مېڭە پارالىچ كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۇنى داۋالاشتىنمۇ مۇھىم ئورۇندا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمىدە ئوقۇسا ھەم ئاياللار كېسەللىكلىرى ھەمدە تۇغۇتقا دائىر كۆپ دائىرىلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىش پۇرسىتىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمىدە ئوقۇش قارارىغا كەلدى. بىراق ياپونىيەدە ئاياللار كېسەللىكلىرى دوختۇرلىرى كەمچىل بولۇپ، دوختۇرلار كلىنىكىلىق داۋالاشقا كۆپ ۋاقىت ئاجراتقانلىقتىن، ئوقۇغۇچى تەربىيىلەشكە ۋاقتى يېتەكچى ئوقۇتقۇچى تېپىش تولىمۇ تەسكە توختايتتى. شۇنداقتىمۇ ياپونىيەدىكى ئوندىن ئارتۇق ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپنىڭ ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورلىرى بىلەن ئالاقە قىلغان بولسىمۇ، پەقەت ئىككىلا مەكتەپتىن، يەنى كيۇشيۇ ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا فاكۇلتېتى بىلەن جۇنتېندو ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورىدىن ئالاقە تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ قايسى مەكتەپتە ئوقۇش ئۈستىدە كۆپ ئويلاندى. مەكتەپنىڭ بىرى توكيودا، يەنە بىرى باشقا بىر ئۆلكىدە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئالدى بىلەن كيۇشيۇ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ كيۇشيۇغا قاراپ يولغا چىقتى. كيۇشيۇ بەكمۇ گۈزەل بولۇپ، مەكتەپ سەل شەھەر سىرتىدا بولغاچقا، ماشىنىلىق بېرىشقا توغرا كېلەتتى. ياپونلۇق پروفېسسور

شۇنچە يىراق يېپەك يولىدىن كەلگەن بۇ ئۇيغۇر قىزنىڭ ياپون تىلىدا ئۆزى بىلەن قىلچە تەمتىرىمەستىن خۇددى ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلەۋاتقاندەك پاراڭلىشىۋاتقىنىدىن بەكمۇ ھەيران قالدى، ھەمدە قىزغىنلىق بىلەن مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. نۇرسىمانگۈلگە بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ قالسا، ئوقۇشى تۈگىگىچە ئوقۇش مۇكاپاتى ئالالايدىغانلىقىنى، ھەم ئۆزلىرىنىڭمۇ ھەر قايسى جەھەتتىن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نۇرسىمانگۈل كيۇشيۇدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئاخىر يەنىلا ياپونىيەدە تۇنجى 175 يىللىق تارىخقا ئىگە ھەمدە ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى بويىچە ئەڭ داڭلىق جۇنتېندو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش قارارىغا كەلدى. يىللاردىن بۇيانقى ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش، تىرىشچانلىق ئاخىر مېۋە بەردى . باشقا پروفېسسور ۋە باشقا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياپون تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىدا بويىچە يۈز-تۇرانە ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، ياپون تىلى بىرىنچى دەرىجىدە ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكى، ھەمدە ئىنگلىزچە سەۋىيىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، جۇنتىندو ئۇنىۋىرسىتېتى كىلىنىكىلىق داۋالاش فاكۇلتېتى ئاياللار كېسەللىكلىرى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىغا يېزىقچە ئىمتىھان كەچۈرۈم قىلىنىپ ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىندى، ھەمدە شۇ يىلى ياپونىيە مائارىپ مىنىستىرلىقى تەسىس قىلغان ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قوشۇلۇپ بالىياتقۇ راكىغا دائىر تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئىگىلىگەن بىلىمىنىڭ ياپونلۇق ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا بەكمۇ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ياپونلارنىڭ ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەمدە بىلىم دائىرىسى تولىمۇ كەڭ قاتلاملىق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپتىن باشلاپلا تەتقىقاتنى باشلايدىكەن. ئاساسىي بىلىم قۇرۇلمىسى ناھايىتى پۇختا بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكىگە ئوخشاش يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ھەممە ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلماستىن، ھەپتىدە بىر قېتىم پىكىرلىشىپ، قالغان ۋاقىتتا پۈتۈنلەي ئۆزىگە تايىنىپ ئىنگلىز تىلىدىكى ماقالىلەرنى كۆرۈش، تەتقىقات پىلانىنى ۋە بۇندىن كېيىنكى قىلماقچى بولغان ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلىش مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق تەتقىقاتنى مۇستەقىل قىلىشقا يېتەكلەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. نۇرسىمانگۈلگە دەسلەپتە بەك تەسكە توختىدى . كۈنلىرى ھەر كۈنى تەجرىبىخانىلاردا، كۈتۈپخانىلاردا كىتاب دۆۋىسى ئىچىدە ئۆتتى. يېرىم يىل قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاخىر ياپونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوخشاش پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان ھالەتكە كەلدى. ئىنىسى ئەنۋەرجانمۇ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە بىر يىل ئىنگلىز تىلى ئۆگەندى. بۇ جەرياندا ياپون تىلى ئۆگىنىشنىمۇ قولدىن بەرمىدى. يۈسۈپجان ئاكا ئەر-ئايال دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن يالغۇزلۇق دەردىنى كۆپ تارتتى. بۇ جەرياندا نەچچە قېتىم قاتتىق ئاغرىپ بالنىستتا داۋالاندى. لېكىن بالىلىرىنى ئەندىشىگە سالماسلىق، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئۈن-تىنسىز كۆپ بەدەل تۆلىدى.

يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى نۇرسىمانگۈلدىكى كەسىپكە بولغان بۇ ئوتتەك قىزغىنلىقنى كۆرۈپ، ئۇنى يەنىمۇ ئەتراپلىق تەربىيىلەش ئۈچۈن، بۇندىن كېيىن ئوپېراتسىيىلەرگىمۇ قاتنىشىشنى ئېيتتى. ئۇ شۇنداق قىلىپ پەقەت تەتقىقات بىلەنلا ئەمەس، ئەمەلىيەت بىلەنمۇ ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. تەجرىبىنى تۈگىتىپ ھەرخىل ئاياللار ئۆسمە كېسەللىكلىرىگە ئائىت ئوپېراتسىيىلەرگە قاتناشقاندىن سىرت يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرۈشكە باشلىدى، ھەمدە ئەتىگەنلىك ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ دوختۇرخانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىغا ياردەملىشىپ، تەجرىبىخانىدا سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. جۇنتىندو ئۇنىۋېرسىتېتى ئاياللار بۆلۈمىنىڭ خىزمەت تەرتىپى مۇنداق ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6~7 گىچە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن بىمارلاردىن تۇخۇملار ئېلىنىپ تەجرىبىخانىدا پەرۋىش قىلىناتتى. 7~9 غىچە باش پروفېسسورنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىمارلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى توغرىسىدا مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلاتتى . 9 دىن باشلاپ بالنىستتا كېسەل كۆرۈش باشلىنىپ، 10 دىن باشلاپ نۆۋەتچى دوختۇرلار ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرسە، قالغان دوختۇرلار ئوپېراتسىيىگە چىقاتتى. ۋاقىتلا بولسا خالىغان بىلىمنى ئۆگىنىش پۇرسىتى كۆپ

ئىدى. ئۇ بۇ خىل ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ھەممە بىلىملەرنى تولۇق ئۆگىنىشكە تىرىشتى، ۋە ئوقۇش پۇتتۇرگۇچە ئۇدا تۆت يىل ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. دوكتورلۇق ئوقۇشىنى باشلىغان دەسلەپكى ئىككى يىلدا ئۆز تەتقىقاتىدىن باشقا، سۇنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنىمۇ مۇكەممەل ئۆگىنىۋالدى. بۇ جەرياندا تۇغماسلىق كېسىلى توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. چۈنكى ئۇ ۋەتەندىكى چاغلىرىدىلا پەقەت راك كېسەللىكلىرىنىلا ئەمەس، ئاياللار ئىچكى ئاجراتما كېسەللىكلىرى ، تۇغماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. 2009-يىلى چوڭ ئوغلىغا ھامىلىدار بولدى. ئۆگىنىش، تەتقىقات ئىشلىرى ئالدىراش بولغاچقا، ھامىلىدارلىق سەۋەبىدىن بەزى تەجرىبىلەرنى ئىشلەش ۋە ئۇزاق ۋاقىت ئوپېراتسىيە كارىۋىتى ئالدىدا تۇرۇشقا جىسمانىي قۇۋۋىتى يار بەرمىدى. بالىسىنى ئامان-ئېسەن يەڭگىۋېلىش ئۈچۈن مەكتەپتىن بىر يىل تۇغۇت دەم ئېلىشى ئېلىپ، تەتقىقاتىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ياپونىيەدە ئالاھىدە سەۋەب بولمىغان ئەھۋالدا، ھەر قانداق ئىشقا ئېتىبار بېرىلمەيتتى. مەلۇم سەۋەب بىلەن خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزۈشكە ۋە باشقىلارغا يۈك بولۇشقا بولمايتتى. ئۇ دەم ئالماي ھامىلىدارلىقىنىڭ ئاخىرغىچە غەيرەت قىلىپ چىداشنى ئويلىدى، بىراق مەكتەپكە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن كۈنىگە ئۈچ سائەت پويىزدا تۇرۇشقا توغرا كەلگەچكە، ھەر كۈنى ئۆرە تۇرۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى . بۇ خىل ھالەت ئۇزاق داۋاملاشسا ھامان خىزمەت تەرتىپىگە تەسىر يېتەتتى . شۇ سەۋەبتىن ئامالسىز ئوقۇشنى بىر يىل توختىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. چوڭ ئوغلى تۇغۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن، بالىسىنى ۋەتەندىكى ئاتا-ئانىسىغا قاراشقا تاپشۇرۇپ يەنە دەرھال ياپونغا قايتىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئىنىسى ئەنۋەرجانمۇ ئۇرۇمچىدىكى ئىنگلىزچە ئوقۇشنى غەلىبىلىك تۈگەتتى. ئەمدىكى ئىش يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ئالاقىلىشىشتە قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇش تارىخنى ئىنگلىزچە ھەم ياپونچە تەييارلاپ ئاچىسىغا ئەۋەتىپ بەردى. جۇنتېندو ئۇنىۋېرسىتېتى سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ باش پروفېسسورى ئەنۋەرجاننىڭ ماتېرىياللىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، « ئۇكىڭىزنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ھەقىقەتەن ياخشىكەن، ئۇمۇ تىرىشسىلا چوقۇم سىزگە ئوخشاش ياخشى ئوقۇپ كېتەلەيدۇ، دەپ قارايمەن. بولىدۇ، مەندە ئوقۇشقا قوشۇلىمەن، بىراق بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ياپون تىلى دەرىجە ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشى كېرەك» دېدى، ۋە كاتىپىغا ئەنۋەرجاننىڭ رەسمىيەتلىرىگە تامغا قويۇپ بېرىشنى تاپىلىدى.

نۇرسىمانگۈل ئاخىر بۇ مېھرىبان، قەيسەر ئىنىسى بىلەن دوكتورلۇقنىمۇ بىر مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىقىنى ئويلاپ قەۋەتلا خۇش بوپ كەتتى. يۇسۇپجان ئاكا ئەر-ئايالمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بالىلىرىدىن شۇ قەدەر سۆيۈندى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەنۋەرجانمۇ بارلىق رەسمىيەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق بېجىرىپ، ياپونغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ياپونغا كېلىپ يېرىم يىل كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ياپون تىلى ئىمتىھانىغا پۇختا تەييارلىق قىلدى. ئەسلىدىن تىل ئاساسى ياخشى بولغاچقا ئىمتىھاندىن غەلىبىلىك ئۆتتى، ھەمدە ئارقىدىن جۇنتېندو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىمتىھانىغىمۇ قاتنىشىپ ئويلىغىنىدىنمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئامراق ئاچا-ئۇكا بىر مەكتەپتە مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ تىرىششقا باشلىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن تۇرمۇش جەھەتتە بىر بىرىگە يار يۆلەك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش-تەتقىقات جەھەتتە داۋاملىق بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىشاتتى، بىلمىگەنلىرىنى ئۆز ئارا بىرلىكتە ھەل قىلاتتى. 2012-يىلى يىل ئاخىردا نۇرسىمانگۈلنىڭ يولدىشىمۇ ياپونىيە سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سانائەت تەتقىقات فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ، ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىقا قوبۇل قىلىندى. ئۇمۇ ئائىلىدە كۆيۈمچان ئەر، مەكتەپتە تىرىشچان ئوقۇغۇچى بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىنى قامداش ئۈچۈن ئوقۇشتىن سىرت ئىشلەش، كۈنىگە تۆت-بەش سائەتلەپ پويىزغا ئولتۇرۇپ مەكتەپكە بېرىپ-كېلىشكە ئوخشاش ئىشلار بۇ ئەر-ئايالنى خېلىلا چارچاتتى. لېكىن بۇ تەستە نېسىپ بولغان ئوقۇش پۇرسىتىنى ئويلاپ، ئۇلار يەنىلا ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئالغا قاراپ ماڭدى. مەكتەپكە كىرىپ ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندە نۇرسىمانگۈلنىڭ يولدىشىمۇ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاخىر ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ بىر جۈپ ئەر-ئايالنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىمۇ خېلىلا

يەڭگىللەپ قالدى. نۇرسىمانگۈل بولسا بىر يېرىم يىل زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ئاخىرى دوكتورلۇق ماقالىسىنى يېزىشقا كىرىشتى. ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ تۈگەتكەن ۋاقتىتا ئوغلى ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ ۋەتەندىن ئوغلىنى قايتۇرۇپ كېلىپ ، ئۆزى قاراشقا باشلىدى ھەمدە 2012-يىلدىن باشلاپ ياپونىيىنىڭ فۇكۇئوكا، كوبې، شىمانې ۋە توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ماقالىسىنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، ناھايىتى ياخشى باھالارغا ئېرىشتى. گەرچە بىر نەچچە قېتىم چەت ئەللەردە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش پۇرستى كەلگەن بولسىمۇ، بالىسى تېخى كىچىك بولغاچقا ئامالسىز ۋاز كەچتى. 2014-يىلى ئۇنىڭ «SPAR was overexpressed in human endometrial cancer stem-like cells and promoted migration activity» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسى ئامېرىكىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى «Gynecologic Oncology» داڭلىق ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى ھەمدە 2014-يىلى 4-ئايدا ياخشى نەتىجە بىلەن دوكتورلۇق ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياپونىيە دۆلەتلىك راك تەتقىقات مەركىزى بىلەن ھەمكارلىشىپ قىلىۋاتقان تەتقىقات تۈرىگە ياردەملىشىپ، راك تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇردى. 2014-يىلى 9-ئايدا ئىككىنچى ئوغلىنى يەڭگىش سەۋەبىدىن يەنە دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. 2015-يىلى 3-ئايدىن باشلاپ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىغا ياردەملىشىپ، ياپونىيە دۆلەتلىك راك تەتقىقات مەركىزى بىلەن بىرلىشىپ قىلىۋاتقان غول ھۆجەيرە تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇردى. شۇ يىلى مارت ۋە ئاپرېلدا ئۇنىڭ يولدىشى ھەم ئىنىسى دوكتورلۇق ۋە ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇشلىرىنى غەلىبىلىك تۈگەتتى. ئۇ يېقىن كەلگۈسىدە ۋەتەنگە قايتىپ دوختۇرخانا ئېچىپ، ئاياللار ئۆسمە كېسەللىكلىرىگە قارىتا داۋالاش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، خەلقىنىڭ ھەقىقىي خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىزدەنمەكتە.

## دوكتور نۇرسىمانگۈل يۇسۇپ ئېلان قىلغان ماقالىلەر ۋە قاتناشقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى

1. *SPARC was overexpressed in human endometrial cancer stem-like cells and promoted migration activity*, Yusuf N1, Inagaki T1, Kusunoki S1, Okabe H1, Yamada I1, Matsumoto A1, Terao Y1, Takeda S1, Kato K2. Gynecol Oncol. 2014 Aug;134(2):356-63. doi: 10.1016/j.ygyno.2014.04.009. Epub 2014 Apr 25.

2. *Side-population cells derived from Non-tumorigenic rat endometrial cells are a candidate cell of origin malignant endometrial tumors*, Kato K, kusunoki S, Inagaki T, Yusuf N, Okabe H, et al. (2012), J Stem Cell Res TherS7:003.doi:10.4172/2157-7633.S7-003.

①. 第 9 回産婦人科がん分子標的研究会 （2010 年 9 月 10 日）
発表テーマ：子宮体癌を標的した治療法の検討
23 年度学会発表

②. 第 10 回産婦人科がん分子標的研究会（2011 年 7 月 2 日 ）
発表テーマ；子宮体癌幹細胞形質獲得機構における dbpC/Contorin の関与

③.the 9th Stem Cell research Symposium Salinomycin inhibits proliferation and migration of endometrial cancer stem-like cell (poster sesstion)



3 ـ رەسىم. دوكتور ئائىلىسى بىلەن بىرگە (دادىسى يۇسۇپجان ئىبراھىم ئاكا، ئاپىسى نۇرنىمانگۈل ئايمۇھەممەت ھەدە، ئىنىسى ئەنۋەرجان بىلەن بىرگە)

ئەسكەرتىش : ئاپتورنىڭ باشقا بىر نەچچە تۈرلۈك تەتقىقات تېمىسى ۋە مەزمۇنى دۆلەتنىڭ تەتقىقات تۈرى بولغاچقا، ئاشكارىلاشقا بولماسلىق سەۋەبىدىن ئېنىق چۈشەنچە بېرىلمىدى.

# پاتىگۇل ئابىخان (ياپونىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015 - يىلى 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(پاتىگۇل ئابىخاننى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى دوكتور مۇتەللىپ هامۇتنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)




1 ـ رەسىم: سىڭلىمىز پاتىگۇل ئابىخان يولدىشى خەمىت ئوسمان ۋە ئىككى پەرزەنتى بىلەن بىللە. بۇ رەسىم 2015 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى توكيودا تارتىلغان.

سىڭلىمىز پاتىگۇل ئابىخان 1982 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيانشان رايونىدا ئاددىي بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. پاتىگۇل 5 بالا ۋە ئاتا ـ ئانا ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات مەھەللىرىنىڭ بىرى بولغان شىخابا ئالدى كوچىسىدىكى كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ياشىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن يىللىرى كىچىككىنە هويلىسى بار 2 ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈپ چىقتى. پۈتۈن ئۆينىڭ چىقىمىنى جاپاكەش دادىسى ئۆز زىممىسىگە ئالغان ئىدى.

بۇ يەردە پاتىگۇلنىڭ رەھمەتلىك دادىسى توغرىسىدا ئازغىنە مەزمۇن قىستۇرۇپ قويايلى: پاتىگۇلنىڭ دادىسىنىڭ ئەسلى يۇرتى قەشقەر توققۇزاق ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر يېزىسى بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتلاردىكى پومىچىك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بىرى ئىدى. دادىسىنىڭ پاتىگۇلگە ئېيتىپ بەرگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، پاتىگۇلنىڭ چوڭ دادىسى ئۇنىڭ دادىسىنى 12 يېشىغىچە ئازراق ساۋاتلىق قىلىپ، 12 يېشىدىلا ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر كارۋان ترانسپورتىغا خېلى كۆپ تۆگىنى پاي ـ چېك قىلىپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق دادىسىنى ئۇ شىركەتكە كىرگۈزىدۇ. شۇڭا پاتىگۇلنىڭ دادىسى شۇ ياشلىرىدىن باشلاپلا تۆگە ۋە كارۋانلار بىلەن يىپەك يولىنىڭ كارۋانچىسى بولۇپ ياشايدۇ. پاتىگۇلنىڭ دادىسىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ قارا قۇرۇم تاغلىرىنى نەچچە ئايلىنىپ ئۆتۈپ، نەچچە قېرىنداشلىرىنى شۇ يەرلەرگە دەپنە قىلىدۇ. بۇ گەپلەر پاتىگۇلگە كىچىك ۋاقتىدا ئەپسانىدەكلا ئاڭلىناتتى. ئەمما كېيىن ئوقۇغان كىتابلىرىدا بۇنداق ئىشلارنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ھەمدە دادىسىدىن يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ جىق بىلمىگەنلىرىنى ئاڭلىۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ (پاتىگۇلنىڭ دادىسى 2003 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن).

كارۋانلار بىلەن بولۇپ ئائىلە قۇرۇشقا ۋاقتى يەتمىگەن دادىسى تولىمۇ كېچىكىپ، 40 ياشقا يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ مېھرىبان ، قەيسەر ئاپىسى بىلەن توي قىلىدۇ. ھەمدە ئاپىسىمۇ بىر پومېشچىك ئائىلىسى بولغانلىقتىن، بۇ ئىككىيلەن توي قىلىپ يۇرتمۇ ـ يۇرت سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئاۋۋال قەشقەر، ئاندىن قىزىلسۇ ئوبلاستى قاتارلىقلار، ئاخىرى بۇ ئىككىيلەن غەيرەت قىلىپ 1970 ـ يىللىرىدا ئۈرۈمچىگە قېچىپ چىقىپ تۇرۇپ قالىدۇ.

پاتىگۇلنىڭ دادىسى مۇساپىرچىلىقنىڭ تەمىنى بەك تېتىغان ئادەم بولغاچقا، ئۆيىنىڭ ئالدىدىن بىرەر مۇساپىر يول سوراپ ئۆتۈپ قالسىلا ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ ئۆيگە باشلاپ كىرىدۇ. بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئورۇن يېتىشمىگەچكە، ئۆگزىگە ئۆزى كىچىككىنە بىر ياغاچ ئۆينى قۇرۇپ قويىدۇ. بەزى مۇساپىرلار ياز كۈنلىرى ئاشۇ ياغاچ ئۆيدە «شۇنداق سۆرۈن ھوزۇر ئالدۇق»، دەپ خوش بولۇشۇپ قونۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇ ۋاقىتلارنىڭ تەسىرىدىن بولۇشى مۇمكىن، پاتىگۇلنىڭ دادىسىنىڭ مېھماندوستلۇقى، تەقدىر ئۇچراشتۇرغان ھەر قانداق بىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش روھلىرى ئىزدىسە بەلكىم پاتىگۇلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ۋە ئۆزىدىن ئاز ـ تولا چىقىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى 5 بالىنى ئۆزى ئاچقان كىچىككىنە كۆكتات تىجارىتى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىپ، قاتارغا قوشىدۇ. ئاپىسى بولسا تىنىم تاپماي دادىسىغا ياردەم قىلىدىغان ئاجايىپ كۈچلۈك بىر ئايالدۇر. ئاللاھ ئانىسىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.

پاتىگۇل باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن يىللىرى تەتىللەردە مەھەللىدىكى باللار بىلەن بىللە، شۇ ۋاقىتلاردىكى رەسىملىك كىچىك كىتابچە، يەنى «شياۋفۇ» دەيدىغان كىتابچىنى يىغىپ، مەھەللىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئوقۇيدىغانلارغا 5 پۇڭدىن ئارىيەتكە بېرىپ، ئويۇن قىلىپ ئويناپتىتى. ھازىر ئۇلارنى ئويلاپ باقسا، شۇنداقلا پاتىگۇلنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدىكى تەتىللىرىدە كۆممىقوناق پىشۇرۇپ، چېلەك بىلەن كۆتۈرۈپ چىقىپ، دوقمۇشلاردا ساتقانلىرى، كەچلىك بازارلاردا پايپېك بازارلىرىنىڭ ئادەم كۆپ رەستىلىرىدە ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقلىرى ساتقانلىرى، گېزىت ساتقانلىرىنى ئويلىسا، پاتىگۇل ھەقىقىي بىر كارۋان قىزى ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇنۋان بىلەن ئەمەس، ئۆزىدە بار بولغان بىر قىسىم يوشۇرۇن كۈچنى ھەر ۋاقىت خىزمەت قىلدۇرالىغان بىرى ئىكەنلىكىنى مانا ھازىر ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلىدۇ.

پاتىگۇلنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتلىرى كۆپرەك تەنتەربىيە تۈرلىرىدە نەتىجە قازىنىشلاردەك ئىشلاردا بولۇپ، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەردە ئوقۇش نەتىجىسى ئالدىنقى 10 نىڭ قاتارىدا، يەنى نورمال ھالەتتە بولدى. شۇنداق قىلىپ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ۋاقتى پۈتۈن جەمئىيەت كومپيۇتېر قىزغىنلىقىغا چۆمگەن بىر مەزگىلگە توغرا كەلدى. ئۇ ئوتتۇرا تېخنىكومدا كومپيۇتېر تېخنىكىسى كەسپىدە ئوقۇشنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە قارار قىلدى، ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي مائارىپ مەكتىپىدە (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى) 3 يىل كومپيۇتېر قوللىنىش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. ئوقۇشنىڭ 3 ـ يىلى، يەنى ئوقۇش پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا، پراكتىكا قىلىش باھانىسى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىدا توختاملىق خىزمەتچى خادىم بولۇپ خىزمەتكە كىرىپ، ئۇ يەردە 4 يىل ئىشلىدى. پاتىگۇل ئاشۇ جەرياندا

مەكتەپتە ئۆگەنگەن كىتابىي بىلىملەرنى ئۇنىڭغا ئەمەلىي بىلىم قىلىپ ئۆگەتكەن، ۋە جەمئىيەتكە چىقىپ خىزمەتچى بولغاندىن كېيىنكى ئەخلاق تەربىيىسىنى ۋە مائارىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئۆگەتكەن، ئەينى ۋاقىتتىكى كومپيۇتېر ئۇيغۇر تىل-يېزىقى تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكى غوللۇق ئەزا، پاتىگۇلنىڭ خىزمەت ئورنىدىكى ئىشخانا باشلىقى مۇھەممەتجان ئەردەم، ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى تەكلىماكان تور بېكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى نىجات ئاكىلىرىغا چىن قەلبىدىن تەشەككۈرلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

جەمئىيەتكە يېڭى چىققان دەۋرلەردىن باشلاپلا پاتىگۇلنىڭ چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسى بار ئىدى. تۆت يىلدىن كېيىنكى خىزمەت ئورنىنىڭ توختام مۇددىتىنىڭ توشۇشى ۋە شۇ ۋاقىتلاردا جەمئىيەتكە چىقىپ باشقا خىزمەتلەردە بولۇشى، ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىش ئىستىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى دېيىشكە بولىدۇ. تۆت يىللىق مائارىپ ساھەسىدىكى خىزمەت تەجرىبىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىچىك بىر شىركەتكە پايچېك بولۇپ خىزمەت قىلىش تەجرىبىسى ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىزدىنىشى ئارقىلىق جۇڭگو بانكىسى بانكىلارنى نازارەت قىلىش ئىدارىسىنىڭ كومپيۇتېر بۆلۈمىدىكى خىزمەت تەجرىبىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئاللانىڭ بىباھا نېمەتلىرى ئىدى. بۇ 4-5 يىل جەرياندا پاتىگۇل ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش مائارىپىغا تىزىملىتىپ، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە مەخسۇس كۇرس ۋە تولۇق كۇرس دىپلوملىرىنى ئالدى. شۇ تەجرىبىلىرى بولمىغان بولسا، ھازىرقى پاتىگۇل مەۋجۇت بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ۋەتەنگە يېقىنراق بولغان ياپونىيەدە ئەينى ۋاقىتلاردا توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ۋاسېدا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئۆگىنىش ئۈلگىلىرىنى تىكلىگەن چوڭ ھەدىسىنىڭ دوستى ۋە ساۋاقدىشى بولغان پولات ئاكىسى ۋە دىلبەر ھەدىسىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن چاڭچۇنگە بېرىپ، 4 ئايچە تۇرۇپ، ياپون تىلىدىن ئاساس سالدى. ھەمدە شۇ جەرياندا شۇ مەكتەپتىكى ۋاستىچى ئىشخانا ئارقىلىق نەچچە يىلدىن بۇيان يىغقان ئاز تولا ئۆز خىراجىتى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ياپونىيەنىڭ توكيو شەھىرىدىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تىل مەكتىپى سېنداگايا ياپون تىلى مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىپ، 2004-يىلى 10-ئاينىڭ 2-كۈنى ياپونىيەگە ساق سالامەت كېلىۋالدى.

تىل مەكتىپىگە ئەسلى ئوقۇش پۇلىنىڭ ھەممىنى تاپشۇرۇپ بولالمىغان پاتىگۇل كېلىپلا مەكتەپ تېپىپ بەرگەن ياتاقتا 3 ئايلىق ياتاق ھەققى تاپشۇرۇش قاتارلىقلاردا ئىقتىسادتىن يانچۇقى قۇرۇقدىلىپلا قالدى، ۋە مەكتەپنىڭ قالدۇق ئوقۇش پۇلى بولغان 30 تۈمەن ياپون يېنىنى ھەدىسىنىڭ دوستلىرىدىن قەرز ئېلىپ تۇرۇپ، ئاستا-ئاستا بۇ ياپون تۇرمۇشىغا كىرىشتى. پاتىگۇل ياپونغا كېلىپ بىر ئايدىن كېيىن خىزمەت تاپقان كۈنى، يۈز تۇرانە كۆرۈشۈپ ئىمتىھان بەرگەن خىزمەت ئورنىدىن ئۇنى خىزمەتكە قوبۇل قىلغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تېلېفوندا تاپشۇرۇپ ئېلىپ، شۇنداق خۇشال بولدىكى، ئۇنىڭ ئۆز زېمىسىدىكى يۈكلەرنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن تىرىشىش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

پاتىگۇل شۇنىڭ بىلەن يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن ئىشلەپ يۈرۈپ، 3 ئايدىن كېيىن قەرز ئالغان پۇلنى قايتۇرۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ يېنىك ھېس قىلىدۇ. چۈنكى تا ھازىرغىچە بۇنداق قەرز ئىچىدە يۈرۈپ باقمىغان پاتىگۇل ئۈچۈن بۇ 3 ئاي تولىمۇ دەككە-دۈككىدە ئۆتكەن 3 ئاي بولىدۇ. ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن، پاتىگۇل ياپون تىلى مەكتىپىدە يېرىم كۈن ئوقۇپ، سىرتتا يېرىم كېچىلەرگىچە ئىشلەپ، مەكتەپكە بىر قېتىممۇ كېچىكمەي، ئوقۇشتا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن بولغاچقا، 6 ئايدىن كېيىن ناھايىتى ئاز سانلىق ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ياپون تىل مەكتەپلىرىنىڭ ئايدا 5 تۈمەن يېنلىك ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى يېقىن بولغان بۇ تىل پاتىگۇلگە بەكمۇ تەس بىلىنىپ كەتمەيدۇ.
پاتىگۇل دەل مۇشۇ يەردە بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ياپون تىلى ئۆگىنىشنىڭ بەك ئۆلۈك ھالەتتە بولۇپ قالماسلىقىنى، بولسا ھەپتىدە 2 كۈن بولسىمۇ ياپونلۇقلار بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ، جەمئىيەت ۋە ياپونىيە خىزمەت سىستېمىسى قاتارلىقلاردا تەجرىبە توپلاشقا پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن بولسىمۇ يېرىم كۈندىن ئىشلەپ قويۇشنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ.

پاتىگۇل كەلگەن ئۇ يىللىرى ياپونىيەنىڭ تىل مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا كەلگەن ئۇيغۇرلار ئاساسەن يوق ئىدى. يەنى كۆپىنچە ئۇيغۇرلار ئۆز مۇناسىۋەت دائىرىسى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تەجرىبە ئوقۇغۇچىسى بولۇپ كېلەتتى. يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پاتىگۇلگە ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەن ئاستا ـ ئاستا تونۇشۇش پۇرسىتى بولىدۇ. ئۇ بىر قىز بىلەن بىللە سايتامادىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان تاكاساكاغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىدۇ.

پاتىگۇل بىر يىللىق ياپون تىلى سەۋىيىسى بىلەن ئاسپىرانتلىققا ئوقۇش ئىستىكىدە مەكتەپ ئىزدەشكە كىرىشىپ، توكاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ھەمدە ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ گۇرۇپپىسىغا تەتقىقات ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ. پاتىگۇل ھېلىقى تىل مەكتىپىنىڭ 6 ئايلىق ئوقۇش مۇكاپات پۇلىدىنمۇ ۋاز كېچىپ، بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئەمما مەكتەپ ئورنىنىڭ بەك يىراقلىقى، ۋە بۇ مۇئەللىمنىڭ تەتقىقات تېمىلىرى پاتىگۇلنىڭ ئوقۇماقچى بولغان جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە پسىخىكا ئىلمي تېمىسىغا ماس كەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، پاتىگۇل باشقا مەكتەپكە ئالمىشىش قارارىغا كېلىپ، ئۇستازى بىلەن مەسلىھەت قىلىدۇ. بۇ جەرياندا بۇ مېھرىبان مۇئەللىم تېما جەھەتتىن پاتىگۇلگە يېتەكچىلىك قىلالمىغانلىقىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش، ۋە ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىك مەقسىتىدە، پاتىگۇلدىن ياپونىيەنىڭ قانداق ساھەلىرىگە قىزىقىدىغانلىقىنى سورايدۇ. پاتىگۇلنىڭ ياپونىيە مائارىپىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش خىيالى بارلىقىنى بىلگەن بۇ كۆيۈمچان ئۇستاز پاتىگۇلنىڭ ئۆيىگە يېقىن يەردىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىمۇ بار بولغان بىر يەسلى بىلەن ئالاقىلىشىپ، پاتىگۇلگە ھەپتىدە 2ـ3 كۈن 2 سائەتتىن ئەمەلي تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

ياپونىيە جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر نەرسە ئەينى ۋاقىتلاردىكى پاتىگۇل ئۈچۈن بىر خىل يېڭىلىق ئىدى. پاتىگۇلدىكى ياپونىيە جەمئىيىتىنى كۆزىتىش، ۋە ئۇ يەرلەردىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى كۆزىتىش ئىستەكلىرى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ پەيدا بولدى، دېسەكمۇ بولىدۇ. پاتىگۇل ئاشۇ يەسلىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ھەر بىر كۈنىنىڭ 8ـ9 سائىتىنى ياپون تىلى بويىچە تەربىيىلىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلىشىشتە قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىش جەريانىدا چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە «ئۇيغۇر ئەدەبي تىللىرىمىزنى بۇ يەرلەردىكى ياش ئەۋلادلىرىمىز سۆزلىيەلمىسە، ئۇ تىللىرىمىز ئۇنتۇلۇپ كېتىلسە قانداق بولىدۇ؟» دېگەن ئويدا بولىدۇ، ۋە ئىزدىنىدۇ.

پاتىگۇل 2006ـ يىلى 4ـ ئايدا توكاي ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئايرىلىپ، توكيو ئېلېكتر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مائارىپ پسىخولوگىيە ستاتىستىكا تەتقىقات بۆلۈمىگە تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

پاتىگۇل بالىلىق ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ئۈرۈمچىدە بىر ياپون تىلى مەكتىپىنىڭ يوقلۇقىدىن ئىبارەت بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇش، ئۇيغۇر ياشلىرىنى ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىقىش ئۈچۈرلىرى بىلەن تەمىنلەش، ئۇيغۇر ياشلىرىنى ياپون تىلى ئۆگىنىپ، ياپونىيەگە ئوقۇشقا بېرىشقا قىزىقتۇرۇش ئارزۇسىدا بولغان، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىر كارخانىسى بار بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. ئۇ ياپونغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن بىر ئەڭ ياخشى چېنىقىش مەيدانى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ھەمدە بۇ جەمئىيەتكە چىقىپ چېنىقىشقا ئىنتىلىۋاتقان ياشلار ئۈچۈن بىر يول ئېچىشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. ئۇ 2006ـ يىلى 6ـ ئايدا تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆز خىراجەتلىرىدىن ئىقتىساد قىلغان 30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدىكى پۇلنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. ھەمدە شۇ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزى بولغان جەنۇبي قوۋۇق دوقمۇشىدا ئۈرۈمچى ئۇيۇل ياپون تىلى مەكتىپىنى قۇرىدۇ. پاتىگۇل مۇشۇ جەرياندا ئۇنى قوللىغان بارلىق دوست ـ بۇرادەرلىرىگە چوڭقۇر تەشەككۇر بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تەتىل تۈگەپ، پاتىگۇل مەكتەپنى يېقىن بىر دوستىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئامانەت قىلىپ، ياپونىيەگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەپسۇس 2 يىل ئۆمۈر كۆرگەن ئۇيۇل ياپون تىلى مەكتىپى ئارانلا 40ـ50 ئۇيغۇر ئوقۇرمەننىڭ ياپونىيەگە ھەر خىل يوللار بىلەن

كېلىشىگە سەۋەب بولۇپ، 2 يىلدىن كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى تاقىلىپ قالىدۇ. پاتىگۈل تەتىلدىن قايتىپ كېلىپلا، ياپونىيە توكيو رايونىدا ياشاۋاتقان ئاكا-ھەدىلەرگە تەشەببۇس قىلىپ، ياپونىيەدە بىر ئۇيغۇر ئانا تىلى سىنىپى قۇرۇشنى پىلانلايدۇ. يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ كېلىۋاتقان ياپونلۇق ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، توكيونىڭ مەركىزي رايونىدىن ھەر شەنبە كۈنى 2 سائەت پايدىلانغىلى بولىدىغان بىر ئورۇننى ھەل قىلىدۇ. ھەمدە بۇ 2 سائەتتە قانچىلىك ئۇيغۇر بالىسى كەلسە شۇنچىلىك ئانا تىلى دەرسى ئۆتۈشنى مەقسەت قىلغان «ئۇيۇل ئانا تىلى سىنىپى» رەسمىي ئېچىلىدۇ. بەك ئەپسۇس، ياپونىدىكى تۇرمۇش رىتىمىنىڭ بېسىملىرى ۋە توكيو رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارقاق ئولتۇراقلىشىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەڭ دەسلەپتە 10 چە ئوقۇغۇچى بىلەن باشلانغان بۇ سىنىپ 2 ئايغا بارماي تاقىلىپ قالىدۇ. ئەمما بۇنداق بىر سىنىپنى قايتا قۇرۇش پاتىگۈلنىڭ ھەر ۋاقىت ئويلايدىغان بىر ئويىدۇر.

ئاشۇ ۋاقىتلاردا «خەمىت ئوسمان» ئىسىملىك بىر يىگىتمۇ توكيو ئېلېكتر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كېلىدۇ. پاتىگۈل بىر تەرەپتىن ئاسپىرانتلىققا تەييارلىق قىلىش باسقۇچلىرىنى ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 2007-يىلى خەمىت بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ. پاتىگۈل توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇس، يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىن يۈز-تۇرانە ئىمتىھان ئېلىش بىلەنلا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش تۈزۈمى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆزگىرىدۇ. يەنى، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئادەتتىكى ياپونلۇقلار بىلەن ئوخشاش ئىمتىھان بېرىشكە ئۆزگەرتىلىدۇ. پاتىگۈل تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەن بۇ ئىمتىھان ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەي قالىدۇ. بۇ ئەسنادا پاتىگۈل يەنە بىر تەقدىر ئۇچراشتۇرغان ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ، ۋە ئۇلارنىڭ «سەن تېخىمۇ ئەمەلىي بولغان، بىر خەلقئارالىق مۇلازىمەت سۈپىتى بولغان ياپون تىلى مەكتىپىنىڭ خىزمىتىنى قىلساڭ بولغۇدەك»، دېگەن تەكلىپى بىلەن، توكيودىكى بىر ياپون تىلى مەكتىپىنىڭ جۇڭگو ۋە باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمىتىگە ئېرىشىدۇ. پاتىگۈلنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ياپونىيە مائارىپى ۋە تۇرمۇشى قاتارلىقلاردا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىزمىتى 5 يىل داۋاملىشىدۇ. بۇ جەرياندا پاتىگۈل ئۇ خىزمەتكە ئېرىشكىنىدىن، مائارىپ سېپىدە جەمئىيەتكە تېخىمۇ يېقىن مۇلازىمەتتە بولالىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولىدۇ. گەرچە ئۆزى يۇقىرى ئۇنۋان ئېلىپ ئوقۇشقا كىرىشەلمىگەن بولسىمۇ، دەل شۇ يۇقىرى بىلىم سەھنىلىرىگە ئىنتىلىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن بۇ خىزمەتنى قەدىرلەپ ئىشلەيدۇ. خىزمەتكە قاتنىشىپ 2 يىلدىن كېيىن ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىقىش ئارزۇسى بولغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈنمۇ خىزمەتتە بولالايدىغان سەۋىيىگە يېتىدۇ، ۋە تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئايروپىلان ياسىغان ئۇيغۇر ئوغلانى ئابدۇلئەخەت ئابدۇللا قاتارلىق بىر قانچە ئىزدىنىش روھى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلارنىڭ ياپونىيەگە كېلىش خىزمىتىدە ئەڭ چوڭ ياردەمچى بولىدۇ. تۇنجى نۆۋەتلىك 3 ئوقۇغۇچىنىڭ ۋىزا ۋە باشقا ھەرقانداق ئىشلىرىنى تەجرىبە قىلغان پاتىگۈل ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى بەك قېيىن ئويلىۋالغان تالانت ئىگىلىرىنىڭ كۆمۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر خىل ۋاستىلەردە تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ.

پاتىگۈل 2014-يىلى بىر يىل ۋەتەندە تۇرۇپ، كۆزىتىش ۋە ئەھۋال ئىگىلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ 2015 -يىلى توكيوغا قايتىپ كېلىپ، مەكتەپتە ئىشلىگەن تەجرىبىلىرىنى، 10 يىل مابەينىدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مۇناسىۋەت دائىرىلىرىنى، ۋە ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، مەڭگۈلۈك قوللىغۇچىسى ۋە يولدىشى خەمىت بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، ھەر ئىككىلىسى ئۆز شىركەتلىرىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ «ئۇيۇل» نامىدىكى ئىگىلىكىنى تىكلەشنى قارار قىلدى. چۈنكى بۇ ئىككى ياشنىڭ ياپون شىركەتلىرىدە داۋاملىق باشقىلارغا ئىشلەپ ئۆتۈشى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىرادىلىرى بويىچە كېيىنكى چوڭ ئارزۇلىرىغا يېتىش يوللىرىنى بوغۇپ قويىاتتى. كەلگۈسى پىلانلىرىغا بولغان يوللىرىنى تېخىمۇ ئەركىن ۋە تېخىمۇ كەڭرى ئېچىش نىيىتىدە، «ئۆزىمىز

ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان، ئۆزىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت تۈرلىرىنى جانلاندۇرالايدىغان بىر شىركەت بولسۇن»، دەپ، ئۇلار 2015 ـ يىلى 3 ـ ئايدا رەسمىي ئەنگە ئالدۇرۇلۇپ، «ياپونىيە ئۇيۇل پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى» نى قۇرىدۇ.

2009 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پاتىگۇلنىڭ قىزى نازىنە تۇغۇلىدۇ. 2010 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئوغلى ئەزھەر تۇغۇلىدۇ. پاتىگۇل ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن ھازىر ئاللانىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئەڭ چوڭ نېمىتى بولغان پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ چىقىش، نۇرغۇنلىغان ئوقۇش ئىستىكىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ياپونىيەگە ئەڭ ياخشى مەسلىھەتلەر بىلەن ئەكېلىش، ھەمدە ئۇلارغا ياپونىيەدە تۇرۇپ خىزمەت قىلىش پۇرسەتلىرىنى يارىتىپ بېرىش پىلانىدا ئىزدىنىۋاتىدۇ. ئۇلار توكيودىكى ئەڭ ياخشى بولغان تىل مەكتەپلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، شىركەت قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە جەمئىي 15 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ كېلىشىگە مۇلازىمەت قىلىدۇ. پاتىگۇلنىڭ يولدىشى خەمىت ئوسمان كەمسۆز ئەمما ئىشىغا پۇختا، ئاقكۆڭۈل بىر يىگىت ئىكەنلىكىنى مەن توكيودىكى ئۇچرىشىشىمدا ھېس قىلغان ئىدىم. ئۇ ئىككىيلەن ئۆز ـ ئارا كونا ساۋاقداشلاردىن بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئەڭ ياخشى قوللىغۇچىلىرىدىن ئىدى. گەرچە پاتىگۇل چەت ئەللەردىكى دوكتور ئۇنۋانلىق ئۇيغۇرلاردىن بولمىسىمۇ، ئۇنى ۋەتەندىكى ياشلار ئۇچۇن چەت ئەللەردە تۇرۇپ ئىزدىنىپ ۋە تىرىشىپ، كەلگۈسىدە دوكتور ئاسپىرانتلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ يېتىشىپ چىقىشىغا تۆھپە قوشۇش يولىنى تاللىغان بىر مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى، دېيىشكە بولىدۇ.



2 ـ رەسىم: مەن 2012 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ياپونىيەگە ئوغلۇم بىلەن ساياھەتكە بارغاندا، سىڭلىمىز پاتىگۇل بىلەن ئۇنىڭ يولدىشى خەمىت ئوسمان ئىككىيلەن مېنى توكيودىكى بىر تۈرك رېستورانىدا كۈتۈۋالغان ئىدى. بۇ رەسىم شۇ چاغدا تارتىلغان.

پاتىگۇلنىڭ يولدىشى خەمىت ئوسمان بولسا «كارخانىچى» نامىنى ھەقىقىي تۇردە قازىنىپ، چوڭ ئىشلارنى تەۋرەتكۈدەك جەمئىيەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان، ۋە تاشقى سودىغا ئائىت ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش باسقۇچلىرىنى تاماملىغان بىر يىگىتتۇر. شۇنداقلا ئۇ ئائىلىسىگە يۇكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولىدىغان، ھەر يەر ۋە ھەر ۋاقىتتا ئاز بولسىمۇ ئۆز قوۋمى ئۇچۇن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھەسسە قوشۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان بىر يىگىتتۇر. شۇڭا ئۇ بىكار ۋاقىتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دوستلىرى بىلەن

بىرلىكتە ئۇيغۇر ئاشپۇزۇلى ۋۇشۇسكىسىنى كۆركەم قىلىپ بېزىگەن يۆتكىلىشچان ئاشپۇزۇل ماشىنىسىدىن بىرنى ئۆز قوللىرى بىلەن ياساپ چىقىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا توكيو رايونلىرىدا «ئۇيغۇر» دېگەن چوڭ خەتلىك بۇ كىچىككىنە ئاپتوموبىلىنى ئىشقا سېلىپ، بىر تەرەپتىن ئائىلە ئۈچۈن ئىقتىسادىي قىممەت ياراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن كوچىدا ئۇچرىتىپ، سوئال سورىغان مېھمانلارغا ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى ياش ئۆز كارخانىسىنىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتىدۇ.

پاتىگۈل خىزمەتكە قاتناشقان بۇ 6 يىل مابەينىدە ئابدۇلئەخەت ئۈكىمىزغا ئوخشاش تىرىشچان ياشلاردىن جەمئىي 60 قا يېقىن ئۇيغۇر ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ توكيوغا كېلىپ ئوقۇشىغا ھەقلىق ۋە ھەقسىز مۇلازىمەتلەردە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى. ئۇ ھەر خىل كەسىپتە ئۇنىۋېرسىتېتلەرنى پۈتتۈرۈپ، ياپونىيەدە خىزمەت قىلىش ئارزۇسىدا بولغان ياشلار ئۈچۈن تۈنجى قېتىم بىر يېڭى ياپون تىلى مەكتىپى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياپون تىلىدا 2-دەرىجىلىك سەۋىيىگىچە تەربىيىلەپ، ئاندىن ئاشۇ مەكتەپنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۇلارغا خىزمەت تېپىپ بېرىشتەك ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. پاتىگۈل مۇنداق دەيدۇ: «ئاللانىڭ بىزگە بەرگەن ئامانىتى ۋە نېمىتى بولغان ئەقلىي زېھنىمىزنى ۋە پۇت-قوللىرىمىزنى داۋاملىق چېنىقتۇرۇپ ۋە ئىشلىتىپ، ئامانەتكە خىيانەت قىلماي، يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ چىقىشىغا چىشلىق چاقتەك ھەمكارلىقلارنى قۇرۇپ، تېخىمۇ راۋاج تاپقۇزۇمىز.» ئۇ بۇندىن كېيىن شىركەت نامى بىلەن ھەر خىل تېخىمۇ ياخشى پىلانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئويلاۋاتىدۇ.



3-رەسىم: مەن 2012-يىلى 12-ئايدا ياپونىيەگە ئوغلۇم بىلەن ساياھەتكە بارغاندا، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا توكيو رايونىدا ئوقۇۋاتقان ۋە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا ئۆزۈم NASA دا قىلىۋاتقان ئىشلار توغرىسىدا بىر مەيدان ئىلمىي دوكلات بەردىم. بۇنىڭغا سىڭلىمىز پاتىگۈل ۋە يولدىشى خەمىت ئوسمانمۇ قاتناشتى. بۇ رەسىم شۇ قېتىم يىغىن زالىدا خاتىرە ئۈچۈن تارتىلغان. ئالدىنقى قۇر ئوڭدىن 4-كىشى سىڭلىمىز پاتىگۈل بولىدۇ.

پاتىگۈل ناھايىتى ئوچۇق مىجەز، باشقىلار بىلەن ئاسانلا يېقىنلىشىپ ئۆتەلەيدىغان تىپتىكىلەردىن بولغاچقا، ياپونىيەگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر تۈرك رېستورانىدا سائەتلىك ئىشلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ، ۋە تۈرك تىلىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. شۇ چاغدا يېتىلدۈرگەن تۈرك تىلى قابىلىيىتى ئارقىلىق توكيودىكى تۈرك دوستلىرى بىلەن ئورناتقان دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ھېلىھەم داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھەمدە شۇ ئارقىلىق توكيو رايونىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ ئاز بولسىمۇ

يىغىلىپ، تۈركچە ئېلىپ بېرىلىدىغان سۆھبەتلىرىدە تۈرك ئۇستازلار قىلغان سۆھبەت نۇتۇقلىرىنى خانىم-قىزلىرىمىز ئۈچۈن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىش شەرىپىگە ئىگە بولدى. ھەر شەنبە كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان تۇرمۇش، ئائىلە، بالا تەربىيىسى ۋە ئەخلاق قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى سۆھبەتلەر بىر تەرەپتىن پاتىگۈلنىڭ ئۆزىگە زور بىلىم ئىگىلەش پۇرسىتى بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا خالىسانە خىزمەت قىلىش پۇرسىتى بولۇۋاتقان بولۇپ، مۇشۇنداق ئەھۋالدىن بۇ ئوت-يۈرەك سىڭلىمىز ناھايىتى زور خۇشاللىق ھېس قىلىۋاتىدۇ.

«ئۇيۇل پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى» نىڭ تىجارەت ياكى مۇلازىمەت تۈرلىرى تاشقى سودا مەسلىھەت مۇلازىمەتچىلىكى، ئۇيغۇر رايونىدىن ۋە باشقا چەت ئەللەردىن ياپونىيەگە ئوقۇشقا كېلىش رەسمىيەتلىرىدىكى مەسلىھەتچىلىك ۋە مۇلازىمەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ شىركەت يەنە ئوقۇغۇچىلارغا ياپونىيەدەك يۇقىرى ئىستېماللىق ئەللەردە تۇرالغۇ ئۆي ئىزدەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ شىركەتنىڭ ئادەمنى ئەڭ خۇرسەن قىلىدىغان ئەڭ يېڭى بىر خالىسانە مۇلازىمەت تۈرى يېقىندا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مەن ئۇنى 5-، 6- ۋە 7-رەسىم سۈپىتىدە ماقالىنىڭ ئاخىرىدا قىستۇرۇپ قويىدۇم. يەنى، پاتىگۈلنىڭ شىركىتى چەت ئەللەردە تېخى ھېچ بىر شىركەت ياكى شەخس قىلىپ باقمىغان ئانا تىل كىتاب خەزىنىسى قۇرۇش، ۋە بۇ خەزىنىدىكى كىتابلارنى ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر تىلى كىتاب خۇمارلىرىغا ئازراق خىراجەت بىلەن ئارىيەتكە بېرىش ئىشىنىمۇ قىلماقچى. پاتىگۈلنىڭ ھازىرقى پىلانى كىتابلارنى ئارىيەتكە بېرىش ھەققىدىن يىغىلغان بارچە ساپ كىرىمنى يىغىپ، ئۇ مەلۇم نىسبەتكە يەتكەندە بىر «ئۇيۇل ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» تەسىس قىلىش. ئاشۇنداق مەقسەت بىلەن پاتىگۈل ۋەتەندىن ئەڭ نادىر ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇلارنى 5-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن باشلاپ ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا ئارىيەتكە بېرىشتەك مۇلازىمەتنى يولغا قويىدى. بۇ مۇلازىمەت پاتىگۈل ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى ئاز قىممەت يارىتىشى مۇمكىن. ئەمما پاتىگۈلنىڭ قارىشىچە كىتاب بىلىم بۇلىقى بولۇپ، ئۇ «ئانا تىلىمىز تاشلىنىپ قالمىسۇن»، دېگەن ئىدىيىدە ئاز بولسىمۇ كىتابقا مەبلەغ سېلىپ، بۇ ياقا يۇرتتا ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، ئۆزىنىڭ كىتاب خەزىنىسىنى بىر مەڭگۈلۈك نەرسە سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن. پاتىگۈل ۋە ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى، ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ روھىي بېسىمىغا تاقابىل تۇرۇش، خىزمەت، ئائىلە ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش، ۋە بالىنى ياخشى تەربىيىلەش جەھەتلەردە يات مىللەتنىڭ ئىلغار يەرلىرىنى ئۆگىنىپ، ھازىر ئۇيغۇرلاردا بار بولغان ئىلغار ۋە ئىلمىي ئىدىيىلىك كىتابلاردىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ ، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇپ، باللىرىغا ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنى ئاڭلىتىپ، ئۇلارنى بىر مۇكەممەل ئۇيغۇرلۇق ئېڭى بىلەن قاتارغا قوشۇشقا ئازدۇر-كۆپتۇر ياردەمدە بولۇش ئىكەن.

سىڭلىمىز پاتىگۈل مۇنداق دەيدۇ: «مەن 17 يېشىمدىلا جەمئىيەتكە خىزمەتكە چىقىپ، نۇرغۇن ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتىم. مەن ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۇر ئېيتىمەن. دۇنيادىكى ئىنسانلار مەن ئۈچۈن پەقەت 2 تىپقىلا بۆلىنىدۇ: بىرى ياخشى ئادەملەر، يەنە بىرى ئەسكى ئادەملەر. ئىشىنىمەنكى، ياخشىلارنىڭ سانى ئەسكىلەرنىڭكىدىن ھەر زامان كۆپ كېلىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا ھەمراھ قىلغان سۆزۈم شۇكى، ئىنسان ئەتراپىدىكى بىر ئەڭ كىچىك گىياھقىچە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياشايدىكەن، ئۇ ئىنساندا ئۈمىد بار. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ئىنساننىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدا ئۈمىد يوق.»

پاتىگۈل ئاخىرىدا كەلگۈسىدە چوقۇم ئوقۇش پىلانى بارلىقىنى، ئەگەر ئاللاھ پۇرسەت ئاتا قىلسا، مەيلى قانچە ياشقا كىرىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدە چوقۇم بىر بىلىمدار بولغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

# دوكتور پاتىگۈل ئىمىن (كانادا)

(بۇ يازما تورلاردا 2015 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(دوكتور پاتىگۈل ئىمىننى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى دوكتور نۇرشىدە پولاتنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)

سىڭلىمىز پاتىگۈل ئىمىن 1972 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى سىنىپىنىڭ ئالدى بولۇپ تاماملاپ، 1989 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىدى. بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇشى جەريانىدا پاتىگۈل بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەي ياخشى ئوقۇدى. ھەر بىر ئوقۇش يىلىدا مەكتەپنىڭ تۈرلۈك ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلاندى. 1994 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پاتىگۈل ئۆزى ئوقۇغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنىدى.



1 - رەسىم: سىڭلىمىز پاتىگۈل ئىمىننىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن كۈندىكى بىر پارچە خاتىرە رەسىمى.

پاتىگۈل ئوقۇتقۇچى بولغان 1 - يىلىدىن باشلاپلا، خىمىيە ۋە بىئولوگىيە فاكۇلتېتلىرىنىڭ يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىغا «فىزىكا خىمىيىسى» ۋە «تۈزۈلۈش خىمىيىسى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. پاتىگۈل بىر تەرەپتىن ئۆزىگە بۆلۈنگەن دەرسلەرنى ياخشى ئۆتۈشكە تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاقىت چىقىرىپ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەندى.

2001 - يىلى 1 - ئايدىن 2004 - يىلى 1 - ئايغىچە پاتىگۈل شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىدا دوكتور ئىسمائىل نۇرۇللانىڭ يېتەكلىشىدە ماگىستىرلىقتا ئوقۇدى. بۇ جەرياندا پاتىگۈل توك ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە يۇقىرى مولېكۇللىق ماتېرىياللار (Conjugated Polymer) تەتقىقاتىغا ئالاھىدە قىزىقتى. ھەمدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش جەريانىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەملىكەت ئىچىدىكى غوللۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى.

2006-يىلى 7-ئايدا پاتىگۇل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تاللىشىدىن ئۆتۈپ، كانادادىكى مەكماستېر ئۇنىۋېرسىتېتى (McMaster University) غا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلدى. بۇ مەكتەپ دۇنيادىكى داڭلىق 100 ئالىي مەكتەپنىڭ ئىچىدىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مەكتەپ بولۇپ، تەتقىقات شارائىتى ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتى ئالاھىدە ياخشى ئىدى.

كېيىنچە پاتىگۇل ئاشۇ مەكتەپتە دوكتورلۇق ئوقۇشنى قارار قىلدى. ئۇ مەكماستېر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانلىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، 2007-يىلى 9-ئايدا مەكماستېر ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە كەسپىنىڭ ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىردى. 2009-يىلى 4-ئايدا ماگىستىرلىقتىن دوكتورلۇققا ئالمىشىش ئىمتىھانىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ، 2009-يىلى رەسمىي دوكتورلۇقتا ئوقۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا پاتىگۇل دوكتور يېتەكچىسى، پروفېسسور ئالېكس ئادرونوۋ (Alex Adronov) نىڭ يېتەكلىشىدە، ماتېرىيال ساھەسىدە دۇنياۋى قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرى بولغان، ئىنگلىزچە «Carbon Nanotube» (چوڭلۇقى چاچتىن يۈزمىڭ ھەسسە كىچىك، لېكىن پولاتتىن 50 ھەسسە كۈچلۈك بولغان، كاربوندىنلا تۈزۈلگەن تۇرۇبىسىمان مولېكۇلا) ۋە «Conjugated Polymer» (توك ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە يۇقىرى مولېكۇلىلىق ماتېرىياللار) تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا پاتىگۇلنىڭ 12 پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان خىمىيە ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى. پاتىگۇل يەنە نۇرغۇن قېتىم كانادا ئىچىدىكى ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، كەسپداشلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا پاتىگۇل يەنە 1- ۋە 2-يىللىق تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا ياردەمچى ئوقۇتقۇچى (Teaching Assistant) بولۇپ ئىشلەپ، ئۇ خىزمەتتىمۇ ئەلا بولۇپ باھالاندى.

مەكماستېر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا، پاتىگۇلنىڭ تەتقىقات ۋە ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بولغاچقا، پاتىگۇل 2008-يىلى مەكتەپ تەمىنلىگەن 3500 دوللار ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى. ھەمدە 3 قېتىم (2009-، 2010- ۋە 2011-يىللىرى) ئونتارىئو ئۆلكىسىنىڭ دوكتورلۇق ۋە ماگىستىرلىق ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىدىغان ئوقۇش مۇكاپات پۇلى (يىلىغا 15000 دوللار) غا، شۇنداقلا 2 قېتىم (2012- ۋە 2013-يىللىرى) كانادا تەبىئىي-پەنلەر فوندى جەمئىيىتى (Natural Sciences and Engineering Research Council of Canada, NSERC) نىڭ دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىدىغان ئەڭ يۇقىرى مىقدارلىق (يىلىغا 35000 دوللار) ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى.

پاتىگۇل ئۆزىنىڭ ئىنگلىزچە « Supramolecular Functionalization of Single Walled Carbon Nanotubes with Conjugated Polymers» دېگەن تېمىدىكى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، 2013-يىلى 9-ئاينىڭ 4-كۈنى مەكماستېر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. سىڭلىمىز پاتىگۇلنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيسىز:

https://macsphere.mcmaster.ca/bitstream/11375/13407/1/fulltext.pdf




2 ـ رەسىم: سىڭلىمىز پاتىگۈل ئىمىننىڭ دوكتورلۇق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدىن كېيىن دادىسى ئىمىنجان ۋە ئاپىسى نۇرنىسا بىلەن چۈشكەن خاتىرە رەسىمى.

2009 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پاتىگۈل ئېرى مۇختەر ۋە قىزى مۇنىرە بىلەن كانادادا جەم بولدى. دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا پاتىگۈل ئىككىنچى قىزى پەرىدەگە ئانا بولدى. پاتىگۈلنىڭ يولدىشى مۇختەر ھەممىت ھازىر مەكماستېر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتىدۇ.

دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، پاتىگۈل كانادانىڭ نىئاگارا شەھىرىدىكى بىر شىركەتتە تەتقىقاتچى ۋە بىر تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

سىڭلىمىز پاتىگۈل مۇنداق دەيدۇ: «مەن 20 ياش ۋاقتىمدىلا دوكتورلۇقتا ئوقۇشنى نىيەت قىلغان بولساممۇ، بۇ ئارزۇيۇم 40 ياشقا كىرگەندە ئاندىن ئەمەلگە ئاشتى. بىز بىلىمىزنى قويۇۋەتمەي ئۈزلۈكسىز تىرىشىدىغانلا بولساق، چوقۇم ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان نىشانغا يېتەلەيدىكەنمىز. مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرغىچە بولغان ھاياتىدا مېنىڭ ئوقۇشۇمنى يېقىندىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرغان ئاتا ـ ئانامغا، ئېرىمگە، ھەمدە ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق دوستلارغا چىن يۈرىكىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!»

# رەيھانگۈل ئەمەت

(بۇ يازما تورلاردا 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

نەتىجىلىك كىشىلەرنىڭ سەلبىي سەرگۈزەشتىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقسىڭىز، «ئالدىغا قاراپ مەغلۇپ بولۇش» نىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولالايسىز. تۆۋەندىكى تىزىملىكنى ئوقۇپ چىقىپ، سىز ئۆزىڭىز دۇچ كەلگەن مەغلۇبىيەتكە قايسى ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭىزنى بەلگىلەپ بېقىڭ:

| ئالدىغا قاراپ مەغلۇپ بولۇش | ئارقىغا قاراپ مەغلۇپ بولۇش |
| --- | --- |
| • مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش | • باشقىلارغا دۆڭگەش |
| • ھەر بىر خاتالىقتىن ساۋاق ئېلىش | • ئوخشاش خاتالىقنى تەكرارلاش |
| • مەغلۇبىيەت ئالغا بېسىشنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش | • «ئىككىنچى مەغلۇپ بولمايمەن» ، دەپ ئويلاش |
| • ئۆزىدە ئىجابىي پوزىتسىيە ساقلاش | • «داۋاملىق مەغلۇپ بولىمەن» ، دەپ ئويلاش |
| • ۋاقتى ئۆتكەن پەرەزلەرگە جەڭ ئېلان قىلىش | • ئەنئەنىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش |
| • يېڭىدىن تەۋەككۈل قىلىش | • بۇرۇنقى خاتالىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراش |
| • بەزى ئىشلارنىڭ ئۇنۇم بەرمىگىنىگە ئىشىنىش داۋاملاشتۇرۇش | • «مەن بىر مەغلۇپ بولغۇچى» ، دەپ ئويلاش |
| | • ۋاز كېچىش |

سىز يېقىندا يولۇققان بىر ئوڭۇشسىزلىقنى ئەسلەپ بېقىڭ. سىز ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلدىڭىز؟ سىز يولۇققان مەسىلىلەرنىڭ قانچىلىك قىيىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۇستىدىن غالىپ كېلىشنىڭ ئاچقۇچى سىزنىڭ ئۆز شارائىتىڭىزنى ئۆزگەرتىشتە ئەمەس، ئۇنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىشتە. ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر جەريان بولۇپ، ئۇ يېڭىلىقنى ئۆگىنىش ئىستىكىدىن باشلىنىدۇ. ئەگەر سىز شۇنداق قىلىشنى خالايدىكەنسىز، ئۇ ھالدا سىز مەغلۇبىيەتنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالايسىز. سىز ھازىردىن باشلاپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق چارىلەردىن پايدىلىنىپ ئالدىغا قاراپ مەغلۇپ بولۇشقا ئىرادە باغلاڭ. سىز ھازىر قىلىۋاتقان ھەممە ئىشلاردا يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلالايدىغان بىر پوزىتسىيىنى ساقلاڭ.

يۇقىرىدىكى مەزمۇن مەن «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (9)» دېگەن ماقالەمدە تونۇشتۇرغان جون ماكسۋېل (John C. Maxwell)نىڭ «ماكسۋېل كۈنلۈك ئوقۇشلۇقى» دېگەن كىتابىنىڭ 71 ـ بېتى (3 ـ مارت كۈنى) نىڭ تولۇق مەزمۇنى .

مەن ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن. يەنى بۇ ھەپتە مەن يېڭى قېرىندىشىمىزدىن يەنە 3 كىشىنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 35 ـ ، 36 ـ ۋە 37 ـ قېرىندىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر سىڭلىمىز قەھرىمان ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ يېڭى بىر مىسالى بولۇپ، يەنە 2 نەپەر ئۇكىمىز بولسا چەت ئەلدە ئوقۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ھازىر مۇھىم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەت ئورۇنلىرىدا كۆپلىگەن نەتىجىلەرنى ياراتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋەكىللىرى بولىدۇ. بۇ 3 قېرىندىشىمىزمۇ خۇددى مەن بۇرۇن تونۇشتۇرغان باشقا 34 نەپەر قېرىنداشلىرىمىزغا ئوخشاشلا «ئالدىغا قاراپ مەغلۇپ بولغۇچىلار» بولۇپ، بۇ 3 قېرىنداشلىرىمىزمۇ ھەر خىل خەلقئارا سەھنىلەردە ئۇيغۇرنىڭ ئەقىللىق، تالانتلىق ۋە تۆھپىكار مىللەت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىۋاتىدۇ. مەنمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاشلا ئۇلاردىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.



1 ـ رەسىم: سىڭلىمىز رەيھانگۈل ئەمەت

سىڭلىمىز رەيھانگۈل ئەمەت 1975 ـ يىلى كورلا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى ھاۋاخان 1949 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئىنىك ئانا بولغاچ كېيىن شۇ چاغدىكى شەھەردىكى بىردىن ـ بىر يەسلىگە، يەنى كادىرلارنىڭ بالىلىرى بارىدىغان يەسلىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەيىنلەنگەن. كۆيۈمچان، مەسئۇلىيەتچان ۋە تىلغا باي بولغان ھاۋاخان چوڭ ئانا ھەر مىللەت خەلقىنى رازى قىلىپ، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. چوڭ ئانىسىغا نەۋرىلەر نۆۋەتلىشىپ ھەمراھ بولۇش ئەنئەنىسى بويىچە، ھەپتە ئاخىرىدا چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان رەيھانگۈل ھاۋاخان چوڭ ئانىدىن نۇرغۇن تارىخىي قوشاقلارنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇنىڭ مەرھۇم دادىسى بىر ئاددىي شوپۇر بولسىمۇ، ھەپتىدە بىر كىتاب ۋە گېزىت ئېلىشنى ئۇدۇم قىلغان كىتابخۇمار دادا ئىدى. ھېكايە ـ قوشاق ۋە چۆچەك ئېيتىشقا ناھايىتى ئۇستا ئانىسى خەيرىنساخان ئائىلىدە قوشاق ئېيتىش ۋە تېپىشماق تېپىشنى بالىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئايلاندۇرغاچ، بۇ ئائىلىدىكى ھەممە بالا دېگۈدەك كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بالىلار بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئەمما ئۇ ئوقۇغان مەكتەپتىكى بالىلار ناھايىتى شوخ بولغاچ ئوقۇش ئەزەلدىن كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. ياخشى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ناچارلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇش شارائىتى ۋە مۇھىتى ئۇنى ۋە ئۇنىڭدەك غايىلىك ئوقۇغۇچىلارنى مەيۈسلەندۈرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلىدا ئوقۇشتىن ۋاز كەچمەكچىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئۇ چىشىنى چىشلەپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ.

ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپتىن كۈتكەن ئۈمىدى ۋە تەلىپى ئوخشاش بولمىغاچ، رەيھانگۈل ئۇچۇن بىلىملىك ئوقۇتقۇچى ۋە ئۆگىنىش پۇرسىتى تېپىش شۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ بىر نىشان بولۇپ، ئۇ بېيجىڭدا ئوقۇشنى قارار قىلىدۇ، ۋە ئۆز ئارزۇسى بويىچە ياخشى نەتىجە بىلەن 1992 ـ يىلى مەركىزىي

مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركىي تىللار فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ خەۋەردىن سۆيۈنگەن يەرلىك ئىدارە تۇنجى قېتىم بۇ ئىلىنى ۋە بۇ قىزنى مىڭ سوم پۇل بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. شۇندىن كېيىن مۇشۇنداق مۇكاپات رەسمىي تەسىس قىلىنىدۇ.

مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ھەقىقەتەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى جەم بولغان مەكتەپ بولغاچ بەزىدە بىر ئوقۇغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىش ھەرىكىتى شۇ مىللەتكە بىلىپ-بىلمەي ۋەكىللىك قىلىپ قالىدۇ. رەيھانگۇل قىزغىنلىق، قىزىقىش ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگەنسىلا بارلىق مىللەتلەر ئوخشاش ئەقلىي قابىلىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى نامايان قىلىپ، ئالىي مەكتەپتە ئىككى رېكورت يارىتىدۇ. ئاۋۋال دۆلەتلىك «4-دەرىجىلىك ئىنگلىز تىلى» ئىمتىھاندىن غەلىبىلىك ئۆتىدۇ. شۇ چاغدا بۇ پۈتۈن مەكتەپتىكى تۈركىي تىللىق ئوقۇغۇچىلارغا زور ئىلھام بولىدۇ.

شۇنداق، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا مەلۇم بىر سەۋەب بار بولىدۇ. رەيھانگۇل ئالىي مەكتەپتە ئىنگلىزچە ئىمتىھانغا 20 يۈەن تۆلەپ تىزىملاتماقچى بولغاندا، بىر ئوقۇتقۇچى : «سىلەردەك تۇنۇگۇن ئۆگەنگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن بۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئۆتەلمەيدىغانلار بەك جىق، دائىم مۇشۇنداق بولۇۋەرسە مەكتەپنىڭ نامىغا ياخشى ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى خەنچە ئۆگىنىڭلار، سىلەردىن بۇ دەرىجە ئىمتىھانغا قاتنىشىش تەلەپ قىلىنمىغاندىكىن»، دەپ رەت قىلغاندا، ئۇ: «مېنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىش ھوقۇقۇم بار، شۇنداققۇ؟ مەن چوقۇم سىناپ باقىمەن»، دەپ جاھىللىق بىلەن تىزىملىتىدۇ.

رەيھانگۇل ئالىي مەكتەپتە بىرىنچى يىلىلا خەنزۇچە دەرىجە ئىمتىھانىدىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتكەچكە، ئۇنىڭغا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا مۇئەللىمگە خەنزۇ تىلى دەرسكە قاتناشماي، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا سىنىپلاردا ئىنگلىزچە ئۆگىنىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، مۇئەللىم قوشۇلمايدۇ. لېكىن ئۇ دەرس ۋاقتىدا ئىنگلىزچە ئۆگەنسە بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋالىدۇ. ئادەتتە مۇئەللىم ۋە مەكتەپ ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلسا نورغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز مەنپەئىتىنى ۋە ۋاقتىنى قوغداشنى بىلمەيدۇ. ئۇ چاغلاردا مەكتەپ ئادەتتە باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن ئىنگلىزچە دەرىجە ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشنى دىپلوم ئېلىشنىڭ شەرتى قىلغان بولۇپ، كۈتۈپخانىدا ئەتراپىدىكى باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىلار پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە ئۆگەنسە، ئۆزى دائىم خەنزۇچە ئۆگەنگەچ، باشقا مىللەتلەر نەزىرىدە بىر خىل غەلىتە ۋە كۈلكىلىك ئىش بولۇپ تۇيۇلۇپ، چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەيھانگۇل ئىنگلىزچە ئۆگەنمەكچى بولىدۇ. ئەمما مەكتەپ ئەتراپىدا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدىغان كۇرسلارنى تاپالماي، بەك تىت-تىت بولىدۇ. تەلىيىگە، ئۇ تۇيۇقسىز مەكتەپنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ئاچقان بىر ئىنگلىزچە سىنىپىنى بايقاپ قېلىپ، شۇ سىنىپقا ئاستىغىنا كىرىپ ئولتۇرۇپ ئۆگىنىدۇ. كېيىن مۇئەللىم رەيھانگۇلنىڭ بىر ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقى، شۇنداقلا سىنىپتىكى باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى بىلەن بىر ئاز پۇل تۆلەپ، سىنىپتا بىر مەۋسۇم ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. كېيىن ئۇ ئامېرىكىدىن ئەمدىلا دۆلەتكە قايتىپ كەلگەن پروفېسسور لېتىپ توختى مۇئەللىم ھەققىدىكى بىر قىسىم ئۇچۇرغا ئېرىشىپ، تەتىلدە كەتمەيدىغان قىزلارنى يىغىپ، ئۆزى مۇئەللىمنى دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ مۇئەللىمنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى ۋە قىزغىنلىقى بىلەن بىر تەتىل ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىلىدۇ. رەيھانگۇل ئانا تىلىدا بىر قىسقا ئىنگلىزچە دەرس ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىدىن، ۋە بۇ تالانتلىق، ئىجتىھاتچان پروفېسسوردىن قاتتىق پەخىرلىنىدۇ. شۇنداقلا كېيىن ئۇنىڭ ماگىستىر ئوقۇغۇچىسى بولۇشقا بەل باغلايدۇ.

رەيھانگۇل 1997-يىلى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنغان ماگىستىرلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئالىي مەكتەپ تارىخىدا ئۇيغۇرچە ئوقۇغانلار ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتكەن تۈركىي تىللىق ئوقۇغۇچى بولىدۇ. بۇ ئوقۇش رېكورتى ئەينى ۋاقىتتا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، تىرىشىش ئارقىلىق ناچار شارائىتتىن

قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئادەتتە مەكتەپ فاكۇلتېتقا ھەر يىلى ماگىستىر ئوقۇغۇچىسىدىن پەقەت بىرلا سان ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىلىدۇ. شۇڭا ئەلا ئوقۇغان بىرى «ئىمتىھانسىز تەۋسىيەلىك ئوقۇغۇچى» پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، باشقا ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار بولسا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. رەيھانگۇل خىزمەتنى ئالماي ماگىستىرلىقتا ئوقۇش يولىنى تاللايدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنىغان ماگىستىرلىق ئىمتىھانىدا قەدىمكى خەنزۇ تىلى ئىمتىھانىنىڭ بىر قىسمى قىلىنىدۇ. بۇ دەرسلىك ئەزەلدىن دەرسلىك سېتكىسىغا كىرگۈزۈلمىگەچ، رەيھانگۇل بۇنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنمىسە بولمايتتى. شۇڭا ئۇ بۇ مەسىلىنى يەنە شۇ ئوقۇتقۇچىلار سىنىپىدا ھەل قىلدى. يەنە بىر توسالغۇ بولسا ئىنگلىز تىلى ئىدى. ئىنگلىزچە دەرسنى ئالىي مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىدا نۆلدىن باشلاپ ئۆگەنگەنلەر ئۈچۈن مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ماگىستىرلىق ئىنگلىزچە ئىمتىھانىغا قاتنىششمۇ بىر چوڭ ئۆتكەل ھېسابلىناتتى. ئەينى چاغدىكى بۇ قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلار مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنى بۇ قەدەمنى ئېلىشتىن توسۇپ قالغاندا، رەيھانگۇل جاسارەتكە كېلىپ ئۇرۇنۇپ باقتى. ھەمدە تەلىيىگە يارىشا تىرىشقانلىرى بىكارغا كەتمەي، ماگىستىرلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتتى.

رەيھانگۇل ئالىي مەكتەپنى ناھايىتى مەمنۇنىيەت ۋە ھۇزۇرلۇق بىلەن ئوقۇپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى بولدى. ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور ئابدۇرەئوپ پولاتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇغۇچىلار ئىلمىي يىغىلىش «ئەنجۇمەن سورۇنى» تەشكىللىنىگەندە، رەيھانگۇل ئۇنىڭغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ، يۇرتىمىزدىن بېيجىڭغا كەلگەن نۇرغۇن داڭلىق زىيالىيلار بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇلار بىلەن پىكىرلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەر خىل ئىدىيىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ھەر خىل سەنئەت ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇلارغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش بىلەن مەنىۋى-ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى تەڭ ئېلىپ بارىدۇ.

رەيھانگۇل بېيجىڭدىكى ئون نەچچە يىللىق ئوقۇش ۋە خىزمەت ھاياتىدا ئىزچىل تۈردە بۇ يەرگە كەلگەن ھەر ساھەدىكى قېرىنداشلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. مېيىپ، قېرى ۋە ئاجىز ئەرزدارلارنى ئەرز قىلىدىغان يېرىگە ئاپىرىش، ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش ئىشلىرىغا خالىسانە ياردەمدە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوقۇشقا كەلگەنلەرگە ئوقۇش ئۈچۈن ئالاقە قىلىپ بېرىش، ۋە ياتاق تېپىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى خالىسانە قىلىدۇ. رەيھانگۇلنىڭ بېيجىڭدىكى بەزى دوستلىرى ئۇنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ئىش قىلىمەن، دەپ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىشىدىن قورقىدىغان بولۇۋالىدۇ. لېكىن رەيھانگۇل ئۆزى قىلالمىسا يەنىلا قىلالايدىغان دوستلارنى تېپىپ، قېرىنداشلارنىڭ تىل ۋە باشقا جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ياتىقى كېيىن چەتئەلگە چىقىدىغان ۋە چەت ئەلدىن كېلىدىغان قىزلارنىڭ ئۆتەڭگە ئايلانغان ئىكەن.

رەيھانگۇل 2000-يىلى ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىغا خىزمەتكە چۈشىدۇ. ھەمدە يېرىم يىلدىن كېيىن، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئىمتىھان بېرىپ تاللىنىپ، شۇ يەردە خىزمەت قىلىدۇ. 2004-يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىغا ئالمىشىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلىگەندە، مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر تەرەپتىن ئىنگلىزچە دەرس بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇئەللىملەرگە، تەتقىقاتچىلارغا ۋە چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلى دەرسى بېرىدۇ. ئۇ بىر قېتىملىق خەلقئارالىق تۈركىي تىللار يىغىنىدا نەق مەيدان تەرجىمانلىقى قىلىدۇ، ۋە گوللاندىيەلىك پروفېسسور دېيوڭ (Frederic Dejong) ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. ھەمدە 2004-يىلى بۇ كىشىنىڭ تەكلىپى بىلەن گوللاندىيە ئۇترەخت ئۇنىۋېرسىتېتىغا «زىيارەتچى ئىلىمدار» سۈپىتىدە بارىدۇ. ئۇ يەردە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، «ئۇيغۇر تىلى سۆزلىشىش قوللانمىسى » (Uyghur, A Manual for Conversation) ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى» (A Grammer of Modern Uyghur) دېگەن كىتابلارنى يازىدۇ. 2005-يىلى ۋە 2007-يىلى بۇ كىتابلار گوللاندىيەدە ئايرىم-ئايرىم نەشردىن چىقىدۇ. بۇ ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان تۇنجى ئۇيغۇر تىلى

گرامماتىكىسى كىتابى بولۇپ قالىدۇ. شۇ مەزگىلدە رەيھانگۈل يەنە ئۇترەخت شەھىرىدىكى راسا ناخشا ئۇسۇل مەركىزىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئۇيغۇر دولان مۇقامى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر مەسئۇل كىشىسىنى ئۈرۈمچىدە كۈتۈۋېلىپ، ئۈرۈمچىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. 2007ـ يىلى دولان مۇقامى ئۇترەخت شەھىرىدىكى راسادا ياڭراپ، گوللاندلارنىڭ ئۇيغۇر ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

رەيھانگۈل 2006ـ يىلى ئەنگلىيە ئوكسفورد شەھىرى ئىسلام تەتقىقات مەركىزى (Oxford Centre for Islamic Studies) نىڭ «ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام تىرمىزى» (Imam Bukhari and Imam Tirmizi, http://www.oxcis.ac.uk/ibit12_13.html) تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، شۇ يەردە بىر يىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. رەيھانگۈل مۇشۇ جەرياندا ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنسانشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇش ئارزۇسىدا يېزىقچە ۋە ئېغىزچە ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، نەتىجە چىققۇچە ساقلاش مۇمكىن بولماي قايتىپ كېتىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن رەيھانگۈلگە ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن ئوقۇش پۇرسىتى بېرىلگەنلىك ئۇقتۇرۇشى كەلگەندە، خىزمەت قىلىۋاتقان مەكتەپتىن قوشۇلمىغاچ بۇ ئوقۇش پۇرسىتىنى زايە قىلىشقا مەجبۇرى بولىدۇ. كېيىن مەملىكەت ئىچىدە دوكتورلۇق ئوقۇشنى خالىماي، 2010ـ يىلى گوللاندىيەگە دوكتورلۇق ئوقۇش ئۈچۈن قايتا كېلىدۇ. ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ ئوقۇش تەس بولغانىنىڭ ئۈستىگە، بەزى ئەمەلىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەيھانگۈل خەنزۇچە دەرس ئۆتۈشنى ئاساس قىلغان بىر كىچىك تىل مەكتىپىنى ئاچىدۇ.



2ـ رەسىم: رەيھانگۈل ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدە.



3 ـ رەسىم: ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.

رەيھانگۈلنىڭ 2012 ـ يىلى بالىسى كاشغەرى تۇغۇلغاندا، گوللاندىيەلىك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ، بالىسى ئۈچۈن بالىلار پسىخولوگىيىسى دەرسىنى ئۆگىنىدۇ. ھەمدە بۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئۈنۈمىنى كۆرۈپ، ئۇندىداردا «ئەقىل توپى» ۋە «ئانا بىز» توپلىرىنى قۇرىدۇ. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ساھەسىدە ئىشلەيدىغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق خانىم ـ قىزلار بىلەن بىرلىكتە، مائارىپچى ئاتا ـ ئانا بولۇش، ۋە ھەر بىر ئادەم ئۆز ئانا تىلىدا ۋە ئۆز يېزىقىدا كىتاب ئوقۇيالايدىغان بالىلارنى تەربىيىلەشنى ئاساسىي نىشان قىلىپ، ھەر ساھەدىكىلەرنى ئۆز ساھەسىدە ئىلىمنىڭ زاكاتىنى بېرىش ئۈچۈن بىر يېرىم يىلدىن ئارتۇق لېكسىيە سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ. رەيھانگۈل ئۇندىداردا تۇنجى قېتىم توپ قۇرۇپ لېكسىيە سۆزلىگەن ئوقۇتقۇچى بولۇپلا قالماي، ئۇندىدارنىڭ ئاكتىپ رولىدىن پايدىلىنىشنىڭ بىر يېڭى يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشىمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئۇندىداردىكىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ نورمال پاراڭلىشىشتىن، ھازىرقىدەك توپ ـ توپ بولۇپ، ھەر خىل تېمىلاردا بەس ـ بەستە سايرايدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. رەيھانگۈل ھازىرمۇ ئۇندىداردا ئۆزى ئۆگەنگەن بالىلار توغرىسىدىكى كونكرېت ۋە ئەمەلىي بىلىملەرنى دوستلىرى بىلەن ھەمبەھىرلىشىش ئىشىنى قىلىۋاتىدۇ. ھەمدە ۋەتەندە پىنسىيونېرلار ياكى قېرىلار ئۆيىگە ئوخشاش، كىچىك بالىلارنىڭ ئۈچۈنمۇ مەھەللىلەردە بىردىن ھەقسىز بالىلار ئويناش ئۆيى قۇرۇش ئۈچۈن توختىماي ئىمكانىيەت ئىزدەۋاتىدۇ. رەيھانگۈلنىڭ ئارزۇ قىلىۋاتقىنى ھەر قانداق ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىلار ئاشۇنداق ئۆيلەرگە ئۆز بالىلىرىنى ئاپىرىپ ئويناشقا قويۇپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق بالىلارنى ئۆز قورۇسىدا يالغۇز ئوينىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، ھەمدە بالا يېتىپ كەتمەسلىك ۋە بىر بىخەتەر ئويناش مۇھىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. رەيھانگۈل بۇ جەھەتتە باشقا قېرىنداشلارنىڭ ئۆز ئىمكانىيىتىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئۆزگە ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

رەيھانگۈل ئاتا ـ ئانىلارنى بالىلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشكە ئۈندەش ئۈچۈن، 2015 ـ يىلى ئۈندىداردا سۈزۈكى مېتودىدا «10 مىنۇتلۇق ئىنگلىزچە» دەرسى سۆزلەيدۇ. ھەمدە 300 دەك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرى بىلەن بىللە ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. خەلقئارادا يەنە «تالانت مائارىپى» دەپ نام ئالغان «سۈزۈكى مېتودى» نى ياپونىيەلىك مائارىپچى سۈزۈكى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۇسۇلنىڭ تەلىپى بالىلارغا ئىسكىرىپكا ئۆگىنىشنى ئۇلار كىچىك چېغىدا باشلاش، ۋە ئاتا ـ ئانىلار تەڭ ئۆگىنىش ئارقىلىق بالىلىرىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش، شۇنداقلا بالىنى يېقىندىن يېتەكلەش. سۈزۈكى مېتودى ياۋروپادا ھازىر كەڭ تۈردە قوللىنىلىۋاتقان ئۈنۈملۈك ۋە ھۇزۇرلۇق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بولۇپ، رەيھانگۈل بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۆز مائارىپىمىزغىمۇ سىڭىپ كىرىشى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مائارىپنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىشى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەكتەپنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىنى تولۇق چۈشىنىشى ۋە ئۇلارغا ماسلىشىشى، شۇنداقلا بالىلاردا ھەر خىل قىزىقىشلارنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەڭ قول تىقىپ ئىش قىلىشى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈندىدار دەرسخانىسىنى ئاچىدۇ. رەيھانگۈل يەنە خەلقئارالىق ئىنگلىزچە ئىمتىھان IELTS قا تەييارلىق قىلىش دەرسىنى چەتئەللىك كەسپى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىشىپ ئېچىش يولىدا تىرىشىۋاتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ چەتئەلدە بىر ئىشەنچلىك ۋە سىستېمىلىق «ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش مەسلىھەت شىركىتى» نى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئاز ھەق بىلەن چەت ئەلدە ئوقۇشتا، ۋە ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتە ياردەمگە موھتاج بولغانلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تەمتىرەپ يۈرۈشتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتىدۇ. رەيھانگۈلنىڭ مەقسىتى ۋەتەندىكىلەرنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە توغرا ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادي بېسىمىنى يېنىكلىتىشتىن ئىبارەت.

رەيھانگۈل ئۆزىنىڭ غايىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى : «مېنىڭ غايەم بالىلار ئويناش ئۆيى قۇرۇش، ۋە كەلگۈسىدىكى كۈچلۈكلەرگە يانتاياق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي كۈچلۈك بولۇشى ئۈچۈن پىشاڭ بولۇش.»

سىڭلىمىز رەيھانگۈل ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، بىر يىراق جايدا ياشاۋاتقان بىر ئايال ۋە بىر ئانا بولۇشىغا قارىماي، ھەر ۋاقىت مىللەتنىڭ غېمىنى يەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن تولىمۇ پەخىرلىنىمەن.

# شاكىر شەمشى

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 2-ئاينىڭ 13-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

مەن بۇرۇن تەييارلىغان ئۈچ پارچە ماقالەمدە جەمئىي يەتتە نەپەر قېرىنداشىمىزنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇم. يەنى، «يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ 9 ئۇسۇلى» دېگەن ماقالىدە تۆمۈر پالتاش، ئاينۇر ئابدۇرازاق ۋە مۇھەممەتجان ئابدۇللانى، «ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ يېڭى كەشپىيات مۇسابىقىسى پائالىيەتلىرى» دېگەن ماقالىدا مەخمۇت ئابلا بىلەن نۇرنىسا قۇربانىنى، ۋە «يالغانچىلىققا ئائىت 12 ھەقىقەت» دېگەن ماقالىدا ئەكبەر شېرىپ بىلەن مىرشاد ئابدۇرېھىمنى تونۇشتۇردۇم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى «بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ (1)» دېگەن ماقالىدە يەنە ئىككى قېرىنداشىمىزنى تونۇشتۇرغان ئىدىم، بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ ئىككىيلەن ھەققىدىكى مەزمۇننى ماقالىدىن ۋاقىتىنچە ئېلىۋېتىپ تۇرۇشقا مەجبۇرى بولدۇم. ئاللاھ خالىسا مەن ئۇ مەزمۇننى كېيىنچە بىر مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ، تورلارغا قايتا يوللايمەن. دېمەك، مەن ھازىرغىچە 9 نەپەر قېرىنداشىمىزنى تونۇشتۇرغان بولۇپ، مەزكۇر يازمىدا يەنە 2 نەپەر يېڭى قېرىنداشىمىزنى، يەنى، 10- ۋە 11-قېرىنداشىمىزنى تونۇشتۇرىمەن.

مېنىڭ چەت ئەلدىكى نەتىجىلىك قېرىنداشلارنى تونۇشتۇرۇشتىكى مەقسىتىم، ۋەتەندىكىلەرگە چەت ئەلدە ئوقۇپ، بىرەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياكى خەلقئارادىكى سەھنىلەردە مۇھىم رول ئېلىپ، «باشقىلار قىلالىغان ئىشلارنى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدۇ» دېگەن ھەقىقەتكە مىسال بولۇۋاتقان قېرىنداشلارنى قىسقىچە ۋە ئەينەن تونۇشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ۋەتەندىكى ياش-ئۆسمۈرلەرنى كۆڭلىگە چوڭ-چوڭ نىشانلارنى تۇرغۇزۇپ، ياخشى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. مەن تونۇشتۇرىدىغان قېرىنداشلىرىمىز تۆۋەندىكى 3 شەرتنىڭ كەم دېگەندە بىرىنى قانائەتلەندۈرگەنلەر: (1) چەت ئەلدە ئوقۇپ، بىر يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. (2) چەت ئەلدە ئىشلەپ، بىر مۇھىم كەسپىي خىزمەت ئورنىغا ئېرىشكەن. (3) چەت ئەلدە ياكى ئۇيغۇر دىيارىدا كەسپىي جەھەتتە ئالاھىدە نەتىجە قازانغان. مەن ھازىرغىچە بۇنداق مەزمۇنلارنى ئۆزۈم تەييارلىغان باشقا تېمىلاردىكى ماقالىلەرگە قوشۇپ قويغان ئىدىم. ئەمما يېقىندا ئۇنىڭغا قارىغاندا بۇنداق مەزمۇننى ئايرىم تېما قىلىپ يوللىسام، سەل ياخشىراق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىم بۇ ھەقتىكى يېڭى مەزمۇننى مەزكۇر ماقالىدە ئايرىم تېما قىلىپ يوللىدىم.

مېنىڭ مۆلچەرلىشىمچە، چەت ئەللەردە يۇقىرىدىكى 3 شەرتنىڭ كەم دېگەندە بىرىگە چۈشىدىغان قېرىنداشلاردىن بىرەر مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بار. ئەگەر سىز يۇقىرىدىكى شەرتلەرنىڭ كەم دېگەندە بىرسىگە چۈشىدىغان قېرىنداشلارنىڭ بىرەرسىنى بىلسىڭىز، ماڭا شۇلارنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇچۇرىنى ماڭدۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز. ئەگەر ئۇلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى يېزىپ ماڭدۇرۇپ بەرسىڭىز، ياكى ئۇنى ئۆزىڭىز بىۋاسىتە تورلارغا چىقارسىڭىز تېخىمۇ ياخشى. ماڭا ماڭدۇرىدىغان مەزمۇن ئۇيغۇرچە ياكى ئىنگلىزچىنىڭ قايسىسىدا بولسا بولۇۋېرىدۇ. شۇنداقلا ئىملا قائىدىسى ۋە گىراماتىكا جەھەتتىن تەلەپكە ئانچە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئۇنداق مەسىلىلەرنى مەن ئۆزۈم ئوڭلاپ كېتىمەن. ئۇيغۇر دىيارىدىكى قېرىنداشلار مەندىن يۇقىرىقىدەك قېرىنداشلارنى ئىمكانقەدەر تەپسىلىيرەك تونۇشتۇرۇشۇمنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق تەرجىمىھال قانچە تەپسىلىي بولسا شۇنچە ياخشى. مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىز ۋە قوللىشىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئالدىنئالا رەھمەت ئېيتىمەن.

بەزى ئۆكىلار مەن تونۇشتۇرىدىغان كىشىلەر چوقۇم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان كىشىلەر بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلاپ قاپتۇ. مەن ئۈچۈن سىزنىڭ ئۆز كۈچىڭىزگە تايىنىپ ئوقۇپ، بىر يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىڭىز ئوقۇغان كەسىپكە لايىق بىر كەسىپي ئورۇنغا ئېرىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىڭىزنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇرلارغا قوشقان بىر ئالاھىدە تۆھپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىز ئاشۇنداق بىر ئەمەلىيىتىڭىز ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدىڭىز. ئۇيغۇرلارنى ئۆزىڭىزنىڭ ئىدارە ياكى شىركىتىدىكى چەت ئەللىكلەرگە تونۇتتىڭىز. «باشقىلار قىلالىغان ئىشلارنى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدۇ»، دېگەن ھەقىقەتكە بىر ئىسپات بولۇپ بەردىڭىز. سىز قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنىڭ كۈچىدىن تېخىمۇ تولۇق پايدىلىنىش، شۇنداقلا سىز قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ئارقىلىق بىزنىڭ يېڭى ئەۋلاتلىرىمىزغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، ئۇلارنى كەلگۈسىدە مىللەت ئۈچۈن يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن، مەن سىزنى باشقا ئىنى-سىڭىللارغا تونۇشتۇراي. شۇڭا سىز ماڭا يېقىندىن ياردەملىشىپ بەرسىڭىز. رەھمەت!

يېڭى قېرىنداشلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇشنى ئەمدى باشلايمەن.



1-رەسىم: شاكىر شەمشى

شاكىر شەمشى (ئىنگلىزچە «Shakir Shamshy» دەپ يېزىلىدۇ) 1970-يىلى توقسۇن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1987-يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى سىنىپ بويىچە ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ بۆلۈم شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىش ئارزۇسى بار ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئىككى يىل تەييارلىق دەرسلىرىنى ئۆگىتەتتى. شاكىر ئىككى يىل ئىچىدە بۇ بۆلۈمدىكى ئوقۇشىنىمۇ سىنىپ بويىچە ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن تاماملاپ، جۇڭگو نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يەرشارى فىزىكىلىق نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش كەسپىگە قوبۇل قىلىندى.

شاكىر شىنجاڭدىن ئىنتايىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئوقۇشقا بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ چاغدىكى سەۋىيەسى، بولۇپمۇ ئىنگلىزچە سەۋىيەسى سىنىپىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن بەكلا تۆۋەن تۇراتتى (چۈنكى ئۇ ئىنگلىزچىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىللا ئۆگەنگەن ئىدى). شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىرىشىپ ئۆزىنىڭ سەۋىيەسىنى تېزدىن ئۆستۈردى. نەتىجىدە بىرىنچى يىلىنىڭ ئاخىرى ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىنگلىز تىلى گىراماتىكىسى مۇسابىقىسىدە مەكتەپ بويىچە 3-بولدى. ئۇ تېخىمۇ تىرىشىپ، 2-يىلى پۈتۈن مەكتەپ بويىچە تاللانغان 39 ماھىرنىڭ بىرى بولۇپ، مەكتەپنىڭ ئىنگلىزچە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ 1-بولدى. شاكىرنىڭ

تىرىشچانلىق ئىش-ئىزلىرى ۋە نەتىجىلىرى مەكتەپ گېزىتى ۋە «جۇڭگو نېفىت گېزىتى» دە تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ قالغان ئىككى يىلدا داۋاملىق تىرىشىپ، مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى.

1994-يىلى شاكىر بېيجىڭدىكى بىر چەت ئەللىك نېفىت شىركىتىدە ئىشلەش پۇرسىتىنى تاشلاپ، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى گېئولوگىيەلىك نېفىت چارلاش باشقارمىسىغا بېرىپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ نېفىت ئىزدەشنى لايىھەلەش ئىنژېنېرى بولۇپ 3 يىل ئىشلىدى. كېيىن بىر نېفىت ئىزدەش ئەترىتىگە ئەترەتنىڭ تېخنىكىلىق باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى، ۋە بۇ ئورۇندا 3 يىل ئىشلەپ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شاكىر ئۆزىنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن توختىماي ئىزدەندى. TOEFL ۋە GRE ئىمتىھانلىرىدىن ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، 2000-يىلى ئامېرىكىنىڭ ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يەرشارى فىزىكىسى كەسپىگە تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىندى. ئامېرىكىدا تىرىشىپ ئوقۇپ، تەتقىقات نەتىجىسىنى ئامېرىكا يەرشارى فىزىكا ئۇيۇشمىسىنىڭ يىللىق يىغىنىدا ئېلان قىلىپ، ئاسپىرانتلىق يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ۋە باشقىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىككىنچى چوڭ نېفىت شىركىتى شېۋرون (Chevron) گۇرۇھى شاكىرنى يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەندە ئاشۇ شىركەتكە كېلىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى. شاكىر 2003-يىلىنىڭ بېشىدا ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، يەرشارى فىزىكىسى (گېئو-فىزىكا) كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شېۋرون گۇرۇھىنىڭ نيۇ ئورلېنز (New Orleans) شەھىرىدىكى تارماق شىركىتىدە يەرشارى ئىلمى مۇتەخەسسىسى (Earth Scientist) بولۇپ خىزمەتكە كىرىپ، بىر نېفىتلىكنىڭ تېخنىكا يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەشنى باشلىدى. 2005-يىلى شاكىر شېۋرون گۇرۇھىنىڭ تېكساس ئىشتاتى ھيۇستون (Houston) شەھىرىدىكى شېۋرون شىمالىي ئامېرىكا باش شىركىتىگە يۆتكىلىپ، بىر قانچە نېفىتلىككە يەرشارى فىزىكا مۇتەخەسسىسى ۋە پىروگراما يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىدى.

شاكىرنىڭ ياراتقان تېخنىكىلىق نەتىجىلىرى، ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى قابىلىيىتىنى كۆرگەن شىركەت رەھبەرلىكى 2008-يىلى ئۇنى شېۋرون گۇرۇھىنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە پىلان بۆلۈمىگە يۆتكەپ، شىركەت لىدېرلىرىنىڭ «قارار ئېلىش مەسلىھەتچىسى» دېگەن خىزمەت ئورنىغا تەيىنلىدى. بۇ جەرياندا شېۋرون شىركىتى شاكىرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى تېخىمۇ تېز ئۆستۈرۈشى ئۈچۈن ئۇنى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى بولغان رايىس (Rice) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىنىڭ «يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش ماگىستىرلىقى» (EMBA) پىروگراممىسىغا ئەۋەتتى. 2011-يىلى شاكىر بۇ ئىگىلىك باشقۇرۇش ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئالغاندىن كېيىن، شېۋروننىڭ يېڭى تېخنىكىلارغا مەبلەغ سېلىش بۆلۈمىگە يۆتكەلدى. شاكىر ھازىر ئاشۇ بۆلۈمنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى يېڭى تېخنولوگىيەلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ لىدېرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ھازىر شېۋرون شىركىتى تەۋەككۈل مەبلىغى (Venture Capital) سېلىپ باشقۇرۇۋاتقان يۇقىرى تېخنولوگىيەلىك شىركەتلىرىدىن جەمئىي 36 سى بار بولۇپ، بۇ شىركەتلەرنىڭ تېخنىكىلىق بۆلۈملىرىدىكى 100 دىن ئارتۇق ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر شاكىرنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى يېتەكچىلىكىدە يېڭى تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇ تېخنىكىلارنى شېۋرون شىركىتىنىڭ ئېھتىياجلىق ساھەلىرىگە يۆتكەۋاتىدۇ.

شېۋرون گۇرۇھى ئامېرىكىدىكى نېفىت شىركەتلىرى ئىچىدە چوڭلۇقتا 2-ئورۇندا، دۇنيا بويىچە نېفىت-گاز بايلىقىنىڭ زاپىسى مىقدارى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 3-ئورۇندا تۇرىدىغان خەلقئارالىق چوڭ نېفىت ئېنېرگىيە شىركىتىدۇر. ئۇنىڭ دۇنيادا 180 دىن ئارتۇق دۆلەتتە نېفىت بازىسى، شۆبە شىركىتى ۋە ئىش بېجىرىش ئورنى بار. شاكىر ئامېرىكا يەرشارى فىزىكا بىرلەشمىسى ۋە خەلقئارا نېفىت-گاز ئېنېرگىيە ساھەسىنىڭ يېتەكچىسى بولغان قىدىرىپ تەكشۈرۈش يەرشارى فىزىكا مۇتەخەسسىسلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. مەن ئىنىمىز شاكىر شەمشىدىن ناھايىتىمۇ پەخىرلىنىمەن.

# يېڭىلىق ياراتقۇچىلار نەمۇنىلىرىنىڭ بىر مىسالى ـــ تۆمۈر پالتاش

(بۇ يازما تورلاردا 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

مېنىڭ پەرىزىمچە ئۇيغۇر دىيارى ۋە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە ئالاھىدە نەتىجە قازانغان كىشىلەردىن خېلى كۆپ بار. مەن بۇ يەردە ئاشۇنداق كىشىلەردىن پەقەت بىرىنىلا، يەنى مېنىڭ بىر دوستۇمنىلا بىر مىسال سۈپىتىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. ئۇ دوستۇمنىڭ ئىسمى تۆمۈر پالتاش (ئىنگلىزچە «Timour Paltashev» دەپ يېزىلىدىكەن) بولۇپ، ياش جەھەتتىن مەن بىلەن تەڭتۇش. ئۇنىڭ دادا تەرەپتىكى ئەجدادلىرى ئەسلىدە غۇلجىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ۋە چوڭ ئانىسى غۇلجىدىن قازاقىستانغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن ئىكەن. تۆمۈرنىڭ چوڭ دادىسى بىر قېتىم ئائىلىسى بىلەن قازاقىستاندىن غۇلجىغا پىيادە بېرىپ، ئۇ يەردە نەچچە يىل تۇرۇپ، ئاندىن يەنە پىيادە قازاقىستانغا قايتىپ كەلگەن ئىكەن. تۆمۈرنىڭ ئاپىسى تاتار مىللىتىدىن بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ يېشى 90 دىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇيغۇرچىنى ئىنتايىن ياخشى سۆزلەيدۇ. تۆمۈر قازاقىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، ئالىي مەكتەپ ۋە ئاسپىرانتلىقنى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغۇچە روسىيەنىڭ موسكۋا شەھىرىدە ئوقۇپ تاماملىغان. ئۇ ئامېرىكىغا 90 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا كەلگەن بولۇپ، مەن كالىفورنىيە شتاتىنىڭ كىرمىنى جىلغىسىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا ئۇمۇ شۇ رايوندا ئىشلەيدىكەندۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى تونۇشۇپ دوست بولۇپ قالغان بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئارىلىشىپ ئۆتۈۋاتىمىز. تۆمۈرنىڭ ئايالى زەمىرە قازاقىستاندىكى بىر چوڭ ئوقۇمۇشلۇق ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا ئىنتايىن چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى بار. شۇڭلاشقا ئۇلار داۋاملىق يۇرتىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ تۇرۇپ ياشايدۇ. ھەممە ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق بولغان دوكتور شۆھرەت مۇتەللىپنىڭ ئايالى زەمىرەنىڭ ئاكىسىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ قىزنى ئەڭ دەسلەپدە ئامېرىكىغا تۆمۈر ـ زەمىرەلەر چاقىرتىپ ئەكەلگەن ئىكەن. مەن شۆھرەت مۇتەللىپ بىلەنمۇ 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى بىزنىڭ ئۆيدە تونۇشقان. يەنى شۇ چاغدا تۆمۈر ـ زەمىرەلەر شۆھرەت ئەر ـ ئايال ئىككىيلەننى بىزنىڭ شىمالىي كالىفورنىيەدىكى ئۆيىمىزگە باشلاپ كەلگەن بولۇپ، بىز شۇ چاغدا ئۇلارنى ئۆيىمىزدە بىر قېتىم مېھمان قىلغان ئىدۇق. بىز شۆھرەت مۇتەللىپ ئىنىمىز بىلەنمۇ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تونۇشىمىز.



1 ـ رەسىم: ئالدىنقى كۈنى، يەنى 2014 ـ يىلى 7 ـ دېكابىر كۈنى تۆمۈر بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن بولۇپ، بۇ رەسىمنى شۇ چاغدا مېھمانلىق ئۆيىمىزدە چۈشكەن.

كومپيۇتېرنىڭ ئىچىدىكى بارلىق ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم زاپچاس ئىنگلىزچە «central processing unit» دەپ ئاتىلىپ، ئۇ قىسقارتىلىپ «CPU» دەپ يېزىلىدۇ. كومپيۇتېرلاردا CPU دىن سەل كېيىنرەك تۇرىدىغان «مەركىزىي گرافىك زاپچىسى» (graphics core) دەپ ئاتىلىدىغان بىر زاپچاسمۇ بار بولۇپ، مۇشۇ ئىككى خىل زاپچاس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا مۇھىم كومپيۇتېر زاپچاسلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىشتا ئامېرىكىدىكى «ئىنتېل» (Intel) دېگەن شىركەت دۇنيا بويىچە 1-ئورۇندا تۇرىدۇ. ئامېرىكىدىكى ئىنگلىزچە «Advanced Micro Devices» ياكى «AMD» دەپ ئاتىلىدىغان شىركەت بولسا يۇقىرىقىدەك كومپيۇتېر زاپچاسلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىشتا دۇنيا بويىچە 2-ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئىككى شىركەتنىڭ ھەر ئىككىسى كالىفورنىيەدىكى كىرمنىي جىلغىسىغا جايلاشقان. دوكتور تۆمۈر پالتاش ھازىر AMD شىركىتىنىڭ «مەركىزىي گرافىك زاپچىسى» نى تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار تەتقىقاتچى خادىملاردىن 15 تىن ئارتۇق كىشى ئىشلەيدۇ. مەن ئۇنى تونۇغاندىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئۆز كەسپىگە جان كۆيدۈرۈپ، كۈنىگە 10-12 سائەتتىن قاتتىق ئىشلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ سانى خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇ ھازىرغىچە 22 دانە ئامېرىكا پاتېنتىغا ئېرىشىپ بولدى. مانا بۇ مېنىڭ تۆمۈرنى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان «يېڭىلىق يارىتىش نەمۇنىلىرىنىڭ بىر مىسالى» قىلىپ تاللىشىمدىكى ئاساسىي سەۋەبتۇر.

رۇسىيە ۋە قازاقىستاننىڭ ھازىر يولغا قويغان يۇقىرى تېخنولوگىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پروگراممىلىرى بار بولۇپ، تۆمۈر بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئامېرىكىدىكى خىزمىتىنىڭ سىرتىدا شۇلار ئۈچۈن مەسلىھەتچى مۇتەخەسسىس بولۇپ ئىشلەپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنداقلا ھەر يىلى بىر-ئىككى قېتىم قازاقىستانغا بېرىپ، شۇ يەردىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئىككى ھەپتە كۈنىگە 8 سائەتتىن دەرس ئۆتۈپ كېلىۋاتىدۇ. يەنى ئۇ ئاشۇ ئىككى ھەپتە ۋاقىت ئىچىدە بىر مەۋسۇملۇق دەرستىن بىرنى ئۆتۈپ تاماملاپ كېلىۋاتىدۇ. تۆمۈر قازاقىستاننىڭ يۇقىرى تېخنولوگىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پروگراممىسىغا مېنىمۇ تەكلىپ قىلغان بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم NASA غا خىزمەتكە كىرىشتىن بۇرۇنقى شىركەتلەردە قىلغان ئىشلىرىم ئاساسىدا قوشۇمچە ئىشلەپ بېرىشكە ماقۇل بولدۇم. ھازىرچە بۇ ئىش تېخى رەسمىي ئەمەلىيلىشىپ بولالمىدى. ئەگەر مېنىڭ يولۇم ئوچۇق بولغان بولسا، مۇشۇنداق ئىشنى مەن ئالدى بىلەن ئۆز يۇرتۇم بىلەن ئۆز خەلقىمگە قىلىپ بەرگەن بولاتتىم.

خۇددى يۇقىرىدىكى بايانلاردىن كۆرۈۋالغىنىمىزدەك، تۆمۈرنىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە خىزمەت قىلىپ بېرىش كۆڭلى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ. ئۇ شىمالىي كالىفورنىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل ئەنئەنىۋى ۋە مەدەنىي پائالىيەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالمايدۇ.

مېنى ھازىر ئىنتايىن خۇشال قىلىدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، ھازىر ئامېرىكا، ياپونىيە، ياۋروپا، كانادا، ئاۋستىرالىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردە دۇنيادا بار بولغان مۇھىم كەسىپلەرنىڭ خېلى كۆپىدە بىزنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرىمىز تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىقتى. يەنە بىر قىسمى بولسا ھازىر تەربىيىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ كەسپىي ساھەسىدە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشكەن كىشىلىرىمىز ئاز ئەمەس بولۇپ، مەن يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان تۆمۈر پالتاش شۇلارنىڭ بىر مىسالى. ئامېرىكىنىڭ بوستون شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان ئىنىمىز قەيسەر مجىت يېقىندا «ئامېرىكىدىكى دوختۇر ئۇيغۇرلار» دېگەن تېمىسىدا ئامېرىكا قاتارلىق چەت ئەللەردە كىنىشكىلىق تېببىي دوختۇر بولغان ئۇيغۇرلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى [7]. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قانداق جاپالىق جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ دوختۇر بولالىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. مەن تېخى ئوقۇپ باقمىغان قېرىنداشلارغا ئاشۇ يازمىنى چوقۇم بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. قەيسەر مجىتنىڭ بۇ يازمىسى كەلگۈسىدە چەت ئەلگە چىقىپ تېببىي دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇشنى نىشان قىلغان ئىنى-سىڭىللارنىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

# تۇغلۇق ئابدۇرازاق

(بۇ يازما تورلاردا 2015 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

دوستىمىز تۇغلۇق ئابدۇرازاق ئۆزىنىڭ بالىلىق ھاياتىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇ 1982 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا سىنىپىنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇشنى تاماملاپ باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆز فاكۇلتېتىغا ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئېلىپ قېلىنغان. ئۇ دەرسلەرنى ياخشى ئۆتۈپ ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن، ھەم تېزلا ماتېماتىكا لېكتورلۇقىغا ئۆستۈرۈلگەن. شۇندىن باشلاپ تا 1988 ـ يىلغىچە ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا لېكتور بولۇپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا دىففېرېنسىيال ـ ئىنتېگرال، سىزىقلىق ئالگېبرا، ئابستراكت ئالگېبرا، گۇرۇپپا ۋە ھالقا نەزەرىيەسى، ماتېماتىكىلىق ئانالىز قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇغلۇق «رېئال ئانالىز» غا ئائىت بىر كىتابنى ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، ھەمدە «ماتېماتىكىغا ئائىت كەسپىي خەنزۇ تىلى» نامىلىق بىر دەرسلىك كىتابنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆزى بىر يىل دەرس قىلىپ ئۆتكەن.




1 ـ رەسىم: دوستىمىز تۇغلۇق ئابدۇرازاق. بۇ رەسىم 2014 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تارتىلغان.

ئۇ 1988 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە چەتئەلگە ئەۋەتىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنى تاللاش ئۈچۈن بېرىلىدىغان «Visiting Scholar Test» دەپ ئاتىلىدىغان ئىمتىھاندا ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغان بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ ۋورىك ئۇنىۋېرسىتېتى (Warwick University) گە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ ئەنگلىيەدە بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا ئىنگلىزچە TOEFL، GRE دەپ ئاتىلىدىغان ئامېرىكىغا ئاسپىرانتلىق ئوقۇشقا چىقىشنى مەقسەت قىلغان ئوقۇغۇچىلارغا تەلەپ قىلىنىدىغان ئىمتىھانلارغا قاتنىشىپ، ھەمدە ئۇلاردا يۇقىرى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئامېرىكىنىڭ شىمالىي كارولىنا شتاتىدىكى چەپېل خىل ئۇنىۋېرسىتېتى (University of Chapel Hill) نىڭ ماتېماتىكا كەسپىنىڭ

دوكتورلۇق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن تۇغلۇق 1990-يىلى 1-ئايدا ئامېرىكىدىكى ئوقۇشىنى باشلىغان. بۇ مەكتەپ ئامېرىكىدا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان 25 ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىدۇر.

ئىككى يىلدەك ماتېماتىكىنىڭ ئاسپىرانتلىق پىروگراممىسىدا ئوقۇش جەريانىدا، تۇغلۇق ئۆزىنىڭ «قوللانما ماتېماتىكا» ساھەسىگە ئالاھىدە قىزىقىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئامېرىكا بويىچە ئالدىدا تۇرىدىغان يەنە بىر ئۇنىۋېرسىتېت «شىمالىي كارولىنا شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى» (North Carolina State University) غا ئالمىشىۋېلىپ، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ستاتىستىكا فاكۇلتېتىنىڭ «بىئو-ماتېماتىكا» پىروگراممىسىغا قوبۇل قىلىنىپ، دوكتور كەپلېر توماسنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىككى يىل قېتىرقىنىپ ئوقۇپ، 1995-يىلى دېكابىر ئېيىدا يۇقىرى نەتىجە بىلەن ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنىڭ ئاخىرقى يىلى، تۇغلۇق ئۆزى ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ ئورمانچىلىق فاكۇلتېتىدا «سانلىق مەلۇمات ئانالىز گۇرۇپپىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى» بولۇپ بىر يىل ئىشلىگەن. شۇ ۋاقىتتا «جەنۇبىي ئامېرىكا يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان ستاتىستىكا مەلۇماتى» ناملىق كىتابنى ئورمان فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى ۋىللىيۇم جېيمىس بىلەن بىرلىكتە تۈزۈپ چىقىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالدى-كەينى بولۇپ ئامېرىكىدا داڭقى چىققان چوڭ شىركەتلەردە، مەسىلەن، Westat، Abt Associates، PriceWaterhouseCoopers، Young&Rubicam، Merkle Group لاردا ئىشلەپ، كەسپىي جەھەتتە ئۈزلۈكسىز يۇقىرى باسقۇچقا ئۆرلىگەن. ئۇ ھازىر ئامېرىكىنىڭ مەرىلەند شتاتى كولومبىيە شەھىرىدىكى مېركۇل (Merkle) دەپ ئاتىلىدىغان شىركەتتە «سانلىق مەلۇمات مۇتەخەسسىسى ۋە ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى» بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. تۇغلۇق مەزكۇر شىركەتتە كەسىپ ۋە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ھەر ئىككى جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رولنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدىن پايدىلىنىدىغان ستاتىستىكا خادىملىرى، سانلىق مەلۇمات ئانالىزچىلىرى ۋە سانلىق مەلۇماتنى بازارلاش كەسپ ئەھلىلىرىنىڭ سانى 300 كىشىدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى لايىھەلەپ ھەم يېتەكچىلىك قىلىپ ئىشلەپ چىقارغان بىر قانچە سانلىق مەلۇمات ئانالىز قىلىش كەشپىياتلىرى مېركۇل شىركىتىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كېلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇ كەشپىياتلار تۇغلۇقنىڭ شىركىتىگە زور مىقداردا پايدا ياراتماقتا. ئۇ ھازىرغىچە ئۆز شىركىتى ئىنگلىزچە «Fortune 500» دەپ ئاتىلىدىغان، دۇنيادىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان 500 شىركەتكە تەۋە بولغان بىر قىسىم شىركەتلەرگە ئىشلەپ بەرگەن مۇھىم پروجېكتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى. تۇغلۇق ئۆز خىزمىتىدە پەۋقۇلئاددە ياخشى تۆھپىلەرنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھازىرغىچە ئۆز شىركىتىنىڭ كۆپ قېتىملىق ئالاھىدە تۆھپىكارلار مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

دوستىمىز تۇغلۇق ئۆزىنىڭ مېركۇل شىركىتىدىن باشقا، ئۇ يەنە مەرىلاند شتاتى بالتىمور شەھىرىدىكى كوپپىن (Coppin) شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ياردەمچى پىروفېسسور» (Adjunct professor) بولۇپ ئىشلەپ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا دىففېرېنسىيال-ئىنتېگرال ۋە ئىگىلىك ستاتىستىكا دەرسلىرىنى ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇ ئامېرىكىدىكى ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنىمۇ ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن شىركەتلەردە نۇرغۇنلىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ياراتقاندىن سىرت، خەلقئارا ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ۋە ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا 6 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. سانلىق مەلۇمات ساھەسىدىكى ئامېرىكا ۋە خەلقئارالىق تەتقىقات يىغىنلىرىغا تەكلىپ قىلىنىپ، ئىلمىي دوكلاتلارنى بەرگەن.

دوستىمىز تۇغلۇق ھازىر ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ يىغىلغان ۋاشىنگتون رايونىدا ياشايدۇ. ئۇ ئامېرىكىغا كەلگەندىن بۇيان، باشقا ئۇيغۇرلارغا، بولۇپمۇ ئامېرىكىغا يېڭىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىشنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ جەھەتتىكى ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ئورتاق ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئىنتايىن مېھماندوست بولۇپ، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆيىگە بارسىڭىز، ئۇ سىزنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ مىجەزى ناھايىتى خۇشخۇي، ۋە روھى ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، باشقىلار بىلەن

بىللە بولغاندا قىزىقارلىق گەپلەر ۋە يۇمۇر-چاقچاقلار ئارقىلىق ئەتراپىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ دىلىنى يورۇتۇپلا تۇرىدۇ.

مەن دوستىمىز تۇغلۇقنىڭ كەسىپ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن، ھەمدە ئۇنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان كۆيۈنۈشى، دوستلىرىغا بولغان مەردلىكى ۋە مېھماندوستلۇقى، ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە قىلىدىغان ياردەملىرىنى ئەڭ كۈچلۈك ئىبارىلەر بىلەن مەدھىيىلىمەي تۇرالمايمەن.



2-رەسىم: ئوڭدىن سولغا شۆھرەت مۇتەللىپ، تۇغلۇق ئابدۇرازاق، بىلىمخۇمار، رىشات ئابباس، ۋە گۈلناز ئابدۇقادىر. بۇ رەسىم 2014-يىلى 6-ئايدا تارتىلغان.

# زەينۇرە سابىر

(بۇ يازما تورلاردا 2015 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(زەينۇرە سابىرنى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى نەفىزە ئابدۇراخماننىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)



1 ـ رەسىم: سىڭلىمىز زەينۇرە سابىر

سىڭلىمىز زەينۇرە ئابلىمىت قەشقەر شەھىرىدىكى بىر ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. زەينۇرە كىچىك ۋاقتىدىلا ئاپىسى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى چوڭ ئاپىسى بىلەن چوڭ دادىسى بېقىپ چوڭ قىلغان. گەرچە ئۇ چاغلاردا چوڭلار ئۇنىڭغا «چوقۇم ياخشى ئوقۇڭ» دېگەن تەلەپنى قويمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئوقۇپ، باشلانغۇچتىن تارتىپ قەشقەر 1 ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە سىنىپ بويىچە ئەلا ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇدى. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغاندا زەينۇرەنىڭ چوڭ ـ ئاپا ۋە چوڭ ـ دادىسى «قىز بالا يىراقتا ئوقۇسا ياخشى بولمايدۇ»، دەپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىلتىماس قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمما زەينۇرەنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سىرتىنى كۆرۈپ بېقىش ئارزۇسى بار بولغاچقا، چوڭلارنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە ئىش كۆرمەي، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مەكتەپلەرگە ئىلتىماس قىلدى. نەتىجىدە 1986 ـ يىلىدىن 1988 يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇپ، ئاندىن شاڭخەي خۇادوڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى (上海华东师范大学) نىڭ پىسخولوگىيە فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى. ھەمدە شۇ چاغدا ئۆزى بىلەن بىر سىنىپقا تەقسىم قىلىنغان 68 نەپەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى بىردىنبىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىدىن ۋە ئانا تىلىدىن ئايرىلىپ، باشقىلارغا ئارىلىشىپ ئوقۇغانلىقى، ھەمدە خەنزۇ تىلىنى ئاران ئىككى يىل ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، دەسلىپىدە ئۇنىڭغا دەرسلەرگە

يېتىشىپ ئوقۇش بەكمۇ تەس كەلدى. لېكىن ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ساۋاقداشلىرىدىن قېلىشماي ئوقۇپ، 1992 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى ياخشى نەتىجىلەر بىلەن پۈتتۈردى.

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، زەينۇرە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پەن ـ تەتقىقات بۆلۈمىگە بۆلۈنۈپ، شۇ بۆلۈم چىقىرىدىغان مەكتەپ ژۇرنىلىغا تەھرىر بولۇپ، ئۇ يەردە تاكى 1996 ـ يىلىغىچە ئىشلىدى. 1996 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىكى «شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى» غا يۆتكىلىپ كېلىپ، شۇ يەردە تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «2 ـ دەرىجىلىك مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى» (中级职称) غا ئېرىشتى.

1999 ـ يىلى زەينۇرە ئېرى بىلەن رۇسىيەنىڭ سانت پېتېربۇرگ (Saint _ Petersburg) شەھىرىگە بېرىپ، سانت پېتېربۇرگ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىسخولوگىيە فاكۇلتېتىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇردى. شۇ مەزگىلدە زەينۇرەگە داۋاملىق ئوقۇش پۇرسەتلىرى كۆپ قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، ئوغلى تېخى كىچىك بولغاچقا، ئۇ 2000 ـ يىلى ئېرى بىلەن ئۇيغۇر دىيارىغا قايتتى.

يۇرتقا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، زەينۇرە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر يېڭى خىزمەتكە يۆتكىلىپ، ئاشۇ مەكتەپنىڭ مېخانىكا ئىنژېنېرلىق فاكۇلتېتى «خەلقئارالىق جۇڭگو ـ رۇسىيە يېڭىك مېتال تەتقىقات مەركىزى» نىڭ بىر تەجرىبىخانىسىدا «تەجرىبىخانا باشقۇرغۇچىسى» ۋە «پروفېسسور ياردەمچىسى» بولۇپ ئىشلىدى. شۇ مەزگىلدە زەينۇرە يەنە ئاشۇ مەركەز چىقارغان بىر ژۇرنالنىڭ «مۇئاۋىن تەھرىرى» لىك ۋەزىپىسىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى. چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق 140 كىشىلىك جۇڭگو ـ رۇسىيە يېنىك مېتال يىغىنىغا، ۋە شېنجېندا ئۆتكۈزۈلگەن يەنە بىر مەملىكەتلىك يېنىك مېتال ئىلمىي ـ تەتقىقات يىغىنىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئاددىي ئىش ئورنىدا ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى زور قابىلىيىتىنى نامايان قىلدى. زەينۇرە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا مانا مۇشۇنداق ئۈچ يېرىم يىل ئىشلەپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئېرى ئەزەلدىن ئۇيغۇر ئىشلەپ باقمىغان بۇ داڭلىق ئالىي بىلىم يۇرتىدا باشقىلارغا ئۆز قابىلىيىتىنى، ۋە ئەقىل پاراستىنى كۆرسىتىپ، مەكتەپتىكىلەرنىڭ چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇشىغا ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا سازاۋەر بولدى.

2003 ـ يىلىدىن باشلاپ زەينۇرە ئائىلە بويىچە ئامېرىكىدا ياشاۋاتىدۇ. زەينۇرە بۇرۇن ئۆگەنگەن چەت تىلى رۇسچە بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئىنگلىز تىلىنى نۆلدىن باشلاپ ئۆگىنىپ، قاتتىق تىرىشىش نەتىجىسىدە، بىر يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدىلا ئىنگلىزچە سەۋىيىسىنى بىر خېلى يۇقىرى دەرىجىگە ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى بۇرۇن ئۆگەنگەن ئازراق بىئولوگىيە ئاساسىغا تايىنىپ، ئامېرىكا تېكساس شتاتى ھيۇستون شەھىرىگە جايلاشقان «بايلور مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى» (Baylor College of Medicine) قارمىقىدىكى تېكساس بالىلار دوختۇرخانىسى جىددىي كېسەللىكلەر بۆلۈمى (Critical Care Section of Pediatrics) نىڭ بالىلار يۈرەك كېسىلى تەتقىقات تەجرىبىخانىسىغا خىزمەتكە كىردى. ئۇ ھازىرمۇ ئاشۇ ئورۇندا ئىشلەۋاتىدۇ. ھازىرغىچە مەيلى تىل جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار بولسۇن، ياكى كەسىپ جەھەتتىكى قىيىن ئۆتكەللەر بولسۇن، سىڭلىمىز زەينۇرەنىڭ دادىللىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىنى، ئۆزىنىڭ بارلىق يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ياشاشتىن توسۇپ قالالمىدى. ئۇ دەسلەپتە مەزكۇر خىزمەتكە بىر «تېخنىك» (technician) بولۇپ كىرگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ قاتتىق تىرىششى نەتىجىسىدە كېيىنچە بىر «ياردەمچى تەتقىقاتچى» (Research Assistant) سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. گەپنى مۇشۇنداق قىلغاندا، بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەرگە زەينۇرەنىڭ ئەھۋالى ئانچە ئالاھىدە بولۇپ تۇيۇلماسلىقى مۇمكىن. ئەمما زەينۇرە ئامېرىكىغا كەلگەندە بىر بالىنىڭ ئانىسى، ۋە بىر ئەرنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەرگە بىر تەرەپتىن بىر بالىغا ئانا ۋە بىر ناھايىتى ئالدىراش ئۆتىدىغان ئەرگە خوتۇن بولۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ ۋە ئىشلەپ تۇرۇپ ئېرىشتى. گەرچە زەينۇرە ھازىرغىچە تېخى بىر رەسمىي ماگىستىرلىق ياكى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان خىزمىتى كەم دېگەندە بىر ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بار كىشىدە بار بولىدىغان ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، زەينۇرە ھازىرقى خىزمەت ئورنىدا 10 يىلدىن ئارتۇق ئىشلەش ئارقىلىق ئۆزىدە ھازىرغىچە ئاشۇنداق خىزمەت تەجرىبىلىرىنى توپلاپ بولدى.

شۇڭلاشقا ئۇ ھازىرقىدەك بىر يۇقىرى خىزمەت سالاھىيىتىگە ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار كىشىلەرنىڭكىگە باراۋەر كېلىدىغان يۇقىرى مائاشقا ئېرىشەلىدى. زەينۇرە ھازىرغىچە داڭلىق خەلقئارالىق ئىلمىي-تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان 2 پارچە ئىلمىي ماقالىدا 2-ئاپتور بولدى. ئاشۇ 2 پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ ئىزدەش ئۇچۇرلىرى تۆۋەندىكى 2 پارچە رەسىمدە بېرىلدى:


iPad 10:52 AM 51%
onlinelibrary.wiley.com

HEPATOLOGY
Official Journal of the American Association for the Study of Liver Diseases

Liver Failure/Cirrhosis/Portal Hypertension

Hypertrophic cardiomyopathy and dysregulation of cardiac energetics in a mouse model of biliary fibrosis†‡

FREE

Moreshwar S. Desai[1], Zainuer Shabier[1], Michael Taylor[2], Fong Lam[1], Sundararajah Thevananther[3], Astrid Kosters[3] and Saul J. Karpen[3,§,*]

Article first published online: 8 FEB 2010

DOI: 10.1002/hep.23585

Copyright © 2010 American Association for the Study of Liver Diseases

Issue

Hepatology
Volume 51, Issue 6, pages 2097–2107, June 2010

Am score 0

Additional Information (Show All)

How to Cite | Author Information | Publication History | Funding Information

2-رەسىم


iPad 10:52 AM 51%
gastrojournal.org

Article

Gastroenterology

Cardiac Structural and Functional Alterations in Infants and Children With Biliary Atresia, Listed for Liver Transplantation

Moreshwar S. Desai, Shabier Zainuer, Curtis Kennedy, Debra Kearney, John Goss, Saul J. Karpen

Received: February 16, 2011; Accepted: June 29, 2011; Published Online: July 15, 2011

DOI: http://dx.doi.org/10.1053/j.gastro.2011.06.082

Previous Next

Background & Aims

Cirrhotic liver diseases are associated with abnormalities in cardiac geometry and function in adults (cirrhotic cardiomyopathy) but rarely explored in cirrhotic infants or children. We proposed that features of cirrhotic cardiomyopathy are present in infants with cirrhosis due to biliary atresia (BA) as early as the time of evaluation for liver transplant and will correlate with mortality and postoperative morbidity.

Methods

Two-dimensional echocardiography (2DE) of infants with BA (n = 40; median age, 8 months), listed for transplantation at the Texas

3-رەسىم

زەينۇرە ئۆزىنىڭ ئوغلىنىمۇ ناھايىتى ياخشى تەربىيىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ھازىر ئامېرىكىدىكى داڭلىق مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان ئىنگلىزچە «Texas A&M University» دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي مەكتەپنىڭ «جۇغراپىيە-فىزىكا ۋە ئۇچۇر تېخنولوگىيىسى» كەسپىدە باكلاۋۇرلۇقتا ئوقۇۋاتىدۇ.

سىڭلىمىز زەينۇرە ھازىرقىدەك ياخشى خىزمەت شارائىتى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى پسىخولوگىيە كەسپىدە يەنە ئۆرلەپ ئوقۇش جەھەتتە بەزى پىلانلارنى تۈزۈۋاتىدۇ.

سىڭلىمىز زەينۇرە بەزىدە ئۇيغۇرچە ماقالە يېزىش ئىشى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ «يېڭىلىق ۋە ئىنكاس» دېگەن بىر پارچە ماقالىسى يېقىندا «شىنجاڭ ياشلىرى ئىستۇدېنت» ژۇرنىلىنىڭ 2015-يىللىق 2-سانىغا بېسىلدى. تۆۋەندىكى 2-رەسىمدە بېرىلگىنى ئاشۇ ژۇرنالنىڭ مۇندەرىجىسى.




4-رەسىم. «شىنجاڭ ياشلىرى ئىستۇدېنت» ژۇرنىلى 2015-يىللىق 2-سانىنىڭ مۇندەرىجىسى.

زەينۇرە مۇنداق ئويلايدۇ: «ئەگەر ئادەمدە ئۈمىد ۋە ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچ بار بولسىلا، ئۆز جاسارىتىنى يوقىتىپ قويماي، يىقىلغاندا ئورنىدىن يەنە تىك تۇرۇپ، داۋاملىق ئالغا قاراپ ماڭسىلا، ئۆزى يولۇققان ھەر قانداق قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ.»

سىڭلىمىز زەينۇرەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يېقىندا «ئابلىمىت» دېگەن بىر ئورتاق فامىلە ئىسمى ئىشلىتىشنى باشلىغان بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ سىڭلىمىزنىڭ ئىسمى «زەينۇرە ئابلىمىت» دەپ يېزىلىدۇ.

## زەينۇرە سابىر ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):

### Journals:

[1] Moreshwar S. Desai, **Shabier Zainuer**, Curtis Kennedy, Debra Kearney, John Goss, and Saul J. Karpencorrespondenceemail, "Cardiac Structural and Functional Alterations in Infants and Children With Biliary Atresia, Listed for Liver Transplantation", Gastroenterology, Vol. 141, pp. 1264-1272, Oct. 2011.

[2] Moreshwar S. Desai1, **Zainuer Shabier**, Michael Taylor, Fong Lam, Sundararajah Thevananther, Astrid Kosters and Saul J. Karpen, "Hypertrophic cardiomyopathy and dysregulation of cardiac energetics in a mouse model of biliary fibrosis", Hepatology, Vol. 51, June 2010.

[3] Moreshwar Desai MD; **Zainuer Shabier** and Saul Karpen MD PhD. "Cardiac structural and functional alterations in infants and children with biliary atresia listed for liver transplantation" Gastroenterology (2011). July 14.

[4] Moreshwar Desai MD; **Zainuer Shabier**; Michael Taylor MD, PhD; Fong Lam MD; Astrid Kosters and Saul Karpen MD PhD. Hypertrophic cardiomyopathy and dysregulation of cardiac energetics in a mouse model of biliary fibrosis. Hepatology. (2010) vol. 51 (6) pp. 2097-107.

[5] Chen M, Huang L, **Shabier Z**, Wang J. Regulation of the lifespan in dendritic cell subsets. Mol Immunol. 2007, 44(10):2558-65.

[6] Chen M,. Guerrero A, Huang L, **Shabier Z**, Pan M, Tan T, and Wang J. Caspase-9-induced mitochondrial disruption through cleavage of anti-apoptotic BCL-2 family members. J. Biol .Chem. 2007, 282(46) 33888-33895.

## Conference Presentations:

[7] Moreshwar S. Desai MD; **Zainuer Shabier**; Michael Taylor MD, PhD; Saul J Karpen MD, PhD. Prevalance of cardiomyopathy in infants with biliary atresia awaiting transplantation. The Liver meeting 61st Annual Meeting of the American Association for the Study of Liver Diseases October 29-November 2, 2010, Oral Presentation.

[8] Moreshwar Desai MD; **Zainuer Shabier**; Michael Taylor MD, PhD;Astrid Kosters and Saul Karpen MD PhD Characterization of functional and molecular alterations in hearts of mice with biliary cirrhosis. Frontiers in Digestive Diseases, February 12, 2009, Poster Presentation.

[9] Moreshwar Desai MD; **Zainuer Shabier**; Michael Taylor MD, PhD; Astrid Kosters and Saul Karpen MD PhD. Functional and molecular alterations in cardiac physiology in mice with biliary cirrhosis.The Liver meeting Octeber29 November 2, 2009, Poster Presentaiton.

[10] Moreshwar S. Desai MD; **Zainuer Shabier**; Michael Taylor MD, PhD; Saul J Karpen MD, PhD Children with biliary atresia have cirrhotic cardiomyopathy. SCCM's 39th Critical Care Congress, January 9-12, 2009, Poster Presentation.

# دوكتور غاپپار پەتتار (Apar Pataer, MD, PhD) ۋە مۇقەددەس قۇربان

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 2-ئاينىڭ 27-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

ئىنىمىز غاپپار (ئىنگلىزچە «Apar Pataer» دەپ يېزىلىدۇ) ئۈرۈمچىگە يېقىن يەردىكى بىر يېزىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئىككى ئاكىسى، ئىككى ھەدىسى ۋە بىر ئۇكىسى بىلەن ئاشۇ يېزىدا ئۆتكۈزدى. 1981-يىلى ئۇ ئائىلە بويىچە تۇرپانغا كۆچۈپ بارغان بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرىنى 1983-يىلى تۇرپاندا تاماملىدى. ئۇ 1983-يىلى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ مەكتەپنى 1988-يىلى پۈتتۈردى. غاپپار ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن باشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئۆزىگە غايە قىلىپ تىكلەپ، ئىنگلىز تىلىنى قاتتىق تىرىشىپ ئۆگەندى. ئۇ ھەر ۋاقىت كۆڭلىگە چوڭ-چوڭ ئىشلارنى نىشان قىلىپ تۇرغۇزۇپ، پايدىلانغىلى بولىدىغان ھەممە پۇرسەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز نىشانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قاتتىق تىرىشتى. ئۇ ياتىقىنىڭ تېمىغا بىر دۇنيا خەرىتىسىنى چاپلاپ قويۇپ، ساۋاقداشلىرىغا كەلگۈسىدە بارماقچى بولغان دۆلەتلىرىنى دەپ بېرىپ يۈردى. شۇنداقلا ئۇ مەكتىپىدىكى دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگىمۇ ئاكتىپ قاتناشتى. مەسىلەن، ئۇ مەكتىپىنىڭ «رەسىم كۇلۇبى» غا ئەزا بولۇپ كىرىپ، كېيىن ئاشۇ كۇلۇبنىڭ باشلىقى بولدى. ئۇنىڭ غايىلىرى ۋە ئاشۇ غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئۇنىڭدا ئىنتايىن كۈچلۈك ئىرادە ۋە ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.



1-رەسىم: دوكتور غاپپار پەتتار

غاپپار 1988-يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ خەلق دوختۇرخانىسىغا دوختۇر بولۇپ خىزمەتكە كىرىپ، ئۇ يەردە ئىككى يىل ئىشلىدى. ئۇ 1990-يىلى ياپونىنىڭ ئوساكا شەھىرىدىكى ئوساكا تىل مەكتىپىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ چەت ئەلدىكى ھاياتىنى باشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى كۈندۈزى مەكتەپتە

ئوقۇپ، ئاخشىمى تاكى يېرىم كېچىگىچە بىر رېستوراندا كۆتكۈچى بولۇپ ئىشلىدى. شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ دەم ئالماي، ئوقۇش بىلەن ئىشلەشنى داۋاملاشتۇردى. ئۆزىنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىقى بىلەن، بىر يىل ئىچىدىلا ياپونچىنى مۇكەممەل سۆزلىيەلەيدىغان بولدى. ياپون تىلىدىن باشقا، ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىز تىلى ۋە ھۈجەيرە بىئولوگىيىسىگە ئائىت كەسپىي بىلىملەرنىمۇ بىللە ئۆگىنىپ ماڭدى.

غاپپار بىر يىل ئىچىدە ئۆزى پۇل تۆلەپ ئوقۇشقىمۇ يېتەرلىك پۇل يىغىپ، ياپونغا كېلىپ بىر يىل توشقان ۋاقىتتا كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىلتىماس قىلدى. غاپپار ئۈچۈن بۇ بىر ئەڭ ھالقىلىق قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈش بولۇپ، ھازىر مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ياپونىيە ۋە باشقا ئەللەردە ئۆزلىرى ئۈچۈن يول ئېچىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار خېلى كۆپ. غاپپارنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلۈپ، 1991 ـ يىلى كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىندى. بەش يىل تىرىشىپ ئوقۇپ، ئۇ 1996 ـ يىلى كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى تېبابەتچىلىك فاكۇلتېتىنىڭ ھۈجەيرە بىئولوگىيىسى، راك كېسەل بىئولوگىيىسى ۋە پاتولوگىيە كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن يىلى ئۇ يەنە «ئەڭ ياخشى ئاسپىرانت ئوقۇغۇچى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئوقۇش ۋە تەتقىقات جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ئالاھىدە ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز فاكۇلتېتىدا «ياردەمچى پروفېسسور» (Assistant Professor) خىزمىتىگە قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇشۇ فاكۇلتېتقا خىزمەتكە كىرگەن بىرىنچى چەت ئەللىك پروفېسسور بولدى.




2 ـ رەسىم: غاپپارنىڭ ئاپىسى رەيىمخان مەمەت ھەدىمىز. 1997 ـ يىلى غاپپارنىڭ ئاپىسى «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىدا تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنى تونۇشتۇرغان ماقالىگە «مەكتەپ كۆرمىگەن ئانا ئىككى دوكتور پەرزەنتنى قانداق تەربىيىلەپ

ئۆستۈرگەن؟» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. غاپپارنىڭ ھەدىسى رەيھان پەتتارمۇ 1993 ـ يىلى ياپوندا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان بولۇپ، ھازىر ئۇ ياپوندا خىزمەت قىلىدۇ.

1992 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە غاپپار يەنە ياپونىيەنىڭ ئوتسۇ قىزىل كرېست دوختۇرخانىسى (Otsu Red Cross Hospital) دا قوشۇمچە دوختۇر ۋە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى.

ئۆزىنىڭ مېدىتسىنا ساھەسىدىكى كەسپىي خىزمىتىدىن باشقا، غاپپار يەنە ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ، ياپونىيەنىڭ كيوتو رايونىدىكى بىر قانچە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتلىرىدا لىدېرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئۇ ئۇيغۇرلارغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، 1998 ـ يىلى بىر قىسىم ئۇيغۇر ۋە ياپونلۇق دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە كيوتو، نارا، كوبې ۋە ئوساكا رايونلىرىدا «تەڭرىتاغ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۇيۇشمىسى» نى قۇرۇپ چىقتى. ئۇيغۇر ۋە ياپونلارنى ئۆزىگە ئەزا قىلغان بۇ ئۇيۇشما ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ئۈزلۈكسىز ھالدا كېڭىيىپ مېڭىۋاتىدۇ، ھەمدە ياپونلارغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش، ۋە ياپونغا يېڭى كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىش جەھەتلەردە مۇھىم رولLارنى ئويناۋاتىدۇ. غاپپار ئۆز يۇرتىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىغا ياردەم قىلىش ئىشىنىمۇ ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ (http://tengritagh.turukusa.com/).

1998 ـ يىلى غاپپار ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئامېرىكىنىڭ تېكساس ئۇنىۋېرسىتېتى ئاندېرسون راك كېسەللىكى مەركىزىگە دوكتور ـ ئاشتى بولۇپ كىردى. بۇ ئورۇن راك كېسەللىكى تەتقىقاتىدا دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان بولۇپ، غاپپار ئاشۇ مەركەزنىڭ كۆكرەك ۋە يۈرەك قان ـ تومۇر ئوپېراتسىيىسى (Thoracic & Cardiovascular Surgery) بۆلۈمىدە ئۆپكە راك كېسەللىكىنى داۋالاش ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. بۇ بۆلۈممۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆپكە راك كېسەللىكى تەتقىقاتىدا دۇنياغا داڭلىق بولۇپ، دۇنيادىكى تۇنجى قېتىملىق ئىنسانلارنىڭ ئۆپكە راك كېسەللىكىنى داۋالاش سىنىقى مۇشۇ ئورۇندا ئېلىپ بېرىلغان. غاپپار مۇشۇ ئورۇندىكى دوكتور ـ ئاشتىلىق تەتقىقاتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆز بۆلۈمىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندى. ئۇ داۋاملىق تىرىشىپ، ياردەمچى پروفېسسور (Assistant Professor) پەللىسىدىنمۇ ئاتلاپ، 2011 ـ يىلى مۇئاۋىن پروفېسسور (Associate Professor) سالاھىيىتىگىمۇ ئېرىشىپ بولدى.

**ئىلاۋە:** ئامېرىكىدىكى ماگىستىر ۋە دوكتور ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرى تەربىيىلەش سالاھىيىتىگە ئىگە ئالىي مەكتەپلەردە پروفېسسورلۇقنىڭ جەمئىي 3 دەرىجىسى بار: ياردەمچى پروفېسسور، مۇئاۋىن پروفېسسور ۋە تولۇق ياكى ئۆمۈرلۈك پروفېسسور (Full Professor). بۇ 3 بالداقنىڭ بىر تۆۋەن بالدىقىدىن ئۇنىڭدىن يۇقىرى يەنە بىر بالداققا ئۆسۈش ئۈچۈن دەرس ئۆتۈش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى جەھەتتە، شۇنداقلا ۋاقىت مۇددىتى جەھەتتە بەلگىلىك شەرتلەرنى قانائەتلەندۈرۈش كېرەك. ئادەتتە بىر بالداقتىن يەنە بىر بالداققا ئۆسۈش ئۈچۈن 5 يىلدەك ۋاقىت كېتىدۇ. «ئۆمۈرلۈك پروفېسسور» دېگەن سالاھىيەت ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، بىر ئادەم بىر ئالىي مەكتەپتە ئاشۇ سالاھىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەكتىپى ئۇ ئادەمنى خىزمىتىدىن ئېلىۋېتەلمەيدۇ. ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىسى يوق ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئىقتىسادىي كىرىمنى تۈپ مەقسەت قىلغان كىچىك ئالىي مەكتەپلەردە ئۇنداق تۈزۈم يوق بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلغان كىشىلەرگە ئاشۇ مەكتەپلەر ئۆز مەيلى بويىچە سالاھىيەت بېرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنداق مەكتەپلەردە «ئۆمۈرلۈك پروفېسسور» دېگەن سالاھىيەتمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئىنىمىز غاپپار ئۆزىنىڭ كەسپىي ساھەسىدىكى داڭلىق خەلقئارالىق ژۇرناللاردا كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ بولدى. ئۇ ھازىر ئۆپكە راك كېسەللىكى ساھەسىدە دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالغان مولېكۇلىلىق پاتولوگ ۋە ئالىملار (molecular pathologist and scientists) نىڭ بىرى.

ئىنىمىز غاپپار تورداشلارغا ناھايىتىمۇ تونۇشلۇق بولغان داڭلىق ناخشىچى سىڭلىمىز مۇقەددەس قۇربان بىلەن تۇرمۇشلۇق بولغان بولۇپ، ھازىر ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا 18 يىل بولدى. ئۇلارنىڭ بىر

جۇپ ئوماق قوشكېزەك قىزى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى دىلفىرە بىلەن دىلمىرە. سىڭلىمىز مۇقەددەس ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن قاتتىق تىرىشىپ، ئۆز ئالدىغا بىر خۇسۇسىي بىنا سودىسى شىركىتىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ شىركەتنىڭ ئىنگلىزچە ئىسمى «Premier International Realty» (http://www.premierinternationalrealty.com/) بولۇپ، مۇقەددەس ھازىر مەزكۇر شىركەتنىڭ لىدېرى ۋە ئاساسلىق ئىگىسى. بۇ شىركەت كارخانا بىنالىرى ۋە تۇرالغۇ بىنالاردىن ئىبارەت ئىككى خىل بىنالارنى باشقۇرىدىغان، بىنا سالىدىغان ۋە بىنالارغا مەبلەغ سېلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان شىركەت بولۇپ، ھيۇستون شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىگىلىك ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. ھازىر بۇ شىركەت 250 كارخانا بىنالىرىنى باشقۇرىدۇ. سىڭلىمىز مۇقەددەس تەجرىبىلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك كارخانا لىدېرلىرىدىن بىرى بولۇپ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ كۆپ قېتىم ھيۇستون شەھەرلىك بىنا سودىسى ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

سىڭلىمىز مۇقەددەس ئۇيغۇر دىيارىدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، بۇرۇن ئارتىسلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان. ئۇ ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزلىگىدىن قاتتىق تىرىشىپ، بىر يېڭى كەسىپنى ئۆگەندى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ئاشۇ يېڭى كەسىپتىكى بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بولدى. يېڭى كەسىپتىكى بىر كارخانىچى بولدى. ئۇ ھازىر ئامېرىكىدىكى باشقا ئوخشاش كەسىپتىكىلەر بىلەن رىقابەتلىشىپ ياشاۋاتىدۇ. ياشىغاندىمۇ ناھايىتى ياخشى ياشاۋاتىدۇ. قەددىنى تىك تۇتۇپ ياشاۋاتىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا چوڭ بولۇپ ناخشىچى بولىۋاتقان، ئۇسسۇلچى بولىۋاتقان، ئارتىس بولىۋاتقان، ۋە باشقا خىلدىكى سەنئەتكارلاردىن بولىۋاتقان ئۆكىلار ئىنتايىن كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ياشلار ئاشۇنداق يولنى ئۆز ئارزۇسى بىلەن تاللىغان بولماستىن، جان بېقىش ئۈچۈن ئاشۇنداق يولنى تاللاشقا مەجبۇرى بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىر قىسىم ياشلار بولسا «مەن بۇ ئىشتىن باشقىسىغا يارىمايمەن»، دەپ ئويلاۋاتقان بولىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بىز سىڭلىمىز مۇقەددەستىن ئىبارەت مۇشۇ بىر مىسالدىن مۇنداق بىر ئىشنى يەكۈنلەپ چىقالايمىز: ئەگەر ئامېرىكىدىكىدەك ھەممە كىشىلەر باراۋەر رىقابەتلىشىدىغان بىر شارائىت مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھازىر ئارتىس بولۇش يولىغا مېڭىۋاتقان ئاشۇ ئۆكىلارنىڭ ئىچىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك كارخانىچى بولالايدىغانلارمۇ كۆپلەپ چىقىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياشلار ئۈچۈن ھەممە كىشىلەر باراۋەر رىقابەتلىشىدىغان بىر شارائىتنى بەرپا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. خىزمەت پۇرسەتلىرى ئالدىدا ھەممە كىشىلەر باراۋەر بولۇش، بازار ئىقتىسادى تۈزۈمىدە ھەممە ئادەم باراۋەر رىقابەتلىشىشكە ئائىت قانۇنلار بولسا ئۇلارنى ئىجرا قىلدۇرۇش، قانۇن بولمىسا ئۇنى بەرپا قىلدۇرۇش ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك توغرا ئىشلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى.




3 ـ رەسىم: غاپپار، مۇقەددەس ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى ئوماق قىزى.

چەت ئەلدە ئوقۇش ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ «خىزمەت تارىخى» نى تەييارلاش بولۇپ، ئۇ ئىنگلىزچە «Curriculum Vitae, CV» دەپ ئاتىلىدۇ. تەلەپ قىلىنىدىغان يەنە بىر نەرسە ئۆزىنىڭ ئوقۇش پىلانى بولۇپ، ئۇ ئىنگلىزچە «Personal Statement» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنىمىز غاپپار ۋەتەندىكى ياشلارنىڭ ئاشۇنداق ماتېرىياللارنى تەييارلىشىغا ياردەم قىلىشنى خالايدۇ.

ئىنىمىز غاپپارنىڭ بىر ئادىتى ئالىي مەكتەپتىكى ھەر خىل ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىش. ئۇنىڭ قارىشىچە بۇنداق ئىشلار ئادەمنىڭ تەجرىبىلىرىنى كۆپەيتىدۇ، شۇنداقلا ئادەمدە باشقىلار بىلەن ئۇنۇملۇك مۇناسىۋەت قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئادەم ئۆز ھاياتىدا داۋاملىق تۈردە ئۆز ۋۇجۇدىنى ئىجابىي، سەلبىي ۋە نېيترال ھېسسىياتلار قاپلىۋالغان ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ. دەرستىن سىرتقى ياكى خىزمەتتىن سىرتقى ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئادەمنىڭ سەلبىي ھېسسىياتىنى ئازايتىدۇ، ياكى ئادەمدە سەلبىي ھېسسىياتنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر ئۈلگە تىكلىسىڭىز بولىدۇ، ئەمما سىزنىڭ ئۇ ئۈلگىدىن ئەينەن دورىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. سىز ئۆزىڭىزنىڭ غايىسى ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆز تارىخىڭىزنى يېزىپ چىقىشىڭىز، ھەرگىزمۇ ئۆز غايىڭىزنىڭ غايىب بولۇپ كېتىشىگە يول قويماسلىقىڭىز كېرەك.

# دوكتور غەيرەت غېنى (ياپونىيە)

(بۇ يازما تورلاردا 2015-يىلى 4-ئاينىڭ 17-كۈنى ئېلان قىلىنغان)

(دوكتور غەيرەت غېنىنى تونۇشتۇرىدىغان مەزمۇننىڭ «كىرىش سۆز» قىسمى دوكتور ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرىشىتنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ مەزمۇن بۇ يەرگە تەكرار كىرگۈزۈلمىدى.)



1-رەسىم: دوكتور غەيرەت غېنى

ئىنىمىز غەيرەت غېنى 1979-يىلى چۆچەك شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1986-يىلدىن 1998-يىلغىچە چۆچەك شەھىرىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملىدى.

ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى بىر دوستى سۆڭەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولۇپ، ئاشۇ دوستىنىڭ كېسەل ئازابى غەيرەتتە «داۋالاش» نىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى بىر چوڭقۇر ئاڭنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ دوختۇرلۇق كەسپىگە قىزىقىشقا باشلىدى. غەيرەت 1998-يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكا كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ مەكتەپنى 2004-يىلى پۈتتۈردى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 2006-يىلغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى كۆز كېسەللىك بۆلۈمىدە ئىشلىدى.

غەيرەت كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئامېرىكا فىلىملىرىگە ئامراق ئىدى. بۇ فىلىملەر ئۇنىڭدا يېڭى بىر خىل دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ چەكسىزلىكىنى، ھەمدە ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەر خىللىقىنى تونۇتتى. بولۇپمۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئۇنى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قىلاتتى. ئۇ ئاشۇنداق تەتقىقاتلارنى ئۆزىنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇنداق ئۆز-ئۆزىگە

بولغان قاتتىق ئىشەنچ ئۇ كۆرگەن كىنولاردىكى باش پېرسوناژلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچلىرىدىن كەلگەن ئىدى.

غەيرەتتە ئاتا-ئانىسىنى پەخىرلەندۈرۈش ئارزۇسىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. كېيىنچە چەت ئەلگە چىقىپ، مېدىتسىنا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئاشۇنداق ئىشلار مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. غەيرەتنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ ئادەملەرنىڭ ئالدىغا ئۆز ئارمانلىرىغا تۇشلۇق پۇرسەتلەرنى چۇشۇرۇپ بېرىپ تۇرىدۇ. ئاشۇنداق پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇش-تۇتالماسلىق ھەر بىر ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. لېكىن مۇھىمى ئاشۇنداق پۇرسەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن شۇنىڭغا چۇشلۇق ئارمان، نىشان ۋە تىرىشچانلىق بولۇشتا. غەيرەت ئۆزى تىكلىگەن ئارمانلىرىغا تۇشلۇق، ئاللاھ ئاتا قىلغان پۇرسەتلەر بىلەن، چەت ئەلدە ئوقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. يەنى ئۇ 2006-يىلى 10-ئايدا ياپونغا ئوقۇشقا كەلدى.

غەيرەت دوكتورلۇق ئوقۇشى ئۈچۈن توكيو مېدىتسىنا ۋە چىش ئىلمى ئۇنىۋېرسىتېتى شەكىل تۈزەش بۆلۈمىنىڭ تېرە ھەم نېرۋا تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. ئۇ كىرگەن بۆلۈمنىڭ پىروفېسسورىنىڭ ئالمىشىشى، ۋە تەتقىقات ئورنىنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ 2 يىللىق دوكتورلۇق ئوقۇش ۋاقتى ئاساسەن ھوسۇلسىز ئۆتۈپ كەتتى. غەيرەت ئۈچۈن دوكتورلۇق ئوقۇشىنى 4 يىل ئىچىدە چوقۇم تاماملاش شەرت ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئاخىرقى 2 يىلدا سۆڭەك بۆلۈمىنىڭ كۆمۈرچەك تەتقىقات كافېدراسىغا كېلىپ، قاتتىق تىرىشىپ، تەلەپ بويىچە بىر خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ژۇرنالدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى، ھەمدە دىسسېرتاتسىيە باھالىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشىنى تاماملىدى.

ئىنىمىز غەيرەت دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا كۆمۈرچەك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى تىز بوغۇم كېسەللىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تىز كېسەللىكى ھەر بىر ئادەم ئۆز ھاياتىدا چوقۇم دېگۈدەك بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغان بىر خىل كېسەللىك. تىزدىكى ئاغرىق سەۋەبىدىن ھەرىكەت چەكلىمىگە ئۇچراش، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىش، بۇنىڭ بىلەن سېمىزلىك، قان بېسىم، يۈرەك تىقىلمىسى، ۋە نېرۋىلارنىڭ پالەچلىنىشى قاتارلىق ئەگەشمە كېسەللىكلەر ئىنسانلارنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىش بىلەن بىللە، يەنە ياشانغانلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ سۈپەتسىز بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇيغۇر بوۋاي-مومايلارمۇ ھازىر بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئازابىنى كۆپ تارتىۋاتىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، ھازىرغىچە بۇ كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن بىر ئۈنۈملۈك دورا تېخىچە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ بولالمىدى.

ئىنىمىز غەيرەت دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا كۆمۈرچەككە مۇناسىۋەتلىك گېن تەتقىقاتى، ھەمدە ئۇنىڭغا ئانابولىك رول ئوينىغۇچى دورىلارنى ئىزدەش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ساھەدىكى نەتىجىلىرىنى ياپون دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا دوكلات قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ «ئۈزۈم ئۇرۇقى ئاجراتمىسىنىڭ تىز كېسەللىكىگە بولغان ئۈنۈمى» دېگەن تېمىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى بىر ئىلمىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. بۇ ماقالە دۇنياغا داڭلىق «تەبىئەت» (Nature) ژۇرنىلىدىمۇ تونۇشتۇرۇلدى. شۇنداقلا تىز كېسەللىكلىرى ئۈچۈن بايقالغان تەبىئىي دورىلار مۇندەرىجىسىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى (*Mével, E. et al. Drug Discovery Today, 2014*). ياپونىيەدىكى كىككومان شىركىتى بۇ خىل ئاجراتما ماددىدىن بىر خىل قۇۋۋەت يېمەكلىكى ئىشلەپ چىقاردى.



nature REVIEWS RHEUMATOLOGY

Access
To read this article in full you may need to log in, make a payment or gain access through a site license (see right).

nature.com > Journal home > Table of Contents

**Research Highlight**

*Nature Reviews Rheumatology* **8**, 369 (July 2012) | doi:10.1038/nrrheum.2012.94

Osteoarthritis: Procyanidin B3 prevents OA *in vivo*

**Katrina Ray**

**Procyanidin B3 (B3), a proanthocyanidin extracted from grape seeds, has been shown to prevent the progression of osteoarthritis (OA) and heterotopic cartilage formation in an OA mouse model. "B3 administration markedly prevented OA progression in articular cartilage *in vivo*," notes author Yoshinori Asou (Toyko Medical and Dental University), "the effect of B3 on heterotopic cartilage formation was unexpected.**

To read this article in full you may need to log in, make a payment or gain access through a site license (see right).

ARTICLE TOOLS
Send to a friend
Export citation
Export references
Rights and permissions
Order commercial reprin

SEARCH PUBMED FOR
Katrina Ray

2 ـ رەسىم: دوكتور غەيرەت غېنى ئېرىشكەن بىر تەتقىقات نەتىجىسى دۇنياغا داڭلىق «تەبىئەت» ژۇرنىلىدا خەۋەر قىلىنغان بولۇپ، بۇ رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى ئاشۇ خەۋەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بېرىلگەن «تەبىئەت» ژۇرنىلى تور بېتىدىكى قىسقا ئۈچۈر.

ئىنىمىز غەيرەت هازىر توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى سۆڭەك، كۆمۈرچەك قايتا يارىتىش تەتقىقات مەركىزىدە، ياپونىيە پەن ـ تېخنىكا ئورگىنى، بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىش پروگراممىسى (Japan Science and Technology Agency, JST, S-innovation Program) دا دوكتور ـ ئاشتى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ ئۆز تەتقىقاتىدا كۆمۈرچەكتە ئانابولىك رول ئوينىغۇچى گېننى بەدەن سىرتىدا ئىشلەپ چىقىرىپ، ئۇنى تىزى كۆمۈرچەكلىرىگە 1/20000 مىللىمېتىر چوڭلۇقتىكى نانو ئۇسكۇنىدە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت نانو تېخنىكا ئۇسۇلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا ئەمەلگە ئاشۇردى، ھەمدە بۇ ئارقىلىق داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشتى. بۇ خىل ئۇسۇل هازىر خەلقئارادا مەزكۇر كەسپىي ساھەدىكى ئەڭ يېڭى تېخنىكا ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئىنىمىز غەيرەت بۇ ساھەدە قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى بىر قانچە خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا ئېلان قىلدى. ئىنىمىز غەيرەت هازىر بۇ ھەقتە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىدىغان ئىلمىي ماقالىلەرنىمۇ يېزىۋاتىدۇ. شۇنداقلا بۇ ساھەدىكى پاتېنت ھوقۇقىغىمۇ ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ. ئۇلاردىن باشقا، غەيرەت تەۋە بولغان بىر تەتقىقات گۇرۇپپىسى قولغا كەلتۈرگەن «بويۇن ئومۇرتقىسىدا سۆڭەك ئۆسۈش كېسەللىكى» نى داۋالايدىغان يېڭى بىر دورا نەتىجىسى بىر ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ دورا ئۈچۈنمۇ پاتېنت ھوقۇقى ئېلىش ئۈچۈن ئىش باشلاپ بولدى.

دوكتور غەيرەت غېنى «ئارمانلىرىڭنى قوياشقا ئات، قوياشقا چۈشمىسىمۇ يۇلتۇزغا چۈشىدۇ»، دېگەن سۆزگە ناھايىتى ئامراق. ئۇ مۇنداق ئويلايدۇ: نىشانى چوڭ ھەم ئۇلۇغ ئىكلەش تولىمۇ مۇھىم. ئۇنىڭغا يېتەلمىگەنلىكتىن ئاھ ئۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مۇھىمى شۇ نىشان يولىدىكى جەرياندۇر. بۇ جەرياندا باشقىلار ئويلاپمۇ يېتەلمەيدىغان مەنزىللەردىن نەچچىسىدىن ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدۇ.

دوكتور غەيرەت غېنىنىڭ ھازىر مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلارغا مۇنداق يۈرەك سۆزى بار: «ئۆز ئىچىڭىزگە كىرگەن جىددىيلىك تۇيغۇسىنى قەدىرلەڭ، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئىچىڭىزدىن چىقىرىۋەتمەڭ. ئۇيقۇ ھەم ئويۇندىن ۋاز كېچىڭ. نەتىجىسى چىقمىغۇچە بوشاشماڭ. شۇنداقلا، تىرىشچانلىق تولىمۇ مۇھىم، لېكىن ئاكتىپ پوزىتسىيە تېخىمۇ مۇھىم. ئۇ سىزنىڭ قايسى ئۇچۇرلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەم ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. ھەر ۋاقىت ۋە ھەر يەردە سىزنى ئۆز نىشانىڭىزغا ئۈندەپ تۇرىدۇ.»



3 ـ رەسىم: دوكتور غەيرەت غېنىنىڭ خانىمى مەرھابا ئەرشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئوماق قىزى مەرفىنە.

دوكتور غەيرەت غېنىنىڭ خانىمى سىڭلىمىز مەرھابا ئەرشىدىنمۇ دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشىگىمۇ ئاز ۋاقىت قالدى. ئوقۇشى پۈتكەندىن كېيىن مەن ئۇ سىڭلىمىزنى ئايرىم تونۇشتۇرىمەن. مەن 2012 ـ يىلى 12 ـ ئايدا توكيوغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى قېرىنداشلار بىلەن بىر سورۇندا جەم بولغاندا، بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ئوماق قىزى مەرفىنە مېھمانلارغا بىر پارچە ئۇيغۇرچە شېئىرنى ئىنتايىن ئۆلچەملىك ۋە ئوچۇق ئۇيغۇر تىلىدا، ۋە كىچىك قىزلارغا خاس تاتلىق ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى. مەن ئۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. سەۋەبى، چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقانلار ئۈچۈن بالىلاردا ئاشۇنداق بىر ئۇيغۇر تىلى سەۋىيىسىنى يېتىلدۈرۈش، ھەمدە ئۇنى ساقلاپ مېڭىش بىر ناھايىتى مۈشكۈل ئىش.

دېمەك، دوكتور غەيرەت غېنى ئۆكىمىز ئېرىشكەن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى دۇنياغا داڭلىق «تەبىئەت» (Nature) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر ياپوندىكى مۇھىم ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ بىرىدە ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىنىمىزدىن، ئۇنىڭ خانىمى مەرھابادىن ۋە ئۇلارنىڭ ئوماق قىزى مەرفىنەدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.

ئىنىمىز غەيرەت غېنى 2016-يىلى يازدا گوللاندىيەنىڭ ئامستېردام شەھىرىدە ئېچىلغان بىر خەلقئارالىق بوغۇم ياللۇغى تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، «2016-يىللىق خەلقئارادىكى مۇنەۋۋەر ياش تەتقىقاتچى» (Young Investigator Award OARSI) دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ شەرەپكە ئېرىشكەنلەر دۇنيا بويىچە پەقەت 9 لا ياش بولۇپ، ئاسىيا قىتئەسىدىن پەقەت غەيرەتلا بۇ شەرەپكە ئېرىشكەن. بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزىنىڭ مېھنەت ئەجرى بىلەن مىللىتىگە شان شەرەپ كەلتۈرگەن غەيرەت غېنى ئىنىمىزغا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلار تىلەيمىز!

## دوكتور غەيرەت غېنى ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):


[1] **Hailati Aini**, et al. (2012) procyanidin B3 prevents articular cartilage degeneration and heterotopic cartilage formation in a mouse surgical osteoarthritis model. PLoS ONE 7: e37728. doi: 10.1371/journal.pone.0037728.

[2] **Hailati Aini**, et al. Chondroprotective Effects of Procyanidin in Murine Articular Chondrocyte. 2010 BMD annual meeting.

[3] **Hailati Aini**, et al. TNFR1 deficiency facilitates articular cartilage ossification and osteophyte formation. 2011 OARSI World Congress.

[4] **Hailati Aini**, et al. Flavonoids prevent articular cartilage from ostoarthritis. 2012 Annual Research Meeting of the Japanese Orthopaedic Association.

[5] **Hailati Aini**, et al. Gene introduction into articular cartilage using polyplex nanomicelle. 2015 OARSI world congress.

# گۈلەناي خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئۆتتى

(بۇ يازما تورلاردا 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

مەن ئۆزۈمنىڭ 2015 ـ يىلى 19 ـ مايدا تورلارغا چىقارغان «ئىقتىسادشۇناسلىق باش مەسلىھەتچىسى دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر ھەققىدە يېڭى خەۋەر» (نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار 12) دېگەن ماقالىسىدە ئامېرىكىدىكى «Wells Fargo» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ بانكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىرنى تونۇشتۇرغان ئىدىم.

گۈلنازنىڭ جەمئىي 3 پەرزەنتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكىنىڭ ئىسمى گۈلەناي. گۈلەناي كېلەر يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان بولۇپ، بۇ يىل كۈزدىن باشلاپ ئالىي مەكتەپكە ئىلتىماس قىلىشنى باشلىغان ئىدى. ئۇ بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا ئامېرىكىدىكى دۇنياغا ئەڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئاشۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىق ھەققىدە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن قىزىمىز گۈلەناينى قىزغىن تەبرىكلەيمەن — مۇبارەك بولسۇن!



**1** ـ رەسىم: يېقىندا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىگە قوبۇل قىلىنغان قىزىمىز گۈلەناي.

ھازىر ئامېرىكىدا تېخى بارلىق قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارغا ئۇقتۇرۇش خېتى ئەۋەتىش ۋاقتى توشمىغان بولۇپ، بىر قىسىم داڭلىق مەكتەپلەر ئۆزلىرى ناھايىتى ياخشى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشقا

مەكتەپلەرگە كېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بالدۇر ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. بۇنداق ئىش ئىنگلىزچە «Early Notification» دەپ ئاتىلىدۇ. گۈلەناي بۇ قېتىم ئەنە شۇنداق ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا قوبۇل قىلىنىش خېتىنى بالدۇر تاپشۇرۇپ ئالغان.


HARVARD COLLEGE
Admissions & Financial Aid

Dear Gulenay,

**Congratulations!** I am delighted to inform you that the Committee on Admissions has admitted you to the Class of 2020 under the Early Action program.

2 ـ رەسىم: گۈلەناي خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن تاپشۇرۇپ ئالغان تولۇق كۇرسقا قوبۇل قىلىنىش ئۇقتۇرۇشى.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىگە كىرىشنىڭ قانچىلىك تەس ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. قىسقىسى، مەكتەپلەردە پەۋقۇلئاددە ياخشى ئوقۇغان، ھەممە دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەردىمۇ ئەلا ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچى بولمىسا، خارۋاردقا كىرەلمەيدۇ. گۈلەناي ھازىرغىچە ئەنە شۇنداق ئوقۇپ كەلگەن. ئۇ كۆپ قېتىم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىلىم-پەن مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بىر قانچە ئورۇنلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ماتېماتىكا مۇسابىقىسىغا قاتناشقان. بىر قانچە تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ھەممە ئامېرىكىنىڭ مەملىكەتلىك شان-شەرەپ جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك تارىخ شان-شەرەپ جەمئىيىتى، ۋە مەملىكەتلىك ماتېماتىكا شان-شەرەپ جەمئىيىتى قاتارلىقلارغا ئەزا بولۇپ تاللانغان. ئۇ بۇ يىل (2015-يىلى) يازلىق تەتىل مەزگىلىدە NASA نىڭ بىر تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، «ئوقۇغۇچى خىزمەتچى» بولۇپ ئىشلەپ، NASA نىڭ مارسقا ئادەم چىقىرىش پروجېكتى (قۇرۇلۇشى) نىڭ بىر مەزگىللىك ئۆگىنىشىنى تاماملىغان. 2014-يىلى يازلىق تەتىلدە گۈلەنايىنىڭ ئاكىسى بابۇرجانمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىر NASA پروگراممىسىغا قاتناشقان ئىدى. بۇنىڭدىن گۈلەنايىنىڭ ئاتا-ئانىسى، شۆھرەت سەيدەخمەت بىلەن گۈلنازنىڭ بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەجىرلىرىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس.

گۈلەناي ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر پەرزەنتى بولۇپ، ئۇ يالغۇز ئوقۇش، تەنتەربىيە ۋە باشقا دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەردە مۇنەۋۋەر ئورۇندا تۇرۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرۈپ-ئادىتىنىمۇ ناھايىتى ياخشى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

گۈلەناي ھەققىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتمىسەم بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم ئىش، گۈلەنايىنىڭ ئاپىسى ۋە ئاكىسى بىلەن بىللە بۇ يىل ئەتىيازدا مەككىگە بېرىپ، ئۆمرە ھەج قىلىپ كېلىشىدۇر.

مەن گۈلەنايىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى ئۈچۈن زور ئۇتۇقلارنى تىلەيمەن. تۆۋەندىكىسى گۈلەنايغا ئائىت يەنە بىر قىسىم رەسىملەر.




3 ـ رەسىم: گۈلەناي NASA دا ئىشلىگەن مەزگىلدە بەرگەن بىر مەيدان ئىلمىي دوكلاتىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] بىلىمخۇمار: «ئىقتىسادشۇناسلىق باش مەسلىھەتچىسى دوكتور گۈلناز ئابدۇقادىر ھەققىدە يېڭى خەۋەر» (نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار 12)

http://bbs.bagdax.cn/thread-29754-1-1.html

# ئۇيغۇر، مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ۋە ئەركىن سىدىق

تاھىر ئىمىن ئەلبىدار

تەۋسىيە:
يانچۇقىدا 50 كويدىن ئارتۇق پۇلى يوق (كارتىدا ياكى باشقا ئورۇندا بولغان بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا ) ياكى قورسىقى ئاچ تۇرۇپ تورغا چىققان ياكى شۇ كۈندىكى كىرىمى ئەللىك كويغا يەتمىگەن دوستلىرىمنىڭ توردىكى ئەمەلىي پايدىسى بولمىغان مەزمۇنلارنى كۆرۈپ ، ئۆزىنى ئالدىماي ھازىرلا چىقىپ كۆز ئالدىدىكى جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ياكى توردىن پۇل تېپىشقا ئائىت مەزمۇنلارنى كۆرۈپ پايدىلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇنداق بولمىغانلارنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇپ بېقىشنى سورايمەن!

مەزمۇنى:

1. توختىلىش سەۋەبى
2. مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى ھەققىدە
3. مىللەت مۇۋەپپەقىيىتى ۋە شەخسى مۇۋەپپەقىيەت
4. «ئۇيغۇر مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى» نى بەرپا قىلىش ھەققىدە تەكلىپ
5. «ئۇيغۇرلاردا مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى» ئىزدىنىشلىرى
6. «ئۇيغۇر مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى» نىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى
7. «ئۇيغۇر مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى جەمئىيىتى» قۇرۇلۇشى ھەققىدە تەكلىپ
8. «ئۇيغۇر مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق تور بېكىتى» نىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە ئۇچۇر
9. «ئىسلام دىنى ۋە مۇۋەپپەقىيەت» ھەققىدە
10. ئەركىن سىدىقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە باشقىلار

## 1. توختىلىش سەۋەب

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ھەققىدىكى نادىر تېمىلاردىن نەزىرىنى ئۈزمەي كېلىۋاتقان بارلىق تورداش قېرىنداشلار!

يېقىندىن بېرى مەزكۇر مۇنبەردە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ھەققىدىكى يازمىلىرى ۋە ئىنكاسلار دوستلىرىم ئارقىلىق ماڭا يېتىپ تېما يوللاشقا تۈرتكە بولدى! چۈنكى مەسىلە ئومۇميىلىققا ياتىدىغان چوڭ تېمىغا باغلىنىپتۇ.

ئوخشىمىغان كەچۈرمىش ۋە ئوخشىمىغان تەپەككۇر ئۇسۇلى ئوخشىمىغان يەكۈنگە سەۋەب بولىدۇ. گەرچە مەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلاردىن سانالمىساممۇ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدە يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئوقۇش بىلەن مۇۋەپپەقىيەت توغرىسىدا قىسمەن چۈشەنچىگە ئىگە بولغانمەن. ھازىرغىچە بولغان تۇرمۇش يولۇمدا ئۇچرىغان بەزى تالاپەتلەردىن ھېچ بولمىسا قانداق ئىشلارنى، قانداق ئۇسۇلدا قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ دەل ئەكسى بولغان «مەغلۇبىيەت» كە يەتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلالايمەن.

2004-يىلى تەڭرىتاغ ژۇرناللار نەشرىياتى باش مۇھەررىرى پولات ھېۋزۇللانىڭ تەكلىپى بىلەن «ئىنگلىز تىلى ۋە ياشلىرىمىز» دېگەن تېمىدا ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق ئۇتۇق قازىنىش يوللىرى، نۆۋەتتىكى تىل تەربىيىلەش ئەھۋالى ۋە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ياشلار ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر پارچە ماقالە يازغان. مەزكۇر ماقالە شۇ يىللىق شۇ ژۇرنالنىڭ 4-سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن «ئۇيغۇر ياشلىرى ۋە ئۇتۇق» دېگەن تېمىدا يەنە بىر پارچە چوڭ ھەجىمدە ئەسەر تەييارلاپ سۇنغان ئىدىم. ئەپسۇس ماقالىنى تەھرىرگە بېرىش ئالدىدا مەن ئىككى يىللىق مەجبۇرى تەلىم-تەربىيىگە ھەيدەلدىم. شۇنىڭدىن سەل بۇرۇن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى ژۇرنىلىدىن ئىسلامجان شېرىپ ئۇيۇشتۇرغان، ئامېرىكىلىق مۇۋەپپەقىيەتشۇناس، «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى» قاتارلىق بازارلىق

كىتابلارنىڭ ئاپتورى ئوگ ماندىنونىڭ يەنە بىر نادىر ئەسىرى «تىرە پۇتۇك» نى تەرجىمە قىلىشقا قاتنىشىپ، مەن تەرجىمە قىلغان ئىككى بۆلۈم 2004 –يىللىق سانلىرىدا (5-6-سانلىرى بولسا كېرەك، بۇ ژۇرناللار ھازىر مەندە يوق، ئېسىمدە قالماپتۇ) ئېلان قىلىنغان ئىدى. بۇلار مېنىڭ ئوقۇغان كەسپىم ئىنگلىز تىلى ساھەسىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىمدىن باشقا تېمىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئۇرۇنۇشلىرىم ئىدى. يەنى «مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق» ھەققىدىكى ئىلمىي ئۇرۇنۇشلىرىم ئىدى. (ئەسكەرتىش: بۇ ماقالىلەر «تاھىر ئىمىن ئىلتەبىر» دېگەن ئىسىمدا ئېلان قىلىنغان، ھازىر فامىلەمنى ئەلبىدارغا ئۆزگەرتتىم).

ئەلۋەتتە ھېچكىم مەغلۇبىيەتكە يېتىشنى خالىمايدۇ. (ئەمەلىيەتتە، ئاممىباب ۋە ئازادە تەلەپپۇزدا ئېيتساق، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئېنىقلىمىسى=مەغلۇپ بولماسلىق، تەكلىمىسى=مەغلۇپ بولىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق) مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولغان ئادەم مەغلۇپ بولىدىغان ئىشنى قىلىشتىن ساقلىنالىسا، شۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. لوگىكا بويىچە ئېيتساق ،«ئەمەس دېگەنلىك، شۇ دېگەنلىكنىڭ ئەكسىدۇر.» ئەمما دېمەكچى بولغىنىم باشقا گەپ!

## 2. مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى ھەققىدە

مۇۋەپپەقىيەشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشى

مۇۋەپپەقىيەت دېگەن بۇ سۆزنى، زاغىر تىلىمىزدا ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش دەپ چۈشەنسەك بولىدىغان بىر ئۇقۇم. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەك، ئىش قىلىشنى ئۆگەنمەك، پوقنى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلماق» دېگەن بۇ ئىبارە مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئۇقۇمىنىڭ تىلىمىزدىكى ئاددىي ئىپادىلىرى. قىلغان ئىشىدا نەتىجە يارىتىش – ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ جان ساقلاش ۋە ئېتىراپ قىلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي ئېھتىياجى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن تەبىئىي ئارزۇسىدۇر.

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلارغا كۆرە قەدىمكى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ۋە خاتىرىلىرىنى ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە توغرا يولدا مېڭىشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتىغا يىغىپ چۈشەنگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئىلگىرى مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق دېگەن بۇ ئۇقۇم پەن سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنمىغان دەۋرلەردە «ئاممىباب پەلسەپە» ئەسەرلىرى بىلەن «دىنىي ئەمرىمەرۇپ» لارنىڭ قوشۇمچە تەرغىبات تۈرى بولغان.

تۇرمۇش مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملاشقان ئىنسانىيەت ئالەمدە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى، يېمەك-ئىچمەكتىن، باياشات ۋە خۇشال تۇرمۇشتىن خالىي ھالدا بەختلىك ئۆتۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققىنى يوق. بارلىق دىنىي يېتەكچىلەر، سىياسىي داھىيلار، تۈرلۈك ئېقىمدىكى پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى دۇنيادا، ئاخىرەتتە خۇشال-خۇرام، باي-باياشات ياشاشقا يېتەكلىگەن ۋە بۇنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە يول كۆرسەتكەن. مۇۋەپپەقىيەتلىك كىشىلىك ھايات ھەققىدە تۈرلۈك پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر بىلەن مەلۇمات بەرگەن.

كەسپىي مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن توختالغاندا ، يېزىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن يېزىلغان تۇنجى كىتاب مەزكۇر كەسىپ ياكى تارىخى خاتىرە بولغاندىن سىرت، ئۆز نۆۋىتىدە مەزكۇر ئەسەرنىڭ كەسپىي مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق دەستۇرى بولۇپ قالىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى قەدەر داۋام ئەتكەن ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا پۈتۈلگەن ، خاتىرىلەنگەن ئەسەرلەر ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق، يەنى ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە توغرا يولدا مېڭىش ھەققىدە تۈرلۈك-تۈمەن كىتاب ، خاتىرىلەر پۈتۈلگەن. بىز قانداق ماتېرىيالنى، مەسىلەن جەڭنامىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ غالىبنىڭ غەلىبە قىلىش ئاساسى ياكى مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ يېڭىلىش سەۋەبى بىلەن بىزنى تەجرىبە-ساۋاق بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تارىخىنى ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى بىلەن تەڭداش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە دەپ قارايمىز!

مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق پەلسەپە ۋە ئىدېئولوگىيە بىلەن باغلانغان بولغاچقا ئالىملار بۇ ھەقتە بىردەك ھالدا مەلۇم ئەسەرنى تۇنجى يېزىلغان مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئەسىرى دەپ بىرلىكتە بېكىتەلمەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدىكى قاراش ئىزچىل بىرلىككە كېلىنمىگەن. دىنلار، پەلسەپە ئېقىملىرى، مەدەنىيەت تۈركۈملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىق ئۆزىنىڭ ھايات، ئىنسان كائىنات ھەققىدىكى رەڭدارلىقىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى غەربلىكلەر مۇۋەپپەقىيەت دېگەن ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىش، ئەركىن دېموكراتىك تۇزۇم

ئاستىدا ياشاشقا مۇۋەپپەق بولۇش، دېگەننى ئىسلام شەرقى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئىسلام سوپىزمى تەشۋىق قىلغان تەركىدۇنيالىق ئاساسىدىكى مەنىۋى يۈكسەكلىكنى غەربلىكلەر چۈشەنمەيدۇ. ماكياۋېللىنىڭ ئەقىل-پاراسەت، ھىيلىگەرلىك، قۇۋلۇق، شەپقەتسىزلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېتىقاد، ئادالەت، ئەقىل-پاراسەت، مېھرى-شەپقەت سىڭدۈرۈلگەن «قۇتادغۇ بىلىك» نى سېلىشتۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ.

يېقىنقى زاماندا رەسمىي پەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مەخسۇس تەربىيە تۈرى قىلىنىپ يولغا قويۇلۇۋاتقان مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى نۇرغۇن ئوخشىمىغان قاراشلار ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ تارماقلارغا بۆلۈنگەن رەسمىي ئىلىمگە ئايلاندى.

بەزىلەر دالى كارنىگىغا ئوخشاش شەخس ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى ماھىرلىقىغا تايىنىپ، باشقىلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت دىپلوماتىيە مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىقىنى ئوتتۇرىغا قويسا، يەنە بەزىلەر شەخسنىڭ تۇغۇلۇشىدىن بىرگە بولىدىغان ئىندىۋىدۇئاللىقنى مۇھىم دەپ قارايدۇ. بەزىلەر مىجەز مۇۋەپپەقىيەتنى بەلگىلەيدۇ دېسە، يەنە بەزىلەر پوزىتسىيە ئاسمان-زېمىننى ئۆڭتەي-تۈڭتەي قىلىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەر تەقدىردە پۈتۈلگەندىن ئۆزگە يوز بەرمەيدۇ، شەخسنىڭ تىرىشچانلىقى مۇھىم ئامىل ئەمەس دەيدۇ. بەزىلەر ئۆزگە ئىشەنچ قىلىشنى تەكىتلىسە، ئالفىرد (ئاۋسترىيە پسىخولوگى ئىكەن) قا ئوخشاش بەزىلەر شەخسىي ئۈتۈقنىڭ مەنبەسىنى ئۆزىنى تونۇش ۋە تەربىيىلەشكە مۇجەسسەملەيدۇ. بەزىلەر رۇسسىل (ئەنگلىيە پەيلاسوپى ئىكەن) غا ئوخشاش ئىنسانىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى ئەقلىي مۇكەممەللىك ئاساسىدا بەرپا قىلىشنى تەكىتلىسە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئۆز ئەقلىنى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنۇپ، قەلبنى مۇھىم بولمىغان نەرسىلەردىن پاك تۇتۇپ، ئىككى دۇنيالىق خاتىرجەملىك ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەرەپكە يېتەكلىگەن . ھازىر مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئېقىملىرى 100 دىن ئاشىدۇ. نەشر قىلىنغان كىتابلار باشقا ھەرقانداق ساھەدە نەشر قىلىنغان كىتابلاردىن ئارتۇق بولسا ئارتۇقكى ھەرگىز كەم ئەمەس. باشقا تىلدىكى توردا يېتەرلىك ماتېرىيال تاپقىلى بولىدۇ. ئۆزىنى مەشھۇر ۋە نوپۇزلۇق مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلار دەپ دەۋا قىلىشىدىغانلار 20-ئەسىرگە تەۋە بولغانلار ئىچىدىلا 1000 نەپەر كىشىدىن كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى تۇرمۇشى، نازۇك ۋە ئىنچىكە ئىشلاردىن، ئۈچۈردىن، ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ... پايدىلىنىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ نۇرغۇنلىرى مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى.!!

شۇنداقلا ئېنىقلىمىسى زىددىيەتلىك ھېسابلانغان شۇ مۇۋەپپەقىيەتكىمۇ بۆلەكچىلىق، ئىشرەتۋازلىق، خەقنى قاقتى-سوقتى قىلىش يولى بىلەنمۇ ياكى ئۆز ئەمگىكى بىلەن يېتىشتىن ئىبارەت يول تاللاش جەھەتتىكى ئىختىلاپ مەسىلىسى مەۋجۇت. دېمەك مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ۋاسىتىسى ئەڭ مۇھىمى ئۆزى كۆزلىگەن مۇۋەپپەقىيەت نىشانىغا يېتىش ئارقىلىق ئىنسان زادى نېمىنى ھاسىل قىلماقچى ۋە بۇلارغا قانداق ئۇسۇل، ۋاستە، يوللار بىلەن يېتىدۇ، دېگەنلەر ھېلىھەم دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ خىلمۇ-خىللىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ كەلمەكتە.

جۇڭگودا يېقىنقى زامانلاردىن بېرى دۇنياغا تونۇلغان بىر قاتار مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلار مەيدانغا چىقتى. ئۇلار كىتاب يېزىش، نۇتۇق كۇرسى ئېچىش، ئۈن-سىن نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش ... قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۆزى تەشەببۇس قىلغان ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىقنى كۆتۈرەگە ئېلىشىپ، مەخسۇس مۇشۇ كەسىپكە تايىنىپ مىليونېر بولۇشتى. جۇڭگودا ھازىر ھەر يىلى ئون مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتشۇناسنى باھالاش پائالىيىتى بار بولۇپ، مۇكاپات ۋە شەرەپ ئەڭ تونۇلغان ياشلاردىن چىن ئەنجى، خەلقئارا مەست قىلىش مۇتەخەسسىسى دوكتور ساۋ زېسې ، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەربىيىلەش ئورنى مەسئۇلى خې يې جوۋ، ئاسىيا قىتئەسىدە تونۇلغان جاۋگوشىڭ قاتارلىقلار تىپىك مىسالدۇر.

لېكىن ئومۇمىي ئورتاق بولغان مۇۋەپپەقىيەت ئۇقۇمى مەنىۋى دۇنياسى باي، ماددىي دۇنياسى موھتاجلىقتىن خالىي بولۇشنى نۆۋەتتە مۇشۇ دۇنيالىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىر ئاساسى شەكلى دەپ تونۇيمىز.

## 3. مىللەت مۇۋەپپەقىيىتى ۋە شەخسىي مۇۋەپپەقىيەت

«مىللەت مۇۋەپپەقىيىتى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى تېخى كۆرۈپ باقمىدىم . ئەمما مەن بۇ يەردە چوقۇم بۇ ھەقتە بىر ئاز توختىلىشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

شەخسىي مۇۋەپپەقىيەت بارچە ئۇيغۇرنىڭ يەككە ھاياتىدىكى ئورتاق ئارزۇسى . ئەگەر شەخسىي مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار قانچە كۆپ بولسا ، ئۇنىڭ ئومۇمىي مەۋجۇتلۇقىمىزغا بولغان ئەھمىيىتى شۇنچە زور بولىدۇ. شۇڭا مۇۋەپپەقىيەت يەككە ھالدا باشلىنىشى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار چوڭ توپى شەكىللىنىشى كېرەك. بۇنى بىزگە ئىسلاھات بەرگەن ھوقۇق.

ئۇيغۇرنىڭ ئومۇمىي مەۋجۇتلۇق شەكلى مۇۋەپپەقىيەتكە مەنسۇپمۇ –يوق؟ «مىللەت مۇۋەپپەقىيىتى» دېگەن ئۇقۇم ھەققىدە توختىلىش كېرەكمۇ –يوق؟

مىللەت ئەزالىرىنىڭ 60% تىن كۆپرەكى شۇ دۆلەت جەمئىيىتىدىكى ئوتتۇرا تەبىقە شارائىتىغا مەنسۇپ كىشىلەر نىڭ سەۋىيىسىدە بولسا، 10-15% كىچە كىشى يۇقىرى تەبىقىگە، قالغان 25-30% كىچە كىشى تۆۋەن تەبىقە سەۋىيىسىدە بولسا، بۇ شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئەزالىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۆۋەتتىكى شەھەر ئىقتىسادشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەھەر، نوپۇس ۋە تەرەققىيات ھەققىدىكى ئېلان قىلغان باھالاش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن بىلىنگەن ئۆلچەم.

ئوتتۇرا تەبىقە (middle class, 中产阶级) دېگەن نېمە؟

بىز مۇسۇلمانلار ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار كىشىلەرنى ئىجتىمائىي ئورنى، ئىقتىسادى –ماددىي ئەھۋالىغا ئاساسەن دەرىجىگە ئايرىشنى قوبۇل كۆرمەيمىز. بۇ بىزنىڭ شەرىئىتىمىزدە يوق. ئادىتىمىزدە يوق. ئەمما بۈگۈنكى رېئاللىقلىقى، رەھىمسىزلىكى ۋە شەخسىي رىقابەتكە تولغانلىقى بىلەن سۈپەتلەنگەن دۇنيانىڭ بىزنىڭ مەسىلىلەرگە قانداق قارايدىغانلىقىمىز بىلەن ئىشى يوق. بىز ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئارقا كۆرۈنۈشكە ئاساسەن دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمىنى قەتئىي قوبۇل قىلغۇمىز كەلمىسە، ئاۋۋال ئۆزىمىز ئۇلار يەتكەن ئۇستۇنلۈككە يېتىۋېلىپ ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ ئۆلچىمىمىزنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ قويساق بولىدۇ!

بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمىز. بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىدىغان ھەر قانداق كىشى بۇ ھەقتە ئارتۇق گەپ قىلىشنى ئارتۇق ئىش دەپ ئويلايدىغانلىقى ئېنىق.

ئوتتۇرا تەبىقە دېگەن نېمە؟

ئىسمىدىن چىقىپ تۇرۇپتىكى، ماكرو ئىقتىسادشۇناسلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ستاتىستىكا دوكلاتلىرىدا دائىم كۆزگە چېلىقىدىغان بۇ سۆز ئەڭ يۇقىرىغىمۇ ۋە ئەڭ تۆۋەنگىمۇ مەنسۇپ بولمىغان، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئوتتۇرىسىدىكى سەۋىيەنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىلەر ئادەتتە بۇ سۆزنى مۇئەييەن ئىقتىسادى مۇستەقىللىققا ئىگە، لېكىن جەمئىيەتتە ئىگىلىگەن تەسىرى ياكى ھوقۇقى چوڭ بولمىغان نوپۇس گەۋدىسىگە ئىشلىتىدۇ.

ئوخشىمىغان دەۋرلەر ۋە ئوخشىمىغان جايلاردىكى ئوتتۇراھال سەۋىيىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېنىقلىمىسى ئوخشىمايدۇ. ئەلۋەتتە ئوتتۇرا ساپالىق كىشىلەرنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىش – نوقۇل ئىقتىسادشۇناسلار ياكى مائارىپشۇناسلارنىڭ چىشى پاتىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇلار ئۆز ساھەسى بويىچە شۇ رايون ، شۇ دەۋردىكى ئوتتۇراھال ئىقتىسادى سەۋىيە ۋە ئوتتۇراھال مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆلچىمىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ! نۆۋەتتە گوۋۇيۈەن ھەر يىلى بۇ ھەقتىكى يېڭى ئۆلچەملەرنى ئېلان قىلىدۇ. دۆلەتلىك تەرەققىيات پىلان كومىتېتى يىللىق تەرەققىيات پىلانىنى تۈزگەندە ئەلۋەتتە شۇ ئۆلچەملەرگە رىئايە قىلىدۇ.

ئەمدى بىز شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى ھەققىدە توختىلىمىز:

ئۇنىۋېرسال ساپا: مەدەنىيەت ساپاسى؛ ماددىي تۇرمۇش ساپاسى، ئىجتىمائىي ئورنى، نۆۋەتتىكى ئائىلە ئەھۋالى، پسىخىك ساپاسى، تەن ساپاسى

مەدەنىيەت ساپاسى – ئوتتۇرا تېخنىكومدىن ئاشقانلار؛ ئۆگەنگەنلىرىدىن پايدىلىنالايدىغانلار، زامانىۋى ئالاقە قوراللىرى (تېلېفون، كومپيۇتېر، قاتناش قوراللىرى –موتسىكلىت، ماشىنا (خەنزۇلارنىڭ تولۇق كۇرس)

ماددىي تۇرمۇش ساپاسى - يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشقانلار، بۇ مۇقىم ئۆيى بار بولغان، يېمەك-ئىچمىكى قۇۋۋەتلىك بولغاندىن باشقا ئادەتتىكى نورمال باھادىكى خالىغاننى يېيەلەيدىغانلار، كىيىم-كېچەكتە مۇراسىم كىيىمى، خىزمەت كىيىمى، ھاردۇق كىيىمى، بولغانلارنى جىددىي پۇل لازىم بولغاندا 5000 مىڭ يۈەن چىقىرالايدىغانلار، ماشىنىسى ياكى موتسىكلىتى بار ياكى ئىشىكتىن چىقسىلا ماشىنىغا ئولتۇرالايدىغانلار نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (خەنزۇلارنىڭ 35 مىڭ يۈەن).

ئىجتىمائىي ئورنى: مۇقىم خىزمەت ياكى سودىسى بولغان، بارلىق سالاھىيەت كىنىشكىلىرى تولۇق بولغان، 3-5 كىچە يېقىن سىردىشى، 10-20 گىچە ئادەتتىكى دوستى بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئائىلە ئەھۋالى ئائىلىسى مۇقىم ۋە خاتىرجەم، ئىناق بولغانلارنى، جورىسى بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ئالاقە ئېنىق كېلىشىم ۋە چۈشەنچە ئاساسىدا بولىدىغانلارنى، قارشى تەرەپنىڭ تۇغقانلىرىغا كۆڭۈل بۆلەلەيدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

پىسخىك ساپاسى-ئۆزىنى ھەرقاچان روھلۇق ۋە خۇشال تۇتۇشنى، مۇھىتقا ماسلىشىشنى، كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشنى ،كۆپ قىسىم كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلەيدىغان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

تەن ساپاسى-تېنى ئۇششاق-چۈششەك كېسەللىكتىن خالىي، ئۆزىنى خەتەردىن قوغدىيالايدىغان، زۆرۈر بولغان بەدەن چېنىقتۇرۇش سايمانلىرىدىن پايدىلىنالايدىغان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ئەمەسمىز، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىۋاتقان مىللەتمىز. «يۇقىرىدىكى ئۆلچەمنىڭ يەنە چۈشۈرۈلۈپ قالدۇرۇلغان يەرلىرى بار.»

## 4. «ئۇيغۇر مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى» نى بەرپا قىلىش ھەققىدە تەكلىپ

ھېچقانداق تەۋەلىكى يوق بولغان «مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق» تىن ئىبارەت يېڭىدىن پەن بولۇپ شەكىللەنگەن دەپ تونۇلغان «ئۇنىۋېرسال تۇرمۇش پەلسەپىسى» نى دەرھاللا خاسلاشتۇرۇپ، «ئۇيغۇر دېگەن ماركىنى چاپلىۋېلىش بەلكىم بەزىلەر ئۈچۈن غەيرىي تۇيۇلىدۇ . ئەمما بۇ ھامان ئوتتۇرىغا چىقىشقا تېگىشلىك بولغان بىر مۇقەررەرلىك. نۆۋەتتە دۇنيادا يەر-جاي نامى بىلەن خاسلاشقان، مىللەت نامى بىلەن خاسلاشقان، شەخس نامى بىلەن خاسلاشقان، ھەتتا بىر تال چۈمۈلە بىلەن خاسلاشقان ئىلىملەرمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن؛ تۈركشۇناسلىق ئىلمى (مەخسۇس تۈركى مىللەتلەر تىلى، تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن)، پاقىشۇناسلىق (بۇ پەن يەنە ئۆز ئىچىدىن نۇرغۇن تارماق پەنلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، مەخسۇس پاقىنىڭ تۈرى، تەن تۈزۈلۈشى، ئۇزۇقلىنىشى، جان ساقلاش شارائىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ). يوشۇرماي دېسەم، مۇشۇ يېقىندا بىر دوستۇم يۇتيۇب تورى ئارقىلىق ئامېرىكىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى بولغان پىرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر «پىتشۇناسلىق» ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر دوكتورنىڭ تونۇشتۇرۇشنى كۆرگەن ئىدىم دېدى. مەخسۇس ئادەم بەدىنىدە پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك قۇرتلار جۈملىدىن قان شورايدىغان پارازىت يولداش «پىت» نى تەتقىق قىلىدىكەن.

ھازىر جۇڭگودا «لۇشۇنشۇناسلىق» ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ يۈز مىڭلىغان ئەزالىرى بار. ئەتىگەندىن كەچكىچە رەھمەتلىكنىڭ گېپىنى قىلىشىدۇ. تەرجىمان توختى باقى ئارتىشى ئاكا شۇ جەمئىيەتنىڭ شىنجاڭدىكى غوللۇق ئەزاسى، پات-پات ماقالە-ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ «نەزىر-چىراغ» قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

مانا ھازىر دۇنيادا خەق بىر تال ئۆمۈچۈكنى تەتقىق قىلىپ 7-8 يىل ئوقۇيدۇ،10 -20 يىل تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. چۈشىن ھەققىدە ئىزدىنىپ ماقالە يېزىپ دوكتور بولۇشىدۇ. بىز شۇنداق ئىچكى ئۆزگىچىلىك ۋە شارائىت خاسلىقىغا ئىگە ، شۇنچە كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە بولغان خەلقمىز. ئىنسانشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، سىياسىي، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق پەنلىرىنىڭ نەق ۋە ئىخچام يىغىندىسىغا ئايلانغان مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرساق يامىنى كېتەرمۇ؟ خەق بىزنى تەتقىق قىلمىسا بىز ئۆزىمىزنى تەتقىق قىلىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇق گەپ بىلەن ئەمەس، «قانداق قىلسام تۇرمۇشۇمنى ياخشى ئۆتكۈزىمەن، بالامنى ياخشى ئوقۇتىمەن»، «قانداق قىلسام بۇ جاھاندا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن؟»، «قانداق قىلساق تۆمۈر مىخقا يالاڭئاياق دەسسەپ تىك تۇرالايمىز؟» دېگەندەك «تۇتسا سېپى بار، چاقىرسا ئېتى بار» ئىش بىلەن ئۆزىمىزنى تونۇيمىز؟ سىزنىڭچە بولىدىغاندۇ؟

مەلۇم بىر پەننىڭ شەكىللىنىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تەتقىق ئوبيېكتىنىڭ سانى، شارائىتى بىلەن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. دېمەكچى، ھەرقانداق ئاددىي نەرسىنىمۇ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. پەقەت بىردىنبىر شەرت تەتقىق قىلغۇچى كىشى لايىق تاپسىلا!!

ئەگەر مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش شارائىتى ھەققىدە ئىزدىنىشكە يول ئاچىدىغان «ئۇيغۇر مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى» نى زۆرۈر ئەمەس دەپ قارىساق، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئىش خاتا ياكى ھەجۋىي ئىش بولۇپ سانالسا، پىتلار بىزنىڭ «مەسخىرىۋازلىققىلا ئىشلەيدىغان تاز ئەقلىمىزدىن» كۈلۈپ تېلىقىپ سالماسمۇ؟

ئۇيغۇر مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى قەتئىي شەكىللىنىشى كېرەككى، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدە شارائىتتا قانداق قىلىپ مەنىۋى جەھەتتە ئۆزىنى تونۇغان، ئىقتىسادى جەھەتتە بېيىغان، ئىلىم جەھەتتە كۆزى ئېچىلغان، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزلۈكنى تاپقان، شەخسىي تۇرمۇش جەھەتتە بەختلىك بولغان، ئائىلە جەھەتتە ئىناق ۋە ئىللىق بولغان، شەخسىي مەنىۋى دۇنياسى جەھەتتە نورمال پسىخىكىلىق ۋە ساغلام دۇنيا قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ (ئۇمىدسىز ۋە بىنورمال پسىخىكىمىزنى داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلەيدىغان) كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىدە ئىنسانپەرۋەرلىك (ئادەمگەرچىلىك) قىلالايدىغان، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ئومۇملاشقان، خۇدانى سۆيىدىغان، ئۆزىنى سۆيىدىغان ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى ئىنسانىيەت ئىچىدىكى يېڭى تۇر «مەدەنىيەت ، تىنچلىق ۋە بەخت ئەلچىلىرى» دېگەن ئەڭ يۈكسەك ئىجتىمائىي توپ نامىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولۇشىغا يول ئاچىدۇ! پەقەت بولمىغاندا بىر تۈركۈم ئەقىلدارلاردىن بىر تۈركۈم ئىخلاسمەن ئىزلەنگۈچىلەر نەپ ئالىدۇكى، ئەگرى يولنى ئاز مېڭىپ، قىلىمەن دېگەن ئىشنى تېز، ئۈنۈملۈك، ئۇتۇقلۇق قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار نۇرغۇن قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ياكى ئىقتىسادى ياكى ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بولمىغان كىتابىي، نەزەرىيىۋى پەنلەرگە قارىغاندا مۇشۇنداق بىۋاستە مەنپەئىتى تېگىدىغان، ئەمەلىي مەسىلىنى ئەڭ دەسلەپتە ئويلىشىدىغان ئىلمىي چۈشەنچىلەرنى ئۆزلەشتۈرسە ئالالايدىغان بىۋاستە مەنپەئىتى كۆپرەك بولىدۇ! ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى ئۇمىد قىلغان «ئەقلىي بىلىش تارىخىمىزنىڭ يېڭى سەھىپىسى» ئېچىلىدۇ.

## 5. «ئۇيغۇرلاردا مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى» ئىزدىنىشلىرى

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن بېرى تۈرلۈك ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىلىرى، مەسىلەن، (سەيپۇڭلۇق رىسالىسى، ياغاچچىلىق رىسالىسى، موزدۇزلۇق رىسالىسى، زەرگەرچىلىك رىسالىسى ....)، نەسىھەتنامىلەر، نەسەبنامىلەر، (ئاتا-بوۋىسىنىڭ قانداق ئىش قىلىپ راۋاج تاپقان ياكى ۋەيران بولغان تارىخىنى خاتىرىلەشكە مىسال)، جەڭنامىلەر، يۇرت تەزكىرىسى، قىسسە ۋە چۆچەك قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىيات شەكىللىرى ... بىلەن غەلىبە ياكى مەغلۇپ بولۇش ھەققىدە ئەقلى يەكۈنلىرىنى خاتىرىلىگەن. ئىبرەتلىك ماقال-تەمسىللەر بىلەن ئىپادىلىگەن. «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس»، يەنى ئويلىنىپ پىلان بىلەن ئىش كۆرۈش كېرەكلىكىنى، «ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە يەر»، يەنى ھەرقانداق جايدا ئۆز توپى بىلەن ئۈم بولۇپ بىرلىكتە ئىش ئىلىپ بېرىشنى بىلدۈرىدۇ.

«دەرد-ئەلەملەر كېلىدۇ ئوغۇل بالانىڭ باشىگە، سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ كۆزدىن ئاققان ياشىگە» نېمىدېگەن ئوبرازلىق ئىلھاملىق جۈملىلەر! ...

مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدىكى ھەر بىر جۈملە سۆزدە تۇرمۇش يولىغا ئائىت قانۇنىيەتلەر خاتىرىلەنگەن:

«كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» كىشىگە

«قۇتادغۇ بىلىك» دۆلەت ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئەسىرى بولالايدۇ.

«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ئاممىباب تۇرمۇش سەنئىتى بولالايدۇ! ... سانىساق يۈزلەپ ئەسەرلەر چىقىدۇ.

مۇشۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىققا ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىندى ھەم يېزىپ چىقىلدى.

ئىسلامجان شېرىپ
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن
ئابدۇقادىر جالالىدىن
يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق
ماخمۇتجان ئىسلام
ئەخمەتجان ئىسمائىل
ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
تاھىر ھامۇت
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئەركىن روزى

پولات ھىۋىزۇللا
بىلىقىز ئابلىكىم
ھاياتنوپۇس مۇھەممەت
ئانىقىز ئەزىز ئىلتەرىش
ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى
مۇھەممەت سالىھ مەتروزى
زۇلپىقار بارات ئۆزباش
يالقۇن روزى
ئەركىن سىدىق
ئۈمىد غېنى
رادىل ئابلا
نۇرتاي ھاجى
ئەركىن ھاشىم
سۇلايمان مۇئەللىم
غېنى سەمەت تۈركەم
مۇتەللىپ
مەمەت ياسىنجان
پەخرىدىن قارلۇق
دىلشات پەرھات
نۇرئەلى ئوبۇل

..... قاتارلىقلار مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆلەمدە توختالدى. ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن مۇھىم ئىزلىنىشلەرنى ئىلىپ باردى. ئۇلارنىڭ كەسپى ئىزلىنىشى خۇددى جۇڭگو مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى جەمئىيىتى رەئىسى تەكىتلىگەندەك: «دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەر قانداق بىر ئادەم بىر مۇۋەپپەقىيەتشۇناس بولىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ھەم ئورتاقلىقى، ھەم خاسلىقىغا مەنسۇپ بولغان ئۇسۇللىرى بار. بىز مۇشۇ خاسلىقنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مۇۋەپپەقىيەتشۇناسنىڭ ئالاھىدىلىكى دەپ بىلىمىز، ئۈگىنىمىز ... »

2000-يىلدىن باشلاپ شىنجاڭغا تارقىلىشقا يۈزلەنگەن ئامۋاي شىركىتى شىركەت تەربىيىلەش كۇرسلىرى ۋە شىركەت مەدەنىيىتى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھايات ۋە ئۇتۇقلۇق سودا يولى ھەققىدە كۆپلىگەن نۇتۇقلار سۆزلىنىپ، نۇرغۇن ياشنىڭ ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندىن باشقا، يېڭى بىر ئۇسۇل سودا بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلىش ۋە ئۆزلۈكنى جانلاندۇرۇش ھەققىدە پائالىيەتلەر قانات يايدى.

ئالامەت، ئارمان شىركەتلىرى خادىملارغا ۋە باشقا ئىش ئىزدەۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا مەخسۇس لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن، دەرسلىك ماتېرىيالى تۈزگەن.

2004-2005-يىللىرى مەڭگۇ تاش قىرائەتخانىسىدا ۋە قانۇنلۇق يوسۇندا «ئۇيغۇر مۇۋەپپەقىيەت سودا كۇرسى» نامىدا ئۆلچەملىك شىركەت ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئاساسى مەزمۇن قىلغان سودا كۇرسلىرى ئېچىلدى. «نۇتۇق كۇرسلىرى» ئېچىلدى. يۇرۇشلۇك ، ئۆلچەملىك دەرسلىك ماتېرىياللىرى تارقىتىلغان. (تىلغا ئېلىنغانلىرى مىڭدىن بىرلىرىدۇر ... نۇرغۇن تەرجىمانلار ۋە باشقا ئاپتورلارنىڭ ئىسمىلىكى «مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق» تورى ئارقىلىق ئېلان قىلىنىدۇ.)

-بىلىمى بار، پۇلى يوق، نامى بار، مېلى يوق كىشىلەرمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھېسابلىنامدۇ؟ بۇ خىلدىكى تېما قۇرۇق غايە ۋە ئارزۇ بىلەن ياشاۋاتقان؟

*ئۇيغۇرلاردا مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر

*ئۇيغۇرلاردا مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ھەققىدە تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر

## 6. ئۇيغۇر مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ نەزەرىيۋى ئاساسى

مەن بۇ ھەقتە سۆز قىلماسلىقنى لايىق تاپتىم.

بىرىنچىدىن، مەن بۇ ھەقتە سۆزلەشكە ئاجىز كېلىمەن. ھېچ بولمىغاندا بۇ ھەقتە ئاۋۋال ئىزدىنىپ ئاندىن تارازىغا چىققۇدەك ئىلمى پرىنسىپ، ئورتاق قىلىپ، رامكا شەكىللەندۈرۈشكە، باشقا پېشقەدەم ئۆلىمالىرىمىزنىڭ بىلىدىغانلىرىنى ئاڭلاپ بېقىشقا، ماتېرىيال توپلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەندىن ياخشى ئاساسى بارلار ئاۋۋال سۆزلىگەي، تەكلىپ قىلىمەن!

6. كارخانا تەربىيە مەدەنىيىتى ۋە ئۇتۇقشۇناسلىق (ئامۋاي شىركىتى مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق تەربىيىسى ۋە ئالامەت شىركىتى مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق تەربىيىسى)

## 7. «ئۇيغۇر مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى جەمئىيىتى» قۇرۇلۇشى ھەققىدە تەكلىپ

بەلكىم بۇ بىر تاتلىق خىيالىمىزدۇر. ئەمما ئۇ شۇنداق زۆرۈركى ، بىز ئاش ناندىن قالسىلا شۇنىڭغا ، بىزنى يېتەكلەش ئىقتىدارىغا ئىگە رولچىلار توپىغا موھتاج!!!

گەرچە قانۇنلۇق بولىسمۇ ئىلىپ چىقىش سەل مۇشكۈل بولغاچقا كۆپىنچىلەر بەزىدە ئەمەلىي قىممىتىگە ئېتىبارسىز قاراپ ياكى ئىلگىرىكى «ئېتى ئۇلۇغ، سۈپىرىسى قۇرۇق» جەمئىيەتلەرگە تەقلىد قىلىپ قىزىقماسلىقى مۇمكىن. ئەمما بۇ قىلىشقا، جەزمەن قىلىشقا تېگىشلىك توغرا ھەم خاسىيەتلىك بىر ئىش!

پروگراممىلىرى، باشقۇرۇش ھەيئىتى، ئەزا قوبۇل قىلىش دائىرىسى، كونكرېت ھوقۇق –مەجبۇرىيەتلىرى، قاتارلىق كونكرېت پىلانلار ھەققىدە تورداشلار مۇزاكىرە قىلىشسا بولىدۇ.

بولسا بۇنىڭغا ئىقتىسادى ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك شىركەتلەر يېتەكچىلىك قىلسا ئۇلارغا ھەم ئىقتىسادى ئۈنۈمى، تەشۋىقات ئۈنۈمى ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بولاتتى. مەن خالىس تەدبىر تۈزۈشكە قاتنىشىپ بېرىشنى خالايمەن.

## 8.«ئۇيغۇر مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق تورى» نىڭ قۇرۇلۇشى ھەققىدە ئۇچۇر

مەزكۇر ئەمگەكنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن شىنجاڭ كۆزنەك پەن-تېخنىكا شىركىتى مەسئۇلى ئابلىكىم ئەپەندى بۇ شقا تۇتۇش قىلغانلىقىنى ۋە ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بىز بىلەن ئالاقە قىلدى. مەن مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بەردىم. كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمەت قىلىشىنى سورايمەن. تور بەت 12-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن بۇرۇن ئېلان قىلىنىدۇ. بىز كېلەر قېتىملىق يازمىدا ئادرېسنى ئۇقتۇرۇپ قويىمىز.

(ئەسلىدىكى ماقالىنىڭ 9-كىچىك تېمىسى ئاستىدىكى مەزمۇنلار كىرگۈزۈلمىدى.)

## ئەركىن سىدىقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە تەڭلىمىسى

مەن نېمىشقا ئومۇمىيلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر كېلەڭسىز تېمىغا ئەركىن سىدىقنى چېتىۋالدىم؟ چۈنكى ئەركىن سىدىق ئۇتۇق قازاندى، ئۇنىڭ ئۇتۇق ئۇسۇلىنى، نەتىجىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. ئۇ بىز جىددىي ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەبىئىي پەن ساھەسىدە ئۇتۇق قازاندى. ھەم ئەمەلىي تۆھپە ھەم ياخشى ئاتاققا ئېرىشتى. ئۇيغۇرنىڭ ئىسمىنىمۇ كۈچى يەتكۈچە تىلغا ئىلىپ ئۇلگۈردى. ئائىلىسىدىمۇ ئۇتۇق ياخشى نەتىجىلەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئارزۇ قىلىدىغان، تەشۋىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر خىل ئۇتۇق. بىزگە دەل مۇشۇنداق «ئۇيغۇر غايىسى-Uyghur Dream» نى رېئاللىقتا ئايلاندۇرغان كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئەر، ئۇيغۇر ئاياللىرى كېرەك.

ئازراق تىلىمنى چاينىاي:

مەن ئەركىن سىدىقنى تور ئارقىلىق بىلدىم. ئۇ كىشى ئۆزى كۆزلىگەن پەللىگە يەتكەندىن سىرت، كۆزلەپمۇ باقمىغان چوققىلارغا يامىشىپتۇ. شەخسىي تۇرمۇش جەھەتتە ئۇتۇق قازىنىپتۇ. سالامەتلىك جەھەتتە ئۇتۇق قازىنىپتۇ، مەدەنىيەت ساپاسى ئۆلچىمىدە ئۇتۇق قازىنىپتۇ. ئىنسانپەرۋەرلىك شەرتى جەھەتتە ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ كەپتۇ. بىز قىلىپ باقمىغان، ئاڭلاپ باقمىغان ئىشلارنى قىپتۇ. ئۇ ئۇيغۇرنى خەققە تونۇتۇپلا قالماي، ئامېرىكا ئالەم قاتنىشىدەك بىر يەردە ناھايىتى جىددىي ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىدەك خەۋەرنى بىزگە تونۇتتى.

ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا زور مۇۋەپپەقىيەت، ئۇ ھازىر خىزمىتىنى تاشلىۋەتسىمۇ جۇڭگودا يىللىقى 150 مىڭ يۈەنلىك خىزمەتنى تاپالايدۇ. ئۇيغۇر ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەپ ۋايىزلىق قىلالايدۇ.

ئۇنىڭ نۇرغۇن ياشلار ئارزۇ قىلىدىغان چەتئەلگە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت.

شۇنداق رىقابەت كەسكىن زېمىندا ئەڭ نازۇك يەردە پۈت دەسسەپ خەقتىن قالماي ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيەت.

يارامىلىق پەرزەنت تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇپ ، ئامېرىكىدىكى نادىر مەكتەپتە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئوقۇغۇدەك بالا چوڭ قىلىش، ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا روھنى سىڭدۈرۈش ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەت. ئارىمىزدا بالىسىدىن قاقشاپ خۇداغا نالە قىلىپ ياشاۋاتقان ئاتا-ئانىلار ئاز ئەمەس (ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلسۇن).

ئەتىۋارلىق ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىجتىمائىي ياخشى ئىشلىرى بەك كۆپ ئىكەن، ماڭغان–تۇرغان قەدىمىدە خەق تىلىدا داستان قىلغۇدەك ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىۋېتىپتۇ. ماڭا تەسىر قىلغان يەنە بىر خاسىيەتلىك ئىش: بۇ كىشى ئوغلى دىلشاتجاننىڭ ئوقۇشتىن سىرت پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپتۇ. ...

ھېس قىلدىمكى بۇ كىشىدە بىر روھ –ئۆزىنى توختاۋسىز ھەيدەپ تۇرىدىغان بىر روھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ روھنى بىلگەنلەر مەيلى ئۇ بىر قاتار ئىشنى خاتا قىلىۋەتسۇن، بىر پاتمان ئاغزىغا كەلگىنىنى بىلجىرلاپ سالسۇن، سەمىمىيەت ۋە مېھرى-شەپقەت بىلەن يۇغۇرۇلغان شۇ بىلجىرلاشلاردىن يەنىلا ئۇنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى قەلبى تۇيالايدۇ. ئۇنداق قىلالمىغانلارغا چۈشەندۈرۈشنىڭ ئورنى يوق. مەن بەزىلەرنىڭ قىلغان سۆزلىرىدىن كۆڭلۈم بىر قىسما يېرىم بولدى!!! بولدىلا خۇدا ئۆزى ئوڭشا، بولۇپمۇ مۇشۇنداق ياكى ھەقىقەت ئۈچۈن ياكى كوللېكتىپ مەنپەئىتى ئۈچۈن ياكى بىۋاستە ئۆزىنىڭ جىددىي شەخسى ئېھتىياجى ئۈچۈن (مەسىلەن، ئەيىبلىۋالمىسا، ئۆلۈپ كېتىدىغان يېرى بولسا بوپتۇ ئەيىبلىۋالسۇن دېمەكچى) مۇ ئەمەس، تۇرۇپلا ئىلمىي ئالىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىۋالىدىغان يولداشلارنىڭ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىنى، جەمئىيەت ئۈچۈن يامان تەسىر پەيدا قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىپ تۇگەيدىغان ئاقىۋەتتىن ساقلاپ قىلىشنى تىلەيمىز. راست گەپنى قىلسام ئەپەندىلەر، مۇۋەپپەقىيەتكە تەڭلىمە تۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما ئېينىشتېيندىن باشلانغان بۇ تەبىئىي پەنچىلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ھۆرمەت قىلمايمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاشۇ تەڭلىمىسى ئاساسىدا غەلىبە قازاندى. سەن ئۇنىڭدىن ياخشىراق تەڭلىمە تۈز، تېخىمۇ كاتتا نەتىجە قازان. رېئاللىق ئارقىلىق ئۆزۈڭنى ئىسپاتلا! بىز شۇنداقلارنى پەقەت بىرەر ئېغىز گەپ قىلماي يۈرسىمۇ چوڭ كۆرىمىز!!

كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۇسۇلى خەقنىڭكى بىلەن ئوخشىماي قالىدۇ. چۈشەندۈرۈشىمۇ ئوخشىمايدۇ. مىڭلىغان مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى مىڭ خىل بولىدۇ. ھېچكىم ئۇنى: «ھەي توختا، ئىشىڭنى قىل» دېمەيدۇ، چىن ئەنجى ئۆزىنىڭ 15 كۈنلۈك مۇۋەپپەقىيەت كۇرسىغا كەلگەنلەرنى 24 سائەت ئۇخلاتمايدۇ، تاماق يېگۈزمەيدۇ، 24 سائەت ئۆتكەندىن كېيىنمۇ تاماق ياكى ئۇيقۇ تولۇقلايدىغان ئىش يوق. يەنىلا ئوخشاش تەرتىپ بويىچە بولىدۇ. مانا بۇ تۈرلۈك غەلىتە ئۇسۇللارنىڭ بىرى. بۇنداق غەلىتە، ئادەتتىكى تەپەككۇر ئەھلىنىڭ دىتىغا سىغمايدىغان ئىشلار بەك كۆپ! ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ تەڭلىمىسى يوق. تەڭلىمىسىنى سورىسىڭىز، كۈلكىگە قالىسىز! مۇۋەپپەقىيەت تەڭلىمىسىمۇ يوق. ئۇنىڭدىن سورىسىڭىز «گېپىمنى ئاڭلاپ، كىتابىمنى كۆر، كۇرسۇمغا كەل-مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تەڭلىمىسى» دەيدۇ. مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا :«بۇ مېنىڭ ئۇسۇلۇم، كىشىلەر مېنىڭ ئۇسۇلۇم بىلەن ئۇتۇق قازاندى. مەنمۇ ئۇسۇلۇم بىلەن ئۇتۇق قازاندىم ، بۇ بىر پاكىت» دېگەن. پەزىلەتلىك مۇساپىر يۇرتدىشىمىزغا زەربە بەرگەن دوستلىرىمىزغا كۆپ گەپ قىلساق ئۆزىمىزنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ لايىقىدا ئانچە-مۇنچە دەۋېلىشنى لايىق تاپتىم.

ھە بوپتۇ، بەزى ئۆسمىلىك ئىنكاس يازغانلارنى ئۆزى مۇۋەپپەقىيەت قازانمىسىمۇ «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىدىغان» تەتقىقاتچى دەپ تۇرايلى. چۈنكى تەتقىقاتچىلار دېگەن ئۇلار ئۆزى تۇخۇم تۇغمىسىمۇ، تۇخۇمنىڭ ساق ياكى ئەمەسلىكىنى تېتىپ بىلەلەيدىغان ئاشپەزگە ئوخشايدۇ!. تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان كىشى چوقۇم پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشى كېرەككۇ؟

ئۇ قايسى پاكىت؟

ئەركىن سىدىق ئەپەندى ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەڭلىمىسىنى ئۆزۈمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەريانىدا ئىشلىتىپ ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكەن دېيىشى يېتەرلىك پاكىت ئەمەسمۇ؟ قارىغاندا بۇ يەردىكى ئاشپەزلەر خام پىيازنى كۆپ يەۋەتكەن ئوخشايدۇ!!

ئەگەر ئەركىن ئەپەندى ئۆزىدىن مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدە سورىغانلارغا جاۋابەن، ئىلمىيلىق بىلەن چاقچاقنى بىرلەشتۈرۈپ «ئىسمىڭنى ئەركىن سىدىققا ئۆزگەرتمىگۈچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايسەن» دەۋەتسىمۇ خەق نېمە دېيەلەيدۇ؟ ئىچى كۈچلۈك ياشلىرىمىز ئۈچۈن مانا بۇ- ئەڭ زەربىلىك ئويغىتىش ئەمەسمۇ؟!!!

بىز بىر تۈركۈملىرىمىز ئىلگىرى ھاراق سورۇنلىرىدا، بەزىدە مۇنبەردە بوغۇلۇپ تۇرۇپ سۆزلەپ ئاغزىمىزدا شەھەر ئالغان، ئەمدى مۇشۇ تورغا يىغىلىشتۇق. «سوتچىسى يوق سوتخانا» بولغان بۇ يەردە بىز يەنىلا قۇرۇق گەپ قىلىشنى داۋام ئېتىۋاتىمىز.

بىز مۇنبەرنى قۇرۇق گەپ بىلەن شۆھرەت نەپسىنى قاندۇرىدىغان «تاجسىز پادىشاھ» نىڭ «ھەلقە سورۇنى» قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك .

ئۇنىڭ ياخشى ئىشلىرى ئۆزۈلمەيدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ھەم دۇئا قىلىمەن.

كۆڭلۈمدىكى بىر ئېغىز گېپىم:

مەن مۇشۇ ماقالىنى يېزىپ بولۇپ ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر تولا گەپ قىلىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئىنتايىن بىئارام بولدۇم. ئەسلى مەن بۇنداق يوغان تېمىلارغا ئارىلاشماسلىقىم، ئۆزۈمنىڭ سىڭگەن نېنىنى يەپ غىت قىسىپ يۈرۈپ، كېسەلچان دادامغا، ياشىنىپ قالغان چوڭ ئاپامغا ئىككى سائەت ھەمراھ بولغان بولسام ئەمەلىي قىلغان ئاددىي ئىشىم ئۈچۈن بولسىمۇ كۆڭلۈم ئارامغا چۈشكەن بولاتتى. خەير، يامان كەتمەس. ھەممىمىزنىڭ ئىشى ئۆز جايىغا چۈشەر!!

بەزى ئۈچۈرلارنىڭ مۇتلەق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالماسلىقىم، ئەمما سىزنى مەنبەلەر بىلەن تەمىن ئېتەلىشىم مۇمكىن..

ئالاقە ئۇسۇلۇم:
albidar@yahoo.cn
QQ:149987291

ئەگەر مەزكۇر ماقالىنى قاراپ مۇنبەرگە چىقىرىپ قويۇشنى مۇۋاپىق تاپسىڭىز رۇخسەت سورىماي مەنبەنى ئەسكەرتىپ قويسىڭىز بولىدۇ. بەزى ئىنكاسلارغا جاۋاب يازالماسلىقىم مۇمكىن! چۈشىنىشىڭلارنى سورايمەن!
11-ئاينىڭ 30-كۈنى كەچ سائەت 8 دىن 12-ئاينىڭ 1-كۈنى كۈندۈز سائەت 7 گىچە يېزىپ تاماملاندى!

# ئەركىن سىدىققا ئوچۇق خەت

ئاپتورى: ۋادارىھ

2007 ـ 12 ـ 25

ئارزۇ بىلەن رېئاللىق ئارىسىدىكى ھاڭ بەك كەڭ ھەم چوڭقۇر. شۇڭا ئادەم قىلىمەن دېگەننى قىلالمىسىمۇ قىلىۋاتقىنىنى بولسىمۇ ياخشى قىلىشى كېرەك. ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىكى كېرەك. بولمىسا ھەممىسى نۆلگە تەڭ .

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا، سىز باشلىق ئائىلىڭىزدىكىلەرگە ئوتلۇق سالام! سىزنىڭ تەرجىمىھالىڭىز ئارقىلىق سىز بىلەن تونۇشۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ھەر بىر شەرەپ ئىگىسىنىڭ يۈرىكى سۆيۈنمەي قالمايدۇ. ئىشىنىمەنكى سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىز – ئۇلاردىن خەۋەر تاپقان ھەر بىر قەلب ئىگىسىنى ئىپتىخارلاندۇردى . ئۇلار كۆزلىرىنى سىزگە تىكتى. بۇ ئۈمىدلىك كۆزلەر سىزدىن نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە سىز ئاشۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنىنىڭ ئۆچۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىسىز . سىزگە ئالەمچە تەشەككۈر!

سىزنىڭ ھايات مۇساپىڭىز ئاساسىدا، مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە يەكۈنلەپ چىققان «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېڭى تەڭلىمىسى» ھەر بىر ئوقۇرمەننى يېڭى پىكىر مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتتى . «ئۆمۈرلۈك كەسپنى قانداق تاللاش كېرەك» سەرلەۋھىلىك كۆرسەتمىڭىز – كەسىپ تاللاشتا قايمۇقۇپ يۈرگەنلەرنىڭ پىكىر قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتتى. سىزدىن سوئال سورىغانلارغا، ۋاقتى شۇنداق زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەتقىقات خىزمىتىنى قىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ ۋاقىت ئاجرىتىپ ئەستايىدىللىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن بەرگەن ئەتراپلىق، قىممەتلىك پىكىر تەكلىپلەر مۇجەسسەملەشكەن جاۋابلىرىڭىز، ئۇلارنىڭ پىكىر توسقۇنلۇقلىرىنى ئېچىپ، تەمتىرەپ يۈرگەن پىكىرلىرىنى ئىزىغا سالدى. ئۇلارغا ئىلھام ، مەدەت بولدى.

ھەر بىر ئادەم مۇۋەپپەقىيەتكە، يۇقىرى پەللىگە ئىنتىلىدۇ. سۇ پەسكە ئاقىدۇ، ئادەم ئېگىزگە. مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلار مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسىي ئامىلىنى ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلايدۇ. ئىچكى ئامىلنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويىدۇ. مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە ، «پۈتۈن دۇنيا ئورگانىك بىر گەۋدە» بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەم جەمئىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇۋەپپەقىيەتمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئامىلى – كەسىپتە. مەيلى تەتقىقاتچىلار بولسۇن، ئالىملار بولسۇن، داڭلىق سودىگەر، ھۈنەرۋەنلەر بولسۇن ئۇلار ئاشۇ كەسىپنى تۇتقا قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. سىزنىڭ بۇ ئىككى نۇقتىنى باغلاپ تۇرۇپ يېڭىچە پىكىر ئەندىزىسى بىلەن تەمىن ئەتكىنىڭىزگە رەھمەت.

مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسى ئامىلى بولغان كەسىپ ۋە سىرتقى ئامىلغا كېلەيلى . بىزنىڭ بۇ يەردە مائارىپ يارىيار ھارۋىدەك قالاق ھالەتتە. مۇتەئەسسىپ. مائارىپنىڭ تەربىيىلىگەن يارامىلىقلىرى بەك ئاز . بۇ – ھەقىقەت. مائارىپ ئاللىقاچان ماياكلىق رولىدىن ئايرىلىپ قالغان. مەكتەپ پۈتتۈرگەن ياشلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ جەمئىيەتكە چىقىپلا گاڭگىراپ قېلىشى - بۇنىڭ يۈز پىرسەنتلىك دەلىلى. بىرىنىڭ بۇ يەردە كەسىپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاللاش بەك مۈشكۈل. تاللىغان تەقدىردىمۇ مائارىپنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە يەتكۈزۈش ئىقتىدارى يوق.

كەسىپ تاللاشتا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ 50% لا قوبۇل قىلىنىدىغان سانىنىڭ ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ . بۇ بەختكە نائىل بولغانلىرىدىن ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىلا ئۆزلىرى خالىغان كەسىپكە كېلەلەيدۇ . قالغانلىرى بولسا ئۆتكىنىدىن خوش. قايسى كەسىپنىڭ بولۇشى مۇھىم ئەمەس. مەكتەپكە كېلىپ بولۇپ كەسىپتىن قاقشايدۇ. بۇ يەردە مائارىپ كەسىپنى «ئاكاڭ كىمنى ئالسا ، يەڭگەڭ شۇ» قىلىۋەتكەن. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار ئۆزى خالىمىسىمۇ ئوقۇشقا مەجبۇر. چۈنكى بۇ قانداقلا بولمىسۇن كېيىنكى جان بېقىشنىڭ ئاساسى.

كەسپىنى ئۆزى تاللاپ كەلگەنلەرگە كەلسەك – مائارىپ ئۆلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز كەسپىنى توغرا تاللىغىنىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى، چۈنكى بۇ يەردە كەسپىنى توغرا تاللاشنىڭ ئۆلچىمى – تېز خىزمەت تاپقىلى بولىدىغان بولۇش، كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان بولۇش. بۇنداق تېز ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەتتە ئالدىن بىلەر مولا تاپقاقلارمۇ بۇنىڭغا ئاجىز كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ تەقدىرىگە تەن بېرىپ جان بېقىشنىڭ ئاساسىنى ياراتتى.

يۇقىرىقى سەۋەبنىڭ ھەممىسى مائارىپ بىلەن جەمئىيەتتە. مائارىپ ئۇلارنىڭ كۈتكىنىنى بېرەلمىدى. جەمئىيەت بولسا تەتۈر قۇيۇن چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە قۇم تىقىپ تېخىمۇ قايمۇقتۇرۇۋەتتى. شۇ سەۋەبلىك بىزدىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار بەك ئاز چىقتى. ئەلۋەتتە، مېنىڭ بۇ قارىشىم ھازىر جەمئىيەتتە مودا بولۇۋاتقان «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ لايغەزەللىششى، تىرىشماسلىقى، يولدىن چىقىشى، ئۆزىنى تاشلىۋېتىشى ... » دەك قاراشلارنى چەتكە قاقمايدۇ. چۈنكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن بىرەر خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن بىمالال چىققۇدەك بولۇش، كەسپىنى ھەر ھالدا مۇكەممەل ئىگىلەش – ئۇلارغا قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ. بۇنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلاردىن مۇۋەپپەقىيەتنى كۈتۈش ئاقىلانىلىك بولسا بۇ باشقا گەپ.

ئەمدى مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرگە كېلەيلى. بۇ يەردە ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ئوقۇش پۈتتۈرگىچىلىكلا داۋاملىشىدۇ. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن جان بېقىش كېرەك. يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشقا شارائىتى يار بېرىدىغانلار بەك ئاز. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى نېمە ئىش قىلىش، خىزمەت مەسىلىسى باش قاتۇرىدۇ. ئورۇنلىشالىغانلار تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە، ئورۇنلىشالمىغانلار خىزمەت ھەلەكچىلىكىدە قالىدۇ. جەمئىيەت ئۇلارغا ئۇنىڭدىن باشقىنى ئويلىغۇدەك ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. چۈنكى جان بېقىش بارغانسېرى تەسلىشىپ كەتتى. بۇ ھال مەكتەپ پۈتتۈرگەن ياشلىرىمىزدىكىلا ئەمەس، پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئومۇميۈزلۈك ھادىسە.

ئەركىن سىدىق ئاكا ، سىز تەتقىلمىگىزدە پۇرسەتنى تەكىتلەپ ئاجايىپ ياخشى قىپسىز . سىز ئەگەر ئاشۇ چاغدا ياپونىيەگە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىڭىز، مۇشۇ تاپتا «ئامېرىكا ھاۋا قاتنىشى ۋە ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى باشقۇرۇش ئىدارىسى» دا ئەمەس بەلكى جۇڭگونىڭ تراكتور تەتقىقات ئورنىدىمۇ ئىشلىيەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن ئىدى . ( بۇ ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكىنىم ئەمەس). ھەر نېمە بولسا سىز شۇ پۇرسەتكە نائىل بولۇپتىكەنسىز . لېكىن كېيىن ئېيتىمەنكى –ئۇنداق تەلەي ھەم چوڭ –كىچىك ياخشى پۇرسەتلەر بىزگە نېسىپ بولمايدۇ . ئاشۇ مۇۋەپپەقىيەتكە يۈزلىنىدىغان پۇرسەتنى يارىتىش ئۈچۈنمۇ بىز بەك ، بەك تىرىشمىساق بولمايدۇ . مۇۋەپپەقىيەت بىزلەردىن قانچىلىك يىراقلىقتا بۇنىسى نامەلۇم . لېكىن بۇنىڭدىن چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىش – تىرىك تۇرۇپ تەييار گۆرگە كىرىپ ياتقانلىقنىڭ ئۆزى بولماي نېمە ؟

سىز ياخشى تەسىر قوزغىيالىدىڭىز . سىزگە ئاپىرىن ! مەن بۇ خېتىم ئارقىلىق سىزنىڭ تەتقىلمىڭىز ۋە كۆز قاراشلىرىڭىزغا پۈتۈنلەي قارمۇ – قارشى بولمىغان ھالدا ئاقساقاللىق بىلەن بىر كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

مېنىڭچە سىزنىڭ ماقالىلىرىڭىزنى ئوقۇيدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسىنىڭ ئالدىقاچان يەتتىگىسى بولۇپ بولغانلار. غايەت زور غەيرەتكە كېلىپ يەتتىگە ئالماشتۇرماقچى بولغانلارغا ئاپىرىن ئېيتىمىزيۇ ، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئاكىسىغا باغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن تازا ئىشەنچ قىلالمايمىز. ئاشۇ يەتتىگىسى بولۇپ بولغان، يەتتىگىسىدىن قاقشاپ يۈرگەنلەرگە، گاڭگىراپ يۈرگەنلەرگە بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك كېرىكى – قامچا . يەنى – ئۇلاردا تەقدىرىگە تەن بېرىپ ئەمەس، رېئاللىققا دادىل يۈزلەنگەن ئاساستا يەتتىگىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان ئادەمگەرچىلىكنى يېتىلدۈرىدىغان، ئات تاپقىچە ئېشەك مىنەلەيدىغان، مىنگەن ئېشىكىنى ئات تېپىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدىغان، ئېشىكى بولمىسا ماڭالايدىغان، ماڭالمىسا ئۆمىلىيەلەيدىغان، ئات مىنگەنلىرى ئېشەك مىنگەنلىرىنى، ئېشەك مىنگەنلىرى ماڭغانلىرىنى، ماڭغانلىرى ئۆمىلەۋاتقانلىرىنى يۆلەيدىغان، ھەممىسى تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىرىۋالغانلىرىنى تارتىپ چىقىرىدىغان روھنى يېتىلدۈرىدىغان قامچا . بۇ قامچىنى سىزنى ئۇرسىكەن دېگەن ئۈمىد ھەم ئىشەنچتىمەن. سىز بۇ قامچىنى ئۇلارنىڭ يېغىرىغا تەگكۈدەك ، ئۇلارنى ئەندىكتۈرگىدەك، چاپچىتقۇدەك ، سەگىتكۈدەك، ئۇلارغا – مەنزىلىنىڭ بۇ ئەمەسلىكىنى، قانداقلا بولمىسۇن توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەكلىكىنى تونۇتقۇدەك قاتتىق ھەم تورى بىلەن ئۇرۇشقا تىرىشقايسىز . ئەگەر بۇنىڭغا يالغۇزلۇق قىلسىڭىز دىيارىمىزدىكى يۈرىكىدە ئاشۇلار بولغان سىزدەك ئالىيجاناب بىلىم ئىگىلىرى سىز بىلەن ھەمدەمدە بولغۇسى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇگدەپ قالغان تۇلپارلار ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھەددى ئەمەس. ئۇلارغا بوغۇز كەم ئەمەس. كىمى - قامچا . سىز بۇ قامچىنى كېلىشتۇرۇپ ئۇرالىسىڭىزلا ئۇلار يول ئىزدەپ تېڭىرقاپ يۈرمەيدۇ. يول ئاچىدۇ. قاقاسلىق ھەتتا مىخ ئۇستىدىمۇ تۇيىقىدىن ئوت چىقىرىپ چاپالايدۇ. شۇڭلىلا ئۇلاردىن كۆرىدىغىنىڭىز «ياشاشقا ۋە يۇقىرى ئۆرلەشكە ئامالسىز قالغان چىراي» ئەمەس، بەلكى چىلبۆرىلەرنى ئەيمەندۇرگۇدەك سۇرلۇك، ئوت دېڭىزىدىنمۇ يانمايدىغان قەتئىي، ھەر قانداق كۈلپەتنى كۆكۈم – تالقان قىلىۋېتەلەيدىغان قەھرى–غەزەپكە تولغان چىراي بولىدۇ . ئاشۇ چىراينى كۆرگەن كۆنى قۇياشقا قاراڭ نىمىنى كۆرىسىزكىن؟

مەنبەسى: http://www.bilik.cn/?pagetype-bbsthread-and-tid-15318.html

# ئاپتورنىڭ «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» تېمىسىدىكى يازمىلىرىغا چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار

ئىلاۋە: مەن «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» تېمىسىدىكى يازمىلارنى تۆۋەندىكى ئۇيغۇرچە مۇنبەرلەرگە يوللىغان ئىدىم:
bbs.bagdax.cn
bbs.izdinix.com
bbs.misranim.com
bbs.bozqir.top
doctor.cn
bbs.alkuyi.com
www.ejdad.com
www.alganur.cn

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرىگە ئىزچىل تولۇق يوللىدىم. بەزىلىرىگە بولسا بىر مەزگىل شۇنداق قىلدىم. ئەمما مەن يۇقىرىدىكى مۇنبەرلەرگە چۈشكەن ئىنكاسلارنى ئۆز ۋاقتىدا ساقلىۋالماپتىمەن. ئۇ مۇنبەرلەرنىڭ بەزىلىرى تاقىلىپ قالدى. يەقىندا مەزكۇر توركىتابقا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھازىرمۇ ئىشلەۋاتقان مۇنبەرلەرگە چۈشكەن ئىنكاسلارنى يىغماقچى بولۇپ تەكشۈرسەم، «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» تېمىلىرى پەقەت «bagdax.cn» تىلا بار بولۇپ، قالغان مۇنبەرلەردە تاقىلىپ قاپتۇ. شۇڭلاشقا مەن بۇ يەرگە پەقەت باغداشتىكى ئىنكاسلاردىن تاللانغانلىرىنىلا كىرگۈزۈپ قويدۇم. مەن ئۇيغۇرچە تورلاردا مۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇنداق تېز بولۇپ كېتىشىنى زادىلا قىياس قىلمىغان ئىدىم. كۆپلىگەن ئېسىل ئىنكاسلارنىڭ مۇشۇنداقلا يوقاپ كېتىشى مېنى تولىمۇ ئېچىندۇردى. تۆۋەندىكى ئىنكاسلار تەھرىرلەنمەي، ئەسلىدىكىسى ئەينەن ئىشلىتىلدى.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم! مۇئەللىم، سىزنىڭ 80-يىللاردا ياشلىرىمىز ئۈچۈن ئېچىپ بەرگەن ئىزدىنىش يوللىرىڭىزدا نۇرغۇن ياشلىرىمىز جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق زور نەتىجىلەرگە ئېگە بولۇپ مىللىتىمىزنىڭ ئىلىم پاسىبانلىرىغا ئايلاندى بىز بۇنۇڭدىن چەكسىز پەخىرلىنىمىز، سىزنىڭ مىللىتىمىزگە تۆتىۋاتقان مەشئىلىڭىز مەڭگۇ نۇر چاچسۇن.visa

= = =

مىللىتىمىزدىن يېتىشىپ چىققان مۇشۇنداق ئوغلانلارنىڭ خوش خەۋىرى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى لەرزىگە سېلىپ، زور مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلىدىكەن.tokqi123

= = =

توغرا دەيسىز ئەركىنكا، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە نۇرغۇنلىغان ياشلار ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىلگىرىلەش يۈنىلىشىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئېغىر چۈشكۈنلۈككە مۈپتىلا بولماقتا، دەل چۈشكۈنلىشىۋاتقان شۇنداق پەيتلەردە « ئۇيغۇر دىگەن مۇشۇنداق « دۆت خەلق » ، « بىرىنى غاجىلايدىغان خەلق»، «ئىتتىپاقسىز خەلق » دىگەندەك خاتا قاراشلار بەزىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئاقلاشقا باھانە بولماقتا. ئۇيغۇرمۇ ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقىلار قىلغانلارنى چوقۇم قىلالايدۇ. مۇشۇنداق نۇرغۇنلىغان مىساللار ، مەسىلىنى ئۇيغۇردىن ئىبارەت ئومۇمى توپقا ئارتىپ قويماي، جاپاغا دادىل يۈزلىنىپ، نەتىجە يارىتىپ ، ھاياتنى مەنىگە ئىگە قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ دەپ قارايمەن.izdangqi

= = =

ئىقتىساس ئىگىلىرى ۋەتەننىڭ پەخرى، ياخشى تېمىلار ئۈزۈلمىسۇن، ياراتقۇچىمىز تېنىڭلارغا ماغدۇر،ئىشلىرىڭلارغا بەركەت بەرسۇن.otang321

= = =

دىدىمغۇ بىز ئۇيغۇرلار ئەقىللىق دەپ شۇڭا توردىكى بەزىبىر غەم باسىدىغان گەپلەرگە ئەۋلاتلارنىڭ ئىشەنمەسلىكىنى ئۈمىت قىلمەن بىزدىن چۈقۇم مۇشىنداق تالانتلىقلار كۆپ چىقالايدۇ چۈنكى بىزنىڭ گېنىمىز ياخشى.zinnure0992

= = =

بارلىق بىلىم يولىدا ئىزدىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تېنىغا سالامەتلىك، ئىشلىرىغا ئۇتۇق تىلەيمەن، بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ قايمۇقىۋاتقان توپنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئەجرىگە ئاللا رەھمەت قىلسۇن!77777

= = =

ئەسسالام ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئاكا ھازىر ئامېرىكىدا ۋە ياكى باشقا دۆلەتلەردە بولسۇن كۆزگە كۆرۈنگەن پەخىرلىك ئالىملىرىمىز كۆپكەن ھەم يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. مۇمكىن بولسا شۇلار بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىلەر بولسا بىزنىمۇ خەۋەرلەندۇرۇپ قويغان بولسىڭىز. بولسا شۇلارمۇ مۇنبەرلەرگە كىرىپ قېرىنداشلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولسىكەن دەپ ئويلايمەن.bulack

= = =

ھارمىغايسىلەر قېرىنداشلىرىم! بىزدىن سىلەردەك ئوقۇغان ، بىلىملىك كىشلىرىمىز قانچە كۆپ چىقسا شۇنچە ياخشى ! تېخىمۇ تېرىشىڭلار ! لەنىتى ياڭزېڭشىننىڭ ئەبگا روھى تېخىمۇ قورۇنسۇن!ordakent

= = =

ئېلىم-پەننىڭ يوقۇرى چوققىسىغا ئۆرلەۋاتقان پەخىرلىك ئوغلانلىرىمىزغا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، ئەشۇ ئوغلانلىرىمىز ۋە قىزلىرىمىزنى بىزگە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان بىلىمخۇمار ئەپەندىگە ئالي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!uyghari

= = =

يۇقارقى نەتىجە قازانغانلارنىڭ باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالى مەكتەپلەرنى جۇڭگۇنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇمىغانلىقى ئۇلارنى پەقەتلا ئوقۇشقا ئورتاق قىلىپ، ئوقۇمۇتكەن ياكى چەتئەلدە ئوقۇمۇتكەن؟ بۇنى بىر دىۋەتكەن بولسىڭىزكەن.

تەسەدىپى مۇنداق سۇئاللارنى سورىغىنىمدىن ئەپسۇسلانماڭ. چۈنكى ھازىر تورلاردا ‹‹جۇڭگۇ مائارىپى بۇزۇلۇپ كەتتى، ئارقىغا چېكىنىدى، مەكتەپلەر مەكتەپكە ئوخشىماي قالدى›› دىگەندەك گەپلەر سامان نەرقى بولۇپ كەتتى. شۇڭا مەن يۇقارقى نەتىجە قازانغانلارنىڭ جۇڭگۇ مائارىپىدا ئوقۇغانلىغىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. شۇڭا سىزدىن سوردۇم. خاپا بولماي دەپ بەرگەن بولسىڭىزكەن.ilqi62

= = =

ئادەمگە ئىلھام بىرىدىغان ، يۈزلەرنى قىزارتىدىغان يازمىلىرىڭىز ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن، رەخمەت سىزگە ! Uyghurdax

= = =

ئەركىن ئاكا، سىزگە كۆپتىن -كۆپ رەھمەت. بۈگۈنكى ئىككى تېمىنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. ئۇلۇغ ئاللاھ سىزنىڭ ئىككىلى دۇنيادىكى غەملىرىڭىزنى كۆتۈرۈۋەتكەي.desertstorm

= = =

رەھمەت سىزگە ئەركىنكا ... ئۇيغۇردىن پەخىرلەنمىسلىككە يەنە نىمە ئاساسىمىز بار.apandim111

= = =

دۇنيا ئىلىم پەن سەھنىسدە شەرەپ قۇچقان ئۇيغۇرلاردىن پەخىرلەنمەسلىككە ھىچقانداق باھانە كەتمەيدۇ ده!qukkani

= = =

يەنە ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ئالىمىمىزنى تونۇۋالدىم، رەھمەت ئەركىن ئاكا، ھارمىغايسىز .karakulagga

= = =

شۇنىڭغا قارىغاندا بىر ئادەمنىڭ قانداق نەتىجىگە ئىرىشىشى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق بولۇپ، مائارىپنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق ئەمستەك قىلىدۇ. پەلسەپە نوختىسى بويىچە قارىغاندا ‹‹ئىچكى سەۋەپ زىددىيەتنىڭ ئاساسى››كەن، شۇنداقمۇ؟ ئاڭلىشىمچە مەدىنيەت ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىكى مائارىپ‹‹يېرىم ئوقۇپ، يېرىم ئەمگەك قىلىدىغان مائارىپ››كەن: مەدىنيەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدىكى

مائارىپ‹‹يېرىم ئۇقۇپ، يېرىم ئىنقىلاپ قىلىدىغان مائارىپ››كەن: مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدىكى مائارىپ يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددە بېرىش سىياسىتى ئۇمۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇۋاتقان يىللار بولغاچقا مەكتەپلەرگە بالا كەلمەسلىك مەسىلىسى ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتى ئاساسەن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان مائارىپكەن. دىمەك بىز بىرقەدەر مۇكەممەل مائارىپقا ئىرىشكىلى ئەمدىلا 20 نەچچە يىللار بولۇپتۇ. دىمەك يۇقارقى تىمىدىكى نەتىجە قازانغانلار چوقۇم مۇشۇ يېقىنقى 20 نەچچە يىللار مابەينىدە ئوتتۇرا- باشلانغۇچ ۋە ئالى مەكتەپلەرنى جۇڭگۇدا ئوقۇغانلاركەنده؟ ilqi62

= = =

كۆپ رەخمەت. بالامنى چوقۇم ياخشى تەربىيلەيمەن.atakan

= = =

چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەتىجىسى مەيلى قانچە ئۇلۇغ بولسۇن ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەتىجىسى بولمىسا ئۇيغۇر يەنە شۇ بۇرۇنقى ئۇيغۇرputin .

= = =

كۆپتىن -كۆپ رەھمەت . ئۇلۇغ ئاللاھىدىن سىزىگە تېخىمو زور ياخشى تەتىجىلەرنى تىلەيمەن. سالامەت بولۇڭ ، مەنمۇ چوقۇم باللىرىمنى ياخشى تەربىيلەشكە ئاللاھىدە كۈچ چىقىرىپ ، تىرشچانلىق كۆرستىمەن. desertstorm

= = =

ئەركىنكا، ئالدى بىلەن چەت ئەلدە ۋەتىنىمىزنىڭ ئاقسۇ دىيارىدىن چىققان دوكتۇرلارنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرىۋاتقانلىقىڭىزدىن سىزگە بولغان قايىللىقىم تېخىمۇ ئېشىۋاتىدۇ. ئېھتىمال، يۇرتىڭىزدىن ئايرىلىش ئېلىپ كەلگەن سېغىنىشنى مۇشۇنىڭ بىلەن بېسىۋاتقانسىز ياكى مۇشۇ يۇرتتىن چىققان دوكتورلارغا بولغان قايىللىقىڭىزنى ئىپادىلەۋاتقانسىز. ھەر ھالدا، سىزنى بۇ يەردە يېڭى بىر ئىلىم پەن نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىۋاتىدۇ دەپ قارىمايمەن.jighan

= = =

بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز بولۇشقا لايىق كىشىلەر ئىكەن.مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپرەك چىقىپ ياشلارغا ئۈلگە بولىشنى چىن دىلىمدىنئۇمىد قىلىمەن.ilterbir107

= = =

قابىلىيىتىمىزنىڭ ئەھۋالاتىدىن بىزنى خەۋەردار قىلىۋاتقىنىڭىزغا كوپلەپ تەشۈككۈرلەر بولسۇن!turan

= = =

باللارغا غايە بەلگىلەپ نىشان بويىچە تەربىيلەشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. رەھمەت !sewriyar

= = =

مېنىڭچە دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەتتىن بولغان بىلىمدار كىشى ، ئۆز ۋەتىنى ، ئۆز مىللىتى ۋە ئۆز يۇرتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھبە قوشىشى كېرەك ئىدى.بىراق ئۇشبۇ تېمىدا تىلغا ئېلىنغان قېرىنداشلىرىمىز نىمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلالمايدۇ ؟ ۋە ياكى ئۇشبۇ توپراق ئۇلارنى سىغدۇرالمامدۇ ؟ بۇ كىشىنى قاتتىق ئويغا سالىدىغان بىر ئېغىر مەسىلە .sarsan_8

= = =

كىم ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇپ شۇ ھالەتكە يەتكۈزىدۇ؟ تەتقىقاتىغا شۇنچىلىك مەبلەغنى كىم سېپ بېرىدۇ؟ دەيدىغان مەسىلە بار، مەن دۆلىتىمىزنىڭ چۈششىگىمۇ كىرمىگەن تۈرنى ۋاگىيى قاتارلىق بىلوگۇمدا ئېلان قىلغاندا شەخسىلەردىن قىزىققانلار ئاز، دۆلەتنىڭ تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن كۆڭۈل بۆلۈپ تىلفون قىلىپ ئۆدۈللا ئىش پرىنسپىنى سورىغانتى.

نەدە بولسۇن قوللاشقا ئېرىشكەن يەردە تەرەققى قىلسا ئاخىرىدا يەنىلا ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشقان بۇلىدۇ.ablimitt

= = =

دېگىنىڭىز بەرھەق . مېنىڭ دېمەكچى بولغۇنۇم سىز دېگەندەك ئۇشبۇ تۇپرىقىمىزدا بىلىملىكلەرنىڭ قەدىرىگە يەتكۈدەك ، ئەتىبارلىقىدەك بىر سورۇن بولغان بولسا كاشكى ئۇلارمۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا

دىيارىدا ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان بولاتتى . مېنىڭ ئەپسۇسلۇق ئىچىدە شۇنداق دېگىنىم . sarsan_8

= = =

رەخمەت سىزگە بىلىمخۇمار ئەپەندى سىزگە،ئالداراشچىلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ مىللىتىمىز ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان پەخىرلىك كىشىلىمىزنى تونۇشتۇرۇپ كېلىۋاتىسىز،ئەجرىڭىزگە خەلقىمىز رەخمەت ئېيتىدۇ.

بۇ بىر ياخشى باشلىنىش بولدى دەپ قارايمەن،مەن ھەر قېتىم سىزنىڭ مۇشۇنداق ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئۇتۇق قازانغان قېرىنداشلىرىمىز تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلىرىڭىزنى كۆرگەندە خوشاللىقتىن كۆزلىرىمگە ياش كېلىدۇ، ئىپتىخار ياشلىرىنى توختىتالماي قالىمەن،مېنىڭ يېشىم 47لەرگە بېرىپ قالدى، ئۆزۈمدىن نەتىجە قازىنىشقا قارىتا چوڭ ئۈمۈتلەر بولمىسىمۇ،بىراق پەرزەنتلىرىمنى ياخشى تەربىيەلەپ، ئۆزۈم ئەمەلگە ئاشۇرۇشغا ئامال بولمىغان ئارزۇ-ئۈمۈتلىرىمنى ئاشۇ 2پەرزەنتىمنى ياخشى تەربىيەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلاۋاتىمەن. ئوغلۇم ھازىر چەتئەلدە ئوقۇۋاتىدۇ،قىزىم بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ،خۇدا بۇيرىسا قىزىمنىمۇ چەتئەلدە ئوقۇتۇش پىلانىم بار.سىزنىڭ بۇ ماقالىلىرىڭىز بىزگە زور ئۈمۈتلەر ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىۋاتىدۇ، مۇشۇنداق نەتىجىلىك قېرىنداشلىرىمىزنى تونۇشتۇرىدىغان ماقالىلىڭىز توختاپ قالمىغاي،سىزگە سالامەتلىك ۋە زور ئۇتۇقلار تىلەيمەن!tokqi123

= = =

ئەركىن ئاكا رەھمەت

بۇ پەخىرلىك كىشىلىرمىزنىڭ ئىش ھەركەتلىرنى ئۇتۇقلىرنى يوللىغانلىقىڭىز بىز ئۈچۈن كۈچ قۇۋۋەت ۋە تۇرتكە سالامەت بولغايسىزyoluchi .

= = =

بۇ ئۈچ كىشى مول ھوسۇللۇق تەتققاتچىلاركەن، پەخىرلىنىشكە ۋە ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.tewelgha

= = =

ئالامەت تەسىر قىلدى ما تىما.بىلىمخۇمار ئاكىمىزغا رەخمەتsoser .

= = =

ۋاھ..اا نىمە دېگەن كۆپ تالانتلىق ئۇيغۇرلار بۇ، ھەي ئىسىت ...ھەممىسگە شارائىت تولۇق بولغان بولسادۆلتىمىزدە.amanxahar

= = =

تېما ئىگىسىگە كۆپ تەشەككۇر، بەكمۇ سۆيۈندۈم ئۇ ئالىملىرىمىزدىن.janbaz1956

= = =

بارىكاللا! بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز بۇلۇشقا لايىق كىشىلەر ئىكەن. مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپرەك چىقىپ بىز ياشلارغا ئۈلگە بۇلىشنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.yueguang

= = =

مۇشۇنداق ماقالىلارنى ئوقۇسام ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ باشقىدىنلا قولۇمغا كىتاپ ئېلىپ ئوقۇشنى باشلىغۇم كېلىپ كېتىدۇ ... ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان يوق ... كەينىمگە قاراپ ئۇھ تارتىمەن، چوپچوڭ بويىغا يېتىپ قالغان قىزىمنىڭ پايپىغىنى ئانىسى يۇيۇپ بېرىۋاتسا.ixtningkuqigi

= = =

ئابلىز ئابدۇقادىر ئاكامنىڭ ئىش ئىزى ماڭا ئۈمۈد ئاتا قىلدى، مەنمۇ شىنجاڭ تېببىي ئۇنۋېرسىتىتىدا ئوقۇۋاتىمەن، ئاللاھ خالىسا مۇشۇ 6-ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرىمەن، ھەمدە ياپونىيەدە ئوقۇش توغرۇلۇقمۇ خېلى كۆپ ئويلىنىۋاتاتتىم، رەھمەت سىزگە بىلىمخۇمار ئاكا.bxboy

= = =

بۇ تەقۋا ئاغىنىمىز يەر يۈزىدە نېمىگە كۆرۈنمەيدىكىن دېسەم ئېلىم كۆكىدە پەرۋاز قىلىۋېتىپتۇ ئەمەسما..!
ئاپىرىن ئابلىز ساڭا ، سېنىڭ بىلەن 7-ئوتتۇرىدىكى كونا قارياغاچنىڭ سايىسىدە كالتەك تۈتۈپ تۇرغان چاغلارئۈچۈن پەخىرلىنىمەن.

بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ مۇشۇ يۇرۇشلۇك تېمىلىرى ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك ئەمگەك بولاپتۇ. بۇنى بۈگۈن ئېنىق ھېس قىلدىم. بىر ھەپتە نېمىشقىكىن ھېچ ئىشىم ئاقماي بىر خىل بوشىشىپ قالغان بۇتېمىدىن قايتا

غەيرەتكە تولدۇم. غەيرەت-ئىرادىلىرىمىزنىڭ بەرىكىتى  ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئاكا، ئۇيغۇرنىڭ غەيرىتى ئۇچۇن ئامان بولۇڭ.urkex

= = =

بىزدەك ئاسپىراتلىقتا ئوقۇۋاتقانلارغا ناھايىتى روھى ئوزۇق بولىدىغان تىما ئىكەن ، بۇندىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق يۇقىرى ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خەۋىرىنى بىز بىلەن ئورتاقلىشىپ تۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.dadil

= = =

بىز ئۇچۇن جاپالىق ئىزدىنىپ، ناھايىتى ئېسىل تېمىنى يوللىغىنىڭىزدىن چەكسىز سۆيۈندۇم، قېرىندىشىم! قەلەم تۇلپارىڭىز ھارمىغاي، سىز ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىگە، شۇنداقلا دوكتۇر ئابلىز ئابدۇقادىر، ئەركىنئاي ئابلىز قاتارلىق چەتئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قېرىنداشلىمىزنىڭ ئامان-ئىسەنلىكى ۋە بارلىق ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا تىلەكداشمەن!hon

= = =

بىلىمخۇمار ئەپەندى، سىزنىڭ چەتئەللەردە مىللىتىمىزنى نامايەن قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇپ كەلگىنىمىزگە كوپتىن-كوپ رەھمەت. بۇقىتىم مەخسۇس دېئابىت كىسىلى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ئابلىز ئابدۇقادىر ئەپەندى بىلەن ئۇچىراشتۇرغىنىڭىزغا بەك خۇشال بولدۇم. مەن 20 يىللىق دىئابىت كىسىلى ، شۇڭا بۇخەۋەرنى كۆرۈپ روھىم كۆتىرلىپ قالدى.mirza1

= = =

توشاقكەن بۇ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزمۇ چەتئەلدە، نەتىجە قازىنىپ پاھ پاھ ھەجەپ ياخشى.kuxlan

= = =

ئابلىز ئەمەت ئاكا، جۇمەخان ئاچا! سىلەر بېلقىز ئابلىز، ئەركىناي ئابلىز، گۈلى ئابلىز، ئىپارگۈل ئابلىز قاتارلىق ئىقتىدارلىق پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈپتىكەنسىلەر.ھازىر ھەممىسىلا ئامىرىكىدا ھەرخىل كەسپلەر بىلەن شۇغۇللۇنىۋاتىدۇ. يەنە سىلەرنىمۇ يېنىغا ئېپچىقىپ كېتىپ داۋالىتىۋېتىپتۇ. ئاللاھ ئۆمرۈڭلەرنى ئۇزۇن قىلسۇن.adila523

= = =

ھاياتنىڭ قەدرى قىممىتى بىلەن ياشاۋاتقان مۇشۇقېرىنداشلىرىمنى كۆرسەم گويا مەن يەرشارىغا يۈك بۇلۇپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. چەتئەللەردىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تىنىگەسالامەتلىك ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بۇلىشىنى رەببىمدىن تىلەيمەن.tewipjan

= = =

ھەر قېتىم،ھەر تىمىڭىزنى ئوقۇسام ‹‹سىزنىڭ ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى باشقا ئىنسانلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئەقىللىق. دۇنيادىكى باشقا كىشىلەر قىلالىغان ئىشلارنى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدۇ.››دىگەن گىپىڭىزگە چىن دىلىمدىن قايىللىقىم ئاشىدۇ.ئىشلىرىڭىزغا يەنىمۇ ئۇتۇق ،تىنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن.tarim-kusan

= = =

ئالامەت ئالامەت بەك سۆيۈندۈم، مۇشۇنداق قىزىمىزنىڭ بارلىقىدىن بىزنى خەۋەرلەندۈرگەن ئەركىن ئەپەندىگە رەخمەت، ھارمىغايسىز، نادىر تىمىلىرىڭىز ئۈزۈلمىسۇن. ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا ئىلىم پەن ساھاسىدىمۇ ئاز بولسىمۇ تۆھپە قوشۇۋاتقىنىنى كۆرسەكمۇ ، ئاڭلىساقمۇ بىر ھوزۇر بولىدىكەن. شۇ چۈشكۈنلۈشۈپ قايانغا مىڭىشىنى تاپالمايۋاتقان ياشلىرىمىزغا يورۇتقۇچى ماياك ،مىللىتىمىزگە تەسەللى بولىدىكەن. تەشەككۇر تەشەككۇر . ياراتقۇچىمىز ئىشلىرىڭىزنى بەركەتلىك قىلسۇن، تىنىڭىز ساق بولسۇن.gulamay

= = =

ئەسسالام ئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا مەن سىزنىڭ تېمىڭىزنى باشتىن ئاخىر كۆرۈپ كىلىۋاتىمەن .ھەم نۇرغۇن روھى ئوزۇق ئالدىم.بىز ئۇچۇن شۇنچە ئالدىراش بولسىڭىزمۇ ۋاختىڭىزنى چىقىرىپ ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىڭىزغا روھى ئۇزۇق ھەم ئىشەنچ ئاتا قىلىدىغان تېمىلارنى يوللاپ تۇرغىنىڭىزغا كۆپتىن كۆپ تەشەككۇر ئېيتىمەن .

تېمىغا مۇناسىۋەتسىز بىر ئىشنى سوراي سىزنىڭ پىسخولوگىيلىك ئۆرۈش دىگەن تېمىڭىزنى داۋامىنى شۇنداق ئۇقۇغۇم بار ئىدى . مۇمكىن بولسا شۇنى بىر يوللاپ ئەۋەتكەن بولسىڭىز salam101 .

= = =

تىرىشىش تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ دىگەندەك ياشاپ كەت ئەزىز تىنىڭلار ئامان بولغايbarqin .

= = =

بىلىمخۇمدار ئەپەندىنىڭ ئەجىرىگە كۆپ تەشەككۇر !! ياشلىرىمىز چەتئەللەردىكى ئىختىساسلىقلىرىمىز بىلەن تونۇشسا بىرىنچىدىن ، مىللى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسغا چۆمىدۇ ، ئىككىنچىدىن ،ئۆزىنى ھەم پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ، بۇ جەھەتتە ئايانماي مەبلەغ سالىدىغان بولىدۇ . ئۈچۈنچىدىن ، باشقىلار قىلالىغان ئىشنى بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەندۇرگىلى بولىدۇ ، تۆتىنچىدىن ، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ، ھەممەيلەننى بىلىم-مەرىپەت ئىگىلەشكە رىغبەتلەندۇرگىلى بولىدۇ .MIH

= = =

« ئاتالغانلارنىڭ ئاسمىنىدا يوق يۇلتۇز ، ئاتالمىغانلارنىڭ ئالقىنىدا نۇرلۇنىدۇ». بىزگە مۇشۇنداق روھىمىزنى كۆتۈردىغان، مىللى ئىپتىخارلىقىمىزنى ئۇرغۇتىدىغان تىملار كۆپرەك لازىم . بىلىمخۇمار ئەپەندىن ئاللا ئىشلىرىڭىزنى تىخىمۇ ئۇتۇقلۇق قىلسۇن .abral12

= = =

بۇلارنى بىلىمخۇمار ئاكىمىز تونۇشتۇرمىغان بولسا بىلمەسكەنمىز ، چەتئەلدىكى نەتىجەقازانغان ئۇيغۇرلىرىمىز ئۇيغۇر ئۈچۈن نىمە ئىش قىلىپ بەردى ۋېيسبوك بىلەن گوگېلنىڭ ئالدىدا رەسمگە چۈشۈشتىن باشقا ئىشلىرىنى ئۇقمايدىكەنمىز(ئازبىرقىسمىنى ھېساپقا ئالمىغاندا) دۇنياۋى داڭلىق ITشىركەتلىرىدە ئىشلەپ تۇرۇپمۇ ئۇيغۇر ئۈچۈن تىرناقچىلىك تۆھپە قوشالمىغانلاردىن ۋەتەندىكى پارتىزان تورچىلارنى ئەلا بىلىمەن، يۇقارقىلاردىن بىرسى تېخى گوگېل نىڭ ئاندروئىت ئېچىش گورۇپپىسىدا ئەمەلدار ئوخشايدۇ .ئەگەر مەن بىلىدىغان بىلىمخۇمار،بىلگەجان،تاشپولاتكاملاردەك يۇرىكىنىڭ بىر بۇرجىكى ئۇيغۇر ئۈچۈن سوققان بولسىدى ئاندىروئىد سېستىمىسىغا 10مىليۇندىن ئارتۇق ئادەم ئىشلىتىدۇ، ا دەپمۇ بولسا ئۇيغۇرچە خەت نۇسقىسىنىمۇ بولسا قاتقۇزغان بولاتتى، شۇڭا دەيمەن ئۇ خانىملار مېنىڭ بالامنىڭ ئۇگۇنۇش ئۇلگىسى بولالمايدۇ،

ئادەم تىللايدىغانلار ئۈچۈن بوپبەردىممۇ دەيمەن ئەمدىirpan0998 .

= = =

ئۇلار ئۇيغۇر ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بەرسۇن بەرمىسۇن ئۇلار ئۇيغۇرلاردىن چىققان يارامىلىق ئىنسانلار، شۇڭا ھەربىر ئۇيغۇر مىللەت ئۈچۈن ئىش قىلىمەن ئەمەس بىر يارامىلىق ئادەم بولۇپ ئۆز رولىنى دۇنيانىڭ ھەرقانداق يىرىدە جارى قىلدۇرالىسا شۇنىڭ ئۆزى مۇۋەپپەقىيەت،ئەكسىچە ئۇلاردىن بىرنىمە تىلەش نومۇس.تىخمۇ نومۇسلۇق ئىش ئۇلارنىڭ قولدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلىش.dadil

= = =

قەھرىمانلار ئۇرۇش دەۋرلىرىدىلا بارلىققا كەلمەيدۇ.بەلكى ھازىرقى دەۋردىكى پەن-تېخنىكا، ئۇچۇر جېڭىدىكى ئۇشبۇ ئېسىل قىزلىرىمىزمۇ بىر قەھرىمانلاردۇر. رەھمەت سىزگە ئەركىن ئاكا،سىز ئۇيغۇرلۇق بۇرچىڭىزنى چوڭقۇر مەنىلەرگە ئىگە قىلىۋاتىسىز. مەن ئىشىنىمەن خەلقىمىز سىزنىڭ بۇ ئەجرىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ.apandim111

= = =

ئالدى بىلەن ئەركىن ئاكىغا رەھمەت!

مىللەتكە بىر ئىش قىپ بېرىش سوبېكتىپ ئاڭدىكى مەسىلە، يەنى مۇنداقچە قىپ ئېيتقاندا ۋىجدانىي تۇيغۇ دائىرىسىدىكى ئىش، ئەمما ھېچكىمنىڭ مىللىتىگە بىر ئىش قىپ بېرىش مەسئۇلىيىتى يوق، بىرەرسىگە «مىللىتىڭگە بىر ئىش قىپ بەر» دەپ تەلەپ قويالمايمىز. بىز پەقەت قىلسا سۆيۈنىمىز، قىلمىسا ئۆزىنىڭ ئىشى. بەزىلەرنىڭ مىللىي غۇرۇرى مۇشۇ ئاددىي مەسىلىنىمۇ خىرەلەشتۇرۇپ قويۇپتۇ.ebrar

= = =

تېمىڭىزنى سۆيۈنۈپ ئوقۇدۇم، سىزگە كۆپ رەھمەت، سىزنىڭ مىللىتىمىز ياشلىرىنى توغرا دۇنيا قاراش نىڭ تۇرتكىسىدەدۇنياغا تونۇلغان ئادەم بولۇش ئىستىكى بىلەن تەربىيەلىگىنىڭىز ھەممىمىزنى خوشال قىلىدۇ. مىللەتكە ھەقىيقى مەسئۇل بولۇش مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.مەشھۇر ئادەم بولۇش ئۈچۈن مەشھۇر ئادەملەرنى ئۆرنەك قىلىش كىرەك، بۇ خىل تەربىيەنىڭ ئىلمىي رولى بىر مائارىپنىڭ رولىغا باراۋەردۇر. سىزنىڭ شۇنچىۋالا قىممەتلىك

ۋاقىتلار ئارىسىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۈمىدۋار ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن بۇنداق ئەھمىيەتلىك يازمىلارنى يېزىپ ئەۋەرتكەنلىكىڭىزگە كۆپتىن -كۆپ رەھمەت.baturkarahan

= = =

چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى بىۋاستە مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار شۇ دۆلەت، شۇ رايوندىكى خەلققە خىزمەت قىلىپ ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئۇيغۇر دەيدىغان مۇشۇنداق بىر مىللەت باركەن دەيدىغان تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ پەندىمۇ ، دىندىمۇ ناھىيىتى ساۋاپلىق ئىش ھېساپلىنىدۇ.بىزمۇ باشقىلار ئىجات قىلغان لامپۇچكا ، تېلفۇنلارنى ئىشلىتىۋاتىمىز ، ئايروپىلانلاردا ئولتۇرىۋاتىمىزغۇ ؟ چەتئەلدىكى قېرىنداشلىرىمىز ۋەتىنىنى، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست خەلقىنى ھەر مىنۇت ھەر سىكونت سېغىنىدۇ. خەلققە ئازىراق بولسىمۇ خىزمەت قىلىشنى ، ھېچ بولمىسا ئۇلارنىڭ ئابروينى بولسىمۇ كۆتۈرۈشنى ئۈمۈد قىلىدۇ ، ناۋادا ئۇلار بىزنىڭ بەزى ‹‹ ئىنكاس›› لىرىمىزنى كۆرسە قانچىلىك ئازاپلىنىپ كېتەر-ھە !!MIH

= = =

ئۇيغۇرلارمۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى، دۇنيانىڭ قايسى جايلىرىدا بولسۇن ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنى ئۇيغۇر ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنىدۇر، ئۇيغۇرنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلغىنى ئۇيغۇر ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنىدۇر، بىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوقۇپ بىلىم ئېلىۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان، ياشاۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر قىرىنداشلىرىمىزغا ئۇتۇق ۋە شەرەپلەرنى تىلىشىمىز ،تۇرمۇشىغا بەخت-ئامەت تىلىشىمىز كىرەككى ، ھەرگىزمۇ ئۇلارغا ئورۇنسىز تەلەپلەرنى قويماسلىقىمىز كىرەك. بولسا ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىن ‹‹ مەن ئۇيغۇرغا نېمە قىلىپ بېرەلىدىم؟ نېمىلەرنى قىلىپ بېرەلەيمەن؟›› دېگەن سۇئاللارنى سوراپ تۇرۇشىمىز كىرەك. ئاندىن باللىرىمىزغا ‹‹ سەن ئۇيغۇرنىڭ بالىسى ئۇيغۇرغا نېمە قىلىپ بېرىشنى ئويلىدىڭ؟ نېمە قىلىپ بېرەلەيسەن؟›› دېگەن سۇئاللارنى قويۇپ تۇرشىمنى ئادەت قىلىشىمىز زۆرۈر بولسا كىرەك ‹‹ ئىرپان 0998›› دوستۇم.baturkarahan

= = =

ئوقۇپ بەكلا ھەيران قالدىم،شۇنىڭغائىشەندىمكى بىز دە يەھۇدىيلارنىمۇ بېسىپ چۈشكۈندەك ئەقىل بار ئىكەن. تىرىشچان ئاشۇ قىزلىرىمىزنىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەش بىلەن بىرگە بارلىق ئۇيغۇر قىزلىرنىڭ ئۇلاردىن ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.رەھمەت! دۇنيانىڭ ئىشكى بىز ئۈچۈنمۇ ئوچوق!kuxlan

= = =

بۇ ماقالىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىسكەن،بىلىمخۇمار ئاكا تونۇشتۇرىدىغانغا چەتئەلدە مۇۋاپپىقىيەت ۋە غورۇر بىلەن ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار تېخىمۇ كۆپەيسكەن ، ۋە شۇنىڭ سايىسىدە يۇرتىمىزدا توپا باسقان مىسكىن چىرايلارغا كۈلكە يۈگۈرسكەن دەپ خىيال قىلىدىغان بوپ قالدىم.urkex

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! ئەركىن ئاكا ! سىز بىزگە زىيالى دىگەن سۆزنىڭ چىن مەنىسىنى ھەقىقى ھىس قىلدۇردىڭىز . سىز بىزگە ئۈمىد، ئىشەنچ، غۇرۇر، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بەردىڭىز ، ئاللا ئىگىمىز تېنىڭىزنى ساق ، يوللىرىڭىزنى راۋان ، ئائىلىڭىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن ،ئامىن ! freelife

= = =

ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئاكا،ئاللاھ ئىشلىرىڭىزنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن.سىزنىڭ يازمىلىرىڭىزنى دائىم ئوقۇپ تۇرىمەن، سىزنىڭ گەپلىرىڭىز ماڭا بەك ئىلھام بولىدۇ.مۇشۇنداق نادىر يازمىلارنى ئوقۇپ تۇرسا ئادەمنىڭ ئۆزىگە ھەم كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىمۇ تىخىمۇ بەك ئاشىدىكەن.ئىنسانچىلىقتا ئادەم ھەر خىل سىناقلارغا دۇچ كىلىدىغان گەپكەن،گاھ مەن تاغدا يۈرسەم گاھ سىز باغدا،مەن ماڭسام سىز يۈگۈرەپ دىگەندەك...... مۇشۇ جەرياندىكى كۆز قاراش،بىلىم دائىرىدىمۇ ئادەمدە روشەن پەرقلەر مەۋجۇت بولىدىكەن.تۇرلۇك قيينچىلىقلار ئالدىدا باش ئەگمەي مۇۋاپپىقىيەت قازانغان ھەم مۇۋەپپىقىيەت ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئۇستازلارغا،قىرىنداشلارغا ئۇلۇغ ئاللاھتىن غەلبە ۋە ئاسايىشلىق نىسىپ ئىتىشنى تىلەيمەن.ئىككى دۇنيالىقتا ئەزىز ئۆتكەيسىلەر. بىلىمخۇمار ئاكا ماڭا ئىلخەت ئادىرىسىڭىزنى قالدۇرۇپ قويسىڭىز، مىنىڭ سىزدىن مەسلىھەت ئالىدىغان مۇھىم بىر ئىشىم باتتى،ئاللاھ ئىشلىرىڭىزنى ئاسان قىلسۇن. yasinjan354

= = =

ئوقۇرمەنلەرگە شۇ نەرسە ئېنىق بولسۇنكى، ئەركىنكامىنىڭ يېزىۋاتقانلىرى پەقەت ئۆزى ئوقۇغان كەسپتە ئاز-تولا نەتىجە قازانغان ئۇيغۇر دوكتۇرلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مىللەت ئۈچۈن ئوقۇغانلىقى ناتايىن. مىللەت ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىقىمۇ ناتايىن. چۈنكى، دوكتۇر بولۇش چوقۇم مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن دوكتۇر بولۇش شەرت ئەمەس.jighan

= = =

مەنمۇ ھەرقېتىم تېمىلىرىڭىزغا نەزەر سالغىنىمدا ، ئۆزمىللىتىمىزدىن بولغان مۇشۇنداق ئالىملىرىمىزدىن تەسىرلىنىپ، ئىختىيارسىز چاناقلىرىم نەمدىلىدۇ!!! دوستلار ، قېرىنداشلار، مەيلى قەيەردە بولايلى، ھۇشىمىزنى تېپىپ، ئىلىم-پەن بېغىدا پەرۋاز قىلايلى ، ئىلىم-پەندىكى نەتىجىلىرىمىز بىلەن دۇنيانى تاڭ قالدۇرايلى !!!ئاڭلىغان، كۆرگەن كىشىلەر ئۇيغۇرلار دىگەن ئەجەپ ئەقىللىق، قابىل ، مەرپەتلىك مىللەت ئىكەن، دەپ قالسۇن !!!چەتئەللىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىش، ئىمپورىت يىمەكلىرىكلىرىنى يىيىش، چاتاق چىقىرىپ، جىدەل-ماجىرا قىلىش ، كونىلىقنى جېنىمىزنىڭ بېرىچە قوغداش ، ھەدىسە ، ھۆكۈمەتتىن ئاغرىنىش توغرا ئىش ئەمەس. قۇرسىقىمىزدا ئۇماچنىڭ تايىنى، يانچۇقىمىزدا پۇلنىڭ تايىنى يوق تۇرۇپ ، چەللىدە ئات چاپتۇرمايلى !!! باشقىلاردىن نوچىلىقنى بىلىمدە، تېخنىكىدا تالىشايلى!!! مەن ھەرقېتىم ئىلىم-پەن ئىگەللەش توغرىسىدا ئويلانسام ، ئاتۇشلىقلارنىڭ باللىرىنى ئوقۇتۇش جەھەتتىكى ئىلغار ئىدىيىلىرىنى ماختىغۇم كىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ‹‹ بىر مەھەللىدە بىر ئائىلىنىڭ بالىسى داشۆدە ئوقۇسا، ھەممەيلەن پەخىرلىنىدۇ. بىر ئائىلە بالىسىنى ئوقۇتۇشتا ، ئىقتىسادتىن قىينالسا، ھەممە ئائىلە ياردەم بىرىدۇ. ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرى كۆنلۈك مەدىكار ئىشلىسىمۇ، باللىرىنى ئوقۇتمىسا ئۇنىمايدۇ.›› نېمىدىگەن قىممەتلىك روھ ھە ! ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ بىلىمى كالتە بولسا چاغلىق، بىراق باللىرىمىزنىمۇ شۇنداق قىلىپ قويمايلى !!! ئىنسانىنىڭ قەدىرى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن كۆكلەيدۇ !!!abulatzan

= = = (6)= = =

سىزىگە كۆپتىن -كۆپ تەشەككۇر. ئۇلۇغ ئالله سىزىگە كاتتا نەتىجىلەرنى ئاتا قىلغاي. يازمىللىرىڭىزغا دائىم دىققەت قىلىپ، تولۇق ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. ھەم باللىرىمغىمۇ يەتكۈزۈپ تۇرۋاتىمەن. بەكمۇ سۆيۈندۇق. رەھمەت!desertstorm

= = =

ئۆز ئارزۇسى ئۈچۈن تىرىشىپ ئالغا بىسىۋاتقانلار ياخشى كۈن كۆردۇ ، تۇرمۇشى بەختلىك ئەۋلادى پەزىلەتلىك بولىدۇ...

ھەممىمىزنىڭ ئۆز ئارزۇيىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى، ئۆزىمىز قىلىۋاتقان كەسىپ ۋە خىزمىتىمىزدىن مۇۋاپىقىيەت قازنايلى روھلۇق ، چۈشقۇن بولۇپ ئەتراپىمىزدىكىلەرگە ئۈلگە بولايلى ، تىرىشىۋاتقانلاردىن ئىشىپ كىتەيلى...

ئىشنىڭ چوڭ كىچىك بولىشى مۇھىم ئەمەس ،...

رەھمەن ئاكا : بۇ تۈردىكى يازمىللىرڭىزدىن كۆپ تىرىشچان ئۇيغۇر قىرىنداشلارنى بىلىۋالدىم . بەك خوش بولدۇم ھەم ئۇلاردىن ئىلھام ئالدىم .

مىللەتكە بولغان كۆز قارشىڭىز ۋە ئەخلاقى روھىڭىزدىن سۆيۈندىم .

خىزمەت ۋە تەتقىقاتىڭىزنىڭ ياخشى بولىشىنى سىزنىڭ تىرىشىپ كۆپلەپ نەتىجىگە ئىرىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن ، zilba

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،بىلىمخۇمار ئاكا،سىزنىڭ مىللىتىمىزنى،ئانا تۇپراقنى چىن دىلىڭىزدىن سۆيگىنىڭىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە سۇنغان بۇ تىرىشچان تۆھپىكارلىرىمىزنىڭ روھى ھەقىقەتەنمۇ ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىكەن،بىز ھەممە زىيالىلار سىزدەك ئىتقاتلىق،مەسئۇلىيەتچان،تىرىشچان،بارلىقىنى كەلگۈسىمىزنىڭ پارلاق بۇلىشى ئۈچۈن ئاتىيالايدىغان بولساق دىگەن ئۈمىتتىمەن،شۇندىلا بىزنىڭ بۇ روھىيتىمىزدىكى ئۈمۈتسىزلىك، تەشۋىشلىنىشلەر ... نىڭ تۈگىشىگە ياردىمى بولارمىكىن دەپ ئويلايمەن،بىز ياشلاردا بۇ خىل سىزدىكىدەك روھ كەمچىل بوپ قالسا كەلگۈسىمىزدىنeqinimen .

= = =

بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ بۇ قېتىمقى يازمىسىدا يېڭىلىق باركەن، ئۆزىنىڭ قىسقىچە مۇلاھىزىسى بىلەن زىيارەت قىلىنغۇچىنىڭ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا ئېيتىدىغان يۈرەك سۆزلىرىنى قوشۇپتۇ .مەن رىقابات ۋە خىرىس كۈندىن كۈنگە  كەسكىن بولىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا بىلىم ۋە ھۈنەرلا ئادەمنى يېڭىلمەس ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ ،دەپ قارايمان.شۇڭىمۇ ئىقتىسادى ئەھۋالىمىنىڭ ئەنچە بەك باياشات ئەمەسلىكىگە قارىماي بىر بالامنى چەتتە ماگىستىر ئاسپارانتلىقتا  ئوقۇتۇۋاتىمەن، خۇدا  بۇيرىسا ھازىرچە ئانچە  قىينىلىپ كەتمىدىم، ئادەم بولۇپمۇ ياشلار ۋاقتىنى ئىنتايىن قەدىرلىشى كېرەك، بىز ئۆزىمىزگىلا ئەمەس بەلكى بىر جەمىيەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىمىزنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىم  .MIH

= = =

بىلىمخۇمار ئاكا، مەن سىزنىڭ مىللىتىنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدىغان،سۈيىدە ئېقىپ،ئوتىدا كۆيىدىغان ،كەلگۈسىنىڭ غىمىنى يەيدىغان،قانداق قىلسام مىللىتىمگە ئازراقمۇ بولسا ياخشىلىق قىلسام دەيدىغان بۇ ھەقىقى ئەرلەرچە غايىڭىزگە، ۋە تىرىشچانلىقىڭىزغا قايىلمەن،بۇ روھ پۈتۈن زىيالىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك روھ ئىدى،بىراق بەزىلەر كۆپ ئۆتكۈزۈشنىلا، راھەتنىلا ئويلايدۇ،سىز مۇشۇنداقلارغا قوزغاتقۇچ ماياك بولالايسىز، ئاخىرىدا سىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخىت تىلەيمەن،eqinimen

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئەركىن سىددىق ئاكا !

چەتئەلدىكى نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازمىلىرىڭىزغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. چەتئەللەردىكى دوكتۇرلىرىمىزنى بىزگە تونۇشتۇرۇش ھەم شۇنىڭدىن ئاكتىپ ئېنىرگىيە ئالغان نەتىجىلىك ياشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ چىقىشىنى ئالدىن مەقسەت قىلىنغان بۇ يازمىلىرىڭىز ئاللاھ خالىسا ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسەتكۈسى !

بىزگە دەل مۇشۇنداق ئاكتىپ ئېنىرگىيە مەنبەلىرى كېرەك بىر دەۋىردە ياشاۋاتىمىز. بۇنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ھىس قىلىپ ، بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغىنىڭىزلاردىن ھەقىقەتەن بىز بەك سۆيۈندۇق.

يازمىنىڭ باش قىسمىدىكى نەسىھەت خاراكتىرىدىكى قىستۇرمىڭىزغىمۇ كۆپ رەھمەت. ئېتىقاد قاراشتىكى يېمىرىلىش ئۆز نۆۋىتىدە قىممەت قاراشنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. دۇنياغا ياخشىلىق يارىتىش نەزىرىدە قاراشنىڭ ئورنىنى پەقەت نەپلا ئىلىشتەك تويماس كۆز بىلەن قاراش ئالىدۇ. بىزگە ئەسلى ئادەمدەك ياشاشقا ئۈندەيدىغان مۇراجەتلەر كۆپەيسە كۆپەيسۇنكى قەتئىي ئۇزىلىپ قالماسلىقى كېرەك ! چۈنكى ئىنسان ئازغۇن ھەم ئۇنۇتقاق. شۇڭا ئۇ ھەرۋاقىت ئاگاھلاندۇرغۇچىغا مۇھتاج.

ئەجرىڭىز سۈسىز قالمايدۇ ئاللاھ خالىسا، بۇنىڭغا سىز ھەم بىز ئىشىنىمىز . mustafaoguz .

= = =

ھورمەتلىك بىلىمخۇمار ئەپەندى، ئەجرىڭىزگە رەھمەت ! سىز ئارقىلىق چەتئەلدىكى قىزىمىز نۇرشىدە، پاتىگۇل ئىمىن ، ئىنىمىز ناسىر ھاجىلارغا قىزغىن سالام يوللايمەن ! ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا رەھمەت ئېيتىمەن !.mirza1

= = =

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر قىرىنداشلارغا ئالى ئېھتىرام.

تىنىڭلار سالامەت بولغاي..sultan777

= = =

بىر يولداش دىگەن ئىدى.

سىلەر ئۇيغۇرلار بەك بەك ئەقىللىق مىللەت، مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بىز ئۇيغۇرچىنىمۇ تولۇق بىلمەيمىز، سىلەر خەنزۇچىنى راۋرۇس بىلەلەيسىلەر، ھەتتا مەكتەپتە ئوقۇمىغانلار بىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ  راۋرۇس بىلىسىلەر..

دوكتور ، پروفىسورلارنىڭ گىپىنى خەۋەرلەردىن، تورلاردىن كۆرۈپ قالىمەن سىلەرنىڭ... خەلقئارادا شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن دۆلەت تىلىنى پوننى بىلىشتىن سىرت، ئىنگلىز تىلىنىمۇ بىلىش كېرەك سىلەر بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن ئەقىللىق دەپ.atilla705

= = =(7)

بارلىق ئالىملىرىمىزغا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلار قۇچاق ئاچقۇسى  ھەم تېخىمۇ كۆپ ئالىملىرىمىز يېتىشىپ چىققۇسى !  تۆھپىكار ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئاكىنىڭ ئەجرىگە كۆپتىن كۆپ تەشەككۈرلەر بولسۇن . huxruy

= = =

رەخمەت ئەركىن ئەپەندى. بىزگە داۋاملىق چەت ئەلدىكى ئۇتۇق قازانغان قىرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى، مۇۋاپىقىيەتلىرىنى، ھەتتا ئائىلە ئەھۋالىغىچە رەسىم بىلەن، تونۇشتۇرىۋاتىسىز. ئىلان قىلغان ئىلمى ماقالە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەينەن يوللاۋاتىسىز. رەخمەت سىزگە. ھەر قىتىم يوللىغان تىمىڭىزنى ئەستايىدىل كۆرۈپ، ھاياجانلىنىمەن. پەخىرلىنىمەن. بولۇپمۇ پەن تېخنىكا يىڭىلىقلىرىدىن بەتتەررەك ئائىلە ئەزالىرىنى ، بەختلىك ئائىلىسىنى كۆرگەندە ئۇلارنىڭ نەقەدەر بەختلىك، ساغلام، خۇشال تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلغىلى بولىدىكەن. شۇ نەتىجىلىك قىرىنداشىمىزنىڭ ھەممىسىگە بەخت سائادەت، ئۇتۇق تىلەيمەنgulamay .

= = =

مىنىڭ مۇنداق خىيال كاللامغا كىرىۋالدى . ئامىرىكا پارلامىنت ياكى ئاقساراي بەش بۇرجەكلىك بىنا دىگەندەك ئالى يەرلەردىمۇ ئويغۇر بارمىدۇ دىگەندەك.salam101.

(8) = = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار ئاكا

بىز ئۈچۈن تۆكىۋاتقان تەرلىرىڭىزدىن گۈللەر ئۈنگەي. سىزگە بىر تەكلىپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ. بىرى چەتئەلدىكى نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار دېگەن ماۋزۇنى نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار دەپ ئۆزگەرتىشنى ئويلىشىپ باقسىڭىز. مەن ئوقۇرمەنلەردە چەتئەلگە چىقماي نەتىجىلىك ئۇيغۇر بولغىلى بولمايدىكەن دېگەن خاتا چۈشەنچە شەكىللىنىپ قالمىسۇن دەيمەن. مەيلى نەدە ئوقۇغان بولسۇن بىر نەتىجە ياراتقان، نەتىجىسىدىن ئۇيغۇرلارنى خەۋەردار قىلىشنى خالايدىغان ۋە ئۆزىدەك نەتىجىلەرنى ئۈمىد قىلىپ ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن مەسلەھەت ۋە مەدەتلەردە بولۇشنى ئويلاۋاتقان كىشىلەرلا بولسا تونۇشتۇرىۋەرسىڭىز.

ئىككىنچى تەكلىۋىم ئۇيغۇر ئۆلگىلەر خەزىنىسى دېگەندەك بىر ئىش قىلساق ھەرقايسى ساھەلەردە ئۇيغۇرلارغا ئۆلگە بولۇشنى خالايدىغانلار تىزىملاتسا

ئۈچىنچى نەتىجىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇيغۇر ئىقتىساسلىقلار ئامبرى دەپ ھەر قايسى ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تىزىملىكى ۋە ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقساق ئۇلار بىلەن ھەمكارلىششنى خالايدىغانلار ئۈچۈرغا ئېرىشسە

تۆتىنچى، يېزىقچىلىقىڭىزغا ئەگەر مۇمكىن بولسا بىر گورۇپپا تەشكىللەنسە، سىز يېزىپ بولالمىغان ئەمما يېزىشنى موھىم دەپ بىلگەن تېمىلاردا ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ ئىش تەقسىملەپ بەرسىڭىز. ئۇلار بۇنىدىن باشقا ماقالىلەرنى تەلەپلەر بويىچە باشقا تىللارغا ئۆرۈش، ئەپ ياساپ تارقىتىش، ئاۋازلىق تارقىتىش، دەرسخانا ۋە لېكسىيەلەرگە لايىقلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قوللىرىغا ئالسا دەيمەن. مەن بۇ گەپلەرنى سىزگە ئەمەس ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇرغا دەۋاتىمەن. بىز بۇ ئاكىمىزنى ماختاش بىلەنلا ئەمەس ئاكىمىز كۆرسەتكەن يولدا تىرىشىش، ئاكىمىز قىلىۋاتقان ئەمگەككە ئىشتىراك قىلىش بىلەن ھۆرمەتلىسەك تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ دەپ قارايمەن. بىلىمخۇمار ئاكا ئۇيغۇر سىزدەك پىداكارلىرى بىلەن سۆيۈملۈك، سىزدەك ئۈمىد يۇلتۇزلىرى بىلەن تەلەيلىك.

بىر قانچە ئۇكىلار ماڭا ئۇيغۇرچىنى ئانچە ياخشى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭمۇ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، مۇشۇ خىلدىكى بىر قاتار ماقالىلەرنىڭ خەنزۇچىسىنىمۇ تەييارلاپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە تور بەتلىرىگە يوللاپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ بىر ناھايىتى ياخشى تەكلىپ بولۇپ، مەن ئۇنى تولۇق قوللايمەن، ھەمدە يۇقىرىدىكى تەكلىپنى بەرگەن قېرىنداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئەمما ئۇ ئىشنى مەن ئۆزۈم قىلالمايمەن. ئەگەر ئاشۇنداق ئىشنى قىلىشنى خالايدىغان قېرىنداشلار بار بولسا، ئۇلار مەن بىلەن «bilim.humar@yahoo.com» ئارقىلىق ئالاقىلەشسە، مەن بارلىق يازمىلارنىڭ «Word» ھۆججىتىنى ماڭدۇرۇپ بېرىمەن.

بۇ تەكلىپنى بەرگەن كىشى ياكى كىشىلەرگە رەھمەت. بۇ گەپنى دېگەن كىشى ئاتا-ئانا بولسىڭىز دەيدىغىنىم، ئۇيغۇر تىلىدا مۇشۇنداق سىز باشقا تىلدا ئوقۇپ ھوزۇر ئالالمايدىغان مەزمۇن بار، ئۇيغۇردا قېرىنداشلىرى ئۇچۇن تەر تۆكۈشنى خالايدىغان سۆيۈملۈك كىشىلەر بار. شۇڭا بۇ تىلنى ئۆگىنىڭ، ئۆگەنگەي ئۇيغۇرچە بىلمەس پەرزەنتىڭىز.

ئەگەر بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ يازمىلىرىنى خەنچىگە ئۆرۈپ كۆرمەن دېسىڭىز، ياكى خەنچە بىلىپ ئۇيغۇرچە ئوقۇيالمايدىغانلارغا كۆرستىمەن دېسىڭىز ئاۋۋال خەنچە قىلىپ بېقىڭ، راۋانلىق، توغرىلىق ۋە ئەدەبىيلىك جەھەتتىن مەن توغرىلاپ بېرىمەن. ئاكىمىزدىن تەلەپ قىلغاننى ئۆزىڭىزدىنمۇ تەلەپ قىلىپ بېقىڭ. شۇ ئىشنى ئۆزىڭىز قىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ.enjumen.

= = =

ئەركىنكا ئالدى بىلەن قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ بىزلە ئۇچۇن قەلەم تەۋرەتكەنلىكىڭىزگە كۆپ رەخمەت،بىز سىزدىن شۇنداقلا سىز ئەستايىدىلىق بىلەن تونۇشتۇرۇپ كىلىۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر پەرزەنتىدىن پەخىرلىنىمىز،ئۇمۇدىمىز شۇكى قەلىمىڭىز توختاپ قالمىغاي،سىزنىڭ بىزگە تونۇشتۇردىغان قابىل ئۇيغۇر ئوغۇل _قىزلىرى تېخمۇ كۆپلەپ يىتىشىپ چىققاي.TarHan625 .

= = =

قەلىمىڭىزگە كۆپ رەھمەت، سىز يىزىپ كىلىۋاتقان بۇ نەتىجىلىك ئۇيغۇر قىرىنداشلىرىمىز بىزنى ھاياجانلاندۇرۇشتىن باشقا يەنە ئىنسان ئۇچۇن مۇھىم بولغان ئۇمۇد تۇيغۇسى ئاتا قىلدى،چۈنكى ئادەم ئەڭ بۇرۇن ئۆزىنى ئۆز قەۋمىدىكى ئۆز مۇھىتىدىكى ئادەملەر بىلەن سىلىشتۇرۇپ ئالغا ئىلگىرلەشكە ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچ تاپالايدۇ ،مانا بۇ يازمىلار بىزنىڭمۇ توختىماي تىرىشىشىمىزگە ئاشۇنداق كۈچ ئاتا قىلدى .يازمىلىرىڭىز توختاپ قالمىغاي ئاكا.dadil

= = =

ئەسسالام «مىخ» ئىسىملىك تورداش، سىز سورىغان ئىككىنچى سۇئالغا نەشرىيات مۇھەررىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن جاۋاپ بېرەي.

جۇڭگودا كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتتە بېرىلىدىغان ئۇنۋانلار ئاساسەن تۆت دەرىجىگە بۆلۈنگەن. يەنى دەسلەپكى ياكى ياردەمچى دەرىجىلىك، ئوتتۇرا دەرىجىلىك، كاندىدات ئالىي دەرىجىلىك ، ئالىي دەرىجىلىك . مۇشۇ بۇيىچە بارلىق نەشىر-مەتبۇئات ساھەسىدىكى مۇھەررىرلىك (بۇ سۆزنىڭ تېگى تەھرىر ياكى تەھرىرلىك دېگەن ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بىرقانچە مەنىسى بار، بۇيەردە ئاساسەن «توغرىلاش، تۈزەش»دېگەن مەنىدىرەك كېلىدۇ، ئالدىغا «مۇ» قوشۇمچىسى قوشۇلسا شۇ ئىشنى قىلغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن، مۇئەللىم، مۇددەرىس دېگەندەك. ئەرەبچە بىلىدىغانلار تېخىمۇ تولۇقلىغۇتسە) ئۇنۋانىمۇ تۆت دەرىجىگە بۆلۈنۈپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا ياردەمچى مۇھەررىر (مۇستەقىل بىر ئەسەرنى تەھرىرلەش سەۋىيەسىگە يەتكۈچە ئۆزىدىن يۇقىرى ئۇنۋاندىكىلەرگە ياردەملىشىپ تەھرىرلىك قىلغۇچى)، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇھەررىر (بىر ئەسەرنى مۇستەقىل تەھرىرلەش سەۋىيەسىگە يەتكەن، ئۇنىڭغا مەسئۇل بولالايدىغان كىشى)، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر (ئەسەر پىلانلاش، يەنى جەمئىيەتنى كۆزىتىپ ئوقۇرمەنلەر ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ساھەلەر بۇيىچە يېڭىدىن بىر ئەسەرنى شۇ ساھەنىڭ مۇتەخەسسىلىرى سانىلىدىغانلارغا يېزىشنى ئۇيۇشتۇرۇش، قىيىن ھەم مۇرەككەپ ئەسەرنى تەھرىرلەش، ياردەمچى مۇھەررىرلەرنى شاگىرت سۈپىتىدە تەربىيەلەش دېگەندەك مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلغۇچى)، ئالىي مۇھەررىر( بۇ ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان بولۇپ، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغاندىن باشقا، دۆلەت، رايون دەرىجىلىك ،نۇقتىلىق، قىيىنلىق دەرىجىسى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغان ئەسەرلەرنى تەھرىرلەش، ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىدىكى مۇھەررىرلەر تەھرىرلىكتە ھەل قىلالمىغان مەسلىلەرنى ھەل قىلىش، نەشىر-مەتبۇئات ئورگىنىنىڭ كەسپىي تەدبىر بەلگىلىشىگە قاتنىشىش ھەم ھالقىلىق رول ئويناش ....دېگەندەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى)دەپ ئايرىلىدۇ. ناۋادا بۇنى جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى كەسپىي ئۇنۋانلارغا تەدبىقلىساق، ياردەمچى مۇھەررىر ياردەمچى ئوقۇتقۇچىغا، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇھەررىر لېكتورغا، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر كاندىدات پىروففېسورغا، ئالىي مۇھەررىر پىروففېسورغا تەڭلىشىدۇ. بۇ نۇقتىدىن بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ «2-دەرىجىلىك تەھرىرلىك ئۇنۋانى» دەپ ئېلىشىمۇ خاتا بولمىغان. باش مۇھەررىر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر دېگەن ناملار كەسپىي ئۇنۋان نامى بولماستىن ، بەلكى كۆپرەك مەمۇرىي فونكسىيەدىكى خىزمەت دەرىجىسى ھېسابلىنىدۇ. يەنى ، بىر نەشىر-مەتبۇئات ئورگىنىدىكى كەسپىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدىغان، نەشىر-مەتبۇئات ئەسىرى نەشىرقىلىنىشتىن بۇرۇن ۋە

قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ۋە مەسىلە چىقسا بۇنىڭغا ئىگە بولۇشقا مەسئۇل بولىدىغان كەسپىي «باشلىق»ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە بۇنداق كىشىلەر چۇقۇم ئالىي مۇھەررىر ياكى ھېچبولمىغاندا كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانىغا ئىگە بولغانلاردىن بولىدۇ. ئەمدى نەشىر-مەتبۇئات ئەسىرىنىڭ ئىچىدىكى نەشىر بېتىدىكى «مەسئۇل مۇھەررىر»ياكى «جاۋابكار مۇھەررىر» دېگەن نام بولسا پەقەت شۇ ئەسەرگە مەسئۇل بولغان ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان مۇھەررىر دېگەن مەنىدە. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئادەتتە ياردەمچى مۇھەررىردىن باشقا ئۇنۋاندىكىلەرنىڭ ھەممىسى «مەسئۇل مۇھەررىر»ياكى «جاۋابكار مۇھەررىر»بولالايدۇ. يۇقىرىقىلار دۆلەتنىڭ «ئاخبارات-نەشرىيات نىزامى» دا بەلگىلەنگەن. . ahmatjantarimi

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەخمەتجان تارىمى ئىسىملىك تورداش :

سۇئالىمغا ئۆلچەملىك جاۋاپ بەرگىنىڭىزگە رەخمەت ! تۇنۇگۇن سورىماي دېسەم تېخى ، سوراي دېسەم بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ كۆڭلىگە كەپ قالامدىكىن دېدىم . شۇنىڭ بىلەن سۇئالىم سەل تومتاق بوپ قالدى . ئەمما سىزنىڭ جاۋابىڭىز ھەممىمىزگە تېگىل بولدى . يەنە بىر قېتىم رەخمەت ئېيتىمەن! تېنىڭىزگە سالامەتلىك ، خىزمىتىڭىزگە ئۇتۇق ئۇتۇق يار بولغاي !!MIH .

= = =

ھورمەتلىك ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ سەمەرىلىك ئەجىرگە خەلقىمىز چۇقۇم چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ . مەن ھەر قىتىم ئالىممىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇقىغىنىمدا قەلبىمدە بىر سىلكىنىش بولىدۇ. زادى بۇندىن كىيىن قانداق ياشاش توغىرلىق ئويلارغا پاتىمەن ، ھەم يىڭى بىر تىرىشىش نىشانى بىكىتىمەن . مىنىڭچە ئەركىن ئەپەندىنىڭ ئادەمنى داۋاملىق ئالغا قاراپ قەدەم بىسىشقا ئۈندەيدىغان يازمىللىردىن ئۇزۇق ئالمىغان تور ھەۋەسكارى بەكمۇ ئاز دەپ ئويلايمەن . ئۇلۇق ئاللا سىزنىڭ ئۇيغۇر ئۈچۈن قىلغان ئەمگىگىڭىزغا لايىق ئەجىر بىردۇ .سىزنىڭ ھەر كۈنى كومپيوتۇر ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ بىز ئۈچۈن قىلغان ئەجرىڭىز چۇقۇم يەردە قالمايدۇ .سىزگە كوپ رەھمەت ئەركىن سىدىق ئاكا!.armanim610 .

= = =

رەھمەت ئاكا، راستىنى دىسەم مەن بۇلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىدىن كۆرە شۇلارنىڭ ئائىلە ئارقا كۆرنىشىگە بەكرەك قىزىقىپ قالدىم ، بۇلار نىملا دىگەن بىلەن شۇ دەۋىردىكى زىيالى ياكى پۇلدارلارنىڭ بالىلىرى ئوخشايدۇ،ھەتتا سىزمۇ ئوخشاش بىر ئاتىسى بېيجىڭلاردا ئوقۇپ تەربىيە ئىلىشقا مۇيەسسەر بولالىغان بىر لايەقەتلىك زىيالىنىڭ بالىسىغۇ دەيمەن. مۇشۇنداق ياخشى نەتىجە قازانغانلارنىڭ ئارىسىدا مۇمكىن بولسا بۈگۈنى تاپسا ئەتىگە يوق مۇھىتتا چوڭ بولغانلار ،مۇنداقچە ئېيتقاندا كىچىكىدىن ياخشى تەربىيە ئىلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان بولسىمۇ ،ئۆزى بىر-بىرلەپ شۇ مۇھىتنى يارتىپ ئەڭ ئاخىرىدا زور ئۇتۇققا ئىرىشكەنلەر (بولۇپمۇ ئىلىم پەن ساھەسىدە) بارمىدۇ .بولسا شۇنداقلارنىڭ باسقان يوللىرىنى بىر ئۇقۇشقا ئىمكان بولسا ؟؟ شۇنداقلارنىڭ روھى دۇنياسىنى چۈشىنىشكە ئىمكان بولارمۇ ؟؟؟.hakan1865 .

(9) = = =

رەسىم سەنئىتىنى ياخشى چۈشەنمىسەممۇ لېكىن بۇ سەنئەتكارىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ھەم ئىزدىنىش روھىدىن تەسىرلەندىم. «قۇياش ۋە ئىنسان» ناملىق ئەسىرى ماڭا بەك ياقتى. بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ ئەجرىگە ھەشقاللا..!urkesh .

= = =

بارىكاللا،بارىكاللا، رەسىملەرنى ناھايىتى ياخشى سىزىدىكەن،‹‹يامغۇرلۇق››دىگەن تېما ‹‹كۈنلۈك››نى كۆرستەمدۇ قانداق.مۇشۇ رەسساملارنىڭ ھەممىسى قەدىمىلىكنى تەسۋىرلەشكە ئامراقمۇ بىلمىدىم،مەن كۆرگەن ئۇيغۇر رەسساملارنىڭ رەسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە قەدىمىيلىك تەسۋىرلىنىدىكەن.iltabar

= = =

مەرۋايىت خانىمنىڭ 1976 -يىلى تولۇقسىز 2-يىللىقتا ئوقۇۋاتقىنىغا قارىغاندا يېشى مەندىن ئانچە پەرىقلىنىپ كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ ،ئەمما نەتىجىسى مولكەن ، بىلىمخۇمار ئەپەندى بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زور ۋاقىت ۋە زېھنى كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئەمگەكنى قىلىۋاتىدۇ .مەن ئۇ تونۇشتۇرغان ئىختىساسلىقلىرىمىزنى ئۈدۈللۈق ئامېركىدا ئوقۇۋاتقان بالامغا تەۋسىيە قىلىپ ئوقۇتۇۋاتىمەن .MIH .

= = =

مەرۋايىت خانىمنىڭ تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشمەن. بىلىمخۇمار ئاكا،ئۆزلىرىگىمۇ زور ئۇتۇقلار يار بولسۇن .ۋەتەن سىرتىدىكى قېرىنداشلار ۋەتەنگە قانچىلىك تەشنا بولسا، ۋەتەن ئىچىكدىكى قېرىنداشلارمۇ ، بۇ ئۇلۇغ ۋەتەنمۇ سىلەرگە شۇنچىلىك تەشنا، سىلەرنىڭ غەلبەڭلار سىلەرنىڭ ماۋجۇتلۇقۇڭلار بىزگە ئالەمچە ئۇمىد،روھى تۇقلۇق ئاتاقىلىدۇ.

«قەشقەر قۇتبىلىگ» كۇتۇپخانىسىنىڭ ئەزىزانە يۇرتۇمدا ئېچىلغانلىقىغا مۇبارەك بولسۇن.5sawr5 .

= = =

بىلىمخۇمار ئىنىمىزنىڭ چەتئەللەردە ئۇتۇق قازانغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەجرىگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت. مەرۋايىت ھاپىز خانىممۇ چەتئەلدە نەتىجە يارەتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا گۈزەل سەنئەت ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتۇشتا مۇھىم رول ئويناۋاتقان تۆھپىكار. مەن 2012-يىلى تۇغقان يوقلاش يۈزىسىدىن گېرمانىيەگە بارغان چېغىمدا، مەرۋايىت خانىم بىلەن تونۇشقان ئىدىم. مەرۋايىت خانىم بىزنى باشلاپ ميۇنخېن شەھرىدىكى داڭلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرى بولغان پادىشاھ ئوردىسىنى ۋە 2-دۇنيا ئورۇشىغا دائىر كۆرگەزمىنى ئېكىسكۇرسيە قىلدۇرغان . ئەشۇ چاغلاردا مەرۋايىت خانىمنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىمى، خۇشپېئىل، ئوچۇق-يورۇق، چىقىشقاق مىجەزى مىنىڭدە ياخشى تەسىر قالدۇرغان ئىدى. مەن مەرۋايىت خانىمنىڭ گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن. (تۆۋەندە ئەينى چاغدا تارتىلغان خاتىرە سۈرەتلەرنى ئىنكاسىمغا قوشۇپ قويدۇم). uyghari .

= = =

ئەسسالام...قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ بۇنداق خەيرلىك دەملەردىن ۋاقتلاندۇرغىنىڭىزغا تەشەككۇر...رەسسام قىزىمىزدىن پەخىرلىنىمەن...ھەممىڭلارغا ئوتۇق تىلەيمەن.kiroran1 .

=== (10)

ئەركىن ئاكا مەن ئىزچىل بىر مەسىلىگە دىققەت قىلىپ كىلىۋاتىمەن ، ياپۇنيەدە ئوقۇپ ياپۇنيەدە خىزمەت قىلغان ئۇيغۇرلاردا ئورتاق شەرقى ئاسيا چىراي ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىنىدىكەن ،ياۋرۇپادا ئوقۇپ ۋە ياۋرۇپادا خىزمەت قىلغانلاردا مىللى چىراي ئالاھىدىلىكى ئاساسدا ياۋرۇپا چىراي ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىنىدىكەن ، دىيارىمىزدىكى خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان باللار بىلەن ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇغان باللارنىڭ چىراي ئالاھىدىكىدە روشەن پەرىق شەكىللىنىدىكەن ، بېئولوگىيە مۇھىتىنىڭ چىرايغا تەسىر كۆرسىتىشىنى ئىتىراپ قىلامدۇ ?مۇشۇ توغرىسىدا بىر ئىزدىنىپ باققان بولسىڭىز ،بۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك دەپ قارايمەن ..BizUchun .

= = =

بىز بىلمەيدىغان ،نەتىجە قازانغان نۇرغۇن باھادىر ئوغلانلار،ئوتيۈرەك خانىملارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇماق پەرزەنلىرىنى سىز يازغان ماقالىلاردىن ۋە ماقالىلاردىكى قىستۇرما سۈرئەتلەردىن كۆرۈپ شۇنداق ھاياجانلاندىم.بۇ دۇنيا ،نەتىجە قازىنىشقا بىلىنى مەھكەم باغلىغانلارغا ئۆز قۇچىقىنى ھەرقاچان كەڭ ئاچىدىكەن،مەسلە بىزنىڭ بىلىمىزنى قانداق باغلىشىمىزدا ئىكەن..iltabar .

= = =

بىلىمخۇمار ئاكامغا مىڭلارچە ئاپىرىن! بىر كىچە -كۈندۈزدە پەقەت تۆت سائەتلا ئۇخلاپمۇ يەنە بىز ئۈچۈن ئەڭ ئىسىل تىمىلارنى سۇنىۋاتىدۇ..5sawr5 .

= = =

ئۇيغۇرلار پەلسەپۋىي سىستېمىلارنى تولۇق بىلىشى ۋە ئۆز رېئاللىقى ئۈچۈن ئىشلىتەلىشى كېرەك!

-ئالىملىرىمىزغا، بارلىق ئىزدەنگۈچىلەرگە ئۇتۇقلار تىلەيمەن.parangqi .

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بىلىمخۇمار دادا! (ئالدىنقى قېتىم سالام قىلسام بالام دەپتىكەنسىز شۇڭا دادا دەۋەردىم ) ، سىزدىن تولىمۇ سۆيۈنىۋاتىمەن، مەن ھازىر ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنجى يىللىقىدا ئوقۇۋاتىمەن،كەسپىم قوللىنىشچان خىمىيە، ئاللاھ بۇيرىسا مېنىڭمۇ چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇغۇم بار ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىۋاتىمەن ،چۈنكى مېنىڭمي سىزنىڭكىدەك بىر ئۇلۇغۋار نىشانىم بار ، ئۇ بولسىمۇ مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان تۇپرىقىمغا قەرزىمنى قايتۇرۇش !uyghur1129 .

= = =

بەكلا تىرىشچان ،ئۈمىدۋار ياشايدىغان كىشلەر ،تېنى ساغلام بولسىلا ھامىنى بىر كۈنى غەلبە مارىشىنى ياڭرىتىدۇ. بۇلار دەل مۇشۇ تىپتىكى كىشلەرنىڭ ئۈلگىسى ئىكەن. بۇلارغا قاراپ شۇنداق مەسلىگىم كەلدى. خۇدايىم بۇيرۇسا مەنمۇ باللىرىمنى ياخشى تەربىيلەپ ،مۇشۇ قېرىنداشلارغا ئوخشاش يارامىلىق ،كارغا كېلىدىغان قىلىپ چىقىمەن.iltebir107 .

= = = (11)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،ئەركىن سىدىق ئاكا!ھەممىڭلار سالامەت تۇرۇۋاتامسىلەر؟مەن سىزنىڭ بىز ئۈچۈن تەييارلاۋاتقان بارلىق يازمىلىرىڭىزنى ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن ھەم دوستلىرىمغىمۇ تەۋسىيە قىلىۋاتىمەن.سىزگە كۆپتى-كۆپ رەخمەت......بۇ يازمىلار بىزگە شۇنداقلا باللىرىمىزغا ھەر جەھەتتىن مەنىۋى ئوزۇق بولماقتا.ھەر دائىم سالامەت بولۇڭ!Kamile .

= = =

يىقىقى يىللار دىن بويان ھەدىسلە بىز ئۇيغۇرلار مۇنداق بىزلەر ئۇنداق دەپ ئۇيغۇر جەمىيىتىنى ئىيىپلەشلەر كۆپىيىپ قالغان ...مانا مۇشۇنىداق نەتىجىلىك ئۇيغۇر مۇ باركەن غۇ مانا.....رەھمەت سىزگە بىلىمخۇمار ئاكا..padiqi2.

= = =

بۇلارغا قاراپ شۇنداق مەسلىگىم كەلدى. ئىشقىلىپ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق بولسا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بۇلىدىكەن. بۇلارنىڭ ئىشلىرىغا تېخىمۇ بەرىكەت تىلەش بىرگە بىلىمخۇمار ئۇستازغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن..iltebir107

= = =

تېچلىقمۇ، بىلىمخۇمار ئاكا:

سىزنىڭ ھەر بىر يازمىڭىزنى ئوقۇغۇنۇمدا شۇنچىلىك خوشال بولىمەن. چۈنكى سىز بىزگە ئۈمىد، ئىشەنچ، مىننەتدارلىق، ۋاپادارلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىسىز. hokumran

= = =

ياخشىمۇسىز بىلىمخۇمار ئەپەندى، مەن سىزنىڭ ئەسسەرلىرىڭىزنى نەچچە يىلدىن بىرى ئىزدەپ يۈرۈپ كۆرۈۋاتىمەن، تۆۋەندە تونۇشتۇرۇۋاتقان «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» دىگەن چاتما ئەسىرڭىزنى ئوقۇپ تېخىمۇ ھاياجانلاندىم. بۇلسا بۇ يامىڭىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن، سىزنىڭ ئىش -ھەرىكەتلىرىڭىزنى ۋە نەتىجلىرىڭىزنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا داۋاملىق تونۇشتۇرۇپ تۇرۇۋاتىمەن، نەتىجىلىك قىرىنداشلىرىمزنىڭ تىنىنىڭ سالامەت خىزمەتلىرى ۋە تەتقىقاتلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق ،ئائىلسىنىڭ خاتىرجەم بۇلۇشنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. ھارمىغايسىز !! رەھمەت.ezasoka .

= = =

بۇ تىزمېدىكى ھەممە پارچىلارنى قويماي ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن،ئاللاھ ئەجرىڭلارنى بەرسۇن. بىزگە ئۇيغۇردىن باتناش ئەمەس، مۇشۇنداق ئىلھام بولىدىغان ئوزۇقلار لازىم. بۇ تېمىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىششىنى ئۈمىد قىلىمەن.kokdingiz .

= = =

بۇ تېما باشلىنىپ ياخشى بولدى. تېمىدا تونۇشتۇرۇلغان «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» نى مەن ئاساسەن بىلمەيدىكەنمەن. بۇ تېما ئارقىلىق بىلگەن بولدۇم.yalghuz2.

= = =

ھەر قېتىم شۇنچىلىك ھاياجان بىلەن ئوقۇيمەن ! رەھمەت ،،،،ھەممىمىز تەڭ تىرىشايلى !uyguriya .

= = =

رەھمەت سىزگە ئاكا، خەلقىمىز سىزدىن پەخىرلىنىدۇ ۋە سىزگە رەھمەت ئېيتىدۇ ، بىزگە ۋە ياشلارغا ئۈلگە تىكلەپ بەردىڭىز ، تېخىمۇ نەتىجىلىك ياشلار بارلىققا كەلگۈسى . بۇرھان سېتى ، دادامنىڭ ئىسمى سېتى . be42late.

= = =

ياخشى ئىش_ ئىزلارنى ئاڭلاش نىمە دىگەن ھوزۇر_ھە!؟ مەن تېما ئىگىسى ۋە تونۇشتۇرۇلغۇچىلاردىن ئوخشاشلا سۆيۈندىم.tayqak .

= = =

ئايالىڭىزنىڭ ئوقۇشىغا بەكمۇ ھەۋەس قىلدىم ،ياغلىقى بىلەن دوكتورلۇقنى تاماملاش ئالدىدا تۇرۇپتۇ . مۇشۇنداق دىندا ۋە پەندە يېتىشكەن ،ئائىلىدىمۇ ئۆز ۋەزىپىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇۋاتقان ئاياللىرىمىزنىڭ كۆپلەپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.sajiye .

= = =

رەھمەت قۇلىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن، بىزنى داۋاملىق مۇشۇنداق پەخىرلىك ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىپ تۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن..zilala809 .

= = = (13)

نەتىنجىلىك كىشىلەرنىڭ ئىش -ئىزلىرىدىن ئۆگىنىش،ئۇلارنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن ئىلھام ئېلىش--------بىزلەر ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرلەشتىكى ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچ.

ناھايىتى ياخشى تېما،ياخشى يېزىلغان يازما !........

تېما ئىگىسىگە رەھمەت!.15kun .

= = =

بىلىمخۇمار ئەپەندىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئىنىمىز مۇتەللىپ ، سىڭلىمىز پاتىگۈللەرنىڭ بايانى خېلى تەسىرلىك ۋە تەپسىلى چىقىپتۇ ، پاتىگۈل سىڭلىم كۆڭلىزگىزنى يېرىم قىلماڭ ، سىز خېلى چوڭ ئىشلارنى قىلىۋېتىپسىز ، ئېسىڭىزدە بولسۇن ، بەزىدە ئاتاقلىقلارنىڭ ئاسمىنىدا يوق قۇياش ، ئاتالمىغانلارنىڭ ئالقىنىدا چاقنايدۇ !!!MIH> .

= = =

مەن مۇشۇنداق نەتىجە قازانغا ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ بىلىمخۇمارغا ئوخشاش ئۇنتۇپ قالماي ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە بىلدۇرۇشكە بىلدۇرۇشكە ،خەلىققە مەدەت بىرىشكە ئوخشاش ئىشلار بىلەن مىللەتكە تۆھپە قوشۇشنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن ،خەلىقنى ئۇنتىغانلا تارىخ تەرىپىدىن ئۇنتىلىدۇ . akaxtexi

مەن دائىم مۇنداق ئويلايمەن :بىر دۇنياۋى توربەت قۇرۇپ چىقساق ئاندىن مۇشۇنداق نەتىجە قازانغان ئۇيغۇرلار ئەزا بۇلۇپ ئۇزىگە مۇناسىۋەتلىك كەسپلەردىن ئۆلچەملىك ،سېستىمىلىق دەرس تەييارلاپ چىقارسا شۇنداق قىلىپ ئاستا-ئاستا ئۇزىمىزنىڭ دۇنيا خارەكتىرلىك تور مەكتىپىمىز بارلىققا كەلسە چوڭ -كىچىك ،قېرى-ياش مۇشۇ تورغا كىرىپ دۇنياۋى بىلىملەردىن ئۆز تىلىمىزدا دەرس ئاڭلىساق ..........................

نىمە دىگەن ياخشى بۇلاتتى ....................

مىنىڭ بۇ خىيالىمنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بۇلامۇ ؟كۆپچىلىك بىرلىكتە پىكىر يۇرگىزىپ باقساق.akaxtexi.

= = =

مەن ئۈچۈن 5-6 مىڭ .2000 مىڭ دىگەن سانلارمۇ خىلى كۆپ بىلىندى. راس گەپنى قىلسام كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىز نىڭ ۋەتەن بىلەن خەلىقنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئويغا كەپ قالىمەن. بەلكىم خاتا ئويلىۋالغاندۇرمەن . نەتىجىلىلىك ئۇيغۇرلار دىگەن تىمىڭىز نىڭ داۋاملىشىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن . بىز ئۈچۈن قىلغان مىھنەتسىز ئەمگىكىڭىز گە رەخمەت ئېتىمەن . سىز گە ۋە ئائىلىڭىز گە سالامەتلىك خاتىر جەملىك تىلەيمەن ئامان بولۇڭلا رھەم سالامەت بولۇڭلار .aloglituran .

=== (14)

رەھمەت! قەلىمىڭىزگە. بىز نەتىنجىلىك كىشىلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقلىرىدىن ئۆگىنىمىز.ئۇلارنىڭ روھىنى ئۈلگە قىلىمىز.15kun .

= = =

ھۆرمەتلىك بىلىم خۇمار ئۇستاز، مىللەت ئۈچۈن چېكىۋاتقان ھەرقانداق جاپايىڭىزغا نىملا دىسەك ئازلىق قىلىدۇ. لىكىن شۇنى بىلىڭكى ھەرقانداق مۇۋە كۆچىتى بەش ئون يىلدىن كىيىن مىۋىسىنى بەرگەندەك، سىزنىڭ بۇ ئەمگىكىڭىزمۇ يىقىن كەلگۈسىدە مىۋىسىنى بىرىدۇ.سىز ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس نى يىزىپ تاماملاپ بولغاندىنكىيىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىكى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن غەلبە قازانغان نەتىجىلىك ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆز قارىشىڭىزنى ئىسپاتلاۋاتىسىز ۋە بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ، ئەقلى جەھەتتە غەرىپلىكتىن ھىچ پەرقىمىز يوقلىقىنى ھىس قىلدۇرىۋاتىسىز. ئىنىشىڭكى سىزنىڭ يازمىڭىزدىن نۇرغۇن

كىشىلىرىمىزنىڭ دىلى يورۇۋاتىدۇ. سىز گە سەخسى نامىمدىن كۆپ رەھمەت. ئاخىرىدا توختى مۇرات ئاكىمىزنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى مىنى قايغۇغا چۆمدۈردى. مىڭ-مىڭ ئەپسۇس. ئابدۇشكۇر مۇھەممەد ئىمىن ئۇستازدىن كيىن چىققان يەنە بىر پارلاق يۇلتۇز ئىددى، (چاي)نى كۆپ ئىچۈرۈۋىتىپ ...............بىزنى تاشلاپ كىتىپتۇ.gullen .

=== (15)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،ئەركىن سىدىق ئاكا!يازمىڭىزنى تولىمۇ ھاياجان ۋە پەخىرلىنىش ئىچىدە ئوقۇپ چقتىم،نىمىدىگەن ئىرادىلىك،قەيسەر،تىرىشچان ھەدە-ئىنى بۇ،ئاپىرىن!ئۇلارنىڭ ھەم سىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىڭلارغا تېخىمۇ زور ئۇتۇق ھەم شان-شەرەپلەر يار بولغاي،سالامەت بولۇڭلار!Kamile .

= = =

ماشائاللا. مۇشۇنچە جىق پەخىرلىك دوكتۇرلىرىمىز بار ئىكەن، نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى قىلىپمۇ، خەلقئارادا نۇرغۇن شان-شەرەپلەر قۇچۇپمۇ، لەيلەپ ئاسمانغا چىقىپ كەتمەي، «ئالىملىق» مەرتىۋىسىگە قول ئۇزاتماي، بىر ئۇبدان كەمتەرلىك بىلەن تىرىشىپ ياشايدىكەن. رەھمەت ئەركىنكا، سىزنىڭ مۇشۇ قېرىنداشلىرىمىزنى تونۇشتۇرىشىڭىز، ئىسىل پەزىلەتلىك كىشىللىرىمىزنى، تەمەخور، مەنمەنچىلەردىن، قىلغان ئىشى تايىنلىق خان تاجى كييىشنى ئىستەيدىغان كىشىلەردىن، پەرىق ئىتىدىغان ئەڭ ئادىل تارازا.qassapbiz.

= = =

ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم......ئاكا.....ئويلايمەن.....چەتئەلدىكىلەر سىزدىكى پەزىلەتنى نىشان قىلىسكەن دەپ.salamdekabir .

= = =

قالتىس ، بىر ئائىلىدىكى ئىككى پەرزەنت بىر-بىردىن قېلىشمايدىغان دەرجىدە مۇۋاپىقيەت قازىنىپتۇ، يەنە كىلىپ ئېككىلىسى تىببىي ساھەدە، مۇبارەك بولسۇن.

پەرزەنلىرىمنىڭ كەلگۈسىدە پەخىرلىك كىشلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىشى تىلەيمەن.yapirim .

= = =

ھەققىي نەپ تېگىدىغان يازما ئىكەن. باللارغا مۇشۇنداق مەدەت ئىلھام بۇلىدىغان يازمىلار كېرەك. . aynurdawut

= = =

تېمىڭىزغا رەھمەت ئەركىنكا، بىزنى نۇرغۇنلىغان قىرىنداشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەرلەردۈردىڭىز، بىز ھازىرغىچە خىلى كۆپ تەبىئېي پەن ساھەسىدىكى نەتىجىلىك قىرىنداشلار بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق، ئەمدى مەن ئويلاپ قالدىم يەنە باشقا ساھەلەردىمۇ نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار بارمىدۇ، مەسلەن سەنئەت، تەنتەربىيە ،ئىجتىمايى پەن ،ياكى كارخانا قۇرۇپ زور ئىقتىساد ياراتقانلار دىگەندەك، چۈنكى ھازىرقىدەك كۆپ قۇتۇپلۇق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيادا، بىزنىڭ ھەرخىل ئوخشىمىغان ساھەدىكى قىرىنداشلىرىمىزنىمۇ بىلگىمىز كىلىدىكەن.dadil .

= = =

ئەركىنكام تونۇشتۇرغانلاردىن باشقا ئەنگىلىيىدە ئىقتىزادشۇناسلىق كەسپىدە دوكتۇرلۇق ئوقۇپ، ۋەتەنگە قايتىپ ئوز تۇرۇك شىركىتىدە پاي قۇشۇپ شىركەت مەسلىھەتچىلىگى قىلىۋاتقان دوكتۇر مەمەت ياسىن بارلىقنى بىلىمەن. ئاندىن ھازىرقى شىنجاڭ شىنجاڭ تەيئەيتەي خەلقئارا سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ لېدىرى، شىنجاڭ دۆلەت پېپتىدى خەلقئارا سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ لېدىرى، شىنجاڭ TITM خەلقئارا سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ لېدىرى، دۇبەي يېشىل ھايات ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى لېدىرى قانۇن پەنلىرى دوكتۇرى ۋە ئىقتىزادشۇناسلىق بويىچە ماگىستىر ئۇنۋانى بار رىزۋانگۇل ئابلېز خانىم بار. گىرمانىيىدە تۇرۇشلۇق پەخىرلىك رەسسام مەرۋايىت ھاپىزنى تونۇشتۇرۇپ بولدى. يازمىلارنى تەرتىپ بويىچە كورۇپ باقسىڭىز تاپالايسىز. ئىسمىگە كەلگىننى دەپ ئوتتۇم. قالغان كەم يەرلەرنى باشقا قىرىنداشلار تولۇقلاپ قويسا. رەھمەت!Ayesha_Nur .

= = =

مۇشۇ ئىككى بالا، ئاتا ئانىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن ،مىدىتسىنا جەسەتتە تەرەققىي قىلغان ياپۇن ئىلىدە بىلىم تەھسىل قىلىشقا مۇيەسسەر بوپتۇ. بۇلار ئىككى قېرىنداش كىچىكىدىن ياخشى ئۆگىنىش

ئادىتى يېتىلدۇرۇپ ئالى مەكتەپتىمۇ بىللە ئوقۇپتۇ. ھەدىسى ئىنىسىگە ئۈلگە تىكلەپ بېرىپتۇ. بۇلار مىدىتسىنا ساھەسىدە ياخشى نەتىجە قازىنىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.iltebir107 .

= = =

بۇ خانىمنىڭ تىرىشچانلىقىغا ئاپىرىن

لېكىن باللىرىغا قويغان چۈشۈنىكسىز ئىسىملىرىنى ئانچە ياقتۇرمىدىم. فىكرەت ، فىرزات.

فىكرەت: ئەرەپچە پىكىر ، تەپەككۇر، ئاڭ، ئوي- خىيال مەنىسىنى بىلدۈرىدىغۇ دەيمەن. بۇ ئىسىمنىڭ ئۇيغۇرچىسى خىيالخان، ياكى خىيالجان بولسا كىرەك.

فىرزات: ئۇيغۇرچە ئاتىسا پىرزات، ھەلقە ساما سالىدىغان پىر- ئىشانلارنىڭ نامىدىن كەلگەن بولسا كىرەك.

مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزىمۇ چۈشۈنۈكسىز باللىرىغا قويغان ئىسىملىرىمۇ چۈشۈنۈكسىز كىشلەر ئاۋۇپ قالغىلى تۇردى. قۇلىقىغا قايسى ھەرپ چىرايلىق ئاڭلانسا تىزىپ ئەكىلىپلا ئىسىم دەپ قويىۋالىدىغان.

.elkelem

=== (16)

ئەتىگەندە ئېسىل يازمىدىن بىرنى ئوقۇۋالدىم، نەتىجىلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تىرىشىۋاتقان قېرىنداشلارغا بېرىدىغان ئىلھاملىرىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. توختاپ قالمىغايسىز!! سىزگە كۆپ رەھمەت!! ھارمىغايسىز ئاكا!nurlan313.

= = =

ھەر جۈمە كۈنى سىزنىڭ يازمىڭىزنى كۈرۈشكە تەقەززا بۇلۇپ مۇنبەرگە قارايمەن. مۇختەر ئەپەندىمۇ بەكلا تىرىشچان ياشلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئامرىكىدا بىر ئىدارىدا مۇقىم ئىشلەيدىغان ئىش يوق ئوخشايدۇ.iltebir107 .

= = =

رەھمەت بىلىمخۇمار ئاكا،دېمەك سىزنىڭ قىلىۋاتقان بۇ خەيرلىك ئىشلىرىڭىزدىن ئالدى بىلەن بىز بەھىرلەندۇق ھەم زور ئىلھام ئىلىۋاتىمىز،سىزمۇ باشقىلارغا بىلىم خۇشاللىق بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن مەمنۇن بولىسىز ھەم جاپا بىلىنمەيدۇ،

ئويلاپ باقسام بىزنىڭ ياشا ش ئۇسۇلىمىزدا خېلى مەسىلە بار ئىكەن،يەنى ۋاقىتقا بولغان مۇئامىلىمىز سۇس بولۇپلا قالماي يا ئۆزىمىز قىزىققان ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشمايمىزكەن ياكى مەجبۇرلانغان كەسپنى ياخشى ئىشلمەيمىزكەن،،بۇ نېمە دېگەن بېزار قىلارلىق پسخىكا ھە!

مەسىلەن قىزىقىش بىزدىمۇ چەتئەللىكلەردىمۇ ئوخشاش بار، قىزغىنلىقنىڭ دەرىجىسى ئاساسەن ئوخشاش ،مەسلەن بىز ناخشا ئېيتىشقا قىزىققان بولساق ئوخشاشلا چەتئەللىكلەرمۇ ناخشىغا قىزىققان بولسا بىز شۇ ناخشىنى ئېيتىپ ئۇ سورۇن بۇ سورۇندا ناخشىچى دېگەن ئاتاقنى ئىلىپ يۈرگەن بولساق چەتئەللىكلەر ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ناخشلىرنى تەتقىق قىلىپ ياكى ناخشا دېگەن زادى نېمە بۇ ھەقتە نۇرغۇن ماتىريال كۆرۈپ ياكى مەخسۇس كۇرۇسلاردا ئوقۇپ ناخش ھەققىدىكى بارلىق ئۆچۈر بىلىملەرنى ئۆگەنمەكچى بولدىكەن، يېزىقچىلىققا قىزىققان بولساق بىز ئاز تولا ئەدەبى ئىقتىدارىمىزغا تايىنىپ گېزىت ژورناللارغا ياكى تورلارغا ئەسەر يوللاپلا شۇ ھەۋەسنىڭ ئىچىدە يۈرىۋېرىمىزكەن لىكىن چەتئەللىكلەر بولسا ئەدەبىيات دوكتۇرلۇق ئۇنىۋانى ئالغۇچە تىرشىدىكەن ھەم داڭلىق بىر شائىر ياكى يازغۇچى بولۇپ كىتابلارنى نەشىر قىلدۇرۇپ پۇل تاپالايدىكەن،بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلى ۋەسلى كەتسىمۇ چىدايكەن،،مېنىڭچە ھەقىقى قىزىقىش مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك گېپىم توغرىمۇ؟ مەنمۇ ئەمدى ئۆز نىشانىمنى چوقۇم بىكىتىپ نەتىجە قازىنىشقا ئاتلىنىمەن.ئۆزەمدىكى كەمچىللىكنى بايقىغاندا چۆچۈپ كەتتىم.

مەنمۇ 1980-يىلى تۇغۇلغان، دېمەك ھايات ۋە پۇرسەت مۇختەر ئىككەيلەنگە ئوخشاش بېرىلگەن، مېنىڭ شارائىتىم بەلكىم ئۇنچىلا ناچار ئەمەس مەن تەقدىردىن ئاغىرنالمايمەن؟

بۇ يەردە زادى پەرىق نىمە؟ مەن ھەركۈنى ھەرئايدا ھەر يىلدا ئۆزەمنىڭ قانداق ئادەم بولۇشمنى بەلگىلەپ باقمىغان،نىشان بولمىغاچ قىلشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ ياكى قىلالماي ئۆزەمگە چاپان يېپىپ ئۆتىۋەرگەن يىللارنىڭ مېڭىشى بىلەن ھازىر 30دىن ئاشقاندا زادى مەن قانداق ياشاپ قانداق ئۆلۈپ كەتسەم رىزى بولىمەن دەپ ئويلاۋاتىمەن ،،مانا بۇ نەتىجىلىك ئۇيغۇر قېرىنداشلاردىن پەخىرلىنىش ھېسياتىدا ئۆزەم ئۈچۈن ئۆكۈنىۋاتىمەن.لىكىن بۇنىڭغا ئامال يوق،بىرلائامال ھازىردىن باشلاش ئۆزگىرىش،كىچكسەممۇ كېچىكمىسەممۇ

چوقۇم بىر نىشان ئۈچۈن شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ نەتىجە قازىنىشتۇر. ئەمدى مەن ئىشلىرىمنى پۈتۈنلەي تۈگىتىپ بىر دەم ئېلىپ نېمنى ئۆگىنىشنى بىكىتەي !ۋاقتىڭلارنى ئالدىم خەيرى خوش!kuxlan .

= = =

رەھمەت بىلىمخۇمار ئاكا،توردا مۇشۇنداق نادىر يازمىلارنى ئۇقۇيدىغان كىشلەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىگنى بىلمەيمەن ،لېكىن مۇشۇنداق ئىسىل تېملار كىتاپ قلىپ تارقىتىلسا تور كورەلمەيدىغان كىشلىرىمىزمۇ ئورتاق بەھىر ئالسا قانچە ياخشى بۇلاتتى ھە!ana .

= = =

قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ ئۆز قەۋمىڭىز ئۈچۈن مىھنەتسىز قەلەم تەۋرىتىپ كەلدىڭىز ، ئەجرىڭىزنى ئاللا ئىگەم بەرسۇن . سىزگە كۆپ تەشەككۇر ، ئائىلىڭىزگە ۋە تىنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەيمەن . ئامان بولۇڭ . . aloglituran

= = =

بىزدە ئۆلىمالار كۆپىنچە مىللەتكە ۋەزنى تولىمۇ ئېغىر سۇئاللارنى قويۇپ تۇرىۋېلىپ، ئەسلىدىمۇ بىلدۈرۈلمەسلىك ئاسارىتىدە يۈرگەن بىزلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تېڭىرقاشلارغا غەرق قىلىدۇ، ئەمما،بىلىمخۇمارئاكىمىز تىنىمسىز ئىزدىنىشلىرى بىلەن چۈشىنىشلىك ماقالىلەر ئارقىلىق ئارىمىزغا ئۈمىدنىڭ،نىشاننىڭ،ئەڭ مۇھىمى ئىشەنچنىڭ ئۇرىقىنى چېچىۋاتىدۇ،بىز ياۋرو- ئاسىيانىڭ مەركىزىدە ھەيۋەتلىك تاغلار ئارىسىدا ئىگىز قۇم بارخانلىرىنىڭ قورشاۋىدا شان-شەرەپتىن خالى ياشاۋاتقان بىر خەلق،مەن خەلقىمنى ئەزەلدىن بىر ئاددى خەلق دەپ ئويلىمايمەن،ئەمما بىز ھەقىقەتەن ئېپتىخار ۋە ئىشەنچكە ئىنتايىن مۇھتاج، رەخمەت،بىلىمخۇمار ئاكا!boghday .

(17) = = =

ئەجرىڭىزگە بارىكاللا.خۇيمۇ ئوبدان ئىزدىنىپسىز.ئەجرىڭىزنى بەرسۇن.بىزدىن شۇنداق زىيالىلارنىڭ كۆپىرەك چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.Arman1124

= = =

ئەمەلىيەتتە خەلىقئارادا بىزنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پەخىرلەنگۈدەك ئويغۇر يىگىتلىرىمىز قىزلىرىمىز بار ئەمما بىز چولپانلىرىمىزنى ساناڭ دىسە ھەممىنى بىلىمىزيۇ مۇشۇنداق پەخىرلىكلىرىمىزدىن ئىككىنى دىيەلمەيمىز ...qarghay

= = =

بۇ ماقالىنى ئۇقۇپ سۆيۈندۈم .... چۈنكى بۇ بىر مەلىدە بىر چوڭ بولغان باللار يەنى مىنىڭ ساۋاقدىشىمنىڭ ئاكىسى بولىدۇ . ئابدۇكىرەمجاننىڭ دادىسى توختىقارىھاجىم قاغىلىق ناھىيەسىدىن ، شۇنداق ئىسىل ئادەمنىڭ باللىرى بۇلار ....بىر بىرىدىن ئىسىل ....ئىنىسى ئابدۇرېھىمجان توختى مەن بىلەن 12 يىللىق ساۋاقداش جانجىگەر ئاغىنەم بولىدۇ ....ئابدۇكىرەمجاننىڭ ئىشلىرىغا ئۇتۇق تىلەيمەن ...

غەربىي جەنۇبىي تارىم نىفتلىكى پوسكام ناھىيەسىدىن 20 كىلومىتىر يىراقلىقتىكى ئۇرۇن بۇرۇن قارىماي شەھرىدىن بىۋاستە باشقۇراتتى ھازىر كورلا شەھرىدىن باشقۇرىدۇ ....... ئۆزى قەشقەر ۋىلايەت تەۋەسىدە بولسىمۇ باشقۇرۇش كورلىدىن ئالاھىدە رايۇن قاتارىدا ....ناخشىچى ھەزىرتئىلى مۇھەممەتتۇرسۇن .مىسرانىم تۇزگۈچىسى ئابابەكرى ھەمىسى غەربىي جەنۇبىي تارىم نىفتلىكىدىن .pishikam

(18) = = =

ئۇستازنىڭ قەلىمگەتېخىمۇ بەرىكەت تىلەش بىلەن بىرگە ،مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەربىيىۋى ئەھمىيەتلىك يازمىلارنى يېزىپ بىزلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ ماڭغىنىغا چىن دىلىمدىن تەشەككۇر ئېيتىمەن. iltebir107

= = =

ئەركىن ئۇستازنىڭ ساغلاملىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىمۇ بىزگە ئۆلگە بولۇشقا تىگىشلىك. ساغلاملىق مەسلىسى (بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلاردىكى) دىيارىمىزدىكى ئىنتايىن موھىم مەسلىلەرنىڭ بىرى.

ئەجداتلىرىمىز توغرا ئېيتقان «ساغلام تەندە داپ ئەقىل».babursha sh .

= = =

مەن ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي مۇشۇنداق ياخشى ماقالىلارنى تەييار قىلىۋاتقانلىقىغا تەشەككۇر بىلدۈرىمەن. بۇ ماقالىلار ياشلارغا تەسىر قىلسا ئۇنۇمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ دەپ قارايمەن ھەم ئەركىن ئاكىمىزمۇ شۇنداق قارىشى مۇمكىن.ablimit007

= = =

سىزنىڭ تېمىلىرىڭىز زادى بىز ئۈچۈن قۇۋۋەت دورىلىرى.kanjebatur .

= = =

ئۇيغۇرلارنىڭ مەرىپەت پەرۋەر، ئىسىم سۈيەرلىك پەزىلىتى قايتىدىن ئويغىنىۋاتىدۇ. ئەركىن سىدىق ئەپەندىم قىسقىچە بىئوگراپىيەسىنى يېزىۋاتقان ياش ئالىملار ھەقىقەتەن ئۆلگۈلۈك كىشىلەردۇر. ئالالاھ زېھنىڭىزنى ئۆتكۈر، تېنىڭىزنى ساغلام قىلسۇن ئەپەندىم.jan-

= = =

ھۆرمەتلىك بىلىمخۇمار ئاكا، يازمىللىرىڭىزنى قويماي ئوقۇيمەن. ھەممىمىز سىزدىن شۇنداق پەخىرلىنىمىز ھەم تەشەككۇر ئېيتىمىز. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سالامەتلىكىڭىزگە بەك دىققەت قىلىڭ!

مەن مۇنداق ئويلايمەن ،شۆھرەت مۇتەللىپ ئاكىمىز بىر نوبىل بىئولوگىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ كەتسە ، سىز بىر نوبىل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ كەتسىڭىز ، پۈتۈن دۇنيا ئۇيغۇرلاردىنمۇ مۇنداق ئالىملار بار ئىكەنغۇ دەپ تونىسا بىزنى ، نېمىدىگەن ياخشى بولاتتى ھە!

ئىشلىرىڭىزنىڭ تېخىمۇ مۇۋەپپىقىيەتلىك بولۇشىنى ھەم كۈنلەرنىڭ بىرىدە نوبىل مۇكاپاتىغا نائىل بولۇشىڭىزنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن !!!Qanoghuz

= = =

مەن پەرزەنتىمنىڭ كەلگۈسىدە سىزدەك ئۆز خەلقىگە ھوسۇللۇق كىشى بولۇشى ھەمدە سىزدەك بىلىملىك پەزىلەتلىك كىشى بولۇشى ئۈچۈن ئوغلۇنغا ‹‹ ئەركىن ›› دەپ ئىسىم قويدۇم.aqari .

= = =

سىزگە كوپ رەھمەت.

مىنىڭچە شىنجاڭ تىلشۇنزىيەسى مۇشۇ تىمىدا ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ،پەن تېخنىكا ساھەسىدە نەتىجە قازانغانلارنى(قانۇن يول قويغان ئاساستا) كوپرەك تەشۋىق قىلسا ياشلارغا بولغان قوزغۇتۇش،ئويغۇتۇش كۈچى بەكمۇ زور بولاتتى،ھازىر تىلشۇنزورنى ئاچسىلا ناخشا-ئۇسۇل،كوچا باشقارما ۋە خەلق مەيدانلىرىدىمۇ ئۇسۇل، ھالۋىنى كوپ يېسە پوق تېتىدۇ دەپ بۇ ئۇسۇللاردىنمۇ زىرىككىلى تۇردى ئادەم.watandayman

= = =

كۆپ ئېپتىخارلاندۇق،رەھمەت سىزگە ئاكىجان! بادام دوپپا، چىمەن دوپپا ئاقار يولدا تۈمەن دوپپا دەپتىكەن، دۇنياغا بۇ بادام دوپپىلىقلار تونۇلىدۇ ھامان.kuxlan

(19) = = =

ئىنتايىن سەممىمي، ئاقكۆڭۈل بىر ئىنسان، ئىلىمگە يېقىن، پۇچەكلىكتىن يىراق. كەمتەرلىككە يېقىن، داۋراڭدىن يىراق، بىرسىگە ياردەم قىلىشنى شەرەپ بىلىدۇ، شۆھرەت، بايلىق دېگەنلەرگە ئانچە قىزىقمايدۇ. يىل ئاتلاپ ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇلغىنىنى بۈگۈن كۆرۈشۈم. ئىلان تەشۋىقاتتىن خالىي مۇشۇنداق ئەھلى ئىلىملەرنى ئەركىنكام كۆپرەك تونۇشتۇرۇپ، ياشلارغا ئىلھام بەرسە ياخشى. كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر، ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولار، ئۇلارمۇ بەش ئەزايى ساق ئادەملەر، مەن نېمە بولغان ئادەم دەپ ئويلايدىغانلار چىقار، دۇنيا ئەلۋەتتە ئامېرىكا بىلەن تۈركىيەدىن چوڭ، خەلقئارالىشىش ئاۋۋال چەت ئەلدە ئوقۇشتىن باشلىنىدۇ، ئىسپانىيە بىلەن ئىتالىيەمۇ ياخشى، پەرەڭ دۆلىتىدە ئۇيغۇرلار ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئائىلە ھەممىدىن مۇھىم، ئۇنىڭدىن ئېشىنغاندا ئاندىن مىللەت، دۆلەت دېگەنلەرنى ئويلىيالايسىز. چوڭ چوڭ ئىشلارنى ئويلىيالىسىڭىز، ھېچ بولمىغاندا پۇچەك خىياللاردىن، ئاقماس ئىشلاردىن قۇتۇلالايسىز. ئارمانغا چۈشلۈق دەرمانمۇ تاپالايسىز. turker

= = =

راستىنلا تىرىشچان يېگىت ئىكەن.مۇشۇنداق ئىلىم سۆيەر ياشلىرىمىزنىڭ كۆپلەپ چىقىشى بىزنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرىدۇ .ھايات داۋاملىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىزىغا قاراپ ،كېيىنكىلەر تېخىمۇ ئىلگىرلەيدۇ.iltebir107

= = =

مۇشۇنداق نەتىجىلىك ئۇيغۇرلىرىمىز توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى ھەرقېتىم ئوقۇغىنىمدا نۇرغۇن مەنپەئەت ھەم كىشىلىرىمدىن كېچىپ ئوقۇش ئۈچۈن باسقان قەدىمىمنىڭ نە قەدەر توغرىلىقىنى ھىس قىلىمەن. بىز ياشلارغا ئىلھام-بەخىشلىك بولغان «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار» تىمىڭىز ئاستىدىكى ماقالىلىرىڭىز ئۈزۈلمىسۇن !

مەنمۇ شۇ نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تىرىشىمەن (ئەلۋەتتە، ئىلىم كۆز-كۆز ئۈچۈن ئەمەس، سۆزۈمنىڭ سەمىمىيلىكىدىن شۈبھەم يوق) !mustafaoguz

= = =

سىلەردىن پەخىرلىنىمىز. ئۈتۈق سىلەرگە يار بولسۇن.sultan777

= = =

بۇ ئىش ۋەتەن ئىچىدىكى مۇۋاپىقىيەت قازىنىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ،ئويلىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ياخشى بىر ئۈلگە ئىكەن . تۈركىيىدە ئوقۇغانلار ئاساسەن دېگۈدەك بۇ تەرەپلەردە خىزمەت تاپالمايتۇ. شۇڭا يۇركىيىدىن باشقا جايلارنى تاللىسى ياخشى بولامىكى دەيمەن ئۈزۈمچە.akramjan99 .

= = =

تەشەككۈر! بىزمۇ شۇلاردەك بولالمىساقمۇ ئەتراپىمىزدىكىلەر بىرلىكتە تىرىشقان بولساقمۇ خېلى ئىشلار بولۇپ قالاتتى Yasinjan123 .

= = = (20)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،بىلىمخۇمار ئاكا!بۇ ھەدىمىزنىڭ نەتىجىلىرىدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم ھەم ئېپتىخارلاندىم.تەشەككۈر!بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولغاي،تېنى سالامەت،تۇرمۇشى خاتىرجەم ئۆتكەي.ھەممىڭلارغا ئالى ئېھتىرام!Kamile

= = =

ئەتراپىمىزدا ئالىملارنىڭ كۆپلىگىنى ھېس قىلىشىمۇ كىشىگە ئۈمىد-ئىلھام بېغىشلايدۇ. بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ ئەجرىگە ھەشقاللا..!!urkesh

= = =

رەھمەت بىلىمخۇمار ئاكا ! بىزگە پولات ئىرادىلىك تىرىشچان قىرىنداشلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇپ بىزنى ئىلھاملاندۇرۇپ ، ھاياتىمىزنى مەنەغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن چىقارغان تىرىشچانلىقىڭىزدىن ئۇيغۇر خەلقى سىزدىن سۆيىندۇ ! ئىشلىرىڭىز تىخىمۇ ئۇتۇقلۇق بولغاي. ئائىلىڭىز بەختكە تولغاي ! ئىسىل يازمىرىلىرىڭىز ئۈزۈلۈپ قالمىغاي !Optimistic

= = =

مۇشۇنداق بىلىملىك ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئوقۇساق ئۇگۇنۇش ئىرادىمىز خىلى چىڭىپ قالىدىكەن ... ھەممەيلەننىڭ چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش ۋە نەتىجە قازىنىش پۇرستى بولمايدىكەن ،لىكىن ئۆز يۇرتىمىزدا تۇرۇپمۇ قولىمىزدىن كىلىشچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، خەلقىمىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلساق بۇمۇ ياخشى ...

بىلىمخۇمار ئاكىنىڭ بىزنى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئىلھاملاندۇرغىنىغا رەخمەت ...75dream

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تۆھپىكار ئۇيغۇر ئالىملار تەتىقىقاتچىلار... ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ كېيىنكى دەۋر تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالغۇچىسى تەرغىباتچىلىرى...

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن ئىنسانلارنىڭ مائارىپ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئاددىي ئەمما ئۇلۇغ كىشىلەردۇر...

ئۇلار مىللەتنىڭ غۇرۇرى زور بايلىقى مائارىپ تەتقىقات پېشۋالىرى مىللەتنىڭ پەن–مائارىپ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ خەلقنىڭ روھىنى پاكلاش يولىدا ئىزدەنگۈچى كۈرەش قىلغۇچى ۋە يېڭىلىق ياراتقۇچى سۈپىتىدە كۆڭۈل تۆرىمىزدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك...

قانچە يۇرت ئەلنى كېزىپ ئىرىپان ئۈچۈن قىلغان سەپەر
شۇ ئۇلۇغ زاتىلارىئارا بار ھەم تەجەللى مۇتىۋەر
ئەل-جامائەت ساقلىقچۇن ئەجىر قىلىپ شامۇ سەھەر
خېمىيە مېدسىنانىڭ كانىدىن قازىغان گۆھەر
بۇلسمۇ دىندار ئىلىمدىن تايمىغان تەتىقىقاتچى ئالىملىرىم...

.....................................................................
شۇنداق بىز ئالىملىرىمىزنى تەتقىقاتچىلىرىمىزنى قانچە تەرپلىسەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ لىكىن بىزنىڭ مەدىنىيەلىرىمىز تەلەپلىرىمىز شۇئارلىرىمىز ئارقىسىدا شانلىق غەلىبىلەرنىڭ رۇياپىقا چىقىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمىز.KAYSAR9999

= = =

لالە ھەدىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ، ئادەمنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ .
بىز ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى ئۇچۇن ، ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ .Yillarsiri

= = =

يەنە تۇنۇشتۇرغۇچىنىڭ كۆكسى-قارنى كەڭ بۇلىشى، نەزەر دائىرىسىمۇ بەك مۇھىم. شۇڭا ئەركىن ئاكىمىز كۆپرەك تۇنۇشتۇرىدۇ.ablimitt

= = =

ياشا ئۇيغۇرۇم، قارا جاھالەت دەۋرلىرى تېخى كەتمىگىنى بىلەن، ئۇيغۇرنىڭ جەۋھەرلىرى دۇنيانىڭ ھەي جايىدا مۇھىم تەتقىقاتلارنى قىلىۋاتىدۇ.

ئۇلار ھەرگىز قىقاس چوقان توۋلاپ، مەرمەردانلىق قىلمايدۇ. دەبدەبە ئالىملىق تونلىرىنى كىيىشكە ئالدىرمايدۇ. مۇشۇ ئەركىن ئاكىمىز يازمىسا بۇنداق جەۋھەرلەرنىڭ بارلىقىنى ھەرگىز بىلمەيتۇق. مانا پەخرلەندۇق، روھلاندۇق، ئۆزىمىز ئوقامىمىساقمۇ پەرزەنتلىرىمىزنى ئىلىم پەن بەيگىسىگە ئاتاپ قويدۇق. چۈنكى ئىلىم پەن چىقىش يولى، ئىلىم پەن قارا جاھالەتتىكى ئىدىيە قاتماللىرىنى تازلايدىغان بىردىنبىر چىقىش يول.

سىزگە مىڭ رەھمەت ئاكا، تېنىڭىز سالامەت بولسۇن، مۇشۇنداق جەۋھەرلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇردىغان يازمىللىرىڭىز ھەرگىز ئۈزۈلمىسۇن. سىزنىڭ بولىشىڭىز بىزگە بىر ئىلھام! بىزگە بىر نىشان! kukbore128

= = =

ھەر قانداق بىر ئادەم مەيلى قايسى ساھەدە ئىشلىگەن بولسۇن، قىلغان ئىشىنى ياخشى كۆرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ، زېرىكمەي، ئەستايىدىل ھەم توختىماي ئىشلەيدىغانلا بولسا، ئۆز كەسپىدە نەتىجە يارىتالايدۇ.. رەھمەت . yakup.

(21) ===

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئەپەندى سىزنىڭ ئەجرىڭىز بىلەن بىز يەنە بىر تىرىشچان قېرىندىشىمىزنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولدۇق رەخمەت سىزگە.دىلمۇراتنىڭ دادىسى ھەقىقەتەن ئۆز پەرزەنتلىرىنى قانىتىغا ئېلىپ ھەم ئاتا ھەم ئانا بولۇپ ھەممىسىنى جەمىيەتكە يارامىلىق كىشلەردىن قىلىپ چىققان بىر ئۇلۇق ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاتا .ئاللاھ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.sadiryurti

= = =

تاشنى تەشكىنى سۇنىڭ كۈچلۈكلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىزچىللىقى .بارىكاللا قېرىنداشىم !سىزگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن. iltebir107

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكوم ئەركىن سىدىق ئاكا . ساۋاقدىشىم دىلمۇراتنى قايتا توردا كۆرۈپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇم. ئەجرىڭىزگە رەھمەت.

يازمىڭىزدىكى «بوتۇلكىنىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قايماق ھەر دائىم ئەڭ ئۈستىگە چىقىدۇ.»دېگەن جۈملىنى ‹ بوتۇلكىنىڭ ئىچىدىكى سۈتنىڭ ئاز كوپ بولىشىدىن قەتئىننەزەر، قايماق ھەر دائىم ئەڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ› دەپ ئۆزگەرتسەك سىزنىڭچە قانداق بولار؟subvhi

= = =

تاتلىق سېزىم پەيدا قىلغان بۈگۈنكى ئۇقۇغان،ئاڭلىغان...لار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئىبارىلەرگە تولغان ماقالە.Kamalet .

= = =

قەلەملىرىڭىز ھارمىغاي ئاكا ، مەن قايتا - قايتا ئوقۇپ ، مۇھىم جايلىرىدىن خاتىرە قالدۇرۇپ،ئىلىپ ئەتراپىمدىكىلەرنىمۇ مەنپەئەتلەندۇرۇۋاتىمەن . تەشەككۇر.abaytarim .

= = =

«چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر ۋەتەننىڭ بىر پارچىسى. دۇنيا بىز ئارقىلىق ئۇيغۇرنى تونۇشى، ۋەتەننى چۈشىنىشى كېرەك.»

مەن بۇ سۆزنى «ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر ۋەتەننىڭ بىر پارچىسى. دۇنيا بىز ئارقىلىق ئۇيغۇرنى تونۇشى، ۋەتەننى چۈشىنىشى كېرەك» دەپ چۈشەندىم.

ئەلۋەتتە، خەق ھېچبىر سەۋەبسىزلا بىزنى تونۇپ قالمايدۇ ھەم چۈشىنىپ قالمايدۇ، بۇنىڭدا بىزنىڭ قىلغان ئۇنۇملۇك ئەمگەكلىرىمىز ئالدىنقى شەرت، چوقۇم خەققە كۆرسىتەلىگۈدەك ،باشقىلارنى ئېسىپ چۈشەلىگۈدەك نەتىجە بولىشى كېرەك .

تەرەققىيات قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ مېنىڭچە، تەرەققىيات دەل ھەربىر كىشى يۈكسەك ئىرادە بىلەن تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تالانتىنى تولۇق نامايانده قىلالىغىنىدا، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئادەم جەمئىيەتتە تىگىشلىك بىر ئورۇنغا ئېرىشەلىگەندە ئاندىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ئېگىلىكنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرى تېخى ئېچىلمىغان، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئادەم مەيلى تۇرمۇش بويىچە ،مەيلى ئۇقۇم، مەيلى تېخنىكا... ھەر قانداق جەھەتتىن كۆپ ھوسۇللۇق،يۇقىرى تاپاۋەتلىك ئىختىراچى -ياراتقۇچى ئەمەس ، بەلكى ئاجىز ئىشلەپچىقارغۇچى ،پاسسىپ ئىستىمالچى ۋە ئەگىشىپ قوبۇل قىلغۇچى بولۇشتەك رىئاللىق ئۆزگەرمەي تۇرۇپ ،تەرەققىيات مەڭگۇ ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

ئاكىمىز بۇگۈن تېنىمىزگە قۇۋۋەت ئوكۇلدىن يەنە بىرنى ئۇردى..Boghday

= = =

مىڭ سائەتلىك پىسخولوگىيە دەرسى (لېكسىيەسى) دىن، بىر مەشھۇر زادنىڭ ئەمەلىي ئىش ئىزلىرى ئىنسانغا تېخىمۇ مەدەت بولىدۇ دەپتىكەن بىر پەيلاسوپ(ئېسىمدە قېلىشىچە باكون دېگەنغۇ دەيمەن).

سۆيۈملۈك بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ خەلقىمىزگە ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئەسەرلەرنى خالىسانە يوللاپ،ئۆز خەلقىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن جان پىدا قىلىۋاتقىنىغا ئاپىرىن! قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۇستازنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى يەردە قويماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن..ashqin

= = =

ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا سىزگە كۆپتىن-كۆپ رەخمەت.سىزگە ئوخشاش ،چەتئەلدە تۇرۇپ ۋەتىنىدىكى مىللىتى ئۈچۈن ئەمەلى ئىش قىلىپ،يۈرەك قىنىنى ئىقتىۋاتقان پەخىرلىك كىشىلىرىمىزگە ئاللاھ رەھمەت قىلغاي.kalbahar

= = =

قارىغاندا خەت ئۇرۇش سۈرىتىڭىز خىلى جىق ئىكەن، مۇشۇنداق جىق خەتلىك ماقالىلارنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈشكىمۇ كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ، بىز ئۈچۈن مېھنەتسىز ئەجىر قىلىۋاتىسىز ئەركىن ئاكا، سىزگە كۆپ رەھمەت.

ئۆمۈرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، يازمىلىرىڭىزنى يەنە داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇشقا نىسىپ بولسۇن..hamsizyurek

= = = (22)

تەبىئەت دۇنياسىدىكى گۈلزارلىقتىن يەنە بىر يىڭى مەنزىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم،خۇش ھىدلىق گۈللەرنى سۇنغان قوللارغا رەھمەت تەشەككۇرلەر بولسۇن . . . رەھمەت سىزگە بىزنىڭ روھىيىتىمىز ھەم مەنىۋىيىتىمىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان ئۇستازىمىز ئەركىن سىدىق ئاكا.udmish .

= = =

بۇ ئىككى قېرىنداشىمىزغا تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى تىلەيمىز.مىللىتىمىز سىلەردەك ئوغلانلىرى ئارقىلىق پەخىرلىنىدۇ ۋە سۆيىنىدۇ. ئۇلۇغ ئاللا تىنىڭلارغا سالامەتلىك ئائىلەڭلارغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلغاي.kalbahar

= = =

دولقۇن ئاكامنى تەبرىكلەيمەن . ئۇ ئامېرىكىدىكى مۇۋاپىقىيەت قازانغان ياشلارنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپلا قالماي يەنە بىر كۆيۈمچان ئاتا ، ئىسىل-پەزىلەتلىك ئىنسان . مەن دولقۇن ئاكام بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا يەنە شۇنى بايقىدىمكى ئۇ يەنە ناھايىتى يۇمۇرىستىك ، خۇش-چاقچاق ۋە مېھماندوس . ھەر قېتىم بىز

كۆرۈشكەندە بىز ناھايىتى قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىمىز ، ھەم ئارىمىزدا شۇنداق جىق كۈلكە-چاقچاقلار بولىدۇ . دولقۇن ئاكامنىڭ بۇنڭىدىن كېيىنكى ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلەيمەن .tarim315

= = =

ئادەمنى ئۇمىدلەرگە تولدۇرىدىغان مۇشۇ پەخىرلىك كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن!honzade

= = =

ئەركىنكا، سىز تونۇشتۇرۇۋاتقان مۇشۇ ئۇيغۇر دوكتورلىرىمىز چەت ئەللەردە ئۇيغۇرلار ئۇچۇن نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟ بۇلارنىمۇ قېتىپ قويسىڭىز، چۈنكى دوكتور بولۇش ئىلمدىكى يۇكسىلىش بولسا، ئۆز خەلقى ئۇچۇن ئىشلەش ئەخلاقىي يۇكسىلىشتۇر. مەن ئۇلارنىڭ ئىلمدىكى يۇكسىلىشىگە قانچىلىك قىزىقسام، ئۇلار ئۆز خەلقى ئۇچۇن قانداق بەدەللەرنى تۆلەۋاتقانلىقىنى بىلىشكىمۇ شۇنداق قىزىقىمەن. بولمىسا، ئۇلارنىڭ چەت ئەللىك بىر دوكتۇردىن ھېچ پەرقى قالمايدۇ. jighan

= = =

يۇقارقى سىز تونۇشتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئۇتۇق قازىنىش ئەھۋالى ھەقىقەتەن مىنى تەسىرلەندۇردى ، مىنىڭ دىققەت قىلغىنىم شۇكى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش سۈرئىتى تىز ،ئىلگىرلىشىمۇ ناھايىتى تىز بولغان ،ئەمما ئۇلارنىڭ كونكىرىت ئۆگىنىش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلمىغان ،بولسا (1)ئۆگىنىش ئۇسۇلى ھەققىدە (2)پىلانىنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە ئۆگىنىش قىلىش ۋە باشقا ئىشلاردىكى پىلان تۈزۈش ئۇسۇللىرى ھەمدە ئۆلگىلىكىپ پىلان توغىرسىداسۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.yaramlik .

= = =

رەخمەت ئەركىن ئاكا ، ياشلارغا رىغبەت بولىدىغان تېمىلىرىڭىز ئۈزۈلمىسۇن ، باشقا ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ خەلققە سىزدەك يېقىن تۇرۇپ مۇڭدىشىپ تۇرىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن ئۆزەمچە.karez .

= = =

مانا مۇشۇنداق نەتىجىلىك مۆھتىرەملەر كۆپلەپ يېتىشىپ چىقسا مىللىتىمىزنىڭ ئابرۇيىغا شەرەپ كەلتۈرىدۇ.akramjan99 .

= = =

بۇتىرىشچان قېرىنداشلىرىمىزنى تونۇۋالدۇق، بىز بۇ ئىزىلەردىن پەخىرلىنىمىز، باللىرىمنى ئۇبدان تەربىيلەپ بۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭدۇرۇشقا تىرىشىمەن، ئۆزۈم قىلالمىغان ئارزۇلار ئىدى.yamghur

= = =

مۇشۇ يات خەقلەرنىڭ ئالدىدا بۇيۇن قىسىپ قالماسلىقى ئۇچۇن باللىرىمىزنى ئوقۇيالىغان يەرگىچە قىنىمىزنى ستىپمۇ بۇلسا ئوقۇتايلى.دەپ ئۇيلاپ قالىمەن.pawil

= = =

مۇۋەپپەقىيەت ھامان تىرىشچانلارغا مەنسۇپ بولىدىكەن، مەن دولقۇن بىلەن 16يىل بۇرۇن تونۇشقاندا ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە بىلىمىنىڭ مەن بىلەن ھىچقانداق پەرق قىلمايدىغانلىقىنى ھىس قىلغان ئىدىم، ئەمدىلىكتە دولقۇن ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىنىڭ نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار قاتارىدا پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئۈلگە بولۇپ تونۇشتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولۇۋاتماقتا، مەن بولسام 16يىلدىن بېرى ھىچقانداق ئىلگىرلەش بولمىغان ھۆكۈمەت كادىرى بولۇپ ياشاۋاتىمەن، مەن ئۆزۈم بىلەن دولقۇن ئوتتۇرىسىدىكى نەتىجە پەرقىنى ئويلاپ ئىچىم بەكلا ئېچىشىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ ئاغىنەمگە تېخىمۇ يۇقۇرى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چىن كۆڭلۈمدىن تىلەيمەن.

سۆيۈملۈك ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئەپەندىگە ئەڭ چوڭ ئېھتىراملار بولسۇن.focus

= = =

دوكتور مەمەتجان ياسىنىنىڭ ھاياتى بىلەن قىسقىچە تونۇشقاندىن كېيىن بۇ دوكتورىمىزنىڭ شېئىرىنى ئوقۇدۇم، بەدئىيلىك ۋاھاكازالارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۈرەك تىۋىشلىرىنى، قەلبىدىكى پىنھان سىرلىرىنى ھېس قىلىشقا تىرىشتىم. دېمەك، مەمەتجان تەجرىبىخانىدا روبوتتەك ئىشلەشنىلا بىلىدىغان سوغۇققان دوكتور، ئەمەس، يۈرىكى شائىرنىڭ ھاياجىنىدا سوقۇپ تۇرىدىغان، بەلكى بۇ جەھەتتىمۇ تالانتى بار ئۆزگىچە بىر ئىنسان ئىكەن. ئۇنىڭ تۈركىيەنى تاشلاپ كاناداغا كېلىشى دىققىتىمنى تارتتى، تۈركىيەنىڭ تەتقىقات مۇھىتىنىڭ ئۇنىڭغا ياقماي قېلىشى تەبىئىي ئەھۋال، چۈنكى ئۇ غەرب ئەللىرىدىكى ئىلغارلىقنى كۆرۈپ يەتكەن. تۈركىيەدە ئىلىم بېيروكراتلىقى ئېغىر، گەپ جىق، ئىش ئاز، شارائىت كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. ئۇ بىر قانچە دۆلەتنى كېزىپ، بىر قانچە دۆلەتتە ئىشلەپ، خوتۇن-باللىرىنى سۆرەپ بەخت ئىزدەپ چىققان

سەپەرلىرىدە تارتقان مۇشەققەتلىرى ۋە كۆرگەن راھەتلىرىنىڭ ئۆزىلا رومان ياكى داستان بولغۇدەك ئىشلار دەپ ئويلىدىم، بەلكى ئۆزى كېيىنكى كۈنلەردە كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىشى مۇمكىن. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي بۇ تېمىلارنى يېزىپ يوللىشى مەسئۇلىيەتچان بىر زىيالىينىڭ ئىشىدۇر. بۇ ئاكىمىز ماختاش دېگەنلەردىن ئۆتۈپ كەتكەن، بىز كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدىلا ماختىلىپ تىللاردا داستان بولغان، شۇڭا ئۇنى ماختاشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆلگە ئېلىش كېرەك، قىلىۋاتقان ئىشىدىن ئىلھام ئېلىش كېرەك. روھىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. مىللىتىمىنىڭ ياش بوغۇنلىرى بۇ ئىنسانلاردىن ئىلھام ئالسىكەن دەپ قىلىۋاتىدۇ بۇ ئىشلارنى، ۋەتەن-مىللەت سۆيگۈسى بولار، بۇنچىلىك بولار. مىللىتىمىنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ بولسىمۇ تەپەككۇرىنى ئاچاي دەپ دىنىي تېمىلاردىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئاكا بۇ سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز ئەمەستى دېگۈچىلەرگىمۇ قىلىۋاتقان مۇھىم ئىشلىرى بىلەن دەرس بېرىۋاتىدۇ. ئەدەبىياتتا ئوقۇپ تۇرۇپ ئوڭلاپ ماقالە يازالمايدىغانلارغا ماقالە يېزىشنىڭ ئۇسۇلىنى، ئۆز تىلىنى جايلاپ ئىشلىتەلمەيدىغانلارغا ئانا تىلىنىڭ ئەقلىيەتكە بايلىقى ۋە گۈزەللىكىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ، ئاكىمىز ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن، قىلىدىغان بارلىق ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىمنى قىلىۋالاي دەپ جاپا چېكىۋاتىدۇ. بىلىدىغانلار بىلىدۇ، بىلمەيدىغانلار يەنىلا غەپلەتتە ياشاۋېرىدۇ. ئاكىمىز بىزنىڭ تور ئەپكارىمىزدىكى بايلىقىمىز، ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇش، ئىلىمگە ئىشتىياق باغلاش، يارامىلىق ئادەم بولۇش يولىدا كېتىۋاتقانلارغا بىر رەھبەر. بۇنداق بىر يېتەكچى زىيالىينىڭ رولىنى بىزدىكى ئاتالمىش سىياسەتچىلەرمۇ، ھاياجان ئەدەبىياتچىلارمۇ، جان باقارغا ئايلىنىپ كەتكەن موللىلارمۇ ئۆتىيەلمەيدۇ. توغرا يېشىدا ياشاپ كېتىڭ، ئەركىن ئاكا..turker

= = =

بۇ تېمىنى ئوقۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز يەنە بىر سىلكىندى.بىز يۇقۇرقى تونۇشتۇرۇلغان ئىلىم -پەن كۆكىدە ئۇزىۋاتقانلارنىڭ ئىشلىرىغا بەرىكەت ،تىنىگە سالامەتلىك تىلەيمىز.ئاخىردا بىزنى مۇشۇنداق پەخىرلىك قىرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىش ئىزلىرى،ئىزدىنىش يوللىرى ۋە ئائىلە ئەھۋالى بىلەن تەپسىلى تونۇشتۇرغان ،ئوت يۈرەك ،مىللەت سۆيەر ...ئاكىمىز ئەركىن سىدىقنىڭ تىنىنىڭ سالامەت ،ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق،ۋاقتىغا بەرىكەت ،ئائىلىسىدىكى ۋاپادارلىرىنىڭ  ھەر ئىككى دۇنيالىقى سائادەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن ۋە باشقا ئاشۇ ۋەتەن سىرتىدىكى ياش بوغۇنلارنىڭمۇ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ ئەركىن ئاكىمىزغا ياردەمدە بولۇشىنى، شۇنداقلا ياخشى تەجرىبىللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇپ يوللىشىنى بەكمۇ ئۈمۈت قىلىمەن.ھارمىغايسىز !مەن مۇشۇ تېمىدىكى تونۇشتۇرۇش ماقاللىرىنى 12 ياشلىق ئوغلۇمنى يېنىمدا ئولتۇرغۇزۇپ تۇرۇپ ئوقۇپ بىرىۋاتىمەن. arkoguz

((23) ===

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا !  كۆپ رەھمەت . يازمىڭىزنىڭ ، داۋامىنى كۆرۈشكە ئېنتىزار بىز ! Yillarsiri

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا ،ھارمىغايسىز .ئالدىراش ۋاقتىڭىز ئىچىدىن بىزگە ۋاقىت چىقىرىپ جاھان يېڭىلىقلىرى ۋە ئارىمىزدىكى تىنىم تاپماي ئىلگىرلەۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزدىن خەۋەر يەتكۈزگەن قولىڭىزغا دەت كەلمىسۇن. دىلشات ھېزىۋۇللا  ئاكاشىنىمۇ يازمەن دەۋاتقانتىڭىز، قاچانراق يۈز كۆرۈشەمىز ،بۇ ئۇستاز توغىرلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشمىگىلىمۇ ئۇزۇن بولۇپ قالدى.ئېسىل يازمىلىرىڭىزغا داۋاملىق تەشنامىز. dilsuz990

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن سىدىق ئاكا،سىزگە كۆپ تەشەككۇر.سىز تۇنۇشتۇرۋاتقان قىرىنداشلىرىمىز بولسا، سىز باشلىق ھەممىڭلار مىللىتىمىزنىڭ ئىپتىخارلىرىدۇر،سىلەردىن مىللىتىڭلار سۆيىنىدۇ،پەخىرلىنىدۇ ۋە سىلەردىن چوقۇم ئىلھام ئالىدۇ.ھەممىڭلارنىڭ تىنىڭلارنىڭ سالامەت،تۇرمۇشىڭلارنىڭ خاتىرجەم،خىزمىتىڭلارنىڭ تىخىمۇ نەتىجىلىك بولىشىنى بىر ئۇلۇغ ئاللادىن تىلەيمەن. ھۆرمەتلىك ئەركىن سىدىق ئاكا ئىمكانىيىتىنىڭ يار بەرسە، ياسىر قازى بىلەن ‹‹ئويغان›› ئىككى ئالىمنىڭ لىكسىيەلىرىدىن، مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى روھىيتى تەشنا بولىۋاتقان، ئايدىڭلاشتۇرالمايۋاتقان تەرەپلىرىگە ماس كىلىدىغان مەزمۇنلارنى ئۆزلىكسىز يوللاپ تۇرىشىڭىزنى سەمىملىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن. ئاللا ھەممىمىزگە مۇستەككەم ئىمان ئاتا قىلغاي.kalbahar

gulenay = = =

سىڭلىمىزنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ، تېخىمۇ ياخشى ئوقۇپ كاتتا ئالىم بولۇپ چىقىشىنى ۋە ۋەتىنىمىز ھەم مىللىتىمىز ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمۈد قىلىمەن .

مۇمكىن بولسا ئۆزەم ئېتىلدۇرغان قايماقلىق قوماچتىن بىر قاچا بىرىپ مىھمان قىلاتتىم.

رەھمەت ئەركىن ئاكا قىممەتلىك ۋاقتىڭىزدىن ۋاقىت ئاجرىتىپ بىزگە مۇشۇنداق ئىسىل تېمىلارنى يوللاپ تۇرۇۋاتىسىز ئاللا قولىڭىزغا دەرت بەرمىسۇن.mezxepsiz

= = =

ئۆزىمۇ دوكتور بولغان تۇرۇقلۇق بالىنى بۇنچە تەربىيلەش ئاسان ئەمەس جۇمۇ. مۇشۇ تاپتا قىزىم باشلانغۇچتىن چۈشلۈك چىققاندا بەزىدە ئۇخلىيالىسا بەزىدە ئۇخلاشقا ئۇلگۇرمەيلا چۈشتىن كىيىنلىك دەرىسكە كىتىدۇ. چۈشتىن كيىن مەكتەپتىن قايتقاندىن كيىن بىر سائەتتىن كيىن تاپشۇرۇق ئىشلەش كۇرسىغا بارىدۇ. ھىلىمۇ شەنبە-يەكشەنبە ئىككى كۈنلۈك دەم ئىلىش بۇپ قاپتىكەن.ablimitt

= = =

ئىنسان مانا مۇشۇنداق ھەم بىلىم ھەم ئىلىم بىلەن تەبىيلەنگەندە ھەققىقى مۇكەممەللىككە يەتكەن بولىدۇ، ھەممە ئادەمگە سۆيۈملۈك كۆرىنىدۇ. بىرلا تەرەپتىن تەربىيەلىنىش مۇكەممەللىككە يەتكۈزەلمەيدۇ. korkunqak

= = =

بۇ كىشىنى ھەم خۇشال قىلىدىغان ھەم كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان ئىشكەن. خۇشال قىلىدىغان يېرى ، «خارۋارد» قا ئۆتكىنى ئامىرىكىدا ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇرنىڭ قىزى ئىكەن. كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان يېرى ، ئادەمنىڭ كاللىسىدا نىمە ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ دىياردىنمۇ شۇنداق قىز-ئوغۇللار كۆپلەپ چىقمايدۇ ؟-دېگەن سۇئالنىڭ پەيدا بولىشىدۇر .Sarsan_8

= = =

ئىككىلى دۇنيالىقنى كۆزلىگەن قېرىندىشىمىز گۈلەنئايغا مۇبارەك بولسۇن،ھەم مۇشۇنداق يازمىللىرى بىلەن بىزلەرگە ئىلھام بىرىۋاتقان بىلىمخۇمار ئاكىمىزغىمۇ رەھمەتلەر بولسۇن.yaqup

= = =

گۈلەنئاي ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى چىن دىلىمدىن تەبرىكلەيمەن .ناۋادا قىزىم شۇنداق نەتىجە قازىنىپ قالسا يۈرۈگۈم يېرىلىپ كېتەرمۇ-ھە.qim-qim

= = =

قەيسەر مىجىتنىڭ يازمىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە،دۇنيادا نۇرغۇن دۆلەتلەت ۋە مىللەتلەردىن خارۋارد ئۈنىۋېرستېتىغا ئوقۇشقا ئۆكەنلەر چىقماپتۇ،بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىل دۆلەتلەرمۇ بار ئىكەن.ئەگەر ئۇ دۆلەت ۋە مىللەتلەردىن بىرەر پەرزەنتى خارۋاردقا ئۆتۈپ قالسا،دۆلەت ھەممە چىقىمىنى كىكتۇرۇپ،ئەلبېشى ئايرۇدورۇمغا چىقىپ ئۇزۇتۇپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ.

خارۋاردقا بۇ يىل پەخىرلىك قىزىمىز پەخرىيەنىڭ ئۆتكىنى، كېلەر يىلى تەقۋا قىزىمىز گۈلەنئاينىڭ ئوقۇشقا كىرىشى، بىز ھېس قىلالمىغان بىلەن مىللىتىمىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلار بۇ.مىللىتىمىزدىن چىققان دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايدۇ،ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭكىنى تېخىمۇ شۇنداق، مىليادىر بايلاردىن قانچىسى بارلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ،ئۆزىنى «ئۇيغۇرنىڭ ئالىمى» ھېساپلىۋالغان ئۆلىمالارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ.دىمەك،يۇقارقى ئىمتىياز ئىگىلىرى مىڭنىڭ ئىچىدىن، ھەتتا نەچچە يۈزمىڭنىڭ ئىچىدىن بىرى چىقىسمۇ،لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ قىممىتىنى خارۋاردقا ئۆتكەن پەرزەنتلىرىمىزنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.چۈنكى خارۋارد دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا نەچچە ئون مىليون ئىنسان نەچچە ئون يىل تىرىشىپمۇ بىرەر پەرزەنتىنى كىرگۈزەلمەيۋاتقان ئەڭ ئۇلۇغ ئىلىم ماكانىدۇر.

مەن ياشلىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ھەقىقەت ئىزدەۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ ئەزەرگە ئەمەس، بەلكى خارۋاردقا تەلپۈنىشىنى، ئەسەبىيلەرچە تەلپۈنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

گۈلەنئاينىڭ NASA دىكى مۇنبەرگە چىققان چاغدىكى كىيىنىشىگە غەيرى ئىسلام ئەللىرىلا ئەمەس، نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئەللىرىمۇ يول قويمايدۇ. دىمەك، ئامېرىكىدا ئىلىمدىنمۇ ئۇستۇن تۇرىدىغان مەسلەك بولمىسا كېرەك. بۇ دۆلەتنىڭ دۇنياغا يەنە 500 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدا شەك يوق،بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولۇشى

مۇمكىن. چۈنكى، باشقا مىللى دۆلەتلەردە بۇنداق ئاڭنىڭ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك.

دۇنيانىڭ نۇرغۇن دۆلەتلىرىدە نەچچە ئون مىليون خەلق نوچچە ئون يىل تىرىشىپمۇ بىرەر پەرزەنتىنى كىرگۈزەلمەيۋاتقان ئەڭ ئۇلۇغ ئىلىم ماكانى --خارۋارد! پەرزەنتلىرىمىز پەخىرىيە بىلەن گۈلەنئايىنىڭ ئارقا ئارقىدىن بۇ ئۇلۇغ بىلىم يۇرتىغا كىرىشى، بىزنىڭ مىللىتىمىز ئۈچۈن تولىمۇ پەخىرلىنەرلىك ئىش! مىللەت ئۈچۈن،ئىلىم ئۈچۈن، ھەقىقەت ئۈچۈن يۈرىگى سوقىدىغان ياشلىرىمىزنىڭ ئەزەرگە ئەمەس، خارۋاردقا ئىنتىلىشىنى، ئەسەبىيلەرچە ئىنتىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

پەخىرلىك قىزلىرىمىزنىڭ خارۋاردقا ئۆتۈشى بىز ھېس قىلالمىغىنىمىز بىلەن،مىللىتىمىز ئۈچۈن تولىمۇ پەخىرلىنەرلىك ئىش، تېخىمۇ موھىمى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش! چۈنكى ئۇلار ئۇيغۇرنىڭ تېنىدە مۇنەۋۋەر مىللەتلەرنىڭ گېنى بارلىقىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن خارۋاردنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى.

بارلىق ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بىرىنچى غايىسى خارۋارد بولسا،ئىمكانىيەت بولمىغاندا ئاندىن باشقا غايىلەر ئۈچۈن تىتىشسا دېگەن ئۈمۈتتىمەن. چۈنكى ئۇيغۇرنىڭ شىللىسىدە ھېچ قانداق يۇك يوق، پەقەت تىرىشىپ ئىلىم تەسىل قىلسا ۋە ماددى بايلىق ياراتسىلا بولدى. قالغان ئىشلارغا ھۆكۈمىتىمىز بار،باش قاتۇرمىساقمۇ بولىدۇ. ashqin

= = =

مەنمۇ ئوخشاش ئويدا ئۇدولەت ئىنسانىي پەزىلەتنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان.قانۇن تۈزۈملىرى ھەرقانداق كىشىنى رام قىلىدۇ.

شۇڭا نۇرۇغۇن كىشلەر بۇ دولەتكە تەلپۈندۇ.

مېنىڭچە ئادەمنى سياسەتنىڭ قۇلى قىلىپ تەربىلەيدىغان ھەرقانداق بىر دولەت بۇ دولەتنىڭ ئۇرنىغا چىقالمايدۇ.busux

= = =

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم . ھاجى قىزىمىزنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن بەكمۇ سۆيۈندىم . اللەقا سېغىنىپ ، بۇندىن كېيىنكى ھاياتىنىڭ تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتىشىنى تىلەيمەن. ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ئىشتىن ھوزۇرلاندۇرغان ئۇستازغا رەخمەت .obzorqi

= = =

ھەجەپ سۈيۈندۇم،پەخىرلىك كىشلىرىمىزدىن. رەخمەت بىلىمخۇمار ئۇستاز.سىزنى تەرپىلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلدى.el1866

= = =

رەھمەت ئۇستاز بەكمۇ ئەھمىيەتلىك تىمىدىن بىرنى يوللاپسىز! ئاللاھ بىز ئۈچۈن سىزگە تىخىمۇ زور ئىمكانىيەتلەرنى ئاتا قىلغاي !

مەن سىڭلىمىزدىن ھەقىقەتەنمۇ بەك تەسىرلەندىم، ئالى مەكتەپتىكى ئوقۇشى تىخىمۇ ئۇتۇغلۇق بولغاي! گەرچە مىنىڭ قىزىم ئەمدى 4 تاشقا كىرگەن بولسىمۇ ئاللاھ نىسىپ قىلسا چوقۇم زور كۈچ بىلەن ئەتراپلىق ياخشى تەربىيلەپ خارۋاردنىڭ بىر ئەزاسى قىلىشقا تىرىشىمەن !yillarjawabi

= = =

تېما ئىگىسىگە ئالەمچە تەشەككۇر! دىن بىلەن پەننى تەڭ ئېلىپ ماڭغان سىڭلىمىز گۈلەنايغا قىزغىن ھالقىش ياڭرىتىمىز.jahangir123

= = =

دىللارنى سۆيۈندۈرۋەتكەن يىگىتلەرگە خاس شجائەتلىك بىلىمخۇمار ئۇستازىمىزغا تەشەككۇرلەر بۇلسۇن . . . بۇنداق خۇشاللىنارلىق خەۋەرلەردىن ئالدىن ئۇچۇر بەرگىنىڭىزدە سۆيۈنچە ئورنىدا دۇلدۇلدىن بىرنى سوۋغا قىلساق خوپمۇ ياراشقان بولاتتى،مارسقا چىققىنىڭىزدا دۇلدۇلغا مېنىپ چاڭ كەلتۇرۇۋەتكەن بولاتتىڭىز . . . ئۇ چاغدا نامىڭىزمۇ ئۇيغۇر ،مىنگەن ئىتىڭىزمۇ ئۇيغۇر بوپ كەتكەن بولاتتى .ھىلىمۇ NASA ئاتلىق دۇلدۇلغا مېنىپ ھەممە ئۇيغۇرنى خۇرسەن قىلىۋاتىسىز . . .

قارىغاندا مەن كەسپىمنى دۇلدۇل باقمىچىلىقىغا قاراتمىسام بولماپتۇ .

پەخىرلىك قىز-ئوغلانلىرىمىز ھەربىر زەپەر قۇچقاندا دىيارىمىزدىكى نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ دىللىرى ئۇ خۇشاللىقلاردىن تەڭ بەھىر ئالىدۇ،دىللىرىمىز ئۇلاردىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ كىتىدۇ.

گۇلەنئاينىڭ ئاتا-ئانىسىغا رەھمەتلەر بولسۇن، تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمەن.گۇلەنئاينىڭ بۇندىن كىينكى ئىشلىرىغا ئاسانلىق ،ئۇتۇق بەرىكەتلەر بولغاي . . . مۇبارەك بولسۇن!

بۇنداق خەۋەرلەر دىيارىمىزدىكى ياش يىگىت-قىزلىرىمىزغا ئىلھام-مەدەتلەر بولغۇسى .چۈنكى مىڭۋاتقانلار يۈگۈرەۋاتقانلاردىن،يۈگۈرەۋەتقانلار ئۇچۇۋاتقانلارنى كۆرگىنىدە ئالدىدىكى كىچىككىنە توسالغۇلار كۆرۈنمەي قالىدۇ .بىلىمخۇمار ئۇستازنىڭ سۆزى بويىچە ”بۇيرۇلغان ياردەم“گە ئىرىشىش ئۈچۈن ئۆز تىرىشچانلىقىنىڭ تېخى يىتەرلىك بولمىغانلىقىنى ،يەنىمۇ تىرىشىش،ئىزدىنىش كىرەكلىكىنى ئويلاپ يىتەلەيدۇ .

مۇنداق خۇشاللىنارلىق خەۋەرلەر توسالغۇلار ئالدىدا ۋايىسىماقچى بولغان قىرىنداشلىرىمىزغا روھىي كۈچ ئاتا قىلغۇسى .بەكمۇ ئەھمىيەتلىك خەۋەر بولدى.

تورداش "ئاشقىن" نىڭ پىكرىمۇ ئورۇنلۇق بولدى .كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق ئىزدىنىپ بېقىشىغا،كۈچ چىقىرىپ قوللىشىغا ئەرزىگۈدەك پىكىر بولدى .

ئاخىرىدا ماڭا ئوخشاش پىكىردىكى پۈتۈن تورداشلار نامىدىن بىزنى پايدىلىق ئىلىم-ئۇگۈتلەر،ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىپ كىلىۋاتقان جاپاكەش مۇنبەر باشقۇرغۇچىلىرىمىزغا ،بىلىمخۇمار ئۇستازغا ۋە بارلىق كۈچ چىقىرىۋاتقان قىرىنداشلىرىمىزغا چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمەن . . . رەھمەت سىلەرگە!

پالانى مىللەت ئانداق ،مۇنداق دەپ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كىتىدىكەن دىسە . . . بىرقىسىملىرىمىزنىڭ. بۇ دۇنياغا ھىكمەت بىلەن كەلدىڭ ، سەن ھامىنى سەن. سەن باشقىلار بولالمايسەن، باشقىلار ھەم سەن بولالمايدۇ . . .

بۇ شان -ئۇتۇقلار دائىم ئاتا-ئانىسى كۆرۈپ باقمىغان قوۋمدىن پەخىرلىنىپ سۆزلەپ كىتىدىغان ئاشۇ بىر قىسىملىرىمىزغا ياخشى بىر كاچات بولۇپ قالار دەيمەن ئۇلارنى سەگۈتۈپ قويغىدەك . . .

ئەممازە گاس بولسا ئامال يوق،كۆر بولسا ئامال يوق،دىلى قارا بولسا ھەم ئامال يوق . . . ئىكەن.udmish

= = =

تولىمۇ ياخشى ئىش بوپتۇ بۇ ياشاپ كېتىڭ ھاجى سىڭلىم. ھەي ئۇيغۇر مۇسۇلمان قىزلىرى مۇشۇنداق ئىمانلىق ئەخلاقلىق ھەم بىلىملىك، تىرىشچان قىزدىن ئۆگىنىڭلا .loveikarim .

= = =

بىزگە ئوخشاش تۇمەنلىگەن ئەركەكلەر قىلالمىغان ئىشنى قىلالاپتۇ ،تىرىشچانلىقىغا بارىكاللا، شۇتاپتا كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش كىلىۋاتىدۇ .مۇشۇنداق ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كۆپلەپ چىقىشىنى ئۇمۇت قىلىمەن . katyuxka

= = =

ماۋۇ تېمىنى ئوقۇپ شۇنچىلىك ھاياجانلاندىم ۋە بەكلا ئۇمۇتكە تولدۇم، گۇلەن ئاي سىڭلىمىزغا ۋە ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ئانىسىغا چوڭقۇر ئاپىرىن ئېيتتىم. ئەسلى نوپۇس نىسبىتى بويىچە مىللىتىمىزدىن خارۋارتقا ئوقۇشقا بارىدىغانلار ھەر يىلى ئون ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇمۇ زور باشلىنىش بولدى قەيسەردىن باشلانغان ئوت يۈرەك ئەزىمەتلىرىمىز ۋە پەخىرىيە بىلەن گۇلەنئايدەك پەخىرلىك قىزلىرىمىز كېيىنكى ئەزىمەتلىرىمىز ئۈچۈن خارۋارد دەرۋازىسىنى داغدام ئېچىپ بەردى.

تېما ئىگىسى ئۇيغۇر ئوغلى سۆيۈملۈك ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق ئاكىمىزغا چىن يۈرەكتىن تەشەككۈر. focus

= = =

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا ! بىزگە بۇ خوشخەۋەرنى يەتكۈزگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت!

مۇبارەك بولسۇن گۇلەن ئاي سېڭلىم! بىزنىڭ خەلقىمىز ئۈچۈن، جۈملىدىن بىز ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى ئۈچۈن، ئادەمنى قەۋەتلا سۆيۈندۈرگىدەك زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپسىز .

سېڭلىم، سىز بىزنىڭ پەخرىمىز ، ئېپتىخارىمىز سىز ! مەن الله نېسىپ قىلسا ، سىزنى ئۆزەمگە ئۈلگە قىلىپ ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىدىنمۇ ياخشى تېرىشچانلىق كۆرسىتىمەن .

جانابى الله ! ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ياردەمچىمىز بولسۇن !!! Yillarsiri

# ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى

- 1958: ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- 1965-1971: ئاقسۇ شەھەرلىك 4-باشلانغۇچتا ئوقۇغان
- 1971-1976: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان
- 1976-1978: ئونسۇ ناھىيىسىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان
- 1978-1983: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكالاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان
- 1983-1984: شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان
- 1984-1985: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان
- 1985-1988: ياپونىيەدە ئوقۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان
- 1988-1990: ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان
- 1990-1995: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Davis) تە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان
- 1995-1997: كالىفورنىيەدىكى «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا دوكتور-ئاشتى بولغان
- 1997-2004: كالىفورنىيە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ شىركەتتە ئىشلىگەن
- 2004-ھازىرغىچە: كالىفورنىيە لوس ئانژېلىس رايونىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەۋاتىدۇ



يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە «ئەۋلىيا چەتتىن، مۇرت بىزدىن» بولۇپ، ئىچكى نىزا ۋە تەپرىقىچىلىكتە ئېرىشكىنىمىز زادى نېمە بولدى؟

يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان دىنىي مەزھەپچىلىك بىلەن مۇرت-مۇخلىسلىق پىرقىۋازلىقى، يۇرتۋازلىق-مەھەللىۋازلىق، موللام ياكى ئەپەندىلىرىمىزدىكى كىچىك گۇرۇھۋازلىق، ئەل غېمىنى مۇز دەرياغا پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتكەن مەنسەپ-بالداق ھېرىسمەنلىكى، تۈركۈم ئېڭى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقىنىڭ تەلۋە دەبدەبىلىرى بىلەن دەل-دەرەخسىز جەزىرىدىكى قۇيۇنتازدەك مەسئۇلىيەتسىز پىتنە-ئىغۋا تۆھمەتخورلۇقى قاتارلىق ئالتە زەھەر تۈپەيلىدىن «ئوغۇز سۈتىدەك ئۇيىماق» دېگەن مەنىدىكى «ئۇيغۇرلار» ئۇيۇشۇش كۈچىنى «ئېچىغان سۈت»كە ئايلاندۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە «ئىسمىمىز ئۇيغۇر، ئىشىمىز ئۇرغۇي» بولۇپ چىقتى.

گەرچە تارىخىمىزنىڭ ئىپتىخارلىق سەھىپىلىرى بىر-بىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلەنسىمۇ، ئەمما بىر قەدەر كۈچلۈك ئۇيۇشقاقلىق ئۇلىدا جىلۋىلەنگەنىدى. ئۇيغۇرلار دىغار، ھون، تېلې قەبىلىلىرى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنى بىرلەشتۈرۈپ جوجان ۋە كۆكتۈرك خانلىقىنى غۇلىتىپ، تاڭ سۇلالىسى سەلتەنىتىنى ئۆكتلۈك-سۈيگۈن قوشۇنلىرى بىلەن تۈبۈتلەرنىڭ تالاڭ قىلغۇچ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، يىپەك يولىنى نەچچە قېتىم ئۈزۈپ قويغان كۈچلەرنى تازىلاپ، سامانىيلارنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۆز تەسىرىنى ئەرەب خەلىپىلىكىگىچە كېڭەيتىپ، ئۆز تىلىنى ئىمپېرىيە تىلى-ئەرەب تىلى بىلەن «بەيگىدىكى ئاتتەك» مەرتىۋىگە كۆتۈرۈپ، ئىچكى ئۇيۇشۇش ۋە سىرتقا قارىتا بىرلىك-ھەمدەملىكىنىڭ شاراپىتىنى نامايىش قىلغانىدى. ۋاھالەنكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنى چېكىندۈرگەن، چىڭگىزخان سەلتەنىتىگە مەنىۋىي ئوزۇق بېغىشلىغان بۇ خەلق كېيىنچە، ئەھمەتشاھ قاراقاشى غەزىلىدىكى «ئات» ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى!

بىلىشىمىز كېرەككى، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا بىزگە ئەقىل-ئىدراكىمىزدىن باشقا ھېچقانداق خىزىر رەھنەما ئەمەس!

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ « ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۈچ خىل قىممەت» دېگەن ماقالىسىدىن.